
ئابدۇراخمان ئافسۇنى
جامىئى ھىكايە
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇراخمان ئاقسۇئى

# جامئي هيكايه

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ...... 1
موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ...... 4
**پادىشاھ ئادىلخان ھېكايىسى** ...... 1
بىرىنچى قەلەندەر ھاپىز سەئىدنىڭ ھېكايىسى ...... 3
ئىككىنچى قەلەندەر مۇفلىسنىڭ ھېكايىسى ...... 8
ئۈچىنچى قەلەندەر مۇھەممەد ئەفزەلنىڭ ھېكايىسى ...... 15
تۆتىنچى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ سەرگۈزەشتى ...... 20
**پادىشاھ كۆكپىن ھېكايىسى** ...... 30
ئەختەر ئەييار ھېكايىسى ...... 42
ئەفزەل رەممال ھېكايىسى ...... 51
جىنسى ئالماشقان ئەر ـ خوتۇن ھېكايىسى ...... 57
نىشاپۇرلۇق خۇرشىد باھادىر شاھ ھېكايىسى ...... 61
مەنسۇر قاسساپ ھېكايىسى ...... 66
زىناخور قازىنىڭ ھېكايىسى ...... 72
غەيرىي ئادەم ھېكايىسى ...... 76
يۇنانلىق شاھزادىنىڭ ھېكايىسى ...... 81
كەشمىرلىك شاھزادىنىڭ ھېكايىسى ...... 85
ۋاپادار خوتۇن ھېكايىسى ...... 88
رۇم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى ...... 93
دانىشمەن شاھزادىلەر ھېكايىسى ...... 102
**مەلىكە فەردىڭ ھېكايىسى** ...... 110
**مەككار خوتۇن ھېكايىسى** ...... 121
**ئالدانغان ئادەم ھېكايىسى** ...... 133

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك ھېكايىسى ........................ 137

زەرگەر ئوغۇل بىلەن خانىكەنىڭ ھېكايىسى ........................ 143

سۇلتان سەنجىرى مازى ھېكايىسى ........................ 180

زىكرى يوق خاقان ھېكايىسى ........................ 194

ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن ۋاپاسىز خوتۇن ھېكايىسى ........................ 209

شەپقەتلىك شاھ ھېكايىسى ........................ 222

بىر ساختىپەز ، ئىككى پادىشاھ ھېكايىسى ........................ 235

پىخسىق بىلەن تادان ھېكايىسى ........................ 238

ئەخمەقنىڭ ھېكايىسى ........................ 240

قارىغۇ بىلەن ساقىنىڭ ھېكايىسى ........................ 241

تۆھمەتخورنىڭ ھېكايىسى ........................ 242

چۆلدىكى بوۋاق ھېكايىسى ........................ 243

ۋاپادار قۇش ھېكايىسى ........................ 255

بەختى يانغان سودىگەرنىڭ ھېكايىسى ........................ 257

ھەلەب شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى ........................ 263

تاقەتلىك شاھ ئەبۇسابىر ھېكايىسى ........................ 269

يەمەن پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى ........................ 275

پادىشاھ دادبىن بىلەن كامكار ۋەزىر ھېكايىسى ........................ 282

ئىراق مەلىكىسىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن مۇرادىغا يەتكىنى ... 291

خوجا گۆھەرپۇرۇش ھېكايىسى ........................ 302

ئەبۇنامىنىڭ ھېكايىسى ........................ 310

ھىجاز پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى ........................ 317

رىئنايى جاھان ھېكايىسى ........................ 324

سايرىغاق قىرغاۋۇلنىڭ ھېكايىسى ........................ 325

تۆھمەتكە قالغان شاگىرت ھېكايىسى ........................ 326

موماي بىلەن بۆرە ھېكايىسى ........................ 328

زاھىد بىلەن ئېشەك ھېكايىسى ........................ 329

قاچقان خوتۇن ھېكايىسى ........................ 398

بېخىل بىلەن غۇلام ھېكايىسى ........................................ 405
قازى بىلەن ئوغرى ھېكايىسى ........................................407
خاتىمە ........................................................ 420

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۇ ئەسەرگە بېرىلگەن (جامئىي ھېكايە) دېگەن نام، جەملەنگەن ياكى توپلانغان دېگەن مەنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆتكەن ئەدىبلىرىمىز ئەينى زاماننىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چۆچەكلەر توپلاملىرىغا «جامئۇل ھېكايەت»، «جامئۇل ھېكايە»، «جامئىي ھېكايە» دېگەن ناملارنى قوللىنىپ، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنى «ھېكايە»، قىسقا رىۋايەت، مەسەل، لەتىپىلەرنى «ھېكايەت» سۆزى بىلەن پەرقلەندۈرگەن. ئەسەر نامىدىكى «جامئىي» سۆزى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كەڭ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئېنىق، بارلىق، ئومۇمىي، يىغقان قاتارلىق مەنىلەرنى بېرىدۇ. «جامئۇل» دېگەنمۇ «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن مەنىدىكى «جامئىي» بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، ئەسەرگە بېرىلگەن يۇقىرىقى ناملار ھازىرقى ۋاقىتتا بىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان «چۆچەكلەر توپلىمى» ياكى «ھېكايىلەر توپلىمى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

بۇ توپلامغا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان يەككە سۇژېتلىق ۋە مۇرەككەپ سۇژېتلىق ئاغزاكىي چۆچەكلەر ئۆزىنىڭ ژانىر خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ساقلىغان ھالدا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، ئاغزاكىي ھالەتتىن ھالقىپ يازما باسقۇچقا ئۆتكەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك تاللانغان چۆچەكلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. تارىختىن قېپقالغان بۇ خىل توپلاملار ئاتىلىشى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، قۇرۇلمىسى، بايان قىلىنىش شەكلى، مەزمۇنى، ھەجمى جەھەتلەردە ھەر قايسى توپلاملار بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە ياكى تامامەن پەرقلىنىدۇ. بەزى چۆچەكلەرنىڭ تېمىلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئېيتقۇچىلارنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتى، نۇتۇق ئىقتىدارىغا ئاساسەن چۈشۈپ قېلىش ياكى قوشۇلۇپ

كېتىش، كەڭ ئومۇملىشىپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ خىلمۇخىل ۋارىيانتلار پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، يازما چۆچەكلەردىمۇ قولدىن - قولغا، دەۋردىن - دەۋرگە ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈش، خاتىرىلىنىش، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ رەتلىنىش ئارقىلىق ھەجمى بېيىپ پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، چۆچەك ۋارىيانتلىرىنىڭ خىلمۇخىل كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، توپلام تۈزۈش بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، بۇرۇنقىلىرىدىن كېيىنكىلىرى بىرقەدەر تولۇق بولغان. ئالايلۇق، موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى تەرىپىدىن توپلانغان، 1849 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «جامئۇل ھېكايەت» ھېكايىلىرى بىلەن موللا تالىپ ھاجى ئوغلى موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇئىنىڭ 1919 - يىلى توپلاپ تۈزگەن «جامئىي ھېكايە» سىنى سېلىشتۇرغاندا ھەرقايسى جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى 20 ھېكايە بىلەن بىر توپلامنى تاماملىغان بولسا، قەشقەر تاشمىلىقلىق ھاجى يۈسۈپ موللا ئوشۇر خەلپەم ئوغلى 1906 - يىلى توپلىغان نۇسخىدا 45 ھېكايە بىلەن بىر توپلام تاماملىنىپ، ئالدىنقى ئەسەردە بېرىلگەن ئون ھېكايىگە قوشۇپ پەرھاد - شېرىن ھېكايىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

يەنە 1870 - يىللىرى توپلانغان نۇسخىلىرىمۇ بولغان. يۇقىرىقى توپلاملاردىن پەقەت موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى نۇسخىسى تېپىلىپ، 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى.

موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇئى توپلاپ تۈزگەن قولىمىزدىكى بۇ توپلام ئەڭ تولۇق خاتىرىلەنگەن نۇسخا بولۇپ، ھېكايىلىرى باشقا نۇسخىلاردىكىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، چۆچەكلەرنى بايان قىلىشتا تىل، قاپىيە ۋە تۇراقلىرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى — يېقىملىق، تەبىئىي، تەسىرلىك، ئىخچام، تۇتۇۋېلىشقا ئوڭاي ۋە تارقىلىشقا قولايلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇ توپلامغا 45 ھېكايە، بىر مەسەل، بىر رىۋايەت، ئۈچ لەتىپە بېرىلگەن. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەر قىزىقارلىق ھەم ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور دېداكتىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

توپلامنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇپ، قىسمەن پارس تىلىدىكى نەزمىلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشنىڭ سىرتىدا قالغانلىرى ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن بېرىلدى.

توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول، ئۇسلۇب، بايان شەكىللىرى ئالاھىدە، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا، بۇ ئەسەر خەلق چۆچەكلىرى ژانىرىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي نامايەندە بولۇپ، چۆچەكلەرنى خاتىرىلەش، رەتلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەش، تىل ئىشلىتىش ئىشلىرىدا ئۆرنەكلىك رول ئوينىغۇسى.

1996 ـ يىل 4 ـ ئاي، ئاۋات

# موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇئىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇئى ئاقسۇ شەھىرى گۈلباغ يېزىلىق موللا تالىپ ھاجى ( بوياقچى ) نىڭ ئوغلى بولۇپ ، بۇ توپلامنى 1919 ـ يىلى ، يەنى 65 يېشىدا تۈزگىنىدىن قارىغاندا ، ئۇ 1844 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق . ئەمما ، ئۇنىڭ پارس تىلىغا پۇختا شائىر ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىللەر بار . ئۇنىڭ پارسچە يازغان چوڭ ھەجىمدىكى بىر مەسنەۋىسىمۇ بار بولۇپ ، ئۇنىڭدا « ئابدۇراخمان ئاقسۇ » دەپ خاتىرىلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ « ئەھمەد زەمچى » ، « چاھار دەرۋىش » قاتارلىق كۆچۈرمىلىرى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن .

بۇ توپلامنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇنداق بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار : موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇ يامۇلدىكى بىر كىشىنىڭ سىياسىي زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان . شۇ كەتكەنچە ، كۇچا ، بۈگۈر ، شايار قاتارلىق جايلاردا 14 يىلچە يۈرۈپ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى توپلاپ ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىققان . ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى 56 مىسرا شېئىرى توپلامنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى . بۇ شېئىر بىزگە ئاپتور توغرىسىدا ئاز ـ تولا مەلۇمات بېرىدۇ .

# پادىشاھ ئادىلخان ھېكايىسى

خەۋەر يەتكۈزگۈچى رىۋايەتچىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەستىلىكلەردىن نەقىل قىلىپ داستانلار توقۇپ، شېكەر سۆزلۈك تۇتىلاردەك شېرىن تىللار بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ ئېيتقان ھېكايىلىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇراسان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئەھلى ئادالەت بىلەن مەشھۇر ۋە ئىنساپ كامالى بىلەن داڭلىق ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامىنى ئادىلخان دەپ ئاتار ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىدىكى، ھەر كۈنى ئاتلىق يۈرۈپ بىرنەچچە خاس خادىملىرى بىلەن شەھەر ئەتراپىنى، بەزى ۋاقىتتا كەڭ ئالەمنى سەيىر قىلار ئىدى. « بىرەر جايدا يوقسۇل، ئاجىز، زەئىپ ۋە بوزەك قىلىنىغۇچىلار بولسا، ئەرز ـ ھالىنى ماڭا ئېيتالماي قالمىسۇن، ئۆزۈم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ۋەيران بولغان كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەملەندۈرەي » دېگەننى مەقسەت قىلىپ، يوقىرالارغا مۇڭداش ۋە ھەمدوستلۇق قىلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ نەزىرى بىر گۆرىستانلىققا چۈشتى. كۆردىكى، ئۈچ قەلەندەر جەندىلىرىنى ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ دەرۋىشلەرگە يېقىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇرغانىدى، بۇ قەلەندەرلەردىن بىرى مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بېيىت

بىر قاتلا ماڭا يارنى كۆرمەكتۇر ھەۋەس،
جان بەرسەم ئۇنىڭ كويىدا ھېچ يوقتۇر ھەۋەس.

ئىككىنچى بىرى بىر بېيىتنى باشلاپ:

هەر نە قىلساڭدۇر ئۆزۈڭ خاھىكى خوپ خاھى يامان ،
ھېچ مۇسۇلمان ھەققىدە قىلماكى سەن يامان گۇمان .

دېدى . ئۈچىنچى دەرۋىش :

قىلىپ سەن ياخشىلىق دەرياغا سالغىن ،
باياۋاندا خۇدادىن ئەجرىنى ئالغىن .

دېدى .

پادىشاھ بۇ ئۈچ قەلەندەرنىڭ بېيىتلىرىنى ئاڭلاپ : « بۇ قەلەندەرلەر مەرىپەتتىن خالىي ئەمەس ئىكەن . دەرھال كىشى ئەۋەتىپ ، بۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ سۆزلىشىپ كۆرەي » دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ، بىر خادىمغا :

— بۇلارنى بارگاھىمغا باشلاپ بارغىن ! — دەپ ، ئۆزى بارگاھىغا ياندى .

ئەلقىسسە ، بۇ خادىم قەلەندەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— سىزلەرنى پادىشاھ تەكلىپ قىلدى ، — دېدى . دەرۋىشلەر :

— ئى يار ئەزىزلەر ، پادىشاھ بىزلەرنى نېمە ئۈچۈن تەكلىپ قىلدىغاندۇ ؟ — دەپ سوئال قويغانىدى ، خادىممۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ قەلەندەرلەرنىڭ بىرى :

— پادىشاھ بۇ يەردىن ئۆتكەندە ، بىز ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلماپتىمىز . بۇ ئىشىمىز ئۇنىڭغا يارىمىغان بولسا كېرەك . ئېھتىمال ، ئۇ بىزگە غەزەپلىنىشى مۇمكىن ، — دېدى . يەنە بىرى :

— بىز پادىشاھ سالام تەمە قىلغۇدەك قانچىلىك كىشىلەر ئىدۇق . گادايىنىڭ تەزىمىنىڭ نېمە ئېتىبارى بار ؟ — دېدى . پادىشاھنىڭ خادىمى دېدىكى :

— ئى دەرۋىشلەر ، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماق بىئەدەپلىكتۇر ، تېز بولۇڭلار ، بارماي بولماس .

ئەلقىسسە ، دەرۋىشلەر شۇ زامان راۋان بولدى . ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار پادىشاھقا ھەمدۇسانالار

ئېيتىپ ، ياخشى تەرىپىنى قىلىپ ، ئەدەپ بىلەن يەر سۆيۈپ تۇردى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ :

— ئى دەرۋىشلەر ، خوش كېلىپسىزلەر ، — دەپ ئورۇن كۆر-سەتتى . ئاندىن كېيىن داستىخان سېلىپ تائاملار كەلتۇردى . دەرۋىشلەر تائاملارنى يەپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۇلاردىن ھەر-قايسىسىنىڭ بىرەردىن بېيىت ئوقۇپ بېرىشىنى سورىدى . دەرۋىشلەر ئېيتتىلەركى :

— ئى پادىشاھ جاھانپاناھ ، ھەرقايسىمىز بىرەردىن بېيىت ئوقۇغانىدۇق . ئۇ بېيىتلەر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ئىدى ، — دېدى . پادىشاھ دېدىكى :

— ئى دەرۋىشلەر ، سەرگۈزەشتىلىرىڭلارنى بايان قىلىپ بېقىڭلار ، مېنىڭمۇ سەرگۈزەشتىلىرىم بار ، مەنمۇ بايان قىلاي . ھەممىمىز ئاڭلاپ باقساق ، — دېدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۆزگە كىرىشتى .

## بىرىنچى قەلەندەر ھاپىز سەئىدنىڭ ھېكايىسى

ئى پادىشاھى ئالەم ، مەن نىشاپۇر شەھىرىدىن بولىمەن . ئاتامنىڭ ئېتى خوجا خېلىل ئىدى . مېنىڭ ئېتىم ھاپىز سەئىددۇر . خۇدايىتائالا ماڭا شۇنداق ھۆسن ـ جامال ۋە خۇش ئاۋاز ئاتا قىلىپتۇركى ، مېنىڭ ئاۋازىمنى ھەركىم ئىشىتىدىغان بولسا بىخۇد بولار ئىدى . مېنىڭ ئۇلپەتلىرىم كۆپ ئىدى . ئۆيدىن تاشقىرى چىقسام خالايىقلار ماڭا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىشىپ تۇرار ئىدى . شۇ سەۋەبتىن مېنى ئاتام ئۆيدىن چىقارتمايتتى . ئۇلپەتلىرىم بولسا تەڭلىكتە ئاتامنىڭ قېشىغا كېلىپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنى ماقۇل قىلىشقا تىرىشاتتى . ئاخىر مېنىڭ بالىخانىغا چىقىپ غەزەل ئوقۇپ بېرىشىمگە ، ئاشىقلىرىمنىڭ پەستە تۇرۇپ ئاڭلىشىغا ماقۇل بولۇپ ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتام بىر مۇنار بىنا قىلدى . مەن ئۇ مۇنارغا چىقىپ بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلاپ ، ئاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇيتتىم .

ئەلقىسسە ، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆگزىدە تۈن نىسپى بىلەن ئاشى-

قانە غەزەل تۇۋلاپ نەغمە قىلىپ ئولتۇراتتىم. بىر زىرەك قۇش كېلىپ ئۆگزىگە چۈشتى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى تۆگىدەك كېلەتتى. ئاستا ـ ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ پاچىقىنى تۇتتۇم. ئۇ قۇش مېنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۇچتى. كۆزۈمنى ئېچىپ يەرگە قارىدىم. يەرنى كۆرۈپ تۇردۇم. بىر كەم بولغاندا شۇنداق ئۇچۇپ بىر كۆلنىڭ ئۈستىگە ئۆلىشىپتۇ. ئالەمنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك كۆزۈمگە سۇلا كۆرۈنەتتى. ھەزرىتى ھەق سۇبھانەئاللا ۋەتەئالاغا نالە ـ زار قىلىپ مۇناجات قىلىشقا باشلىدىم.

ئەلقىسسە، ئول قۇش باياۋانلاردا پەرۋاز قىلىپ، ئاخىر بىر ئورمانزارلىققا يەتتى. ئورمانزاردا بىر ساراي بار ئىكەن. شۇ سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى. قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئاستا ئۇنىڭ پۇتىنى قويۇۋېتىپ، خۇدايىتائالاغا شۈكۈرسانالار قىلدىم.

ئەلقىسسە، ئول قۇش بىر تەرەپكە پەرۋاز قىلدى. مەن ئۆگزىدىن چۈشۈپ باغ ـ بوستانلارنى سەير قىلدىم. بۇ جاينىڭ خۇش ھاۋاسى ۋە لالىزارلىقلار كىشىگە روھ بېغىشلايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ساراي كۆردۈم، بېرىپ تاماشا قىلدىم. تاملىرى ئالتۇن بىلەن نەقىشلىنىپتۇ، رەڭگارەڭ بىساتلارنى سېلىپ ئالتۇن تەخت قويۇپتۇ. تەختىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئالتۇن قەدەھلەردە شاراپلار ۋە قەنت ـ گېزەك، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى تىزىپ قويۇپتۇ. ئەمما ئادەمزاتتىن ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. سارايلارنى سەير قىلدىم. نۇرغۇن ھۇجرىلار بار ئىكەن. ھۇجرىلار شۇنداق يېقىملىق ئىدىكى، قىممەت باھالىق ئالتۇن جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىكەن. بۇ سارايلاردىن چىقىپ بىر خەزىنىخانىنى كۆردۈم. تاۋاقلاردا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئالتۇن جاۋاھىراتلار تۇرىدۇ. ئەمما ئادەمزات يوق. ئۇ يەردىن چىقىپ بىر ئالىي شاھ سۇپىنى كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر بۇلاق كۆرۈندى. بۇلاقنىڭ ئالدىغا ئالتۇندىن ياسالغان بىر شىرنى ئورنىتىپتۇ. بۇلاقنىڭ سۈيى شىرنىڭ ئاغزىدىن كۆلگە قۇيۇلۇپ تۇرىدىكەن. بۇ جايدا گۈلى رەيھان ۋە ئەنبەر، بىنەپشە، گۈل بادام ۋە ھەرخىل رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شېرىن شېكەر مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ. ھەرقايسى مېۋىلەردىن ئېلىپ تېتىپ باقتىم، ھەرخىل گۈللەردىن

ئۇزۇپ ھۇزۇر ئالدىم. يەنە يېنىپ ھېلىقى كۆلنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇ-رۇپ: «بۇ قەسىرنىڭ ئىگىسى نەگە كەتكەندۇ، باغۋەنلەر قايان بارغاندۇ» دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرا كۈن كەچ بولدى. ناماز دىگەرنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن خەتمە قۇرئان قىلدىم. ناماز شامدىن كېيىن بىر توپ كەپتەرلەر سارايىنىڭ ئىچىدە سايراشقا باشلىدى. مەن: «بۇ كەپتەرلەرنىڭ ئۈۋىسى مۇشۇ سارايىنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك» دەپ ئولتۇراتتىم. قالۇن، ئۇد قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ساز ـ نەغمە سادالىرى ئاڭلاندى. مەن بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ: «بۇ سارايدا ئادەمزات دىدارى بولمىسا، بۇ نەدىن كەلگەن نەغمە ئاۋازىدۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. شۇ ئەسنادا بىر پەرىزات سارايدىن چىقىپ مەن تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى، قەددى ـ زىباسىغا ئاشىق بولۇپ دەرھال بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم.

ئى پەرىزات دىلرەبا قىپسەن بۇ جاينى سەيلىگاھ،
سېنى شۇنداق بىر كۆرۈپلا كەتتى تاقەت بول ئاگاھ.

ئەلقىسسە، ئول نازىنىن ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ مەلىكە نېمە ئانچە ساھىبجامالدۇر، سۆپەتلەشكىمۇ تىل تېپىلماس» دەپ خىيال قىلىپ تۇرسام، مېنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. مەن جان دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىپ سارايغا كىردىم، قارىسام ئاي يۈزلۈك پەرىلەر، خۇش قامەت گۈزەللەر سورۇن قۇرۇپتۇ. بۇ نازىنىنلار-نىڭ پادىشاھىنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلمەيتتىم. بىر ئاۋاز كەلدى:

بېيىت

باغلىدىڭ ئاجىز تېنىمنى ياخشىلىق قىپ قارىماي،
قويمىدىڭ ماڭا بىقىپ ھېچ بىر ئاداۋەت بولمىسا.

ئەلقىسسە، بۇ بېيىتنى ئاڭلاپ قارىسام، بىر ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال نازىنىن تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئاپتۇ. بۇنداق گۈزەلنى ئا-

دەمزاتتىن ھېچبىر كۆز كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى .

بېيىت

چىرايلىرى قانداق چىراي ؟
رەڭگى ئۇنىڭ ئاپتابىدۇر .
ساچى ئۇنىڭ قانداق ئىكەن ؟
ھەر بۇدۇرسى ھالقا ئىرۇر .

ئول نازىنىنىنىڭ جامالى شۇنداق ئىدىكى ، گويا ئۇ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ، ئۆزگە پەرىلەر بولسا ئەتراپتىكى يۇلتۇزدەك كۆرۈنەتتى .

ئەلقىسسە ، ئول مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ ئەقلىمنى يوقىتىپتىمەن . نازىنىن مېنىڭ ئاشىق بولغىنىمنى بىلىپ :

— ئى ھاپىز سەئىد ، نىمە ئۈچۈن سۆزلىيەلمەيسەن ، مېنىڭ ھالىمغا قارا ، — دېدى . دەرھال ھوشۇمغا كېلىپ ئېيتتىمكى :

— ئى جېنىمنىڭ ئارامى ، دىلىمنىڭ مۇڭدىشى ، مېنىڭ بىھوش بولۇپ سۆزلىيەلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى بولسا ، سېنىڭ بارگاھىڭغا بىئەدەپلىك قىلىپ كېلىپ قاپتىمەن ، — دېدىم . ئول نازىنىن ئىلتىپاتلار قىلىپ شاراب جاملىرىنى ئىنئام قىلدى . مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالىغا بېقىپ غەزەل ئوقۇپ تۇردۇم . مۇشۇنداق سۆھبەت بىلەن تاڭ ئاتتى . ئۇ نازىنىنلار بولسا ھەممىسى تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى . مەنمۇ كۆڭلۈم مالال تاشقىرىغا چىقتىم . شۇنداق قىلىپ ، بىر ئاي كېچە - كۈندۈز مۇشۇ تەرىقىدە ئۆمۈر سۈردۈم . ئۇلار كېچىلىرى پەيدا بولۇپ كۈندۈزلىرى غايىب بولاتتى . ئۆز ئەھۋالىمغا بۇ بېيىتنى ئوقۇيتتىم .

بېيىت

بەر ماڭا ئەي نازىنىن كىملىكىڭدىن بىر نىشان ،
كېچىسى بار ، كۈندۈزى يوق ئۆتتى كۈنۈم پەرىشان .

ئەلقىسسە، بۇ مەلىكە مېنى تاقەتسىزلەندۈرەتتى، مەن ھەزىل سۆزلەرنى قىلىپ تۇراتتىم. ئەمما ئۇل نازىنىن تەبەسسۇم قىلاتتى. مەن بىئەدەپلىك قىلىپ سۆيگىلى قولىنى تۇتاتتىم. ئۇل نازىنىن ئېيتتى:

— ئى ھاپىز سەئىد، سەن بىزنىڭ مەجلىسىمىزدىن مالال بولغان ئوخشايسەن؟

مەن ئېيتتىمكى:

— پۈتۈن ئالەمگە پادىشاھ بولۇشتىنمۇ، بىردەم بولسىمۇ سىنىڭ سۆھبىتىڭدە بولۇشنى چوڭراق بىلىمەن.

— ئى ئادەمزات، بۇ قىزلاردىن خالىساڭ ساڭا بېرەي، — دېدى ئۇ نازىنىن.

مەن ئېيتتىمكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مېنى ئىشتىياقىڭدا شۇنداق كۆيدۈردۈڭكى، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ كۈل بولدۇم. سېنىڭ گۈلزارلىق بېغىڭدا بۇلبۇل بولۇپ غۇنچە ئۈزمەكنى ئارزۇ قىلىپ يۈرسەم، سەن مېنى ئۆزگىلەرگە ھاۋالە قىلامسەن؟ — مەن بىتاقەت بولۇپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ بوينىغا قولۇمنى سېلىشىمغا، قولۇمنى تۇتۇپ يۈزۈمگە بىر كاچات ئۇرۇۋۇدى، بىھوش بولۇپ يىقىلدىم. ھوشۇمغا كەلسەم، ئاتامنىڭ قىلدۇرۇپ بەرگەن غەزەلخانىلىق ئايۋىنىدا يېتىپتىمەن.

ئەلقىسسە، ئورنۇمدىن قوپۇپ، يەنە شۇ سۆھبەتنى خىيال قىلىپ:

— ئى نازىنىن، مەن ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن بىئەدەپلىك قىلماي، ئۇل قىزلاردىن قايسىسىنى بەرسەڭ رازى بولاي، — دەپ باقتىم. ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇدۇم. قارىسام، ئاۋازىمنى ئاتا - ئانام ئاڭلاپ ئۆگزىگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ. خۇرسەن بولۇپ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. بېشىمغا كەلگەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردىم. ئاتا - ئانام ھەيران قېلىشتى. مەن يەنە شېرىن تەمە بىلەن ھېلىقى قۇش مېنى «يەنە باغۇ بوستانلارغا ئاپىرارمىكىن» دەپ قەسرىنىڭ ئۆگزىسىدە ئولتۇرۇپ غەزەل توۋلاپ باقتىم. ئاخىر نائۇ-

مىنىدىن بولۇپ، دەرۋىشلەر جەندىسىنى كىيىپ ئالەم كېزىپ يۈرۈپ، بۇ ئىككى دەرۋىشنى ئۆزۈمگە ھەمراھ تېپىپ، ھەر زامان:

بىر قاتلا ماڭا يارنى كۆرمەكتۇر ھەۋەس،
جان بەرسەم ئانىڭ كويىدا ھېچ يوقتۇر ھەۋەس.

دېگەن بۇ ئىككى مىسرا بېيىتنى ئوقۇپ يۈرىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئادىلخانغا بۇ ھېكايە بايان بولدى. ھاپىز سەئىدگە شاھانە كىيىملەر ئىنئام قىلدى.

## ئىككىنچى قەلەندەر مۇفلىسنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، ئادىلخان:

ھەر نە قىلساڭدۇر ئۆزۈڭ خاھىكى خوپ خاھى يامان،
ھېچ مۇسۇلمان ھەققىدە قىلماكى سەن يامان گۇمان.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇغان قەلەندەرگە قاراپ:

— ئى قەلەندەر، سەن نېمە ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇيسەن؟ — دەپ سورىدى. ئول قەلەندەر سۆز باشلاپ، سەرگۈزەشتلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى.

— ئى پادىشاھى ئالىي مەقام، مەن بەلخ شەھىرىدىن بولىمەن. مېنىڭ ئېتىم مۇفلىسدۇر. ئاتام سودىگەر بولۇپ، مېلىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى، ئەمما ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى. ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە ئىلىم پازىلدىن (لەززەتتىن) خەۋەردار بولدۇم. ئۆزۈم ھەم بىرقەدەر ساھىبجامال ئىدىم. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتام سەپەرگە چىقتى. مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. شەھىرى خىتايغا باردۇق. ئاتام سودا بىلەن مەشغۇل بولدى، مەنمۇ بەزىدە سودا بىلەن بولاتتىم. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئاتام بىتاب بولدى. «ئى، بۇزرۇكۋار، ھۆكۈما ئېلىپ كەلسەم بولارمۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. ئاتام

رۇخسەت بەردى . مەن بېرىپ تېۋىپنى ئېلىپ كەلدىم . ھەرقانچە داۋالاپ باقسىمۇ بولمىدى . كۈندىن ـ كۈنگە كېسىلى ئېغىرلاشماقتا ئىدى . ئۇ مېنى قېشىغا چاقىرىپ :

ـــ ئى ئوغلۇم ، مەن كېسەلدىن ساقىيالمايدىكەنمەن ، ئەمما ساڭا بىر ۋەسىيىتىم باركى ، ھېچقانداق ۋاقىتتا خۇدايىتائالانى ئەستىن چىقارمىغايسەن . يامان بىلەن ھەمسۆھبەت بولما ، يەنە ھەرقانداق يەرگە بارساڭ يېگەن تۇز ـ تائامىڭ يۈز ـ خاتىرىنى ئويلاپ دوستۇڭغا تۇزكورلۇق قىلما ، ـــ دەپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋاپات بولدى . يۇيۇپ ـ تاراپ ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۈن خىتاي شەھىرىدە بولدۇم . كۈنلەردىن بىر كۈنى كارۋانلار تۈركىستانغا سەپەر قىلدى . مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ باياۋانلاردا يۈرۈپ ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ماڭدىم .

ئەلقىسسە ، ئاقساي دېگەن باياۋاندىن قاراقچىلار پەيدا بولۇپ پۈتۈن مال ـ مۈلكىمىزنى بۇلاپ كەتتى . ماڭا بىر هارامزادە شەمشەر بىلەن زەخىم يەتكۈزدى . يەنە مىڭلىغان مېھنەت ـ مۇشەققەت بىلەن خىتاي شەھىرىگە يېنىپ باردىم . پۈتلىرىم قاپىرىپ ، ئاچ ـ زېرىن ئاتامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تاۋاپ قىلدىم . زارلىنىپ ، باھار يامغۇرىدەك كۆز ياش قىلىپ ، بىركەمدە ئاتامنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . چۈشۈمدە : « ئى ئوغلۇم ، مېنىڭ قىلغان ۋەسىيەتلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىن » دېدى . شۇ ھامان ئويغىنىپ كەتتىم . كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ، ئاق لىباسلىق بىر پىركالان قاراپ تۇرۇپتۇ . دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ سالام قىلدىم . ئۇل ھەممەتلىك بوۋاي جاۋاب سالام بېرىپ بولۇپ :

ـــ بۇ قەبرە ئىچىدە كىم بار ؟ ـــ دەپ سورىدى . مەن ئۇنىڭغا :

ـــ بۇ ئاتامنىڭ قەبرىسىدۇر ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپ ، بولغان ۋەقەلەرنى ئاۋۋەلىدىن ئاخىرىغىچە بايان قىلدىم . بوۋاي ماڭا : « قازاغا رازى بولغىن » دەپ تەسەللى بېرىپ ئېتىغا مىنمەكچى بولدى . ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ بەردىم ، ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ باردى . ئاش ـ تائامدىن كېيىن ئۇ ماڭا :

— ئی ئوغلۇم ، مېنىڭ ئوغۇل پەرزەنتىم يوق ئىدی . سېنی پەرزەنت قىلدىم . جىمی مال ـ مۈلكۈمنی ساڭا بەردىم ، — دېدی . مەن جان دىل بىلەن قوبۇل قىلدىم . ماڭا ئېسىل كىيىملەرنی بېرىپ ، بىر ھۇجرىنی كۆرسىتىپ قويدی . ئات ۋە ئات يېتىلىگۈچىگە قەدەر ھەممىنی بەردی . شۇنداق قىلىپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا ـ بالا ئىككىمىز ئاتلىق بازارغا بېرىپ بىر كارۋان سارىيىغا كىردۇق . ئۇ ماڭا :

— بۇ سارايمۇ مېنىڭدۇر ، بۇنىمۇ ساڭا بەردىم . بۇ يەردىكی بارلىكی نەرسىلەرنىڭ ھەممىسی تامامەن سېنىڭ بولدی . بۇنی يوقسۇل ، موھتاجلارغا سەرپ قىلغىن ، — دېدی . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كەلدۇق ، بىر كېنىزىكی بار ئىكەن . مېنىڭ خىزمىتىمگە تەيىنلەپ بەردی . ئۇ ھۇجرىنی ياتالغۇ قىلدىم . ئەتىگەندە قوپۇپ كۆڭۈلنی كۆيدۈرگۈچی غەزەللەرنی ئېيتاتتىم . مېنىڭ بۇ ئادىتىم ئۇنىڭغىمۇ خۇش كېلىپ ، مېھىر ـ مۇھەببىتی كۈنسېری زىيادە بولدی . ئەمما كۈنلەردىن بىر كۈنی خوجا ئۆيدە يوق غەزەل ئوقۇپ ئولتۇراتتىم ، بىر ئادەم كۆزۈمنی تۇتتی . مەن شۇنداق قارىغاندىم ، بىر ساھىبجامال ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ . ئول ھۆر سۈپەت ، سەرۋی قامەت مەزلۇمدىن كەلگەن ئىپار ـ ئەنبەر ، خۇشبۇي ھىدلار دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتی . مەن ئۇنىڭدىن :

— ئی نازىنىن ، نېمە كىشی سەن ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىغاندىم . ئۇ ، تۇمەن خىل ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ :

— ئی يىگىت ، شۇ كۈنی ، سىزنی كۆرگەندىن باشلاپ دىلىم خەستە ۋە بىقارار بولدۇم ، ئەمدی پۇرسەت تاپتىم ، — دېدی . ئېيتتىمكی :

— مەن سىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭىزغا ۋە شېرىن سۆزىڭىزگە ئاشىق شەيدا بولدۇم . لېكىن مەن سىزنی تونۇمايمەن ، راستىنی ئېيتىڭ . سىز كىمنىڭ ئەھلىيەسی ؟ كۆڭلۈم ئارام تاپسۇن ، — دېدىم . ئول نازىنىن ئېيتتىكی :

— مەن مۇشۇ خوجىنىڭ خوتۇنىدۇرمەن ، مېنىڭ كۆڭلۈم سىزنی تارتىپ قالدی . تېز بولۇڭ ، مەقسىتىمنی ھاسىل قىلىڭ . كېلىڭ ، ئی

يىگىت، ئەگەر خوجىدىن قورقسىڭىز زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتەي، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈن مال ـ مۈلۈك، ئەسۋاب ـ تەئەللۇقلىرى سىزنىڭ بولسۇن، مەنمۇ قالغان ئۆمرۈمنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە سەرپ قىلاي، — دېدى. مەن ئېيتتىم:

— ئى نازىنىن، ئول خوجا مېنىڭ ئاتام، سىز مېنىڭ ئانام، مەن سىزگە يامان غەرەزدە بولسام تۇزكورلۇق بولمامدۇ؟ ئاتامنىڭ ۋەسىيتى ھەم مۇشۇ ئىدى.

بۇ سۆزۈم ئول مەزلۇمغا پەقەت ياقمىدى. ئۇ بەك بىئارام بولدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا:

— ئى ئانا، بۇنداق خىيالنى كۆڭۈلدىن چىقارغىن، مەن ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن. توۋا ـ ئىستىغپار قىلغىن، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە، — دېدىم. ئۇ مەزلۇم ناھايىتى بىتاقەت بولۇپ:

— ئى يىگىت، سەن مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلمىساڭ مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى ۋە:

ئەي يىگىت كىرگىن سۆزۈمگە سەرۋە راۋاندۇر يولۇم،
مەقسىتىمنى قىل راۋا ئۆزگىچە گۈللەنسۇن بويۇم.

دەپ بوينۇمغا قولىنى سالدى. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ ئاغزىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇۋىدىم، ئىككى چىشى سۇنۇپ قانغا بويالدى. ئاندىن ئۇ چىقىپ كەتتى. مەن ھۇجرىدا قالدىم. ئول خوجىنىڭ يەنە بىر خوتۇنىدىن بولغان بىر قىزى بار ئىدى. چىقىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ:

— ئول ھارامزادە مەككار پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پەرزەنتىم دېدىڭ. سېنىڭ يوقلۇقۇڭدىن پايدىلىنىپ ئۇ قىزىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئېسىلىپتۇ. مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرغىلى بارغاندىم. مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئىككى چىشىمنى سۇندۇردى. ئى ئالدامچى، بۇ ئۆيدە يا ئۇ تۇرسۇن، يا مەن تۇراي، — دەپتۇ. خوجا بۇ سۆزدىن ناھايىتى مالال بولۇپ، مېنى

ئۆلتۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ . خوجىنىڭ شەھەرنىڭ تېشىدا بىر بېغى بار ئىدى . ئۇ باغنىڭ ئىچىدە بىر خۇمدان بار ئىدى . قۇللار ئۇ يەردە خىش پىشۇراتتى . خوجا ئاچچىقى بىلەن ئۇ خۇمدانغا بېرىپ قۇللىرىغا ئەمر قىلىپ :

— ئى قۇللار ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئەتىگەنلىككە كىم بىرىنچى بولۇپ كەلسە ، شۇ كىشىنى خۇمدانغا تاشلاڭلار ، كۆيۈپ ئۆلسۇن ، — دەپ قويۇپ ئۆيىگە يېنىپتۇ . كەلسە ، خوتۇنى خوجىغا ناله قىلىپ :

— ئى ئالدامچى ، بۇ ئۆيۈڭدە ئۇ يېتىمنى ساقلىساڭ مېنى تالاق قىلغىن ، بولمىسا ئۇنى يوقاتقىن ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ . خوجا خوتۇنىغا مەخپىي قىلىپ :

— سەن ئۇنىڭدىن ۋايىم يېمە ، ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇم ، — دەپتۇ .

ئەلقىسسە ، مەن خوجا قېشىغا كىرىپ سالام قىلدىم . خوجا پەرىشان ھالەتتە ئولتۇراتتى . مەن ئۇنىڭدىن :

— ئى ئۇلۇغ ئاتا ، نېمە ئۈچۈن بۇنچە پەرىشان ئولتۇرىسىز ؟ — دەپ سورىغانىدىم ، خوجا ماڭا :

— ئى ئوغلۇم ، بىر ئىمارەت سېلىشنى ئىرادە قىلغانىدىم . باغدا خىش پىشۇرىدىغان قۇللىرىم بار ئىدى . خىش پىشىپ توشۇپ بولغۇچە ئىش توختاپ قېلىۋاتىدۇ . سەن بېرىپ قۇللارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ، بىكار قويماي ئىشقا سالساڭ ، — دېدى . مەن شۇ ھامان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ باغ تەرەپكە راۋان بولدۇم . باغقا يېقىن بارسام يەنە بىر كىشىنىڭ بېغىدىن داپ ، نەي ، چاڭ قاتارلىق ھەر تۈرلۈك سازلارنىڭ نەغمە ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ باغقا يېقىن بارغانىدىم . يالاڭۋاش ، يالاڭ ئاياغ بىر جۇۋان ئالدىمغا كېلىپ :

— ئى خوجىزادە ، ئوبدان كەپتىلا ، پاك قەدەملىرى بۇ يەرگە يېتىپتۇ . بۇ مەجلىستە سىلىنىڭ ھىممەتلىرىمۇ باردۇر . بىر سائەت مالاللىقنى تۇگىتىپ ، ئاندىن كېيىن باغلىرىغا بارسىلا ئوبدان بولاتتى ، — دېدى . مەن كۆڭلۈمدە : « ئاۋۋال بۇ يەرگە كىرىپ بىر سائەت ئولتۇرۇپ ،

ئۇنىڭدىن كېيىن باغقا بېرىپ قۇللارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسامۇ بولار »
دەپ ھايال بولۇپ قاپتىمەن . ئەسلىدە خوجا مېنى باغقا بۇيرۇغاندىن
كېيىن ، خوجىنىنىڭ خوتۇنى ئۇ مۇساپىر ئوغۇل قايان كەتتى ، دەپ
سوراپتۇ . خوجا ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا باغقا ئەۋەتتىم ، دەپ ۋەقەنى ئېيتىپتۇ .
بۇنى ئاڭلاپ خوجىنىنىڭ خوتۇنى پەرىشان بولۇپ ، خوجىنى ئۇخلىتىپ
قويۇپ باغقا كەپتۇ ۋە مېنىڭ خەۋىرىمنى بىلەي دەپ ، شۇنداق باغنىڭ
ئىشىكىدىن كىرىشىگىلا قۇللار تۇتۇپ ئۇ ئايالنى خۇمدانغا تاشلاپتۇ .
كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن ، خوجا ئويغىنىپ خوتۇنىنى
ئىزدەپتۇ . قىزىدىن ئاناڭ قايان كەتتى ، دەپ سورىغانىكەن :

— ئانام ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھالدا قاتتىق ھاياجان بىلەن ھودۇ-
قۇپ پەرەنجىسىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى ، — دەپتۇ . خوجا ئاڭلاپ
پەرىشان بولۇپ ، باغ تەرەپكە راۋان بوپتۇ .

ئەلقىسسە ، باغقا كىرىپ قۇللاردىن خوتۇنىنى سورىغانىكەن ،
قۇللار خوجىغا :

— سىزنىڭ ئەمرىڭىزچە ئىش قىلدۇق ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .
خوجا ۋادەرىخا ، ۋاھەسرىتا دەپ ئۆيىگە يېنىپتۇ . مەن ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ
ئۆلتۈرۈشىدىن قايتىپ باغقا باردىم . قۇللار يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بايان
قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئالدىراپ خوجىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا
كىردىم ، ناھايىتى پەرىشان ئولتۇرۇپتۇ . ئۆزۈم ھەم خىجىل بولدۇم .
چۈنكى مەن ئۇنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ قويغانىدىم . خوجىغا :

— ئى ئۇلۇغ ئاتا ، ماڭا ئاجايىپ پەرىشانلىق يۈز بەردى . چۈنكى ،
خوتۇنىڭىز پاك ۋە دىيانەتلىككە قەست قىلدى . مەن خىجىل بولدۇم .
مۇشۇ سەۋەبتىن پەقەت خىجالەتچىلىكتىن چىقالمىدىم ، — دېدىم . خوجا
جاۋابەن :

— مېنىڭ خوتۇنۇم بىرەر يامان ئىش قىلمىدى ، — دېدى ، مەن :

— ئۇنداق بولسا ۋەقەنى قىزلىرىدىن ۋە كېنىزەكلىرىدىن
سورىغايلا ، ئۇلار نېمە دەركىن ، — دېدىم . خوجا قىزلىرىنى ۋە كېنىزەك-

لىرىنى چاقىرىپ سورىغانىدى . قىزى ئېيتتىكى :

— قايسى كۈنى مۇساپىر ئوغۇل پەيدا بولدى ، ئانامنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرگەنىدى . ئۇ پات - پات دەردلىك ئاھ ئۇرۇپ ئازابلىناتتى ۋە ئۆزىنى تاشلاپ ئارقىسىغا يىقىلۇر ئىدى . بەزىدە سىز يوق بولسىڭىز ئانام ئۆزىنى بېزەپ ئول ئوغۇلنىڭ قېشىغا كېلەتتى . يەنە شۈكلەپ يېنىپ چىقاتتى . بۇ قېتىم يەنە كىرىپ بىر كەمدىن كېيىن ئاغزى - بۇرنى قانغا مىلىنىپ ، ئىككى چىشى سۇنۇق يېنىپ چىقىپ ، مېنىڭ كىيىملىرىمنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىپ قېشىڭىزغا ئېلىپ كىردى . مەن قورقۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدىم . ئۇنىڭ سىزگە نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم . سىزنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىڭىزنىمۇ بىلمىدىم ، — دېدى . خوجا قىزىدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بولۇپ كېنىزەكلىرىگە قارىدى ، كېنىزەكلىرى ھەم قىزىنىڭ سۆزىگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى . خوجىغا مەلۇم بولدىكى ، گۇناھ خوتۇندا بولۇپ ، ئوغۇل بىگۇناھ ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ماڭا كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى ۋە قازىنى چاقىرتىپ كېلىپ قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ بەردى . ئۇ قىزمۇ ناھايىتى ساھىبجامال دىلبەر ئىدى . مەنمۇ ئۇنىڭغا بەك مېھرىبان ئىدىم . بىرنەچچە زامانلاردىن كېيىن خوجا پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئىككىمىز بىر زامان ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتتۇق . ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنۇم ھەم ئالەمدىن كەتتى . ئۇنىڭ پىراقىدا دىۋانە بولۇپ بۇ ئىككى دەرۋىشنى ئۆزۈمگە ھەمدەرد تېپىپ قەلەندەر بولدۇم . شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى بېيىتنى ئوقۇغانىدىم .

ھەرنە قىلساڭدۇر ئۆزۈڭ خاھىكى خوپ خاھى يامان ،
ھېچ مۇسۇلمان ھەققىدە قىلماكى سەن يامان گۇمان .

بۇنداق دېگەنلىكىم : ئۇ يامانلىق قىلدى ، ئۆزىگە قىلدى . مەن ياخشىلىق قىلىپ تۇزىنىڭ ھەققىنى ساقلىدىم ، ياخشىلىقنى ئۆزۈمگە قىلدىم ، شۇلارنى دېگەنلىكتۇر ، — دەپ بۇ قەلەندەر سەرگۈزەشتىنى ئادىلخانغا تامام قىلدى . ئادىلخان ئاڭلاپ ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەر كىيدۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بېيىتنى ئوقۇغان قەلەندەرگە قارىدى .

## ئۈچىنچى قەلەندەر مۇھەممەد ئەفزەلنىڭ ھېكايىسى

ئادىلخان ئۈچىنچى دەرۋىشكە قاراپ :

قىلىپ سەن ياخشىلىق دەرياغا سالغىن ،
باياۋاندا خۇدادىن ئەجرىنى ئالغىن .

دېگەن بېيىتنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇپ يۈرىسەن ؟ — دەپ سورىدى . دەرۋىش ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەمپاناھ ، مەن بولسام رۇم پادىشاھىنىڭ ئوغلىدۇرمەن . ئېتىم مۇھەممەد ئەفزەلدۇر . ئون بەش ياشقا كىرگەنىدىم . ئاتام مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولدى .

ئەلقىسسە ، ئاتام سودىگەرلەردىن ۋە مۇساپىرلاردىن بىرەر جايدا چىرايلىقراق بىرەر قىز ئۇچراتتىڭلارمۇ ، دەپ سوراپ يۈرەتتى . بىر كۈنى جىمى سودىگەرلەر يىغىلىپ كېلىپ :

— ئى پادىشاھىم ، قەندىھار پادىشاھىنىڭ پاكلىق پەردىسىنىڭ ئىچىدە بىر ساھىبجامال قىزى بارئىمىش ، ھەرقايسى شەھەرلەردىن نۇرغۇنلىغان شاھزادىلەر شۇ مەلىكىنى دەپ كەپتۇ ، لېكىن ئۇ مەلىكىنى نىكاھىغا ئېلىپ كامدىل قىلىدىغان كىچىسى ئۆلۈپتۇ . ئەمما بۇنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن ، — دېيىشتى . ئۇلار بۇ ھېكايىنى ئېيتىۋاتقاندا يىراقتىن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قالدىم . ئۇ مەلىكىنىڭ ئىشقى ئوتى كۆكسۈمگە تېگىپ ، غايىبانە ئاشىق بىقارار بولدۇم .

ئەلقىسسە ، ئۇ مەلىكىگە بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىم كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولۇپ ، يېمەك ـ ئىچمەكتىنمۇ قالدىم . ئەھۋالىمنى ئاتامغا ئىزھار قىلسام ياخشى بولمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ ، ئاتامنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ ئالتۇن ، گۆھەر ، قىممەت باھالىقلاردىن ئېلىپ قەندىھار شەھىرىگە راۋان بولدۇم . ئەمما يولىسىز ماڭماقتا ئىدىم . چۈنكى ، بىرەر كىشى مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلاتتىم . بىر كۈنى يولغا چىقتىم ، لېكىن ئۇ يولنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ، ئۆزۈمنىڭ قايان با-

رىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئاخىر ھەق سۇبھانە ۋەتەئالاغا تەۋەككۇل قىلىپ شۇ يولغا كىرىپ راۋان بولدۇم. مەنزىل - ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، باياۋان - چۆللەرنى بېسىپ بىر بوستانلىققا چىقتىم. ئۇ يەردە بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرۇپتۇ، رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق خۇش ھاۋا جاي ئىكەن. ئېتىمدىن چۈشۈپ بۇلاقنىڭ لېۋىگە كېلىپ يۈز - كۆزلىرىمدىكى چاڭ - توزانلارنى يۇيۇپ، كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ ھەرى-كىتىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتىم. بىر چوڭ بېلىق بۇلاقنىڭ قىرىغا كېلىۋىدى، تۇتۇپ قۇرۇق يەرگە تاشلىدىم، ئۇ بېلىق ئىزتىراپقا چۈشۈپ تىنچسىزلانغىلى تۇردى. مېنىڭ رەھىمىم كېلىپ يەنە سۇغا تاشلىدىم. ئۇ بېلىق ناھايىتى خۇشال بولۇپ چۆكۈپ كەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈ-شۈمدە بىر كىشى قولىنى پېشانەمگە قويدى. شۇنداق كۆزۈمنى ئاچسام بىر نۇرانە بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. ئورنۇمدىن قوپۇپ سالام بېرىۋىدىم، ئۇ كىشى جاۋاب سالام قايتۇردى. بېلىگە كەمەر باغلاپ شەمشەر ئېسىۋاپتۇ. گۈل-بارچىسى ھەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىرئاز تائام چىقاردى. تەڭ يېدۇق، ئېشىپ قالغانىنى يەنە گۈلبارچىسىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن كېيىن:

— ئى يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز؟ قەيەرگە بارىسىز، — دېدى.

مەن ئېيتتىمكى:

— ئى بوۋا، رۇمدىن كەلدىم، قەندىھارغا بارىمەن، — دەپ تامام ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم، بوۋاي ئېيتتىكى:

— مەن بولسام بىر سەھرالىقتۇرمەن. تۇرالغۇم باياۋاندۇر، بالىۋاقىلىرىمغا بىر نەرسە تېپىپ كېلەي دەپ چىققانىدىم.

مەن يەنە سورىدىمكى:

— ئى ئۇلۇغ كىشى، سىز بىرەر ھۈنەرمۇ بىلەمسىز؟

— ھەممە ھۈنەردىن بىخەۋەرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

مەن ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز ھەمراھ بولايلى، بىر شەرت باركى، قولىمىزغا نېمە چۈشسە تەڭ بۆلۈشۈپ ئالايلى، — دېدىم. بۇنىڭغا بوۋايمۇ ماقۇل بولدى. لېكىن بوۋاي:

— ئى ئوغۇل، ئۇنداق بولسا بۇ ئەھدىمىزنى ھۆججەت بىلەن قۇ-بۇل قىلايلى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىغانىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى غەۋۋاسلىھايات دەپ ئېيتىپ بېرىپ، دۇۋەت، قەلەم بەردى. مەن: «قو-لىمىزغا نېمە چۈشسە غەۋۋاسلىھايات بىلەن شېرىك بولسۇن. ئۇشبۇ ۋەدىگە خۇدا ۋە روسۇل گۇۋاھدۇر» دەپ يازدىم. ئۇنى غەۋۋاسلىھاياتقا بەردىم. خەتنى ئېلىپ گۈلبارچىسىغا سالدى. ئاندىن كېيىن ئول كىشى ئېيتتىكى:

— ئى شاھزادە، تېزرەك بارغان ياخشىدۇر، — بىز يولغا راۋان بولدۇق. مەن ھەرقانچە ئىلدام ماڭساممۇ ئۇ قېرى كىشىگە يېتىشەلمەيتتىم. كۆپلىگەن مەنزىللەرنى بېسىپ قەندىھار شەھرىگە يەتتۇق. بوۋاي بىلەن ئىككىمىز كارۋان سارىيىغا بېرىپ بىر ھۇجرىنى ماكان قىلدۇق. مەن ئال-تۇن گۆھەرلىرىمدىن بوۋايغا بەردىم. بوۋاي مېنىڭدىن:

— ئالتۇننى نېمە ئۈچۈن ماڭا بېرىسەن، — دەپ سورىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— گىلەم، بىسات ئېلىپ كەلگىن، ئۆي جابدۇقىنى قىلايلى، — دېدىم.

ئەلقىسسە، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمنىڭ ئارزۇسى بىلەن كەلگەنلىكىمنى ۋەزىرگە ئىزھار قىلدىم. كېيىن يەنە ۋەزىرگە ئالتۇن، گۆھەرلىرىمنى بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئول مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولدۇم. ھۆسن - جامالىغا ۋە شېرىن كامالىغا يەنە ئاشىق شەيدا بولدۇم ھەم مەلىكىنىڭ قېشىدا بىر كۈن يالغۇز قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن سوراپ:

— ئى نازىنىن، ھەيراندۇرمەنكى، ھەرقانداق كىشى سىز بىلەن ئورۇن قوشسىلا شۇ كېچىسى ۋاپات بولارمىش. بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار-ئىكىن؟ — دېدىم.

ئەلقىسسە ، قىز ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى . قېشىغا يېقىن بارغانىدىم ، قۇلىقىمغا شەمشەرنىڭ ئاۋازى كەلدى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام غەۋۋاسىلھاياتنىڭ قولىدا قانغا بويالغان شەمشەر تۇرىدۇ ، بىر يوغان يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ . مەن ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭدىن :

— ئى بوۋا ، بۇ ئۆيدە يىلان بار ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز ، — دەپ سورىدىم ، غەۋۋاسىلھايات دېدىكى :

— ئى ئوغۇل ، سەن ئۆيگە كىردىڭ ، مەن تاشقىرىدا تۇراتتىم ، بىر يىلان سېنى ھالاك قىلغىلى قەست قىلدى . ئەمما يىلان ساڭا قەست قىلىپ بولغۇچە دەرھال يىلاننى ھالاك قىلدىم . ئەمدى مەقسىتىڭ ھاسىل بولدى ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، مەن ئۇ قىزنىڭ قېشىغا يەنە كەلسەم بىھوش ياتقانىكەن . بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى . يۈز بەرگەن ۋەقەنى مۇلازىملار پادىشاھقا خەۋەر قىلدى . پادىشاھ قىزىدىن يىلاننىڭ ۋەقەسىنى سورىدى . قىز بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ :

— ئى ئۇلۇغ ئاتا ، مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا باغقا كىرىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . ئويغانسام بىر يىلان بېلىمگە يۆگىشىۋاپتۇ . يالغۇز بولسام ، ياكى بىرەر كىشىگە دەيدىغان بولسام ماڭا قەست قىلار ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ھېچ كىشىگە ئېيتالماس ئىدىم . ماڭا ھەرقانداق كىشى يېقىنلىق قىلماقچى بولسا شۇ كېچىسى ئۆلەتتى . ئۇنىڭغا يىلان نەشتەر ئۇرۇپ زەھەر سالاتتى ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ :

— ئى غەۋۋاسىلھايات ، سەن بۇنى قانداق بىلدىڭ ، ساڭا كىم ئېيتتى ؟ — دېدى .

— ماڭا جىن خەۋەر بەردى ، — دەپ جاۋاب بەردى غەۋۋاسىلھايات . پادىشاھ غەۋۋاسىلھاياتقا ئىنئام بېرىپ ، ياخشىلىقلار قىلىپ شادلاندۇردى . پادىشاھ مەلىكىنى ماڭا ئەقدە نىكاھ قىلىپ بەردى . قىزنى ئېلىپ غەۋۋاسىلھايات بىلەن يولغا راۋان بولدۇق . غەۋۋاسىلھايات ماڭا :

— ئى ئوغۇل ، مەن ئىجازەت بەرمىگۈچە بۇ قىز بىلەن ئورۇن

قوشما، — دېدى. ئاندىن كۆن كەچ بولدى. بىر مەنزىلگە يەتتۇق، غەۋۋاسلهايات:

— ئى شاھزادە، نەچچە زامان بوپتۇ. سېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ يۈردۈم. ئەمدى ئەھلى ئايالىمنى سېغىندىم، سېنىڭ بىلەن خوشلاشماقچىمەن، ئەمما ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نېمىلا تاپساق شېرىك بولۇش ھەققىدە شەرت بار ئىدى، — دېدى.

— ئالتۇنلىرىمنى ئالغىن، — دېدىم. غەۋۋاسلهايات ئېيتتىكى:

— ئى ئوغۇل، قىزنى ئىككى پارە قىلىپ نىسپىنى سەن ئالغىن، نىسپى ماڭا بولسۇن.

مەن ھېچقانداق پاكىت تاپالمىدىم. ئاخىر شەمشەرنى يالىڭاچلاپ قىزنىڭ پېشانىسىگە شەمشەرنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇردى. قىز قورقۇنچىدىن سەپرا قىلغانىدى، گوياكى تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك سۇلار قىزنىڭ ئاغزىدىن ياندى. ئاندىن كېيىن:

— ئى ئوغۇل، ئەپۇ قىلغايسىز، مېنىڭ غەرىزىم، بۇ قىزنىڭ ئەزاسىنى ئول يىلاننىڭ زەھرىدىن خالىي قىلىش ئىدى. ئەمدى يىلاننىڭ زەھرى تازىلاندى، — دېدى. ئاندىن كېيىن غەۋۋاسلهايات قىزغا يېقىنلىششىمغا ئىجازەت بەردى.

ئەلقىسسە، غەۋۋاسلهايات ئېيتتى:

— ئى ئوغۇل، مېنى تونۇمسەن؟

— يولدا ھەمراھ بولدۇق، شۇنىلا بىلىمەن، — دېدىم. غەۋۋاسلهايات ئېيتتىكى:

— ھېلىقى سۇدىن ئېلىپ سەن يەنە سۇغا تاشلىغان بېلىق مەن بولىمەن. مېنى بۇلاقتىن ئېلىپ قۇرۇقلۇققا تاشلىغىنىڭدا ناھايىتى ئىزتىراپ قىلىپ تۇراتتىم. سەن يەنە رەھىم قىلىپ سۇغا تاشلىدىڭ. مەن ھەق سۇبھانە ۋەتەئالادىن ئادەم سۈرىتىدە قىلساڭ دەپ تىلىگەنىدىم. تەلىپىم ئىجازەت بولۇپ، خۇدايىتائالا شۇ زامان ئادەم سۈرىتىگە كەلتۈردى. خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن سېنىڭ مۇرادىڭنى ھاسىل قىلدىم، — دەپ خوشلىشىپ، ئەسلى سۈرىتىگە كىرىپ سۇغا چۆشۈپ كەتتى. مەن قىزنى

ئېلىپ ئۆز شەھىرىمگە كەلدىم. ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدۇم. بىرنەچچە زامانلاردىن كېيىن ئاتام ئالەمدىن ياندى. مەن ئاتامنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولۇپ سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالدىم. بىرنەچچە زامانلاردىن كېيىن پەلەكنىڭ بىۋاپالىقىدىن خوتۇنۇم ۋاپات بولدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىياقىم بار ئىدى. شۇڭا بىتاقەت بولۇپ مەجنۇنلۇق كويىغا كىردىم. ئۆز ئورنۇمغا ئاتامدىن قالغان بىر ۋەزىر بار ئىدى. ئۇنى پادىشاھ قىلدىم. ئاندىن كېيىن قەلەندەر بولۇپ بۇ ئىككى قەلەندەرنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرۈپ ھەم دەردداش بىلىپ، ھەمسۆھبەت بولدۇم، — دەپ ئادىلخانغا سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى ۋە يەنە دېدىكى:

— ئى پادىشاھىم، ياخشىلىق قىلغانىدىم، ياخشىلىق كۆردۇم. شۇ سەۋەبتىن:

قىلىپ سەن ياخشىلىق دەرياغا سالغىن،

باياۋاندا خۇدادىن ئەجرىنى ئالغىن.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ يۈردۇم، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئادىلخانغا بۇ ھېكايە ناھايىتى خۇش كېلىپ، ئۈچىنچى قەلەندەرگە شاھانە ھۆرمەتلەر بىلەن مەرھەمەت قىلىپ، ئىلتىپاتلار بىلەن ئۇنى خۇرسەن قىلدى.

### تۆتىنچى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ سەرگۈزەشتى

ئادىلخان ئېيتتىكى:

— مېنىڭ سەرگۈزەشتىم سىزلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭىزلاردىنمۇ ئاجايىپراقتۇر.

قەلەندەرلەر:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئىلتىپات قىلىپ سىزمۇ سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى بايان قىلسىڭىز، بىز قەلەندەرلەرمۇ ئاڭلاپ باقساق، — دەپ تەلەپ قىلىشتى. ئادىلخان شاھ ئۇلارنىڭ

تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ بايان قىلدىكى :
— مېنىڭ ئاتام ئۇشبۇ شەھەرگە پادىشاھ ئىدى . مەن ئون بەش
ياشقا كىرگەندە ئىلىم – ئەدەپ ، پەزلى – پەزىلەتتە ۋە خەت ساۋاتتا
كامىل بولدۇم . ئىلىم – پەندە مۇكەممەل يېتىشتىم . تىرەندازلىق ، قى-
لىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىق ، كەمەندازلىق قاتارلىق تامام سىپاھگەرچىلىك
ھۈنىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ بولدۇم .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى شۇنداق بىر چۈش كۆردۈمكى ، چۈشۈمدە
بىر ئاق ئاتقا مىنىپ بىر تەرەپكە راۋان بولدۇم . شۇنداق يۈرۈپ بىر باغقا
يەتتىمكى ، ئۇل باغنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىمارەتلەرنى كۆردۈم . ئۇنىڭ تاش-
لىرى مەرمەردىن ئىكەن . ئېتىمدىن چۈشۈپ ئۇل باغقا كىرىپ ، سەيرى –
تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتىم . ئۇل باغدا بىر ئېگىز تەخت تۇرۇپتۇ ،
ئۇل تەختنىڭ ئۇستىدە ماھىجامال ۋە گۈزەللىكتە مىسلىسىز بىر نازىنىن
ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنى شۇنداق كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئاشىق بولدۇم . ئۇل نا-
زىنىننىڭمۇ كۆزى ماڭا چۈشتى ۋە :

— ئى شاھزادە ، ئەجەبمۇ مەن بىچارىنى يادلىنىپ كەپسىز ، —
دېدى .

ئەلقىسسە ، ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم . لېكىن
ئۇل نازىنىننىڭ ئىشق ئوقى دىلىمغا تېگىپ ، ھىجران جاراھىتىنى پەيدا
قىلغانىدى . بىئارام ۋە بىقارار بولۇپ ، ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگىنىمدىن
ئەندىشە قىلماقتا ئىدىم . يەنە ئاشۇ خىيال بىلەن ئۇخلاپ قاپتىمەن . يەنە
چۈش كۆردۈم . چۈشۈمدە :

— ئى شاھزادە ، مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن ، مەن ساڭا جۈپ بولى-
مەن . ھەي ئادىلخان ! تا سەن كەلمىگۈچە مەن يىغلىماقتىن ھېچ خالاس
بولمىغايمەن . يولنىڭ يىراقلىقىدىن قورقماي دەرھال راۋان بولۇپ ، ئۆ-
زۈڭنى ماڭا يەتكۈزگەيسەن ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، يەنە ئويغىنىپ كەتتىم ، ساراڭدەك ساراسىمگە
چۈشۈپ ، ھەيران بولماقتا ئىدىم . يېرىم كېچە بىلەن ئاتامنىڭ ئاتخانىسىغا
باردىم . ئۇ يەردىن ئۇچقۇر ئاتتىن بىرگە مىنىپ ، شەرق تەرەپكە راۋان

بولدۇم . باياۋانلاردىن ئۆتۈپ ، چۆللۈك ـ جاڭگاللارنى بېسىپ ، ساق يە-
گىرمە كۈنگىچە توختىماي داۋاملىق يول يۈرۈپ بىر تاغقا يەتتىم ، قارىسام
ئېتىمنىڭ ماڭغۇچىلىكى قالماپتۇ . مەن نائىلاج پىيادە تاغ تۆپىسىگە چى-
قىپ ، يەنە ئىككى ئاي تاغ تۆپىسىدە پىيادە يۈردۈم . قورسىقىم ئاچسا
كېپىنەكلەرنى ئۇۋلاپ يېدىم . مۇشۇنداق نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر شە-
ھەرگە يەتتىم . ئۇ شەھەرنىڭ قەلئەلىرى شۇنداق ئېگىز ۋە ناھايىتى
مەھكەم ئىكەن . ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى مېنى تۇتۇۋالدى . ئۇلار بىر ـ بىر-
لىرى بىلەن سۆزلىشەتتى . مەن ئۇقمايتتىم ، مەن سۆزلىسەم ئۇلار
ئۇقمايتتى .

ئەلقىسسە ، مېنى ئېگىز ، ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەتكە ئېلىپ
كىردى . ئول ئىمارەتنىڭ ئالدىغا ئالتۇندىن پەردە تارتىپتۇ . ئاجايىپ
قىممەت باھا دۇر ـ جاۋاھىرلار بىلەن ئول پەردىنى زىننەتلەپتۇ . مېنى ئول
پەردىگە يېقىن ئېلىپ كەلدى . پەردە ئىچىدىن شۇنداق بىر ھەيۋەتلىك
ئاۋاز چىقتى . قورققانلىقىمدىن ھەر تەرەپكە قاراشقا باشلىدىم . ئۇنىڭدىن
كېيىن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نەغمە ـ سازلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭدىن
كېيىن پەردە قېشىدا تۇرغان خەلقنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى . مەنمۇ
خۇدايىتائالاغا سەجدە قىلدىم . شۇندا بىر ئاۋاز كېلىپ :

— ئى ئادىلخان ، خۇش كەپسەن ، بىر قىزنى چۈشۈڭدە
كۆرگەنىدىڭ . ئىنشائاللا پات يېقىندا ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن . بۇ خەلقلەر
سېنى يەپ كېتەر ئىدى ، خۇدايىتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىدى . بۇ بالادىن
خالاس بولدۇڭ . ئەمما ، ساڭا بېشارەت بولسۇنكى ، ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ
ۋىلايەت سېنىڭدۇر . ئەمدى دەرۋازىدىن چىقىپ شەرق تەرەپكە راۋان
بولغىن . ئىككى ئايدىن كېيىن بىر تاغقا يېتىسەن ، — دېدى . بۇ ئاۋازنى
ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم .

ئەلقىسسە ، ئۈچ كۈن بۇ خالايىقلار ئارىسىدا يۈردۈم . ئالىي تائاملار
بىلەن زىياپەت قىلىپ مېھمان قىلدى . ئۈچ كۈندىن كېيىن رۇخسەت سو-
رىدىم . ئۇلارنىڭ سەردارى رۇخسەت بەردى ۋە ئېيتتىكى :

— ئى ئوغۇل ، بۇ يولدا ناھايىتى كۆپ ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى

كۆرسەن ۋە مۇشەققەتلەر تارتىسەن. ئەمما خۇدا نېسىپ قىلسا مەقسىتىڭگە يېتەرسەن.

ئەلقىسسە، ماڭا كىشى تەيىنلەپ دەرۋازىدىن چىقىرىپ، يولنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ يول ئۈستىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە ھەيۋەتلىك نەرسىلەرنى ناھايىتى كۆپ كۆرۈپ كەتتىم. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن خۇدايىتائالا ساقلاپ قالدى، شۇكۇر سانالار بەجا كەلتۈرەر ئىدىم. يەنە بىر قىسىم جانىۋارلارنى كۆردۈمكى، بېشى ئېشەكنىڭ بېشىغا، بويىنى پىلنىڭ بويىنىغا ئوخشاش، قورسىقى ئاق، ئۆزگە ئەزالىرى قارا ئىدى.

ئەلقىسسە، بىر تاغقا يەتتىم، خېلى ۋاقىتلارغىچە يۈردۈم، بىر كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردۈمكى، چۈشۈمدە قىز ماڭا: «ئى، ئادىلخان! مەردانە بولغىن، ماڭا يېقىن كەلدىڭ» دېگۈدەك. مەن ئويغىنىپ خۇشاللىقىمدىن يەنە يولغا چىقتىم. بۇ يولدا گاھى ئىككى كۈندە، گاھى ئۈچ كۈندە سۇ تېپىلاتتى. گاھىدا يامغۇر سۇلىرىنى ئىچىپ ماڭدىم. شۇنداق مېڭىپ ئاخىر بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ باردىم. بۇ شەھەرنىڭ دۇكانلىرى شۇنداق خىل، ئادەملىرى ناھايىتى پاكىز كۆرۈنەتتى. ئۇلار ماڭا گەپ قىلمىدى، مەن ئۇلارغا گەپ قىلمىدىم. شۇنداق مېڭىپ بىر ئاشپەزلىك دۇكىنىغا كەلدىم. كۆڭلۈمدە: «مۇشۇ ئۇستام بىلەن تونۇشۇپ باقاي» دەپ ئويلاپ، سالام قىلغانىدىم، ئاشپەز دۇكىنىدىن چىقىپ مېنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن كېيىن تائاملار ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن يەپ قورساق تويغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. مېنىڭدىن بۇ شەھەردە نەچچە كۈن تۇرىدىغانلىقىمنى سورىغانىدى، بىرنەچچە كۈن تۇرىمەن دەپ جاۋاب بەردىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇستام، — بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «بەيتىلمۆئمىنىن» دەيدۇ. بۇ شەھەردە ئۈچ ھامام (مۇنچا) باردۇر، بىرىگە زىنا قىلغۇچى ۋە ئېرى بارلار، يەنە بىرىگە تۇل خوتۇنلار، يەنە بىرىگە قىزلار كىرىدۇ. قالغان ھامامنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ شۇ-

نىڭغا كىرگىن، ھەرقانداق ھامماغا بارساڭ ھاممامنىڭ ئىشكىدە ئولتۇرۇپ ئوبدان بىلىۋېلىپ كىرگىن.

ئەلقىسسە، بېرىپ ھاممامنىڭ ئىشكىدە ئولتۇراتتىم. نازىنىن قىزلار ئالدىمدىن ئۆتۈپ ھاممامغا مېڭىشتى. قارىسام بىر سەرۋى قامەت نازىنىن ماڭا يېقىن كەلدى. قولۇمنى ئۇزارتىپ پېشىنى تۇتقاندىم. ئول نازىنىن ماڭا:

— ئى ئوغۇل، سەۋر قىلغىن، مەن ھاممامغا كىرىپ چىقاي، ئاندىن كېيىن ھەمسۆھبەت بولايلى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئول نازىنىن ھاممامغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ماڭا بىر سائەت سەۋر قىلغىن، دەپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، مەن ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇراتتىم. بىر سائەتتىن كېيىن ئىككى كىشى بىر بوغچا كىيىم ـ كېچەك بىلەن بىر ئارغىماقنى يېتىلەپ كېلىپ:

— ئى خوجام، بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئاتقا مىنىڭ، — دېدى. كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ ئاتقا مىنىپ ئول نازىنىننىڭ ھويلىسىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تۆت تاملىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەنىكەن، بىر ئالتۇن سەندەلگە چىقىپ ئولتۇردۇم. نازىنىن بىر قۇلنى چاقىرىپ، قازىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، قازىنى چاقىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پەردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ:

— بۇ يىگىتكە مېنى نىكاھ قىلىپ قويۇڭ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ قازى ئول نازىنىننى ماڭا نىكاھ قىلىپ قويدى، ئاندىن كېيىن ھەممە خادىملار مۇبارەكلەشتى. پەردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسام ئول نازىنىن ئۆزىنى تولۇق بېزەپتۇ. مەن ئول پەرى سۈپەتكە تېخىمۇ ئىنتىزار بولدۇم. ئىشتىياق بىلەن ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ يېنىغا چىقىپ قوللىرىغا سۆيدۇم. ئۇ گۈزەلمۇ تۈمەن خىل ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىمگە سۆيمەكتە ئىدى.

ئەلقىسسە، شۇنىڭ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدۇق. بىر كۈنى ھاممامغا چىقىپ، ئول پەرى يۈزلۈكنىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندىم. تۇ-

يوقسىز شەھەر پادىشاھىنىڭ قېشىدىن ئىككى كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نامىنى تۇتۇپ بەردى. ئۇنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قاراپ:

— ئى ئوغۇل، بىلىپ قالغىنىكى، مېنىڭ ئىلگىرىكى كۆيۈيۈم پادىشاھقا ۋەزىر ئىدى. بىزنىڭ رەسىمىمىزدە پادىشاھنىڭ خادىملىرىدىن كىشى ئۆلسە خوتۇنى يەنە بىر كۆيۈگە تەگمىگۇچە ئۆلگۈچىنىڭ مەنسىپىنى باشقىلارغا بەرمەيدۇ. ئەگەر پادىشاھقا ۋەزىر بولۇشنى خالىساڭ راستىنى ئېيتقىن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

— مەن تېخى كېسەلدىن ساقايغىنىم يوق، ئى نازىنىن، ۋەزىر بولۇشقا قىزىقمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم. نازىنىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئەكەلگەن خەتنىڭ ئارقىسىغا خەت قىلىپ نامىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بەردى. بىز شۇنىڭدىن باشلاپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدۇق.

بىر كۈنى، كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىدۇق. تەرلەپ كەتتىم. «ھاۋا ئەجەبمۇ ئىسسىپ كەتتىغۇ» دېيىشىمگە خوتۇنۇم تۇيۇقسىزلا بىر كاچات سېلىۋەتتى ۋە قوللىرىغا:

— ئۇنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

— ئى نازىنىن، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم، — دەپ پەرياد قىلغانىدىم، ئۇ:

— سەن خۇدايىتائالانىڭ ياراتقان ئىشىغا نارازى بولدۇڭ. ھاۋا ئىسسىپ كېتەمدۇ ياكى سوۋۇپ كېتەمدۇ ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىنى ھەقتائالا ياراتقان، ھەرنېمە قىلسا ئاللا قىلىدۇ، — دەپ مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىش پادىشاھقا ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ مۇلازىملىرى مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئىچى بىلەن ئېلىپ كېتىپ باراتتى. تاسادىپىي ھېلىقى ئاشپەز ئۇستام ئۇچراپ قالدى. مەن بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ، مېنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدىم. ئۇستام پادىشاھنىڭ خادىملىرىغا:

— بىردەم ئۆلتۈرمەي تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن خۇن

باھاسىنى بەرسەم، — دېدى ـ دە، كېتىپ بىردەمدىن كېيىن خۇن باھا-
سىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھقا ئەرز قىلىپ:

— بۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، شەھەردىن قوغلاپ چىقارساق باياۋانلاردا يۈرۈپ ئۆزى ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى. پادىشاھ بۇ تەكلىپنى خوپ كۆرۈپ، مېنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن شەرق تەرەپكە راۋان بولدۇم.

ئەلقىسسە، شۇنداق قىلىپ، ئۇ شەھەردىن قوغلىنىپ يەنە بىر شەھەرگە يەتتىم. ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنەچچىسى كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى. مەن يىغلاپ نالە ـ زار قىلىپ باقتىم. بۇ شەھەرنىمۇ ئاۋۋالقى شەھەرگە ئوخشايدىغاندۇ دەپ ئويلىغانىدىم، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشى ئىت، يۈزى ئادەمگە ئوخشاش ئىدى، بەزىلىرىنىڭ بې-لىنىڭ يۇقىرىسى ئادەمگە ئوخشايتتى. مېنى ئاپىرىپ بىر ئۆيگە باغلاپ قويدى. خەلقى توپ ـ توپ كېلىپ مېنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى. تا ئۈچ كۈنگىچە باغلاقلىق تۇردۇم. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى بەردى. تۆتىنچى كۈنى بىر پەرىزات كەلدى. ئۇ ماڭا:

— ئى ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمە بولۇپ كەلدىڭ؟ — دېدى. مەن ۋەقەنى بايان قىلغانىدىم، پەرىزات:

— بۇ خەلقلەر سېنى سەمرىتىپ يەيدۇ. بۇ ئۆيدىن بىرەر نەرسە تاپالىساڭ بوشىنىپ قاچقىن، — دېدى. مەن قولۇمنى بوشىتىپ بىر پىچاق، بىر دەسمان، بىر چىراغ تاپتىم. پەرىزات قولىنى ئۇزاتتى، مەنمۇ قولۇمنى ئۇزاتتىم، تۆگىلۈكتىن ئۆگزىگە چىقاردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ماڭا:

— شەھەردىن چىققۇچە ئۆگزە بىلەن قاچقىن، بۇ ئىتلار يېتىشىپ قالسا دەسمان تاشلىغىن، ئۇلار يانىدۇ، يەنە بارسا يەنە تاشلىغىن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىتلار ئۈچ مەرتىۋە كەلدى. ھەر كەلگەندە دەسمان تاشلىدىم، ئاقىۋەت خالاس بولدۇم. شۇ ماڭغانچە ئۆتەك ـ مەنزىللەرنى بېسىپ كېتىپ باراتتىم. بىر دەرياغا يەتتىم. دەريانىڭ بويىدا غۇسۇل تە-

رەت قىلىپ ئىككى رەكەت شۈكۈرانە ناماز ئادا قىلدىم ، بېشىمنى سەجدىگە قويۇپ مۇناجات ئوقۇپ ئاللاغا تېۋىندىم . بېشىمنى كۆتۈرسەم بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ . سالام قىلىۋىدىم ، جاۋاب سالام بەردى ۋە مېنىڭدىن :

— نەدىن كەلدىڭ ، نەگە بارىسەن ؟ — دەپ سورىدى . ۋەقەنى بايان قىلدىم . بوۋاي :

— قولۇڭنى ماڭا بەرگىن ، — دېدى . قولۇمنى ئۇزاتقىنىدىم بىر نان بەردى ، ئۇنى يەپ قۇۋۋەت ھاسىل بولدى . خۇش بولۇپ ئەتراپقا قارىسام بىر باغ كۆرۈندى . باغقا كىرسەم خىلمۇ خىل گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كېتىپتۇ ، باغنىڭ ئىچىدە بىر ئىمارەت تۇرىدۇ ، قارىسام چۈشۈمدە كۆرگەن ئىمارەتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن . بۇنى تونۇپ خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەر قىلدىم . ئول ئىمارەتنىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن تەخت تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر نازىنىن گۈزەل ئولتۇرۇپتۇكى ، دۇنيا يۈزىدە ھېچقانداق كۆز بۇنداق جانانىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ ھۆسن — جامالىنىڭ شولىسى باغقا نۇر چېچىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ھەيران ، ناز — خۇلقلىرىغا سەرگەردان ، بىقارار بولدۇم .

ئەلقىسسە ، ئۇ ئۈز چىراي ، سەرۋى قامەت ۋە مۇشتەرى سائادەت نازىنىننىڭ كۆزى ماڭا چۈشتى — دە :

— ئى شاھزادە ، خۇش كەپسەن ، قەدەملىرىڭ يېتىپ كەپتۇ . ئۈچ يىل بولدى ، چۈشۈڭدە كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغانىدىڭ . سەن كۆيگەن ئۇ قىز مەن بولىمەن ، — دېدى . قارىسام چۈشۈمدە كۆرگەن قىز شۇ ئىكەن ، ئەمما چېچىدىن باغلاپ قويۇپتۇ . ئۇ ماڭا :

— مەن بەندىتىن قۇتۇلالمايمەن ، ماڭا بىر دېۋە ئاشىق بولۇپ چېچىمدىن باغلاپ قويغانىدى . ئۇ دېۋە ھازىر بۇ يەردە يوق ، — دېدى . مەن ئۇنى بەندىتىن خالاس قىلاي دەپ بېرىپ قوللىرىنى ۋە چاچلىرىنى يەشتىم . قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ دەردىمىزنى تۆكۈشتۇق .

ئەلقىسسە ، ئىككىمىز تەختتىن چۈشۈپ ھۇجرىغا كىردۇق . ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتلاردىن ئالدۇق ، تاڭ ئېتىپ ناماز ۋاقتى بولغۇچىلىك ئول

قـەسـرنى تاماشا قىلدۇق . ئاندىن چىقىپ بىر كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇردۇق . شۇندا بىر ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ :

— ئـى ئادەمـزات ! مـېـنـىـڭ مـەھـبۇبـەمـنـى ئېلـىـپ قاچـماقـچىمۇ سەن ؟ — دېدى . قىز شۇ ھامان :

— ئى شاھزادە ، دىـۋە كـەلـدى ، — دەپ قـورقـۇپ ئۆيگە قېچىپ كـىـردى . خـۇددى تـاغـدەك بـىـر دىۋە كېلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى . مەن ھەزرىـتـى يـاراتقۇچىنى سېغىنىپ تۇرۇپ شەمشىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ دىۋىنىڭ بېلىگە بىر ئۇرۇۋىدىم ، ئۇنىڭ بېلىدىن كېسىلىپ ، ئىككى پارچە بولۇپ قارا بوراندەك گۈركىرەپ ، گوياكى يوغان چىنار يىقىلغاندەك گۈلدۈرلەپ يىقىلدى . ئۇ تىۋلاپ تۇرۇپ :

— ئى ئادەمـزات ! بـويـنـۇمـغـا يـەنـە بىر شەمشەر سالغىن ، جېنىم پـاتـراق چـىـقسۇن ، — دېدى . مەن قايتا قىلىچ ئۇرمىدىم . شۇنىڭ بىلەن جـېـنـى جەھەننەمگە كەتتى . ئاندىن ئۆيگە كىرسەم قىز قورقۇنچىدىن سا-ماندەك سارغىيىپ تىترەپ يېتىپتۇ . مەن ئۇنى چاقىرىپ :

— ئەمـدى خـاتـىـرجـەم بـولغىن ، دىۋىنى ئۆلتۈردۈم ، — دېدىم . نازىنىن ئېيتتىكى :

— ئوبـدان ئـىـش قـىـلـدىڭىز ، ئەمدى مەن سىزنىڭ خىزمەتكارى- ڭىـزدۇرمەن ، نېمە قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز ، پەرمانىڭىزنى كۈتىمەن . نەگە بـارسـىـڭـىز بىرگە بارىمەن ، — دەپ ئالدىمغا كەلدى . بىر - بىرىمىزنىڭ قـولـىـنـى تـۇتـۇشـۇپ خـەزىـنـىـگە كىردۇق . ئالتۇن - گۆھەر ، لەئەل - جـاۋاھـىـراتلاردىـن ۋە زۆرۈر لازىملىق نەرسىلەردىن ئېلىپ ، دىۋىلەر ماكا- نـىدىن چىقىپ ، ئىككىيلەن يولغا راۋان بولدۇق . بىر ئاي يول يۈرگەندىن كـېـيـىـن بىر دەرياغا كېلىپ قالدۇق . ئۇ يەردە بىرنەچچە تاختايلىرى يوق بـىـر كـېـمـە بـار ئىكـەن ، بـىـرنـەچـچە پارچە تاختاي تېپىپ كېـمـىـنـى ئوڭـلاپ ، كـېـمـىـگە چـىـقىپ يـەنە بـىـر ئاي مېڭىپ ئـاران دەريـادىن سـاق - سـالامـەت چـىـقـىـۋالـدۇق . ئۇ يـەردىـن چـىـقـىـپ يـەنە بىر ئاي مـاڭـغـانـدۇق ، يەنە بىر دەرياغا دۇچ كەلدۇق ، لېكىن قەيەر ئىكەنلىكىنى بـىـلـمـەيـتـتۇق . ئۇ يـەردە كېمە تەييار ئىكەن . كېمىگە چىقىپ قارىسام ،

كېمىدە ھايۋانىنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆيۈپ كۈل بولۇپ قاپتۇ. نەچچە كۈن-
دىن كېيىن كېمىدىن سالامەت چىقتۇق. كېمىنىڭ بويىدا بىرمۇنچە
ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرى بار ئىكەن. بىر-
مۇنچە مالنى ئېلىپ يەنە راۋان بولدۇق ۋە نەچچە كۈنلەردىن كېيىن يەنە
بىر شەھەرگە يەتتۇق. ئۇ شەھەردىن سودىگەرلىك ئۈچۈن لازىملىقلارنى
ئالدۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ نەچچە كۈنلەردىن كېيىن خۇراسانغا باردۇق،
ئۇ يەردىن ئاتا - ئانامغا نامە پۈتۈپ ئەۋەتتىم. ئاتا - ئانام ناھايىتى خۇش
بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار مېنىڭ ھىجرانىمدا ھەسرەتتە قاپتۇ.
چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىدىن غايىب بولغاندىن باشلاپ تاكى شۇ كەم-
گىچە مېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىمنى بىلمىگەنىكەن. نامە يېتىشى بىلەن
ئاۋۋال مىنىڭ كىشى بىلەن ئاتامنىڭ ۋەزىرى ئالدىمغا كەلدى. ئاندىن ئاتام
يېتىپ كەلدى. ئاتامنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىنى
سۆيدۈم. ئاتام مېنى سۆيۈپ ھال - ئەھۋالىمنى سورىدى. كۆرگەن
سەرگۈزەشتىلىرىمنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدىم. ئۇنى ئاڭلاپ ئاتام
نۆكەرلىرى بىلەن مېنىڭ ھالىمغا زار - زار يىغلاپ، خۇددى باھار يامغۇ-
رىدەك ياش تۆكۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن
شەھەرگە ئېلىپ كىردى. قازى، مۇپتى، ئەكابىر - ئەشرەپلەرنى چاقىرىپ
چوڭ توي قىلىپ، قىزنى مېنىڭ ئەقدە نىكاھىمغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭدىن
ئۆتۈپ بىرنەچچە زاماندىن كېيىن ئاتام بۇ ئالەمدىن كەتتى. شۇنىڭ
بىلەن سەلتەنەت تەختىگە مېنى چىقاردى. خوتۇنۇم ھازىرمۇ ھايات، ئۇ-
نىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلۇممۇ بار، — دەپ پادىشاھ سەرگۈزەشتىلىرىنى
بۇ ئۇچ قەلەندەرگە بايان قىلدى. دەرۋىشلەر: « بىزنىڭ سەرگۈ-
زەشتىلىرىمىزدىنمۇ شاھىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاجايىپ ئىكەن » دەپ،
دۇئا قىلىشتى.

ئادىلخان بۇ دەرۋىشلەرگە مال - دۇنيالار ھەدىيە قىلىپ، ھەرقاي-
سىسىنى ئۆز شەھىرىگە بارغۇچىلىك ھەمراھ بولغىلى ئادەم قوشۇپ يولغا
سېلىپ قويدى.

# پادىشاھ كۆكپىن ھېكايىسى

خەۋەر سۆزلىگۈچىلەر ۋە ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچى ھىدايەت ئىگىلىرىنىڭ قەدىمكى داستانلاردىن رىۋايەت قىلىپ، گۈزەل تىللار بىلەن سۆزلەپ بېرىشىچە: پەرغانە شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى «شاھى كۆكپىن» دەپ ئاتايتتى.

پادىشاھ كۆكپىن شۇنداق بىر پادىشاھ ئىدىكى، پۇقرالارنى كۆلدۈرگۈچى، دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرگۈچى، ئادالىتى كۆپ، زۇلمى ئاز ئىدى. لېكىن پەرزەنتى يوق ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ناھايىتى غەمكىن ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئولتۇرۇپ:

— ۋادەرىخ، پەرزەنتىم بولغان بولسا ئىدى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن تەخت ـ بەختىمگە ۋارىسلىق قىلىپ ئولتۇرغان بولاتتى. ئەمدى بولسا ئۆمرۈم ئاخىرىغا يېتىپ يىگىتلىكنىڭ مەۋسۇمى كەتتى. بويۇم ئېگىلىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم كېتىپ قالدى، — دەپ، خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ زار ـ زار يىغلاپ باھار يامغۇرىدەك ياش تۆككەندى. ئاقىۋەت پادىشاھنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ خوتۇنى ھامىلدار بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ خۇشاللىقىدىن كەمبەغەل، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، خەير ـ ئېھسانلار قىلدى. مۇشۇنداق يۈرۈپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى خىيالىغا شىكار ھەۋىسى كەلدى ـ دە، «پۈتۈن خالايىقلارنىڭ ھەممىسى شىكارغا چىقسۇن، پۇقرالارمۇ تاماشا قىلسۇن!» دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بىلەن نۇرغۇن پۇقرالار بىرلىكتە شىكارغا چىقتى. ئۇلار شۇنداق كېتىپ باراتتى، تۇيۇقسىزلا بۇلارنىڭ ئالدىغا بىر بۇلۇڭدىن بىر شىر چىقىپ پادىشاھقا ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ قولىغا قىلىچ ئېلىپ شىرنى چاپتى. شىر زەخىمدار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ غالجىرلا-

شىپ ئېتىلدى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، پادىشاھ ئاتتىن يىقىلدى. شىر كېلىپ پادىشاھقا زەخىم ئۇردى، يەنە زەخىم ئۇرۇپ بولغۇچە تامام خەلق يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھۇجۇم بىلەن شىردىن ئاجرىتىپ ئېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. پادىشاھنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ تەخت ئۈستىدە ياتقۇزدى.

ئەلقىسسە، ئاندىن كېيىن شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلىرى يوقلاپ كېلىپ كۆردىكى، پادىشاھنىڭ ھالى خاراب بولۇپتۇ. ھۆكۈمالار كېلىپ ھەرقانچە ئىلاجلارنى قىلىپ باقتى، لېكىن مەنپەئەت قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ھەممە خالايىقلارنى يىغدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ ساقىيىپ قېلىشىنى تىلەشتى. پادىشاھ ئېيتتىكى:

— ئى ئەكابىر-ئەشرەپلەر، دانا بولۇڭلاركى، مەن بۇ كېسەلدىن ساقىيالماي ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىغاندەك تۇرىمەن. سىزلەرگە مەلۇمكى، خوتۇنۇم ھامىلىداردۇر، ئەمما پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەگەر، بالام ئوغۇل تۇغۇلۇپ قالسا ئوبدان تەربىيىلەڭلار، پادىشاھلىق تەختىمدە ئولتۇرسۇن. مېنىڭ روھناتىمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ ھەممىڭلار ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولۇڭلار، — ئۇ نەسىھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىرىگە قارىدى. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئىسمى پەررۇخزاد ئىدى. ئېيتتىكى:

— ئى پەررۇخزاد، مېنىڭ ئوغلۇم ئۆسۈپ بالاغەتكە يەتكۈچە پادىشاھلىق تەختىدە سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن، ئوغلۇم يېتىلىپ كامالىغا يەتكەندىن كېيىن ئوغلۇم پادىشاھ بولسۇن، سەن ۋەزىر بولغىن، — دېدى. پەررۇخزاد تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ جان ئۈزدى. شەھەر خەلقى ماتەمدار بولۇپ نەزىر-چىراغلىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن پەررۇخزاد تەختكە چىقىپ، نەچچە يۈز شەھەرلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى. ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلالمىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كۆڭلىگە بىر ئەندىشە چۈشۈپ: «بۇ مەملىكەت جەبرى-مۇشەققەتسىزلا قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ھېچقانداق ۋەزىرگە بۇنداق بولغان ئەمەس. ئەگەر پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسىغۇ

مېنىڭ بەختىم . ئەگەر ئوغۇل تۇغۇپ قويسا پادىشاھلىقنى بەرمەي چارە يوق » دەپ ئويلاپ ، پادىشاھلىقنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋېتىپ ، بىر ئۆمۈر مەملىكەتنى قولدىن بەرمەسلىك پىكرىگە كەلدى ، پەررۇخزادنىڭ بىر ۋەزىرى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېتى « پارىس » ئىدى . ۋەزىر ئۇنى بىر خىلۋەت يەرگە ئاپىرىپ :

— ئى پارىس ، مېنىڭ بىر ئەندىشەم بار ، ساڭا ئېيتماقچىمەن ، — دېدى . پارىس جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلدى . پەررۇخزاد خۇشال بولۇپ پارىسقا كۆپ پۇل ئىنئام قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، — ئى پارىس ، كۆڭلۈمدە بىر ئەندىشەم باركى ، پادىشاھلىق ماڭا جەك قىلماي ۋە جاپا چەكمەي مۇيەسسەر بولدى . مەن ئۆلسەم پەرزەنتلىرىمگە قېلىشى لازىم . پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خوتۇنى بولسا ھامىلدار دۇر . قىز تۇغسىغۇ ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئەگەر ئوغۇل تۇغسا پادىشاھلىق قولۇمدىن كېتىدۇ . پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خوتۇنىنى بىرەر باھانە بىلەن شەھەردىن تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئۇنى گوللاپ يىراق يەرگە ئاپىرىپ ، كىشىگە تۇيدۇرماستىن ئۆلتۈرۈپ ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇشبۇ غەمدىن خالاس قىلغىن ، كىشى بىلسە بەتنام بولۇر ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، پارىس : « نېمە دېسىلە پەرمانبەردارمەن » دەپ پادىشاھ بەرگەن ئىنئاملارنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى . خادىملىرىغا : « پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خانىشنى ئېلىپ شەھەردىن ئېلىپ چىقىڭلار » دەپ بۇيرۇدى . غۇلاملىرى بېرىپ پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خانىشنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پارىسمۇ بېرىپ ، غۇلاملىرىغا :

— ئى غۇلاملىرىم ، پەررۇخزاد ھۆكۈم قىلىپ ، پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خانىشنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى . ئۇنى سىلەر ئۆلتۈرۈڭلار ، ئۇنىڭ بەدىلىگە مەن سىلەرنى ئازاد قىلاي ، — دېگەنىدى ، قۇللىرى ئىلاجسىزلىقتىن خانىشنى بىر چەتكە ئاپىرىپ ئۆلتۈردى . پارىس :

— مەن سىلەرنى ئازاد قىلدىم ، ئەمما بىردەم بۇ يەردە تۇرۇپ تۇ-

رۇڭلار، غۇسۇل تەرەت قىلىۋالاي، — دەپ بىر چەتكە مېڭىپ بېرىپ قارىسا، پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خانىشىنى ئۆلتۈرگەن يەرگە كېلىپ قاپتۇ. خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ، ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىپ يېتىپتۇ. ئۇ بىردەم تۇرۇپ زار-زار يىغلاپ، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىدىن ھەيران بولدى-دە، دۇۋەت-قەلەم ئەكەلدۈرۈپ بولغان ۋەقەلەرنى پۈتتى. ئون دانە گۆھەرنى ئېلىپ پۈتكەن قەغەزگە يۆگەپ بالىنىڭ بويىنىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن خۇدايىتائالاغا تاپشۇرۇپ ياندى. بالا ئاپىسىنىڭ يېنىدا قالدى. پارىس قۇللىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىۋىدى. قۇللىرىنى شىرلار كېلىپ پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. پارىسمۇ شىرلاردىن قورقۇپ دەرھال شەھەرگە راۋان بولدى. پەررۇخزاد كۆرۈپ:

— پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خانىشىنى قانداق قىلدىڭ، — دەپ سورىغانىدى. پارىس جاۋاب بېرىپ:

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرىنى دېگەن بويىچە ئىجرا قىلىپ كەلدىم، — دېدى. پەررۇخزاد خۇشال بولۇپ غەمدىن خالاس بولدۇم دەپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، پارىس يېنىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر چىشى شىر پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەلسە بىر ئوغۇل يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئاپتاپتەك بىر ئۆلۈك ئانا يېتىپتۇ. ئۇل شىرنىڭ دىلىغا ھەقتائالا رەھىم سالدى. شىر دەرھال ئەمچىكىنى بالىنىڭ ئاغزىغا سالدى. شاھزادە ئېمىپ ئاچلىق تارتمىدى. يەنە نەچچە شىرلار كېلىپ پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ خوتۇنىنى كۆردى. ھېلىقى ئېمىتكەن چىشى شىر شاھزادىنى يەنە بىر شىرغا تاپشۇردى. ئۇل ھەم زىيان يەتكۈزمىدى. ئالاھازەل نەچچە شىرلار پەرۋىش قىلدى. شاھزادە ھەم ئىككى ياشقا كىردى. شىرلار ھەم ئۇنىڭدىن جۇدا بولمىدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەسئەت ۋەقەسىنى ئىشتىمەك كېرەك، رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەھرى باغداتتا خوجا ئەسئەت دەپ بىر سودىگەر بار ئىدى. شەھەر-شەھەرلەرگە بېرىپ سودا قىلاتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەھرى باغداتتىن سودىغا چىقتى. چۆل-باياۋانلار بىلەن كېتىپ

باراتتى، بىر جاڭگالغا بارغاندا نەزىرى بىر شىرغا چۈشتى. ئۇ يەرگە چېدىرلىرىنى تىكىپ، بىرنەچچە تىرەندازلار بىلەن شىكار قىلىپ بىر بۇ-لۇڭغا كىرىشىدى، بىر شىر تۇيۇقسىزلا بىر چەتتىن چىقىپ ئىككى كىشىنى ھالاك قىلدى. خوجا بۇ ئەلپازدىن كۆردىكى، بۇ شىرلار ھەممىنى يوقاتقۇدەك، شۇ زامان يۈز كىشى ئاتلانسۇن، دەپ پەرمان قىلدى. يۈز ئادەم ياراغ - جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ شىرغا روبىرو بولدى. شىرلارمۇ ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق ئېلىشىپ بىر - ئىككى شىرنى ئۆلتۈردى. بىر-دەمدىن كېيىن بىر شىر پەيدا بولۇپ ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلدى. خوجا ئەسئەت كۆردىكى، ئول شىرغا مىنىكلىك ئوغۇل تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى ئايتاپ ئۇستىدىنمۇ غەلىبە قىلاتتى. خوجا ئەسئەت ھەيران قېلىپ خادىملىرىغا بۇيرۇپ:

— بىر ئىش قىلىڭلاركى، بالىنى شىردىن ساق - سالامەت ئېلىۋې-لىڭلار، — دېدى. ئاخىر شىرغا زەخىم ئۇرۇپ شاھزادىنى شىردىن ئېلىۋالدى ۋە خوجا ئەسئەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خوجا ئەسئەت شاھزادىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ، يۈزلىرىدىكى چاڭ - توزانلارنى سۈرتتى. شىر پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىنى شىرزات قويدى. چې-دىرغا ئېلىپ كىرىپ نەزەر سېلىۋىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن تاجدارلىق نىشانىسى بىلىنىپ تۇراتتى. خوجا ئەسئەت ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ شا-ھانە كىيىملەر كىيدۈردى. بويىنىدىكى تۇمارىنى كۆرۈپ ئېچىپ قارىۋىدى، ئۇن پارچە لەئەلنى بويىنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەم تۇمارنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى. ئېيتتىكى:

— خۇدايىتائالا بۇ ئوغۇلنى شىرغا باقتۇرۇپ ئاخىر ماڭا بەردى. مەنمۇ قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە پەرۋىش قىلىشىم لازىم، — دەپ خوجا ئەسئەت باغداتقا يېنىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شاھزادىنى پەرۋىش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ يەتتە ياشقا كىردى، مەكتەپكە بەردى، شاھزادە ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پات پۈرسەتتىلا ئىلىم - پەزىلەتتە ۋە ئەدەپتە تەڭداشسىز بولدى.

ئەلقىسسە، پەررۇخزاد كۆكپىنىنىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈرگەندىن كې-

يىن ، پەررۇخزادقا بىر قىز پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى ، ئىتنى گۇلشات قويدى . پەررۇخزاد بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ چۈشىدە بىرسى ئىيتتىكى : « ئى پەررۇخزاد ! بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى ، بۇ قىزنىڭ قەدىمى مۇبارەك بولغايكى ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر كۆرگەيسەن ، ئەمما قىزىڭغا ئوبدان يەرنى تالالاپ بىر راۋاق سېلىپ ، ئۇ يەردە مەنزىرە بىنا قىلىپ بەرگەيسەن . ئول جاي قىزىڭنىڭ مەنزىلگاھى بولغاي » دېدى . پەررۇخزاد ئويغىنىپ دەرھال پارىسنى چاقىرتتى . ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ :

— مەن مۇشۇنداق بىر چۈش كۆردۈم . بىر مەنزىرە بىنا قىلايلىكى ، ئالەمدە ھېچقانداق كىشى كۆرمىگەن بولغاي ، — دېدى . پارىس جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى . ئاندىن كېيىن پەررۇخزاد ئەمر قىلىپ :

— ئى ۋەزىرلەر ! — ئەتراپ - ئالەمگە كىشى ئەۋەتىپ ئۇستا ھۈنەرۋەن ۋە نەققاشلارنى تېپىپ كېلىپ ، راۋاقلىق بىر مەنزىرە تەييار قىلىڭلار ، — دېدى .

پارىس ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى . ئەمما ھېچقانداق يەردىن ئۇستا نەققاش تېپىلمىدى . ئۇ يەردە بىر سودىگەر بار بولۇپ ، ئۇ چىن شەھىرىدىن كەلگەنىدى .

ئەلقىسسە ، ئول سودىگەر ئىيتتىكى :

— ئى ۋەزىر ئەزەم ، پادىشاھنىڭ قىزىغا راۋاق - مەنزىرە ياسىيالىغۇدەك ئۇنداق يېتىشكەن مىمارچىلىق ئۇستىسى ھېچ يەردىن تېپىلماستۇر ، ئۇنداق ئۇستا پەقەت چىن شەھىرىدە بار . ئۇ يەردە بىر ئۇستا بار ئىكەنكى ، ئۇنىڭ ئىسمى « تەيپۇر » دۇر ، لېكىن ئۇ مىمارچىلىقتا جاھاننىڭ مىسلىسىز سەنئەتكارىدۇر ، يەتتە قات يەر ۋە يەتتە قات ئاسماننىڭ تەرىپىنى ھۈنىرى بىلەن كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا قىلالايدۇ .

پارىس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال پەررۇخزادقا يەتكۈزدى . پەررۇخزاد دەرھال بىر پارچە نامە پۈتۈپ نۇرغۇنلىغان ئالتۇن - كۈمۈش ، قىممەت باھا ماللار بىلەن تەيپۇرغا كىشى ئەۋەتتى . تەيپۇر سوۋغىلارنى

قوبۇل قىلىپ، شەھىرى مۇرغانغا راۋان بولدى. شۇ ماڭغانچە چۆل ـ باياۋانلاردىن ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. پەررۇخزاد كۆرۈپ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ، بۇ نەققاشقا شاھانە سەرپايىلەر ئىنئام قىلدى. ئاندىن كېيىن مېھماننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ پەررۇخزاد ئاتلاندى.

ئەلقىسسە، بۇلار شەھەرلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدى، بۇ شەھەرنىڭ مۇھىتى ئۆزگىچە بولۇپ كىشىگە يېڭى بىر روھ بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئورنى ھەم بەلەن ئىدى، پەررۇخزادقا بۇ جاي ياراپ:

— بۇ جايغا تۆت يەردە باغۇ بوستان بىنا قىلىنسۇن، باغنىڭ نامى «فىردەۋس» دەپ ئاتالسۇن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەسىر ئايۋان بىنا قىلىنىپ، ئۇل ئىمارەتنىڭ نامى «مەنزەر» دەپ ئاتالسۇن، — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ باغ ئون ئىككى يىلدا كامالىغا يېتىپ تەييار بولدى. پەررۇخزاد كېلىپ تاماشا قىلىپ كۆردىكى، بۇنداق باغ ۋە ئىمارەتنى تېخىچە ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەنىدى.

ئەلقىسسە، كۆرگەن خالايىق ئۇنىڭغا بېقىپ ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. پەررۇخزاد بۇ ئۇستىغا ئالتۇن ئېگەرلىك بىر ئات ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەررۇخزاد بۇ ئىمارەتتە پۈتۈن شەھەر خەلقىغە توي بەردى ۋە بۇ جاينى قىزى گۈلشاتقا بەردى. شۇنىڭ بىلەن گۈلشات بېرىپ بىر قانچىلىگەن قىزلار بىلەن ئۇل باغدا ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەسئەتتىن رىۋايەت ئىشىتمەك كېرەككى:

خوجا ئەسئەت شىرزاتنى مەكتەپكە بەردى ۋە ئۇنى ئىلىم ـ بىلىم، ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن تەربىيىلەپ يېتىلدۈرمەكچى بولدى، ئۇنىڭغا يەنە بىرقانچە غۇلاملارنى تەيىنلەپ بەردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھىندىستاندىن چىققان كارۋانلار خوجا ئەسئەتنىڭ شەھىرىگە كەلدى. خوجا ئەسئەت كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىپ، ھەممە كارۋانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز شەھىرىگە

باشلاپ كىردى . ئۇلارنى بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ تۇرلۇك - تۇرلۇك تا-ئاملار بىلەن مېھمان قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئۇلار ھەرخىل ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى . بىر سۆھبەتتە تاسادىپىي پەررۇخزادنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنىپ : « مۇرغان دېگەن شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى باركى ، ئېتىنى پەررۇخزاد دەپ ئاتايدۇ . ئۇنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ ، ھۆسن - جامال بابىدا جاھاننىڭ يېگانىسىدۇر . شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر بېغى بار ، ئۇنىڭ نامىنى 〈 فىردەۋس 〉 دەپ ئاتايدۇ ، باغنىڭ ئىچىدە بىر قەسىر بار بولۇپ ، ئاجايىپ نەقىشلەنگەن ھۇجىرىلار بار . بۇ ئىمارەتنىڭ نامى 〈 مەنزەر 〉 دەپ ئاتىلىدۇ . گۇلشات ئۇ يەردە نەچچىلىگەن ئاي يۈزلۈك پەرى سۈپەت قىزلار بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولىدۇ » دېيىلدى ، بۇ سۆھبەتتە شىرزاتمۇ بار ئىدى . گۇلشاتنىڭ بۇ قەدەر تەسۋىر - تەرىپىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بىقارار بولدى .

ئەلقىسسە ، سۆھبەت تامامىغا يېتىپ ، ھەرقايسى سودىگەرلەر ئۆز مەنزىللىرىگە ياندى . بۇنىڭدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، شىرزات خوجا ئەسئەتنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ئى ئۇلۇغ ئاتا ، بىرئاز مالال بولۇۋاتىمەن ، سەپەر قىلىپ كەلسەم بولارمىكىن ، — دېدى . ئەمما خوجىنىڭ شىرزاتقا مۇھەببىتى كۆپ ئىدى . ئېيتتىكى :

— راۋا بولغاي ، نېمىنى خالىساڭ شۇنداق بولسۇن ، — دەپ جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ ، يۈز تۆگىگە قىممەت باھالىق رەختلەرنى راسلاپ ، يۈز غۇلامنى ئات - ياراغلىرى بىلەن قوشۇپ رۇخسەت بەردى .

ئەلقىسسە ، خوجا ئەسئەت ئۆزى ئاپىرىپ كارۋانلارغا قوشۇپ قويىدى ۋە خوشلىشىپ ياندى . شىرزات كارۋانلارنىڭ ھەمراھدارچىلىقىدا چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ كېتىپ باراتتى . بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە كارۋانلار بىردىنلا چېدىرلىرىنى تىكىپ ، چۇشمەكچى بولدى . بۇ جاي شىرلارنىڭ ماكانى ئىدى . سودىگەرلەر ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ جايلىرىغا

بىرىپ ئارام ئېلىشتى. شىرزات بولسا، بىرنەچچە خادىملىرىنى ھەمراھ قىلىپ ئەتراپنى سەيرى قىلىپ يۈرەتتى. بىردىنلا بىر شىر كېلىپ شىرزاتقا ئېتىلدى. شىرزات چاققانلىق بىلەن شەمشىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ شىرنىڭ پېشانىسىگە بىر ئۇرۇۋىدى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ئاشۇ جەرياندا بىرقانچە شىرلارنى ئۆلتۈردى. ئاخىرىدا بىر چەتتىن بىر شىر چىقتى. ئۇنىمۇ ئۆلتۈرەي دەپ تۇراتتى. ئۇل شىر تېز - تېز قاراپ شىرزاتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى. شىرزاتمۇ بۇ شىرنىڭ ئۆزىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئانىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى، بىر - بىرلىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىرنىڭ ئۇستىگە مىنىپ كارۋانلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار شىرزاتنىڭ باھادىرلىقىغا، پاراستىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئاندىن خۇشال - خۇرام بولۇپ يولغا راۋان بولدى.

بىر كۈنى گۈلشات راۋاقتىن چىقىپ ئەتراپ - ئالەمنى سەيرى - تاماشا قىلىپ تۇراتتى. بىردىنلا باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. گۈلشات قاراپ تۇراتتى. بىر ئوغۇل شىرنى مىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىرى ئاپتاپتىنمۇ نۇرلۇق ئىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئاشىق شەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، شۇ زامان بىر خىزمەتكارنى چاقىرىپ:

— بۇلار نېمە ئادەملەر؟ نەدىن كەلدى، نەگە بارىدۇ؟ شىرغا مىنگەن يىگىتنىڭ ئېتى نېمىكەن؟ بىلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. بۇ كىشى كارۋانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ شىرزاتتىن:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ بۇ باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. شىرزات ئۇنىڭغا:

— بىز سودىگەردۇرمىز، سودا ئۈچۈن سەپەر قىلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇل كىشىدىن:

— سىزلەر نېمە ئادەملەر؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. خادىم ئېيتتى:

— بۇ مەلىكە پادىشاھنىڭ قىزىدۇر، ئۇنىڭ ئىسمى گۈلشات دەپ

ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى پەررۇخزاددۇر . چاھار باغدىن چىقىپ بۇ يەرگە سەيرى ـ تاماشا قىلىپ كەلگەنىدۇق ، — ئۇ خىزمەتكار يېنىپ كېلىپ بىلگەنلىرىنى گۈلشاتقا بايان قىلدى .

ئەلقىسسە ، گۈلشات شىرزاتنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولدى . شىرزات خوجىلار قېشىغا كېلىپ ھۇجرىسىغا چۈشۈپ ، بولغان ۋەقەلەرنى خوجىلارغا بايان قىلدى . ئەمما گۈلشاتتىن سۆز ئاچمىدى . ئۇل كۈنى كۈن كەچ بولدى ، ھەركىم ئۆز ئورنىدا قارار تاپتى .

ئەلقىسسە ، شىرزاتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى ، تولا تاقەتسىزلىنەتتى ، لېكىن بۇ سىرنى كىشىگە ئىزھار قىلالمايتتى .

## گۈلشاتنىڭ شىكاردىن يېنىپ كېلىپ شىرزاتقا نامە ئەۋەتكىنى

گۈلشات سەيلىدىن راۋاققا يېنىپ كەلدى . ئاشىق ـ بىقارارلىقتىن يالىڭاچ بولۇپ تەخت ئۈستىدە ياتاتتى . ھېچ كىشىگە گەپ ـ سۆز قىلمايتتى . ئۇل كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . يېقىنلىرى ھەم گۈلشاتنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر ئىدى . ئۇ بىر نامە پۈتۈپ سۆيگۈ جەۋھەرلىرىنى تۆكۈپ ، شىرزاتنىڭ چۈشكەن جايىغا ئەۋەتتى .

ئەلقىسسە ، نامىنى شىرزاتقا تۇتتى . شىرزات گۈلشاتنىڭ جامالىغا ئاشىق ئىدى . نامىنى ئوقۇپ تولا شاد بولدى .

ئەلقىسسە ، شىرزات جاۋاب سالامدىن بىرنى پۈتۈپ خادىمغا بەردى . خادىم كەتتى . ھايال بولماي ئۆزى ھەم ئاتلاندى . خادىمغا ھەمراھ بولۇپ بوستان فىردەۋسكە كەلدى . گۈلشاتمۇ شىرزاتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تامام ئۆي قىزلىرى ۋە دايەلەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى . ئۇلار كۆرۈشۈپ ، بەزمە قۇرۇپ ، خۇش ناۋالار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشتى . ۋىسال تەپتىدە شاد ـ شادىمان بولۇشتى .

ئەلقىسسە ، گۈلشاتنىڭ باغۋىنىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى . ھەمىشە گۈلشات بىلەن شىرزاتنىڭ خىزمىتىدە تۇراتتى . بۇ كېنىزەكنىڭ رەشكى كېلىپ ئاتىسىغا ئېيتتى . باغۋەن بېرىپ پەررۇخزادقا ئېيتىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بىلىڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى ، ئىپپەت پەر-

دىسى ئىچىدە ئۆلتۈرغان قىزنىڭىز بىر يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار مەنزەردە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشماقتا، ــ دېدى.

پەررۇخزاد ئاگلاپ تامام غەزىپى بېشىغا ئۆرلەپ، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى پالۋىنى بارئىدى. بىرىنىڭ ئېتى ئالماس، يەنە بىرىنىڭ ئېتى قويماس ئىدى. پادىشاھ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى پالۋانغا ئەمر قىلىپ:

ــ باغقا بېرىپ ئۇل يىگىتنى تۇتۇپ كېلىڭلار، ــ دەپ يەنە يۈز كىشىنى قوشۇپ بەردى. بۇ پالۋانلار مەنزەرگە بېرىپ چاھارباغنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندى. گۈلشات كۆردىكى، ئاتىسىنىڭ ئىككى پالۋىنى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ بىرگە كەپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ ۋەقەنى گۈلشات شىرزاتقا ئېيتتى. شىرزات ئېيتتىكى:

ــ ئى گۈلشات، قورقمىغىن، خۇدايىم بۇيرۇسا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ــ دەپ جەڭ تەييارلىقىنى قىلدى. «ئەمدى سىلەر مەنزەرگە چىقىپ تاماشا كۆرۈڭلار» دەپ شىرزات مۇكەممەل بولۇپ ئېتىغا مىنىپ قەسىردىن چىقىپ، بۇ ئىككى پالۋاننى ئۆلتۈردى ۋە قالغانلاردىن ھەم بىرمۇنچىنى ھالاك قىلدى. ئۆلمەي قالغانلىرىدىن بېرىپ پەررۇخزادقا خەۋەر يەتكۈزدى. پەررۇخزاد يۈز بەرگەن جەڭنىڭ ئەھۋالىنى ئاگلاپ غەزەپلىنىپ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسكەر ئەۋەتتى. ئاگىنچە شىرزات يۈز غۇلامنى ئېلىپ بىرمۇنچە سودىگەرلەر بىلەن چىقىپ شۇنداق ھۇجۇم قىلدىكى، سۈپەتلىسمۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئىدى. ئاخىر پەررۇخزادنىڭ لەشكەرلىرىدىن غالىب كەلدى. بۇ چاغدا بىردىنلا باياۋان تەرەپتىن بىر توپ چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن ئون مىڭ كىشى كېلىپ پەررۇخزادنىڭ لەشكىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. پەررۇخزادنىڭ لەشكىرىنى بىر سائەتتە ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى. بۇ كەلگەنلەر خوجا ئەسئەتنىڭ غۇلاملىرى ئىدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەسئەت ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ۋە يەنە باغدات

ۋەزىرىدىن بىرمۇنچە لەشكەر سوراپ شىرزاتنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتكەنىكەن. جەڭدىن پەررۇخزادنىڭ ئىككى ئادىمى قېچىپ بېرىپ ئۇ-نىڭغا :

— ئول ئوغۇلغا مەدەتكارلار تولا ئىكەن. ئۆزى ھەم ناھايىتى دىلاۋەر ئىكەن، بۇنىڭغا تەڭ تۇرۇشنىڭ ئىلاجى يوق، — دېدى. بۇنىڭ-دىن پەررۇخزادقا قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، پارىسنى چاقىرتتى ۋە بىر نامە يېزىپ پارىسقا بەردى. پارىس نامىنى ئېلىپ شىرزاتنىڭ يېنىغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، بۇ چاغدا خوجا ئەسئەت شىرزاتنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى. پارىس نامىنى ئېلىپ كېلىپ شىرزاتقا بەردى. نامىنىڭ مەز-مۇنىدا: «ئى ئوغۇل، سەن كېلىپ بارگاھىمغا يىقىلغىن. گۇناھىڭدىن ئۆتۈپ قىزىم گۇلشاتنى بېرەي ۋە ئۆزۈمگە باش ۋەزىر قىلاي» دەپتۇ.

ئەلقىسسە، خوجا ئەسئەت ۋەزىرگە ئېيتتىكى :

ئى پارىس! بۇ ئوغۇلنى تونۇمسەن؟

— تونۇمايمەن، — دېدى پارىس. خوجا ئەسئەت ئېيتتىكى :

— بۇ پادىشاھ كۆكپىنىنىڭ ئوغلىدۇر. بۇ ئوغۇلنى ئىككى ياشقا كىرگۈچە شىر ئېمىتىپ باققانىكەن، مەن بىر جاڭگالدىن تېپىۋېلىپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئىلىم-بىلىم ئۆگىتىپ، سىپاھگەرچىلىكتە تەڭداشسىز قىلدىم. نىشانى بولسا، سەن ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇن پارچە لەئەلنى ئېسىپ قويغانىكەنسەن، — دەپ ئۆزىنىڭ قىلغان خىتىنى ئون پارچە لەئەل بىلەن پارىسقا بەردى. پارىس بىئىلاج بولۇپ پەررۇخزادنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۆتكەن ئىشلارنى پەررۇخزادقا مەلۇم قىلىپ ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئەگەر ئالەم خەلقىنى يىغىپ ئۈستىگە بار-غان بىلەنمۇ ئۇنىڭغا باراۋەر كەلگىلى بولمايدۇ. ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا قىلغان ئىشنى ھېچقانداق مەخلۇق تەدبىر بىلەن بۇزغىلى بولماس. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۆزىڭىز بېرىپ ھۆرمەت بىلەن تاج-تەختنى تاپشۇرسىڭىز ئاۋۋالقىدىنمۇ زىيادە ئىززەت قىلۇر.

ئەلقىسسە، پادىشاھقا بۇ سۆز ماقۇل كەلدى. ئۆزى ھەم ناھايىتى

قورقۇپ تۇراتتى. پەررۇخزاد خىجىل بولغىنىدىن ساغداقنى بويىنىغا ئېسىپ شىرزاتنىڭ قېشىغا كەلدى، شىرزات ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. پەررۇخزاد تەخت ـ سەلتەنەتنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى شىرزاتقا تاپشۇردى. ئاندىن كېيىن ئالىي توي قىلىپ گۇلشاتنى شىرزاتقا نىكاھ قىلدى.

## گۇلشات بىلەن شىرزاتنىڭ دەسلەپكى كۈنى بىرىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

ئەلقىسسە، گۇلشات بىلەن شىرزات ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بىر كەمدە شىرزات مەست بولدى. ئانىسىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ غەزىپى ئۆرلەپ ھۆكۈم قىلدىكى:

— پەررۇخزادنى راۋاقنىڭ ئۈستىدىن تاشلاڭلار!

ئەلقىسسە، گۇلشات دەرھال ئورنىدىن قوپتى. ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ قەسىرنى پەلەك يۇلتۇزى دەرلەر، بۇ يەردە قان تۆكۈش خوپ ئەمەس. بىر ھېكايەم بار، ئەمر قىلسىلا ئېيتىپ بەرسەم، — دېدى. شىرزات:

— قېنى ئېيتىڭ! — دېدى.

### ئەختەر ئەييار ھېكايىسى

گۇلشات خۇددى تۇتى قۇشتەك شېرىن زۇۋان بىلەن سۆزگە كىرىپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئى پادىشاھ ئالەم، رۇم شەھرىدە بىر پادىشاھ بارئىدى. ئول پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئاتىسى ئول قىزىغا ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن بىر قەسىر بىنا قىلىپ بىرقانچىلىگەن ھۆر يۈزلۈك ئايدەك قىزلارنى ھەمراھ قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئول قىز قەسىرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تاماشا قىلىپ تۇرغاندى. ئول شەھەردە بىر ئەييار بار ئىدى. ئېتىنى ئەختەر دەر ئىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ئول ئەييارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى-

سىدىن قايغۇدا ئىدى . ئۇل ئەييارمۇ تاماشا قىلماق ئۈچۈن ئۆگزىسىگە چىقىپ بىردىنلا كۆزى پادىشاھنىڭ راۋىقىغا چۈشتى ـ دە ، مەلىكىنى كۆردى . ئۇل مەلىكىنىڭ جامالىنىڭ نۇرى تۆتىنچى ئاسمانىنمۇ يورۇتىۋېتەر ئىدى . ئەييار كۆرۈپلا جان ـ دىل بىلەن ئاشىق ـ شەيدا بولدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئەختەر ئەييار نالە ـ پىغانلار بىلەن پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ كويىغا چۈشتى .

ئەلقىسسە ، ئەختەر ئەييار بىر كېچىسى مەلىكىنىڭ راۋىقىغا كەلدى . كۆردىكى پاسىبانلار ئۇخلىماي ئويغاق ئولتۇرۇپتۇ . ھېچ ئىلاج قىلالماي بىرقانچە مۇددەت مۇشۇنداق ئىنتىزارلىقتا يۈردى . ئۇل قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى ۋە قەددى ـ كامالىنىڭ شۆھرىتى تامام ئالەمگە يېيىلىپ ، قىزنىڭ گېپى ھەممە شەھەرلەرگە يەتتى . تەبرىزنىڭ بىر ئوغلى بارئىدى ، ئۇمۇ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق ئىدى . بىقارار بولۇپ ئاتىسىغا ئەرز ـ ھالىنى مەلۇم قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى بىرنامە بىلەن ئوغلىنى رۇمغا ئەۋەتتى . قەيسەرگە شاھزادە تەبرىز كېلىۋېتىپتىمىش دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى . قەيسەر ئەكابىرلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاردى . بۇلار بېرىپ ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى . قەيسەر كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ رەڭگارەڭ سوۋغىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى .

ئەلقىسسە ، قەيسەرگە ھەم مۇۋاپىق كېلىپ ، قىزىنى نىكاھ قىلىپ شاھزادىگە بەردى . بۇ شاھزادىنىڭ ئىسمى مېھرى ئاسار ئىدى . مەلىكىنىڭ ئېتى ماھمەنزەر ئىدى . ئەمما بۇ ئىككىسىگە پادىشاھ ھۇجرا تەيىنلەپ بەردى . بۇ ئىككىسى بولسا ، بىر ـ بىرىگە ئامراق ۋە ئاشىق ئىدى . بىر كۈنى ماھمەنزەر راۋىقىغا چىقىپ تاماشا قىلىپ تۇراتتى . قەيسەر مېھرى ئاسارغا بىر پىيالە شاراب تۇتۇپ بەردى . مېھرى ئاسار ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن ئېلىپ سۈمۈرۈۋەتتى . ئاندىن كېيىن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى . ماھمەنزەر راۋاقتىن مېھرى ئاسارنى كۆرۈپ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ ، كېنىزەكلىرىدىن :

ــ ئۇل يىگىت كىمدۇر ؟ ــ دەپ سورىغانىدى . كېنىزەكلەر جاۋاب بېرىپ :

— ئۆزلىرىنىڭ ئىرى ، — دېدى .

نەزمە :

ماھمەنزەر سورىدى بولدى ھەيران ،
ئول يىگىتتور يا پەرى ۋە ياكى ئىنسان .

ئەلقىسسە ، مېھرى ئاسارنىڭ بىتاقەتلىكتىن ھەرگىز ئۇيقۇسى كەلمەس ئىدى . ماھمەنزەرمۇ ئۆز مەنزىلىگە بېرىپ بىتاقەتلىكتىن ئۇيقۇسى كەلمەي ئاتىسىدىن شىكايەتلەر قىلاتتى .

نەزمە

تۇتۇپ ئالدى يۈرەكتىن بىر ئورۇن مېھرى ئاسار ،
بىر ئىچىپ قانالمىدىم گۆھەر بۇلاقىدىن شەكەر .
ماڭسام تۇرسام خاھىشىم توختىماستۇر كۆز ياشىم ،
بىزگە ھۇجرا بەرمىدى شادلىقتا چۆممەككە پەدەر .

ئاخىر ماھمەنزەر بىتاقەت بولۇپ مېھرى ئاسارنىڭ ئۆگزىسىگە كەلدى . ئاستا بېرىپ قارىغاندى . مېھرى ئاسار شاراب ئىچىپ مەست ئولتۇرۇپتۇ . چىرايلىرى ئېچىلغان گۈلدەك بولۇپتۇ . غۇلاملىرى خىزمىتىدە تۇرۇپتۇ . مېھرى ئاسار بۇ ئىشتىن بىخەۋەر مەلىكىنىڭ ئىشقىدا زار — زار يىغلىماقتا ئىدى . ماھمەنزەر مېھرى ئاسارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ ياندى . بارگاھىغا كېلىپ ئۇ ھەم يىغلىدى . مۇشۇنداق بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر — بىرىگە بىتاقەت بولغىنى قەيسەر رۇمغا ئاڭلاندى . يەنە يېڭىۋاشتىن توي قىلىپ ، ئاندىن كېيىن بىر ئوردا تەييارلاپ ئىككىسىنى بىر يەردە قىلدى . ئاندىن بۇلار ئەيش — ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى .

ئەلقىسسە ، بۇ توينىڭ تەرىپى شەھەر ئىچىدە پۇر بولدى . ئەختەر

ئەيىيار خەۋەر تىپىپ ، « ۋاي ئىست ! » دەپ پەرياد ـ پىغانلار قىلماقتا ئىدى . ئاخىر ئەيىيارلىق بىلەن مەلىكىنى ئىلىپ مۇرادىغا يەتمەكچى بولدى . كۈن كەچ بولدى . تۈن نىسپى بىلەن مەلىكىنىڭ بارگاھىغا كەلدى . قارىسا ھەممە پاسبانلار ئۇخلاپتۇ . ئاستا بىرىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ بىشىنى كەستى . ئاندىن مەلىكىنىڭ دىمىغىغا دورا بىھوش پۈركىدى . مەلىكە ھوشىدىن كەتتى ، مەلىكىنى گىلەمگە يۆگەپ ، يەنە بىر پارچە گۆھەرنىمۇ ئىلىپ چىقىپ قاچتى . ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر غارغا يەتتى . بۇ غار ئەيىيارنىڭ ئۆزىنىڭ ماكانى ئىدى . ئۇنىڭدىن كىيىن مەلىكىنىڭ يۈزىگە گۇلاپ سىپىپ ھوشىغا كەلتۈردى . مەلىكە كۆزىنى ئىچىپ ئەتراپىقا قارىۋىدى ، بىر تاغنىڭ غارىدا يېتىپتۇ . كېنىزەكلىرىنى چاقىرغانىدى ، ھىچكىم يوق . ھەيران بولدى . ئەمما سەۋر قىلدى . مەلىكە ئۆزىنى ئاجايىپ يەردە كۆرۈپ ، قارىسا ئەيىيار ئولتۇرۇپتۇ . بىرئاز قورقتى . ئاندىن كىيىن كۆڭلىدە : « بۇنىڭغا بىرئاز مۇلازىمەت قىلاي » دەپ ئويلاپ مەلىكە بىر بېيىت ئوقۇدى . ئەختەر ئەيىيار مەلىكىنىڭ يۇمشاق سۆزىگە ئالدىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ :

— ئى مەلىكەم ، نەچچە يىل بولدى ، مەن ئۆزلىرىگە ئاشىق ئىدىم . ئەمدى ھەلەپكە بىرىپ شۇ يەرنى ماكان قىلساق ، — دىدى . مەلىكە ماقۇل بولۇپ ئىككىيلەن يولغا راۋان بولدى . شۇنداق مىڭىپ بىر دەرياغا يەتتى . ئۇ يەردە بىر قېرى خوتۇن ئولتۇرۇپتۇ . مەلىكە ئىيتتىكى :

— ئى موما ، يول يۈرگىلى نەچچە كۈنلەر بولۇپتۇ ، بىر ئۇماچ ئىتىپ بەرسىڭىز ، ئىسسىق ئىچىۋالساق ، — دىدى . موماي بۇنىڭغا :

— ياكى زاغرا ، ياكى ئۇن ، ھىچ نەرسە يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى . بۇنى ئاڭلاپ ئەختەر ئەيىيار ئاھ تارتتى ۋە كۆڭلىدە : « بۇ مەلىكە ئىسىل نازۇ نىمەتلەر بىلەن ئۆتكەنىدى . مىنىڭ شۇملۇقۇمدىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى . ھەتتا قورۇق سۇمۇ تىپىلمايدۇ » دەپ ئويلاپ :

— ئى مەلىكەم ، سىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن شەھەرگە كىرىپ نازۇ نىمەت ئىلىپ كىلەي ، — دەپ مەلىكىنى لەڭگەردە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ ئۆزى بەدەر چىقىپ كەتتى . شۇ ماڭغانچە ھەلەپ شەھە-

رىگە يەتتى . كېچىسى ئەييارلىق بىلەن ھەلەپ پادىشاھىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە پادىشاھقا شەمشەر ئۇردى . ئۇنىڭ غەرىزى ئالتۇن ئالماقچى ئىدى .
ئەلقىسسە ، پادىشاھ ۋارقىراپ :
— ئى پاسىبانلار ، تېز كېلىڭلار ! دۈشمەن ماڭا پىچاق سالدى ، — دېدى . پاسىبانلار ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى ۋە بۇ ھارامزادىدىن ھېچقانداق خەۋەر تاپالمىدى . پادىشاھنىڭ زەخمىنى تېڭىپ بولۇپ ، دەرۋازىۋەنلەرگە ئەمر قىلدىكى :
— دەرۋازىلارنى تۇسۇپ يالغۇز ئادەم بولسا ماڭدۇرماڭلار . بازار كوچىلىرىنى چارلاپ گۇمانلىق ئادەملەر بولسا تۇتۇپ كېلىڭلار ، — دەپ پەرمان قىلدى .
ئاندىن كېيىن ، ئەختەر ئەييارمۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ دەرۋازىغا كەلدى . دەۋازىۋەنلەر ئۇنى « سەن چەتتىن كەلگەن ئوخشايسەن » دەپ تۇتۇپ مەھكەم باغلاپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى . پادىشاھ ئۇنى :
— تونۇيدىغان كىشى بارمۇ ، — دەپ سورىغانىدى ، بىر ۋەزىرى تونۇپ قېلىپ :
— ئەختەر ئەييار دېگەن شۇ ، — دېدى . پادىشاھ :
— زىندانغا سېلىڭلار ، — دەپ ئەمر قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى زىندانغا سالدى .
ئەلقىسسە ، يەتتە كۈندىن كېيىن پادىشاھ جان تالىشىپ قالدى ، ۋەسىيەت قىلىپ :
— ئى ئەكابىر - ئەمەلدارلار ، مۆلازىملار ، مېنىڭ پەرزەنتىم يوق . مەن ئۆلسەم قىرىق نەزىرىمنى بېرىپ بولغۇچە قارىلىق تۇتۇڭلار ، قىرىق كۈن بولغاندا نەزىرىمنى بېرىپ دۇئا - تەكبىردىن كېيىن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ قېرى - ياش ، بىلىملىك - بىلىمسىز ھەممە ئاما - خاسنى يىغىڭلار . ئوردىدا بىر تايغان بار . شۇنى بوشىتىڭلار ، ئول ئىت كىمنىڭ ئېتىكىنى تارتسا شۇ كىشىنى پادىشاھ قىلىڭلار ، — دەپ ۋەسىيىتىنى تامام قىلىپ جان ئۈزدى . شەھەر خەلقىدىن يىغا - زارە ،

غوۋغا كۆتۈرۈلدى . تا قىرىق كۈنگىچە ماتەم تۇتتى . ماتەم توشقاندىن كېيىن جاكارچىلار :

— تامام شەھەر خەلقى شەھەردىن چىقىپ ، مەشرىق تەرەپتىكى مەيدانغا جەم بولۇڭلار ، — دەپ جاكار قىلدى .

ئەلقىسسە ، ماھەنزەرگە كەلسەك ، ئوغرى كەلمىگەچكە ، « ئۆزۈمنى بىر ئاۋات يەرگە يەتكۈزەي » دەپ ئويلاپ مومايدىن سورىدى :

— ئى موما ، بۇ يەرگە يېقىنراق شەھەر - كەنتمۇ بارمۇ ؟

— ئى قىزىم ، — دېدى موماي ، — ئىككى پەرسەخ يول ماڭسىڭىز بىر كەنتكە چىقىسىز . شۇ يەرگە بېرىڭ .

ماھەنزەر يولغا راۋان بولدى . بىر پۇللىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىۋالدى . شۇ ماڭغانچە تاڭ سۈبھى بولغاندا بىر كەنتكە چىقتى . ئۈچ - تۆت كۈن ئول كەنتتە تۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرگە راۋان بولدى . كۆردىكى ، تامام شەھەر خەلقى بىر مەيدانغا يىغىلىپتۇ . بويىندا قوڭغۇرىقى بار بىر ئىت ھەر تەرەپكە يۈرىدۇ . ھەممە ئادەم ئۇنى ئالدىغا چاقىرغىلى تۇرۇپتۇ . لېكىن ئۇ ئىت ھېچكىمگە قارىمايتتى . مەلىكە ئۇ يەرگە بېرىشىغىلا ئول ئىت ئۇنىڭ ئېتىكىنى تارتقىنىچە ئەسلا قويۇپ بەرمىدى . بۇ ھالدا چوڭلاردىن بىرقانچە كىشىلەر كېلىپ مەلىكىنى مۇبارەكلەپ شۇ زامان پادىشاھنىڭ تاجىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ ، ئالتۇن ئېگەرلىك ئاتقا مىندۈردى ۋە باشلىرىدىن ئالتۇن - تىللالار چاچتى . ماھەنزەر تەختكە ئولتۇرۇپ ئادالەتكە مەشغۇل بولدى . ئۇ ئەختەر ئەييارنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى . يېڭى تەختكە چىققانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن زىنداندىكى گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى . ئەختەر ئەييارمۇ شۇ قاتاردا خالاس بولۇپ ، چۈشكەن ئۆتەڭگە باردى . مومايدىن :

— ھەمراھىم قايان كەتتى ، — دەپ سورىغانىدى ، موماي :

— ئول كۈنى سەن شەھەرگە كەتكەنىدىڭ ، يىرىم كېچىگىچە تۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ شەھەرگە كەتتى ، — دېدى . ئەختەرئەييار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ياقىلىرىنى يىرتىپ ساراڭ بولۇپ ، زار - زار يىغلاپ يۈردى .

ئەمدى مېھرى ئاساردىن گەپ ئاڭلاڭ .

ئەلقىسسە ، مېھرى ئاسار : « ماھمەنزەرنى ئەختەر ئەييارد‌ىن باشقا كىشى ئېلىپ قاچمايدۇ » دەپ ئويلاپ نەچچە كۈن ساراڭلارچە يۈرۈپ ، ئاخىر يۈز پالۋاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ « مەلىكىنى تاپىمەن » دەپ چۆلمۇ چۆل ، دەشتمۇ دەشت كېزىپ كېتىپ باراتتى . بىردىنلا بۇلارغا بىر كېيىك ئۇچرىدى . كۆڭلىدە پال سېلىپ : « بۇ كېيىكنى چەنلىۋالسام مەلىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن ، بولمىسا ئۈمىد يوق » دەپ قوغلاپ بىر ئوق بىلەن يەرگە يىقىتتى . بوغۇزلاپ بولۇپ يەنە يولغا راۋان بولدى . مېڭىپ بىر كۆكلەمزارلىققا يەتتى . قىرغاقتا بىر دەرەخ كۆردى . ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار ئىدى . كۆڭلىگە كەلدىكى : « مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر سائەت ئارام ئالاي » دەپ ، خادىملىرىغا مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر سائەت ئارام ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇردى . ئاتتىن چۈشۈپ بىر سائەت ئارام ئېلىپ يەنە ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى . ئۇلار شۇنداق كېتىپ باراتتى . مېھرى ئاسارخاپىچىلىقتا لەشكىرىدىن ئىلگىرى يۈرۈپ بىر بۇلاققا يەتتى . قارىسا ناھايىتى خۇش ھاۋا يەر ئىكەن ، ئېتىدىن چۈشۈپ كۆردىكى ، بىر يىرتىق چاپان قەلەندەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ . مېھرى ئاسار ئوتنى قالاپ ، كېيىكنى كاۋاپ قىلىپ ، ئاندىن كېيىن قەلەندەرنى ئويغىتىپ كاۋاپقا تەكلىپ قىلدى . ئاندىن قەلەندەرگە :

— ئى قەلەندەر ، ھېرىپ كەلگەنىدىم . سەن كاۋاپنى يەپ تۇر . مەن بىر سائەت ئۇخلىۋالاي ، — دەپ شاھزادە ئۇخلاپ قالدى .

ئەلقىسسە ، ئول قەلەندەر يېنىدىن بىر پارچە دورا بېھوشنى چىقىرىپ شاھزادىنىڭ دىمىغىغا تۇتتى . شاھزادە بىر چۈشكۈرۈپلا يىقىلدى . ئۇ قەلەندەر ئەختەر ئەييار ئىدى . دەرھال قوپۇپ شاھزادىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ ئېتىغا مىنىپ ، شاھزادىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ راۋان بولدى ، شۇنداق مېڭىپ شاھزادىنىڭ نۆكەرلىرىگە ئۇچرىدى . ئۇلار قارىسا ، بىرسى شاھزادىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئېتىغا مىنىپ كېلىۋېتىپتۇ . دەرھال تۇتۇپ :

— بۇ ئاتنىڭ ئىگىسىنى نېمە قىلدىڭ ، — دەپ سورىدى . ئەختەر

ئەييار شاھزادىنى بىر بۇلاقنىڭ بويىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. خادىملار ئۇنى ئۇرا - ئۇرا ھەيدەپ ئاپاردى. كۆردىكى، شاھزادە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇنى يېشىپ، ھوشىغا كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن شاھزادە ئېيتتىكى:

— بۇ ئوغرىنى دەرەخكە ئېسىڭلار، شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆلسۇن، — دەپ ئۆزى يولغا راۋان بولدى. بۇلار نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەنىدى، تەقدىر ئىلاھىنىڭ قىسمىتى بىلەن ماھمەنزەرمۇ شىكارغا چىققانىكەن. قارىسا، بىرمۇنچە ئادەملەر كۆرۈندى. شۇ زامان بىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ سورىغانىدى، شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— رۇمدىن كەلدۇق. بىر دوستىمىز بار ئىدى غايىب بولدى. شۇنى ئىزدەپ يۈرمەكتىمىز، — دېدى. ئۇلار بېرىپ بۇ جاۋابنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە: «ئېھتىمال مېھرى ئاسار بولمىغاي» دەپ چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ:

— ئى يىگىت، سىزنى پادىشاھىمىز چاقىرىدۇ، — دېدى. شاھزادە ھەم مىننەتدار بولۇپ ماھمەنزەرنىڭ قېشىغا كەلدى. پادىشاھ خادىملىرىغا بۇيرۇپ:

— بۇ مۇساپىر ئوغۇلنى باشلاپ شەھەرگە ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىمۇ راۋان بولدى. مەلىكە كېلىپ ئۇلارنى كۆپ مېھمان قىلىپ، بەزەن بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. مەلىكە سورىدىكى:

— ئى يىگىت، بىر كىشىنى ئىزدەپ نېمە مۇنچە مۇشەققەتكە قالدىڭىز؟ — شاھزادە ئېيتتىكى:

— مەن پادىشاھى تەبرىزنىڭ ئوغلىدۇرمەن، ئاتام قەيسەر رۇمغا كۈيئوغۇللۇققا ئەۋەتكەنىدى. قەيسەر رۇم ھەم قوبۇل قىلىپ قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى. تېخى كامىل ھاسىل قىلىپ بولغۇچە مېنى بىخەۋەر قويۇپ، قىزنى ئەييار ئېلىپ قاچتى. شۇنى ئىزدەپ باياۋانلارنى كېزىپ يۈرگەندۇق، — دەپ ئوغرىنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى. مەلىكە:

— ئول ئوغرىنى نەگە باغلاپ قويدۇڭلار ، — دەپ سورىغاندى ، شاھزادە ئېيتىپ بەردى . شۇ زامان كىشى ئەۋەتىپ ئوغرىنى ھازىر قىلدى . مەلىكە :

— ئى ئوغرى ، سەرگۈزەشتىڭنى باشتىن - ئاخىر غىچە بايان قىلغىن ، بولمىسا بېشىڭنى كېسىمەن ، — دېدى . ئوغرى سەرگۈزەشتىنى باشتىن - ئاخىرغىچە بايان قىلدى . بۇنىڭدىن ماھمەنزەرنىڭ پاكلىقى شاھزادىگە مەلۇم بولدى . مەلىكە ھەم خىجالەتتىن چىقتى ، ئاندىن كېيىن ئېيتتىكى :

— ئى مەجلىس ئەھلى ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، مەن پادىشاھى رۇمنىڭ قىزى مەلىكە ماھمەنزەردۇرمەن . مېنى ئاتام بۇ ئوغۇلغا ئەقدە نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى . ئەمما غۇنچەم ئېچىلىپ بولماي تۇرۇپ مېنى بۇ ئەييار ئوغرىلىغانىدى . ئەمدى بۇ ئەييارنى بېغىش - بېغىشىدىن پارچىلىۋېتىڭلار ، — دەپ ھۆكۈم قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئەييارنى پاشىشاپ ئۆلتۈردى . ئاندىن كېيىن شەھەرنىڭ ئادىتى بويىچە پۈتۈن شەھەر خەلقىغە توي بېرىپ ، بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇپ ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى .

گۈلشات ھېكايىسىنى تامام قىلدى . بۇنىڭ بىلەن شىرزاتنىڭ غەزىپى بىر ئاز پەسلەپ ، كۆزى ئۇيقۇغا باردى .

## گۈلشات بىلەن شىرزاتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىككىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

نەزمە :

قۇردى بەزمە شىرزات ئەجەب خۇررەم ،
غەم - قايغۇغا بەردىلەر بەرھەم .

قۇياش شەرقتىن چىقىپ ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن كېچىنىڭ قارا پەردىسىنى بىر تەرەپ قىلدى . ئالەم يورۇشى بىلەن شىرزات ئۇيقۇدىن ئويغاندى . گۈلشات :

— ئى كېنىزەكلەر، ئاتارۇد قەسرىنى زىننەتلەڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. بەزمە جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ قىزلار خەۋەر بەردى. شىرزات بىلەن گۈلشات ئاتارۇدقا كەلدى. شاراب جامىنى پىيالە گەردىشىگە كىرگۈزدى. بىر - بىرىنىڭ مۇھەببەت كاسالىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشماقتا ئىدى. ئەمما شىرزات خۇش بولدىيۇ، يەنە ئانىسى يادىغا كەلدى. يىغلاپ ھۆكۈم قىلدىكى:

— يەررۇخزادنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ دەرھال كەلتۈرۈپ، بەندە بېغىشلىرىدىن پارچىلاپ تاشلاڭلار، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ تەقدىرىدۇر. ئۇنىڭغا قارشىلاشقىلى بولماس. بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر ھېكايەم بار ئىدى. يارلىق قىلسىلا سەمى شەرىپلىرىگە ئەرز قىلسام، — دېدى. شىرزات ئېيتتىكى:

— مەرھەمەت، قىلغىن، ئاڭلايلى.

## ئەفزەل رەممال ھېكايىسى

گۈلشات تۇتىغا ئوخشاش سۆزگە كىرىپ ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بەلخ شەھىرىدە بىر رەممال بارئىدى. ئۇنىڭ ئېتىنى ئەفزەل رەممال دەپ ئاتايتتى. ئىلىم - پەن بابىدا ناھايىتى پاراسەتلىك ئىدى. بەلخ پادىشاھىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بۇ پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ ئاجايىپ ساھىبجامال ئىدى. ئېتىنى مېھرى ئەفرۇز دەپ ئاتايتتى. بىر كۈنى پادىشاھ رەممالنى چاقىرتتى. بۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ قىزى ئىشكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا تىرناق ئالتۇن بار ئىدى. يوشۇرۇپ تۇرۇپ رەممالدىن:

— ئى رەممال، قولۇمدا نېمە بار؟ — دەپ سورىدى. بىردىنلا موللىنىڭ كۆزى قىزغا چۈشتى. شۇ زامان ئىشقى ئوتى كېلىپ موللىنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ تاقەتسىز بولدى. رەمگە مەشغۇل بولۇپ تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— قولىڭىزدا تىرناق ئالتۇن باردۇر، — قىز تىرناقنى موللىغا

بەردى . قىز موللىغا :

— ئى موللا ، بۇ ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن ، — دېدى . موللا جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ ، ئالتە ئايغىچە مەلىكىگە تەلىم بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن موللىغا پادىشاھ رۇخسەت بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن موللىغا مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرمەك مۇيەسسەر بولمىدى . ئاخىر ئەھۋالى خاراب بولۇپ كوچا ، بازارلاردا مەلىكىنىڭ ئىشتىياقىدا يىغلاپ يۈردى .

بۇ خەۋەر پادىشاھقا ئاڭلاندى . پادىشاھ موللىنى تۇتۇپ نەزەربەند قىلدى ، ئاندىن يەنە موللىنى ئوغلىغا تاپشۇردى . ئۇنىڭغا « ئاتاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بول » دەپ تاپشۇردى . ئەفزەل رەممالنىڭ ئوغلى بىرنەچچە زامان ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى . ئاخىر بىر كۈنى رەممال ئېيتتىكى :

— ئى ئوغلۇم ، خەۋەردار بولغىن ، مەن سېھىرگەرلىك ئىلمىگە تۇتۇش قىلدىم ، ئېھتىمال مۇرادىمغا يەتكەيمەن ، — ئوغلى ئاتىسىغا :

— نېمىنى خالىغان بولساڭ شۇنى قىلغىن ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئاتىسى ، — ئى ئوغلۇم ، مەن ئۆزۈمنى تۇتىغا ئۆزگەرتىمەن . سەندىن ئىلتىماسىم شۇكى ، دادام ئۆلدى دەپ پەرياد - پىغانلار قىلىپ بىر يېڭى قەبرە قويۇرۇپ دەپنە قىلغايسەن . گۆرىستاندا بىرقانچە كۈن يېتىپ كىشىلەرگە ئاتام ئۆلۈپ كەتتى . مۇشۇ قەبرىدە قويدۇم ، دېگىن . بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە مەلۇم بولسۇن ، ئاندىن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئاتام ئۆلۈپ كەتتى ، ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ : « بۇ تۇتىنى پادىشاھقا بەرگىن ، بۇ تۇتى رەمماللىقنى بىلىدۇ دېگەنىدى » دېگىن . ساڭا پادىشاھ ئىنئام بېرىدۇ ، — دەپ بۇ مىكرىنى ئۆگەتتى . موللىنىڭ ئوغلى بۇيرۇغانى قىلىپ ، پادىشاھنىڭ قېشىغا تۇتىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئاتىسى ۋەسىيەت قىلىپ نېمىنى ئۆگەتكەن بولسا شۇنى دېدى ، پادىشاھ خۇش بولۇپ تۇتىنى ئالدى . ئوغۇلغا شاھانە كىيىم - كېچەكلەر ئىنئام قىلدى . ئوغۇل ئىنئامنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھنىڭ قولىدا قىممەت باھالىق ئۈنچە - مەرۋايىتلار بار ئىدى . ئۇنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئى تۇتى، بۇ نېمەدۇر ؟ — تۇتى جاۋاب بېرىپ:
— قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردۇر، — دېدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ شۇ زامان تۇتىنى قىزىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن مېھرى ئەفرۇز خۇشال بولدى.
ئەلقىسسە، مېھرى ئەفرۇز قانداقلىكى سۆز سورىسا تۇتى جاۋاب بېرىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا مېھرى ئەفرۇز تۇتىغا ناھايىتى مۇڭداش ۋە مېھرىبان بولدى. تۇتى ئەفسۇن بىلەن مەلىكىگە ئىشقىۋازلىق قىلاتتى، گاھىدا تۇتى ئۇسساپ قالغاندا قىز سۇ ئورنىدا شاراب قۇيۇپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇتى مەست بولۇپ ھېكايىلەر ئېيتاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئۆمرىنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزەتتى.
بىر كېچىسى مېھرى ئەفرۇز ئۇخلاپ ياتاتتى. تۇتى خۇش بولدى ـ دە، دەرھال قەپەستىن چىقىپ ئادەم سىياقىغا قايتىپ مېھرى ئەفرۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ، غۇنچە لەۋلىرىدىن قانچىلىگەن شاپتۇل ئۈزدى. ئاندىن كېيىن تاقەتسىزلىنىپ، بىئەدەپلىك قولىنى سوزۇپ كامىدىل ھاسىل قىلدى. ئاندىن يەنە قەپەسكە كىرىۋالدى. مېھرى ئەفرۇز ئويقۇدىن ئويغىنىپ ئەھۋالىنى باشقىچە كۆردى. بۇنىڭدىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ قېشىدىكى ئىنىكئانىسىغا ئىزھار قىلدى، ئانىسى ئاڭلاپ:
— ئى مەلىكەم، بۇ سىرنى مۇتلەق كىشىگە ئېغىزدىن چىقارمىغىن، — دېدى. ئەمما مېھرى ئەفرۇز بۇ ئىشتىن ئىنتايىن غەزەپلەنمەكتە، ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي جىلە بولماقتا ئىدى. بۇ سىر مەلۇم بولمىدى. تۇتىدىن سوراپ: «بۇ ئىش كىم تەرەپتىن بولدى ؟» دېگەنىدى، تۇتى:
— ئى مەلىكەم، سىزگە پەرىلەر ئاشىق بولۇپتۇ، بۇ ۋەقە شۇلار تەرىپىدىن بولدى، — دېدى.
ئەلقىسسە، ھەر كېچىسى مەلىكە ئۇخلىغان ۋاقتىدا رەممال بىئەدەپلىكىنى قىلىۋەردى. مۇشۇنداق بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن مەلىكە خىيال قىلدىكى: «بۇگۈن كېچە ئۇخلىماي ئويغاق يېتىپ باقاي، بەلكىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپارمەن.» ئۇ ئۇخلىماي بىردەم ئولتۇرغاندى ئۇيقۇسى كەلدى. مەلىكە چالا ئۇيقۇلۇق ئىدى. تۇتى قەپەستىن چىقىپ بىر گۈزەل

يىگىت سۈرىتىدە بولۇپ مېھرى ئەفرۇزنىڭ قېشىغا كەلدى.

ئەلقىسسە، مېھرى ئەفرۇز ئويغىنىپ ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلدى ۋە:

— خۇدا ھەققى، ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىن، سەن ئادەممۇ ياكى پەرىمۇ، ئەسلىڭنى بىلىۋالاي، — دەپ يالۋۇردى، تۇتى ئېيتتىكى:

— ئاگاھ بولغىنكى، مەن ھېلىقى ئەفزەل رەممالدۇرمەن، ئەسلى زاتىم پەرىدۇر. سەندىن كامدىل ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتى سۈرىتىدە قىلدىم، مەن ساڭا ئاشىقدۇرمەن.

مېھرى ئەفرۇز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاقەتسىزلەندى. بۇلار بىر - بىرىگە باغلاندى. تۇتى يەنە قەپەسكە كىردى. بۇلار مۇشۇنداق بىر مەزگىلگىچە كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆتتى.

ئەلقىسسە، مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنىڭ داڭقى ھەممە ئەتراپقا تارقالدى. بىر پادىشاھنىڭ ئوغلى بارئىدى. مېھرى ئەفرۇزنىڭ سۈپىتىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - گۆھەرلەرنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. پادىشاھمۇ لايىق كۆرۈپ مېھرى ئەفرۇزغا خەۋەر بەردى. مېھرى ئەفرۇز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەمكىن بولغانىدى. تۇتى ئېيتتىكى:

— ئى مەلىكەم، بۇ ۋەقەدىن ئەسلا غەم قىلمىغىن، بۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈم قىلىمەن، لېكىن سەن مېنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىلمىغىن، — دېدى.

مەلىكە تۇتىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. پادىشاھ مەلىكىنى شاھزادە پەررۇخقا بەردى. مېھرى ئەفرۇز تويدىن كېيىن تۇتىنى پەررۇخقا بەردى. بىر يەردە ئالاھىدە ئورۇن تەييارلاپ شاھزادە پەررۇخ مەلىكىدىن كامدىل ھاسىل قىلاي دەپ ئىشقىۋازلىق قىلىپ يېقىن كەلگەندى. تۇتى شۇ زامان ئەفسۇن بىلەن شاھزادىنىڭ مەردانىلىكىنى ناكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتكە كەلمەي شەرمەندە بولۇپ، مېھرى ئەفرۇزنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئانىسىغا ئىزھار قىلدى. ئانىسى:

— ئى ئوغلۇم، ھېچ ۋەقەسى يوق، گاھىدا ئۇنداق ئىشمۇ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، داستان ئىشتمەك كېرەككى، شاھزادە پەررۇخ بۇ ۋەقەنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن جەبرىلەر تارتىپ كۆپ سۈرۈشتۈردى. بۇ شەھەردە بىر جادۇگەر مەزلۇم بار ئىدى. ئۇنى چاقىرىپ يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئىزھار قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جادۇگەر مەزلۇم، — مەن شۇ قىزنىڭ قېشىغا باراي.

شاھزادە پەررۇخ بۇ مەزلۇمنى مېھرى ئەفرۇزنىڭ قېشىغا بىللە ئېلىپ كىردى. بۇ مەزلۇم تۇتىنى كۆرۈپلا تونۇپ:

— ئى شاھزادە، تۇتىنى قەپەستىن ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى. پەررۇخ تۇتىنى قەپەستىن چىقىرىپ ئۇل مەزلۇمنىڭ ئالدىغا قويدى. مەزلۇم تۇتىدىن سۆز سورىغاندى. مەلۇم بولدىكى، يۈز بەرگەن ۋەقە تۇتى تەرىپىدىن بولۇپتۇ. شۇ چاغدا ئىشكتىن يوغان بىر كىرپە كىرىپ كەلدى. شۇ زامان تۇتى ئۆزىنى بىر بۆرە سۈرىتىدە قىلدى. كىرپە ئۆزگىرىپ ئۆزىنى شىر سۈرىتىدە قىلدى. موماي ئۆزىنى ئەجدىھا سۈرىتىدە قىلىپ دەم تارتقاندى، تۇتى يۇپيۇملاق بولۇپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ، ئۇستىخانلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. مېھرى ئەفرۇز كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەررۇخ ئۇ ئايالغا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپ ياندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھرى ئەفرۇز غەمكىن بولدى. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئەركەكلىكى يەنە ئەسلىگە كېلىپ:

— ئى مېھرى ئەفرۇز، بۈگۈن كېچە سەندىن مۇرادىمنى ھاسىل قىلىمەن، — دەپ قويۇپ، ئاندىن شىكارغا ئاتلاندى. بۇنى ئاڭلاپ مېھرى ئەفرۇز تېخىمۇ غەمگە چۆشتى. چۈنكى ئۇ: «ئاھ دەرىخ، شەرمەندە بولىدىغان بولدۇم، ئەمدى قانداق تەدبىر قىلارمەن» دېگەن ئەندىشىدە ئىدى.

ئەلقىسسە، مېھرى ئەفرۇزنىڭ بىر كېنىزىكى بار بولۇپ،

ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. ئۇ، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىدى. مەلىكە چاقىرىپ:

— ئى كېنىزەك، بىر سىرىم بار، ساڭا ئېيتاي، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلغىن، لېكىن ھېچكىمگە ئېيتمىغىن — دېدى. كېنىزەك:

— خوپ بولغاي، — دەپ تۇردى. مېھرى ئەفرۇز ئېيتتىكى:

— پەررۇخ شىكاردىن كەلگەندە ئۇنى چالا مەست قىلىپ قويىمەن. ياتىدىغان ۋاقتىدا تەييار بولۇپ تۇرغىن. بىر باھانە بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كېتىمەن. سەن ئاستا كېلىپ قوينىغا كىرىپ ياتقىن. سەندىن كامدىل ھاسىل قىلسۇن. ئاندىن سەن بىر باھانە بىلەن چىقىپ كەتكىن، مەن ئورنۇڭغا كىرىپ ياتاي.

كېنىزەك قوبۇل قىلدى. شاھزادە پەررۇخ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز شاراب ئىچىپ مەست بولدى. ئاندىن مېھرى ئەفرۇز بىر باھانە بىلەن تاشقىرىغا چىقتى. ئورنىغا كېنىزەك كىرىپ ياتتى. شاھزادە كېنىزەكتىن كامدىل ھاسىل قىلدى. ئاندىن كېنىزەك چىقىپ كەتتى. مېھرى ئەفرۇز ئورنىغا كىرىپ، يالغاندىن «ۋىيەي» لەپ غەمدىن خالاس بولۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى، — دەپ گۈلشات ھېكايىسىنى تاماملىدى.

## گۈلشات بىلەن شىرزاتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى «زوھرا قەسرى» دە سۆھبەت تۈزگىنى

بېيىت

تۈزدى مەجلىس ئەتتى تائام رەڭگارەڭ،
چالدى تەمبۇر كېنىزەكلىرى خۇش ئاھاڭ.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۈچىنچى كۈنى گۈلشات:

— زوھرا قەسرىنى بېزەڭلەر، — دەپ ئەمر قىلدى.

كېنىزەكلەر زوھرا مەنزىرىسىنى رەڭگارەڭ بىساتلار بىلەن زىننەتلەپ، خىلمۇ خىل ئالىي تائاملار تەييار قىلدى. گۈلشات شىرزاتنى

تەكلىپ قىلىپ ئۈچىنچى قەسىرگە ئېلىپ كەلدى. شىرزات تەختتىن ئو-
رۇن ئېلىپ، نەچچە پىيالە گەردىشكە كىرگۈزۈپ، كەيىپ بولۇپ، ئانىسى يادىغا يېتىپ غەزەپ ئاتەشلىرى بېشىغا ئۆرلىدى. ھۆكۈم قىلدىكى:

— پەررۇخزادىنى بېغىش ـ بېغىشلىرىدىن پارچىلاپ، پارە ـ پارە قىلىڭلار.

شۇ زامان گۈلشات ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۆيۈپ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇنداق ھادىسىلەر داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتا تەخىر قىلماق كېرەك. بۇ قەسىر زوھرا يۇلتۇزى نامى بىلەن «مەنزەرى زوھرا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جايدا قان تۆكۈش ئوبدان ئەمەس. بۇ ھەقتە بىر ھېكايەم بار ئىدى. ھۆكۈم قىلساڭ ئېيتىپ بەرسەم، — دېدى.

### جىنسى ئالماشقان ئەر ـ خوتۇن ھېكايىسى

گېرمان ۋىلايىتىدە ناھىد ئاتلىق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال، خۇشخۇي ۋە خۇش ئاۋاز ئىدىكى، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن جان ـ جانىۋارلارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئاشىق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىككى كېنىزىكى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى جەگگى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەۋدى ئىدى. ناھىدنىڭ بىر گۈلزارلىق بېغى بارئىدى. ئۇ ھەمىشە شۇ باغقا بېرىپ نەغمە ـ ناۋالار بىلەن ئىشرەت قىلاتتى. ئەتراپ ـ ئالەم-
دىن خالايىقلار كۆرۈش ئارزۇسىدا بۇ يەرگە كېلىپ، بەزىلىرى ھەمسۆھبەت بولار ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، بۇ گۈلزارلىقتا كېلىپ ھەرخىل مۇقاملاردا نەغمە ـ ناۋالار قىلىپ ئولتۇرار ئىدى. بۇ قىزلار بار يەرگە بۇلبۇللار كېلىپ جور بولۇپ سايراشقىلى تۇردى. بۇ ھالدا بىردىنلا ئاسماندىن بىر قول پەيدا بولۇپ ناھىدنى ئېلىپلا پەرۋاز قىلىپ، كۆتۈرگەن پېتى پەرىلەر ماكانىغا ئېلىپ باردى. ناھىد كۆزىنى ئېچىۋىدى، ئۆزىنى پەرىلەر قاتارىدا كۆردى.

ئەلقىسسە، كېنىزەكلەرنىڭ نالە ـ پىغانلىرى پەلەككە يەتتى. ئەمما

ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ناھىد بولسا بۇ ئىشتىن ھەيران ئىدى. پەرىلەرنىڭ پادىشاھى ناھىدنى يېنىغا چاقىرىپ:
— ئى ناھىد، بىزنىڭ بىر تويىمىز بار ئىدى. سەن خۇش ئاۋاز ئىكەنسەن، تويدا غەزەل ئوقۇتۇش مەقسىتىدە ئېلىپ كەلدۇق. كىچىك بالا ئىكەنسەن، قورقۇپ كەتمە، توي تۈگىگەندە ئۆز مەنزىلىڭگە يەتكۈزۈپ قويىمىز — دەپ، مەقسىتىنى مەلۇم قىلدى. ئاندىن كېيىن ناھىد قولىغا ئۇدنى ئېلىپ شۇنداق نەغمە قىلدىكى، پەرىلەر ھەيران قالدى ۋە ناھىدنىڭ بېشىدىن تاۋاق ـ تاۋاق ئالتۇنلارنى ئۆرۈشتى.
توي تامام بولدى. ئاندىن كېيىن ناھىد پەرىلەر پادىشاھىغا ئەرز قىلىپ:
— ئى بانۇ، مەن بۇ يەرگە كەلگىلى قىرىق كۈن بولۇپتۇ، ئاتا ـ ئانام نىھالدىكىن بىلەلمىدىم، ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئۆز مەنزىلىمگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ھۆكۈم قىلساڭ، — دېدى. پەرىلەرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ نۇرغۇنلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلدى. بىر قۇتىدا ئانار شەربىتى بېرىپ:
— ئى ناھىد، بۇ شەربەتنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئەركىشى يېسە خوتۇن كىشى، خوتۇن كىشى يېسە ئەركىشى بولىدۇ، — دېدى، ئاندىن كېيىن پەرىلەر شاھى پەرىلەرگە ئەمر قىلىپ:
— بۇ قىزنى ئۆز مەنزىلىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدى. پەرىلەر ناھىدنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ گۈلزارلىقىغا يەتكۈزۈپ قويدى. ناھىد ئۆز مەنزىلىگە قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.
ئەلقىسسە، ناھىد يوقلىپ ھەممە ئەۋلادى ماتەمدار بولغانىدى. ناھىدنى كۆرۈپ شادلىقتىن خۇدايتائالاغا شۇكۇرلەر قىلىشتى، ناھىدمۇ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاتا ـ ئانىسىغا بايان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىدنىڭ ھۆسن ـ جامالى، شېرىن كالامى، خۇش ئاۋاز، نەغمە ـ سازلىقى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ شۆھرەت تاپتى.
ئەلقىسسە، ئىسپان شەھرىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئەزىم ئىشان دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى جەمشىت ئىدى. ئۇ ناھىدنىڭ تەسۋىرىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق ـ بىقارار

بولدى . نۇرغۇنلىغان تاۋار ـ دۇردۇن ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ شەھرى گېرمانغا راۋان بولدى . نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ ، كارۋان بازىرىغا بېرىپ ناھىدنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ يۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈنى ناھىدنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ :

— ناھىد بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى . كېنىزەكلەر ناھىدقا خەۋەر يەتكۈزۈپ :

— بىر يىگىت سىزنى سوراپدۇ ، — دېيىشتى ، ناھىد :

— كىرسۇن ، — دېدى . شاھزادە جەمشىت كىرىپ ناھىد بىلەن يۈز كۆرۈشتى .

ئەلقىسسە ، ناھىد جەمشىتكە تەزىم بەجا كەلتۈردى . بۇلار بىردەمدىلا سۆھبەتلىرىنى باشلاپ ئاشىقانە غەزەل ئوقۇشتى ، مۇشۇنداق سۆھبەت بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز شاراب ئىچىشتى . لېكىن ناھىد شارابنى ھەرقانچە كۆپ ئىچسىمۇ مەست بولمايتتى . جەمشىت بولسا ، ناھىد مەست بولسا كامىدىل ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى . ئاخىر ناھىد ئېيتتىكى :

— ئى شاھزادە ، سىز مېنى ئەقىدە نىكاھىڭىزغا ئالمىغۇچە كامىدىل ھاسىل قىلالمايسىز ، — دېدى .

جەمشىت ناھايىتى تاقەتسىزلىكتىن ، قىزنى نىكاھ قىلدۇرۇپ ئالدى . ئاندىن كېيىن ئىككىيلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ گۈلزارلىقتا پەيزى سۈردى . ناھىد ئانار شەربىتىدىن ئىككى تامچە شارابقا تېمىتىپ ، ئاندىن كېيىن ئىككى پىيالىگە بۆلۈپ بىرىنى ئۆزى ئىچىپ ، بىرىنى جەمشىتكە بەردى . بۇلار شارابنى ئىچىپ بىر چۈشكۈرۈش بىلەن تەڭ جەمشىت خوتۇن كىشىگە ، ناھىد ئەر كىشىگە ئۆزگىرىپ قالدى . شۇ زامان كامىدىل قىلىشتى . تا سۈبھى بولغۇچە ئەيش ـ ئىشرەت قىلدى . ئاندىن كېيىن جەمشىت ئەتىسى قوپۇپ ، نائىلاج ناھىدنىڭ كىيىملىرىنى كىيدى . مۇشۇنداق ئىككى ئاي بولغۇچە ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ ئۆتتى ، ئىككى ئاي بولغاندا جەمشىتنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىدىن كىشى كېلىپ :

— ئى جەمشىت ، ئاتىڭىز سىزگە ۋەسىيەت قىلىپ : « ئوغلۇم

كېلىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرسۇن دېدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. جەمشىت ئاڭلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ، نالە - پىغانلار قىلىشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى جەمشىت ناھىدقا:

— جابدۇق قىلىڭ، مەملىكىتىمگە بېرىپ سەلتەنەتتە ئولتۇرايلى، — دېدى، شۇنداق قىلىپ ناھىد بىلەن جەمشىت نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئىسپان شەھرىگە يېتىپ باردى، خالايىقلار جەمشىتنىڭ ئالدىغا چىقتى. ناھىدنى جەمشىت دەپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. بېرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ناھىد ئولتۇردى. لېكىن بۇ ئىشتىن ھېچ كىشى خەۋەردار بولمىدى. جەمشىت خوتۇنلاردەك سارايدا ئولتۇرۇپ، ناھىدتىن بىر ئوغۇل تۇغدى. شەھەر خەلقى مۇبارەكلەپ كېلىشتى. جەمشىت بۇ ۋەقەدىن مالال بولۇپ ھەق سۇبھانە ۋەتائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى بارا خۇدايا، داناسەن ۋە پاناھسەن، بۇ ئىشتىن خالاس قىلىپ مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن» دەپ يىغلاپ كۆزى ئۇيقۇغا بارغانىدى، بىر بوۋاي غايىبتىن ئىشارەت بېرىپ:

— ئى جەمشىت! كۆك ساندۇقتا بىر قۇتا باردۇر، ئۇنىڭدا ئانار شەربىتى بار. شەربەتتىن ئىككى - ئۈچ پىيالە ئېلىپ مەيگە ئارىلاشتۇرۇپ نىسپىنى خوتۇنۇڭغا ئىچۈرگىن، نىسپىنى ئۆزۈڭ ئىچسەڭ ئەسلىڭگە قايتىسەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، جەمشىت ئويغىنىپ كۆرگەن بېشارەتنى بەجا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن يېنىپ ئەسلىگە كېلىپ جەمشىت ئەر بولدى. ناھىد خوتۇن كىشى بولدى. ئاندىن كېيىن جەمشىت ناھىدنى قۇچىقىغا تارتىپ، ئىككى يىلدىن بۇيان تارتقان كۆلپەتلىرىنىڭ ھەققىنى بىر كۈندە ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى، — دەپ گۈلشات بۇ داستاننى تامام قىلدى. شىرزات خۇشال بولۇپ، گۈلشاتنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىشىنى كەچۈردى. گۈلشاتقا ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئىلتىپاتلار قىلدى.

## گۈلشات بىلەن شىرزات تۆتىنچى كۈنى تۆتىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

شاھ خۇرشىد ئەجەب ئەردى شاھ ،
يۈرەر ئەردى ئانىڭ قېشىدا مىڭ شاھ .
بىردىنلا ئېزىپ بىرىپ قورقۇپ تۇردىلەر ،
دىۋە يېنىدا نەگە دەپ سورىدىلەر .

ئەلقىسسە ، گۈلشات پەرمان قىلىپ :

— تۆتىنچى قەسرنى تەييار قىلىڭلار ، — دېدى . كېنىزەك ۋە خادىملار دەرھال قەسرنى زىننەتلىدى . گۈلشات شىرزاتنى تەكلىپ قىلىپ تۆتىنچى قەسرگە باشلاپ چىقتى . ساقىيەنىڭ ئاپئاق جاملىرىنى تەنتەنە شارابىدا لىق تولدۇردى . ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر ، لىپ تولدۇرغان پىيالىنى تۇتۇپ تۇراتتى .

ئەلقىسسە ، شىرزات مەست ـ ئەلەس بولۇپ ئانىسى يادىغا يەتتى . ھۆكۈم قىلدىكى :

— پەررۇخزادنى بەندە ـ بېغىشلىرىدىن پارچىلاپ ، پارە ـ پارە قىلىڭلار ، — دېدى .

شۇ زامان گۈلشات ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ قەسرنى مىركۈرى يۈلتۈزى نامى بىلەن ئاتايدۇ . بۇنداق جايدا قان تۆكۈش ئوبدان ئەمەس . بۇ ھەقتە مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسەم ، — دېدى .

— قېنى ، مەرھەمەت قىلغايسەن ، — دەپ رۇخسەت قىلدى .

## نىشاپۇرلۇق خۇرشىد باھادىر شاھ ھېكايىسى

— ئى يېقىملىق شاھ ، نىشاپۇر شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىسمىنى خۇرشىد باھادىر شاھ دەپ ئاتىشاتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە

خۇرشىد شاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپ باراتتى. ئالدىغا بىردىنلا كىيىك ئۇچراپ قالدى. ئۇ دەرھال ئات سېلىپ كىيىكنى قوغلىدى، شۇنداق يۈرۈپ ئېتى ھېرىپ قالدى. ئاخىر تاغ ئارىلاپ يۈرۈپ بىر تاغنىڭ ئۇستىگە چىقتى. قاراڭغۇ چۈشتى. بىرەر ئۆتەڭ ـ مەنزىلگە بارالماي بۇ كېچە تاغنىڭ ئۈستىدە ياتتى. ئەتىسى بىر تەرەپكە راۋان بولدى. بىر يەرگە بارغاندا كۆردىكى، ئۇ يەردە ئېگىز بىر سۇپا تۇرۇپتۇ. سۇپىنىڭ ئالدىغا پەشتاق قوپۇرۇپتۇ. ئول سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بار ئىكەن. خۇرشىد شاھ قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىۋىدى، ناھايىتى قاراڭغۇ كۆرۈندى. بۇ چاغدا خۇرشىد شاھنى بىرىيلەن كۆتۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشتى، خۇرشىد شاھ بىھوش بولۇپ بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كەلسە، قاپقاراڭغۇ بىر يەردە يېتىپتۇ. ئۇ، قورقۇنچتىن تىترەپ تۇراتتى. شۇ ھامان بىر دىۋە پەيدا بولدى. ئۇ دىۋە قارىسا، بۇ يەردە بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ خۇرشىد شاھقا قاراپ:

— ئى ئادەمزات، راستىنى ئېيتقىن، سەن نېمە ئادەم؟ نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشۈپ قالدىڭ؟ سەندىن پادىشاھلىقنىڭ نىشانى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، قورقمىغىن، گەرچە مەن دىۋە بولسامۇ مۇسۇلماندۇرمەن. زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، لېكىن كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. خۇرشىد شاھ ئىلاجسىزلىقتىن كىيىملىرىنى سېلىپ بەردى. دىۋە كىيىملەرنى كىيىپ بولۇپ:

— ئى ئادەمزات، سەن ئەمدى مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىپ مېنىڭ ماكانىمدا ئولتۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى. خۇرشىد شاھ نائىلاج دىۋىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئولتۇردى. ئاندىن دىۋە قۇدۇقتىن چىقىپ بىرمۇنچە يوللارنى باسقاندىن كېيىن، خۇرشىد شاھنىڭ نۆكەرلىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار دىۋىنى ئۆزىمىزنىڭ شاھى دەپ بىلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، لېكىن ئۇ، ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلمايتتى. بۇلار كۆڭلىدە: «نېمە ئۈچۈن گەپ ـ سۆز قىلمايدىغاندۇ» دەپ ئەجەبلىنىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. دىۋە كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمما ھېچكىشىگە سۆز قىلمىدى.

ئەلقىسسە، خۇرشىد ئول قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئىككى كۈن ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ، ئەتراپقا نەزەر سېلىۋىدى، بىر ئۆي كۆرۈندى. ئۇ ئۆيگە كىرسە يەنە بىر ئۆي كۆرۈندى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر باغقا چىقتى. باغنى تاماشا قىلىپ يۈرۈۋىدى، قارىسا مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ، ھەممە مېۋىلەردىن يەپ تېتىپ باقتى. بىركەمدە بىر ساراي كۆرۈندى. سارايغا كىرىپ كۆردىكى، تۆت سۇپا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تەخت ياساپ ئۇنى ئالتۇن خىشلار بىلەن قوپۇرۇپتۇ. ئەتراپقا كۆز سېلىپ يەنە بىر سارايىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرۇپتۇ. خۇرشىد قۇلۇپنى ئېچىپ سارايغا كىردى. بىرئاز ماڭغاندا بىر بوستانلىق كۆرۈندى. ئۇ بوستانلىققا بېرىپ تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. ئاستىدا تامامەن جاۋاھىراتلار تۇرۇپتۇ. ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، ئەنبەر، ئىپار ـ زەپەر پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان، خىلمۇ خىل گىياھلار ئۆسۈپ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ تۇرغان ئاجايىپ مەنزىرە ئىكەن.

پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، يالغۇزلۇقتىن كۆڭلى يېرىم تۇراتتى. يەنە بىر جاي كۆرۈندى. كۆزدىكى ئۇ يەردە بىر ساھىبجامال قىز ئولتۇرۇپتۇ. بۇ قاراڭغۇ كېچىنىمۇ ئايدەك يورۇتقۇچى جاھان يېگانىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، قىز ئېيتتىكى:

— ئى ئادەمزات يېقىن كەلگىن، ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن.

خۇرشىد شاھ گەپ قىلماي جىم تۇردى. قىز يەنە:

— ئى ئادەم، قەيەردىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ قەيەردىن چۈشتۈڭ؟ بۇ يەرگە ئادەمزات ئايىغى يەتكەن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ جاي دىۋىلەرنىڭ ماكانىدۇر، — دېدى. خۇرشىد شاھ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى. قىز:

— سەن قورقمىغىن، مەن نېمە دېسەم قوبۇل قىلغىن، ئى يىگىت، پۇرسەت غەنىيمەتتۇر، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولايلى، — دېدى.

ئاندىن كېيىن ناز ـ خۇلقلار بىلەن خۇرشىد شاھنى ئالداپ كەتتى . خۇرشىد شاھ بۇ قىز بىلەن سۆھبەتتە بولدى ، ئەمما يامان نىيەتتە بولمىدى . كۆڭلەردىن بىر كۈنى خۇرشىد شاھ تاج ـ تەختىنى ۋە مەلىكىنى ئەسلەپ قاتتىق ئاھ ئۇرغاندى . قىز ئېيتتىكى :

— ئى خۇرشىد شاھ ، مېنىڭ سۆھبىتىمدىن زېرىكتىڭمۇ ؟ — دېدى . خۇرشىد شاھ ئېيتتىكى :

— ئى نازىنىن ، سەنمۇ ئەھۋالىمنى بايان قىلساڭ ئىكەن .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى قىز . ئاگاھ بولغىنكى مەن پەرىلەر پادىشاھىنىڭ قىزىدۇرمەن . بىر كۈنى بوستانلىقىمدا تاماشا قىلىپ يۈرگەنىدىم . بىردىنلا بىر دىۋە كېلىپ مېنى ئېلىپ ئاسمانغا يەرۋاز قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ كېلىپ مۇشۇ جايدا قويۇپ قويدى .

— ئى جانىنىڭ راھىتى ، — دېدى خۇرشىد شاھ ، — قاچانغىچە بۇ جايدا تۇرۇپ قالارمىز ؟ — قىز ئېيتتى :

— ئى خۇرشىد ، بۇنىڭدىن خالاس بولاي دېسەڭ مەسلىھىتىم شۇكى ، بىر ئاز مۇشەققەت تىلىكتۇر ، بۇ جايدا بىر ساراي بار . ئۇل سارايىنىڭ ئىچىدە بىر تەخت بار . تەختنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە خەت يۆتۈلگەن بولۇپ ، ئۇ خەت تىلسىمدۇر . سەن ئۇل تەختنى كۆتۈرسەڭ بىر ئەينەك بار . ئەينەكنى دىۋىگە تۇتسا دىۋىنىڭ سۈرىتى ئەسلىگە ياندۇ . بۇ ئىشنى قىلالىساڭ ئىنشائاللا خالاس بولارمىز ، — دېدى . خۇرشىد شاھ خۇشال بولۇپ :

— ئى نازىنىن ، ئۇ سارايىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغىن ، مەن قولغا چۈشۈرەي ، ئىنشائاللا ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، قىز شۇزامان ئورنىدىن قوپۇپ بىر تەرەپكە راۋان بولدى . ئارقىسىدىن پادىشاھمۇ راۋان بولدى . بۇلار بىر ئىشىككە يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قىز :

— بۇ ئىشىك ھېلىقى سارايىنىڭ ئىشىكىدۇر . سەن كىرىپ تەختنى ئېلىپ چىققىن ، — دېدى . خۇرشىد كىرىپ تەختنى ئېلىپ چىقىپ قىزغا بەردى . ھېلىقى سارايدىن قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن ئەينەكنىمۇ ئېلىپ چىقتى . ئاندىن كېيىن قىز :

— ئەمدى ئۇستۇمگە مىنگىن ، — دېدى . خۇرشىد قىزغا مىندى .

ئەلقىسسە ، قىز ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى . پادىشاھ كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى . بىردەمدىن كېيىن نىشاپۇرغا يېقىن ئاپىرىپ چۈشتى . خۇرشىد شاھ قىزغا :

— ئى نازىنىن ، سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن . مەن شەھەرگە بېرىپ كەلسەم . ئەگەر تەخىر قىلىپ قالسام قايان بارساڭ ئىختىيار سەندە ، — دەپ شەھەرگە كېلىپ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشتى . ۋەزىرگە تونۇشلۇق بەرگەنىدى . ۋەزىر : « بىزنىڭ پادىشاھىمىز تەختىدە بار » دەپ ، ئۇنى تونۇمىدى . خۇرشىد ئەھۋالنى تامامەن بايان قىلىغانىدى ، ۋەزىر ھەيران قېلىپ ، پادىشاھ خۇرشىدنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . پادىشاھ ئەمر قىلىپ :

— ھەممە لەشكەرلەر جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قوراللانسۇن ، — دېدى . پۈتۈن خالايىق قوراللىنىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە تەييار بولۇپ تۇردى . پادىشاھ خۇرشىد شاھانە كىيىملىرىنى كىيىپ دىۋىنىڭ قېشىغا كىردى . قارىسا ، تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپتۇ . خۇرشىد شاھ ئەينەكنى ئېلىپ دىۋىنىڭ يۈزىگە تۇتتى .

ئەلقىسسە ، دىۋىنىڭ سۈرىتى ئۆزگىرىپ ئەسلىگە ياندى . ھەممە خەلققە دىۋە كۆرۈندى . ئاندىن پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ دىۋىنى قاچۇرماي ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلۈكىنى كۆيدۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن خۇرشىد شاھ ھېلىقى نازىنىنغا كىشى ئەۋەتتى . لېكىن ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . خۇرشىد ئىلاجسىز ئەيش — ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى ، — دەپ گۈلشات ھېكايىسىنى تۈگەتتى .

شىرزات ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇپ ، گۈلشاتنىڭ بېشىدىن تاۋاق — تاۋاق ئالتۇن — كۈمۈش ، جاۋاھىراتلار چاچتى .

نەزمە :

شىرزات شاھ خۇشال ئۆت تەقدىردىن دەپ بىل ،
غەزەپتىن يان ، زامانىڭ ئاغرىتار دىل .

ئۇنىڭدىن كېيىن شىرزاتنىڭ غەزىپى يېنىپ، خۇشال بولۇپ ئۇخلاپ قالدى.

## گۈلشات بىلەن شىرزات بەشىنچى كۈنى بەشىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

گۈلشات پەرمان قىلىپ:

— بەھرام مەنزىرىسىنى زىننەتلەڭلار، — دېدى. كېنىزەكلەر بىرىپ بەشىنچى قەسىر، يەنى مەنزەر بەھرامنى تەييار قىلدى. گۈلشات شىرزاتنى مەنزەرى بەھرامغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر قەدەھلەر تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ئاخىر شىرزاتقا كەيپ ھاسىل بولۇپ ئانىسى يادىغا يەتتى - دە، پەرمان قىلىپ:

— پەررۇخزادنى بېغىش - بېغىشلىرىدىن پارچىلاپ، پارە - پارە قىلىڭلار، — دېدى. شۇ زامان گۈلشات ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا ۋە مەدھىيىلەردىن كېيىن ئەرز ئېيتىش باسقۇچىغا كېلىپ، ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ جاينى « مەنزەر بەھرام » دەپ، مۇرىغ يۇلتۇزى نامى بىلەن ئاتايدۇ. بۇ يەردىمۇ قان تۆكۈش جايىز ئەمەس. ئىجازەت بەرسىلە، بىر ھېكايەم بار ئىدى ئېيتىپ بەرسەم، — دېدى. شىرزات:

— قېنى مەرھەمەت قىل، — دەپ ئىجازەت بەردى.

## مەنسۇر قاسساپ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، — ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى گۈلشات.

بىر شەھەردە بىر قاسساپ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى خوجا مەنسۇر ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى خوجا مەنسۇر قاسساپلىق قىلغىلى قوي ئىزدەپ تاغقا بېرىپ، بىر نەچچە قوينى ئېلىپ كېلىۋاتقاندى. بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ بۇلۇتلار پەيدا بولدى. قاسساپ شۇ يەرنى قونالغۇ قىلدى. تۈن يېرىم بولغاندى، قويلارغا بۆرە تېگىپ، قويلار ھەرتەرەپكە پىتراپ

كەتتى. قاسساپ قويلىرىمنى تاپىمەن دەپ ئاخىر ھەمراھلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، كۆڭلى مالال ھالدا بېشى قايغان تەرەپكە راۋان بولدى. شۇ ماڭغانچە نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىر توققۇز كۈندىن كېيىن بىر شەھەرگە يەتتى. ئەمما بۇ شەھەردە ھېچكىمنى تونۇماس ئىدى.

ئەلقىسسە، مېڭىپ بىر يەرگە كەلسە بىر نوچى يىگىت گۆش سېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق يىگىت ئىكەن، خوجا بېرىپ سالام قىلدى. يىگىت ئەھۋاللىشىپ بولۇپ، خوجا مەنسۇرنى ئۆيىگە باشلاپ باردى ۋە ئاش-ئاتام بىلەن مېھمان قىلدى. خوجا بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى، ئاندىن بىرنەچچە ۋاقىت بۇ يەردە تۇردى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىنىڭ قېشىدىن كىشى كېلىپ قاسساپ يىگىتكە:

— ئى خوجا ئازى، سىزنى ۋەزىر چاقىرىدۇ، — دېدى. خوجا ئازى:

— نېمە پەرمانى بار ئىكەن، — دەپ سورىغانىدى، قوي سويۇپ بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى. خوجا ئازى بۇ خىزمەتنى خوجا مەنسۇرغا تاپشۇرغانىدى. ئۇ جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ، ۋەزىرنىڭ قېشىغا كەتتى. ۋەزىر ئېيتتىكى:

— ئى قاسساپ، بۇ قويلارنى سويۇپ بېرىڭ، — دېدى. خوجا مەنسۇر قويلارنى بوغۇزلاپ سويغىلى تەمشەلگەنىدى. ۋەزىرنىڭ ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىزى بار بولۇپ، يۇقىرىدىكى راۋاقتىن قاراپ خوجا مەنسۇرنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى. خوجا مەنسۇرمۇ يۇقىرىغا قارىغانىدى. قىزنىڭ قاش ياسىدىن بىر ئوق چىقىپ خوجىنىڭ كۆكرەك ساندۇقىدا توختاپ قالدى. ئول قىزنىڭ ئېتى بولسا، نۇسرەت بانۇ ئىدى. بۇ كۈنى قاسساپ قايتىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر ئادەم ئەۋەتىپ، قاسساپ ئۇستام گۆشنى قىيما قىلىپ بەرسۇن، دېدى. خوجا مەنسۇر كېلىپ قىيما قىلماقتا ئىدى. ئۇ يۇقىرىغا قاراپ قىزنى كۆرەتتى، قىز ھەم خوجا مەنسۇردىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئاخىر قىز بىتاقەت بولدى. بىر ئىنىكئانىسى بار

ئىدى. قىز ئۇنىڭغا:

— ئى ئانا، بورچىخانىدا بىر يىگىت بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى كۆڭلۈمدە ئورۇن ئالدى، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دېدى. ۋە ئۇل دەللىگە نۇرغۇن ئىنئاملار بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇل دەللە:

— ئى قىزىم، سىز تولا ئالدىراپ كەتمەڭ، مەن ئۇل ئوغۇلنىمۇ سىزگە ئاشىق قىلاي، — دېدى.

ئەلقىسسە، خوجا مەنسۇر بورچىخانىدىن چىقىپ، خوجا ئازىنىڭ ئۆيىگە باراي، دەپ دەرۋازىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دەللە پەيدا بولۇپ خوجىغا سالام قىلدى. ئاندىن كېيىن سىزنى قىزىم چاقىرىدۇ دەپ باشلاپ مېڭىپ، مىڭلىغان ھىيلە بىلەن قىزنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىگە ياماشتى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن قىز ئېيتتىكى:

— ئى خوجا، مېنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى، مېنى شەھەردىن يىراق بىر يەرگە ئېلىپ بارسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خاھىشىمىزچە ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولساق، — دېدى. خوجا ئېيتتىكى:

— سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنداق بولغاي، پەرمانبەرداردۇرمەن، — ئاندىن قىز ئىككى ھەميان ئالتۇن ئېلىپ خوجىغا بېرىپ:

— سەن بۇ ئىككى ھەميان ئالتۇننى ئېلىپ بىر پىنھاندا يوشۇرۇنغىن. يېرىم كېچە بولغاندا بۇ يەرگە كەلگىن، مەنمۇ چىقاي، ئىككىمىز بىر تەرەپكە قاچايلى، — دېدى.

خوجا مەنسۇر ئىككى ھەميان ئالتۇننى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ بارگاھىدىن تاشقىرى چىقتى. ئەمما ھېچ كىشىگە ئۇچرىمىدى. خوجا مەنسۇر ئۇل كۈنى بىر خارابىگە بېرىپ ياتتى. يېرىم كېچە بىلەن راۋاقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى. لېكىن قىز پات چىقمىدى. خوجا: «قىز ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ، قىز پۇرسەت تاپقۇچە ئۇخلاپ قالدى. تاسادىپىي بۇ كېچىسى ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىلىپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ خوجا ياتقان يەرگە كەلدى.

ئوغرى كۆردىكى ، بىر ئادەم يېتىپتۇ . « خەنجەر سالاي » دەپ ئويلاپ يەنە ئەندىشە قىلدىكى : « قان تۆككەن خوپ ئەمەس » دەپ تۇراتتى . بىردىنلا ۋەزىرنىڭ قىزى قاراپ كۆردىكى : بىر ئادەم تۇرىدۇ . ئويلىدىكى : « خوجا مەنسۇر بولسا كېرەك » دەپ ، يەنە ئىككى ھەميان ئالتۇننى ئېلىپ تاشلىدى .

ئوغرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ : « خودايىم ماڭا مۇشەققەتسىز ئالتۇن بەردى . بۇنىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك » دەپ تۇرغاندى ، قىز چىقىپ كەلدى . ئۇ ، ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەي خوجا مەنسۇر دەپ گۇمان قىلىپ ، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ بىلەن يولغا راۋان بولدى .

ئەلقىسسە ، قىز يېتىشىپ يېقىن بارغاندى . قىز كۆردىكى ، خوجا مەنسۇر ئەمەس ، ھەيران بولۇپ پۇشايمان قىلدى ، ئەمما پايدىسى بولمىدى ، ئاخىر تاڭ سۈزۈلۈپ يورۇق چۈشتى . ئوغرى قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى . ئاندىن ئوغرى بىر تەرەپكە باشلاپ ماڭدى . قىزمۇ نائىلاج بولۇپ ئەگىشىپ ماڭدى .

خوجا مەنسۇرغا كەلسەك ، ئىككى ھەميان ئالتۇننى بېشىغا قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپ ئويغىنىۋىدى ، تاڭ سۈبھى بوپتۇ ، چاچراپ قوپۇپ بىر يەرگە يوشۇرۇندى .

ئوغرى قىزنى باشلاپ چۆل ـ باياۋانلار بىلەن بېرىپ بىر غارغا ئېلىپ كىردى . قىز كۆردىكى ، بۇ يەرگە ئادەم بالىسىنىڭ قەدىمى يەتكەندەك ئەمەس . بىر يېنىدا ئوغرى ئولتۇرىدۇ . ئۇ ناھايىتى قورقۇنچىدىن ئوغرىغا مۇلايىم سۆزلەرنى قىلدى .

ئەلقىسسە ، خوجا مەنسۇر ھېلىقى پىنھاندا يېتىۋەردى . شەھەردە غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ ، بۈگۈن كېچە ۋەزىرنىڭ قىزى يوقاپ كېتىپتۇ ، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ ، ۋەزىرگە ئاڭلاندى . ۋەزىر غەزەپ بىلەن ئۆي قىزلىرىدىن سورىغاندى . قىزلارمۇ جاۋاب بېرەلمىدى . چۈنكى ، بۇلارنىڭ ئىگىتتىن خەۋىرى يوق ئىدى . ئەمما ئول دەللە خەۋەر بېرىپ :

— قىزلىرى بىر قاسساپ ئوغۇلغا ئاشىق ئىدى ، شۇ ئېلىپ قاچتىمىكىن ، — دېدى . پادىشاھ سورىدى :

— ئول قاساپنىڭ دۇكىنىنى بىلەمسىز ؟ — دەللە موماي جاۋاب بېرىپ :
— خوجا ئازى قاساپنىڭ دۇكىنىدىن چاقىرىپ كەلگەنىدى ، خەۋەرنى شۇلار بىلسە كېرەك ، — دېدى .
ئەلقىسسە ، ۋەزىر خوجا ئازىنى كىشى ئەۋەتتى ۋە ئۇنى چاقىرىپ كەلدى . ۋەزىر سورىدى :
— خوجا مەنسۇر قېنى ؟
— مېنىڭ خەۋىرىم يوق ، سىز كىشى ئەۋەتكەن كۈنى ئىشقا بۇيرۇدىڭىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم . مۇساپىر ئىكەن ساۋابلىق ئۈچۈن ئۆيدە تۇرغۇزغانىدىم ، — دېدى قاساپ خوجا ئازى .
ۋەزىر قاتتىق غەزەپلىنىپ :
— ئى هارامزادە قاساپ ، راستىڭنى ئېيت ! ؟ — دېدى . خوجا ئازى :
— مېنىڭ خەۋىرىم يوق ، بىگۇناهدۇرمەن ، — دېۋىدى ، ئاخىر خوجا ئازىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى ۋە دەرهال دارغا ئاستى .
ئەلقىسسە ، خوجا ئازىنى دارغا ئاسقانلىقتىن خوجا مەنسۇر خەۋەر تېپىپ نالە ـ پىغانلار قىلىپ تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا بېرىپ باقتى . ئەمما هېچ ئىلاج قىلالماي ، كەچ بولغاندا ئۆلۈكنى ئىشكىگە ئەكىلىپ قويۇپ يولغا چىقتى . نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ تائام يەپ ، خۇداغا شۈكۈر بەجا كەلتۈرۈپ بىردەم ئولتۇرغانىدى ، بىر دەرۋىش كېلىپ سالام قىلدى . خوجا مەنسۇر ئىلىك ئېلىپ ئازراق ئالتۇن بېردى ۋە دەرۋىش ئالتۇننى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى . بىردەمدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ :
— سىز يىراقتىن كەپسىز ، سىز بۇ شارابنى ئىچسىڭىز هاردۇغىڭىز چىقىپ ئوبدان بولۇپ قالىسىز ، — دەپ تۇتتى . ئەسلىدە بۇ شارابقا بىهوش دورىسى سالغانىدى . ئۇ ئېلىپ بىر سۈمۈرۈش بىلەن تەڭلا بىهوش بولۇپ يىقىلدى . ئول ئەييار خوجا مەنسۇرنىڭ قوينىدىن ۋەزىرنىڭ قىزى بەرگەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى . قىز تىللالارنى

تـونـۇپ قالدى . بۇ ھەمياندىكى ئالتۇننى خوجا مەنسۇرغا بەرگەنىدى . قىز ئوغرىدىن :

— بۇ ھەميانىنى نەدىن ئالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى . ئوغرى :

— بـۇلاق بېشىدا بىر يىگىت ئولتۇرغانىكەن ، شۇنى بىھوش قىلىپ ئالدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . قىز كۆڭلىدە شۈكۈرلەر قىلىپ ، ئوغرىغا :

— ئۇسساپ كەتتىم ، سۇ تېپىپ بەرگىن ، — دېدى . ئوغرى بە- جانىدىل قوبۇل قىلىپ سۇغا ماڭدى . قىز قوپۇپ ، دورا بىھوش ئارىلاشتۇرغان شارابنى ئوغرىنىڭ كېلىشىگە تۇتۇپ بەردى . ئوغرى خۇ- شال بولۇپ سۇمۇرۇش بىلەن تەڭ بىھوش بولۇپ يىقىلدى . قىز قوپۇپ بۇلاق تەرەپكە راۋان بولدى . بېرىپ كۆردىكى خوجا مەنسۇر بىھوش يې- تىپتۇ . ئۇ خوجا مەنسۇرنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ سۇ سەپتى .

ئەلقىسسە ، خوجا كۆزىنى ئېچىپ كۆردىكى قىز قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ . خوجا مەنسۇر ئورنىدىن قوپۇپ قىزنىڭ ئايىغىغا يى- قىلدى . بىر - بىرىگە مۇڭ تۆكۈشۈپ بولۇپ غارغا كېلىپ ئوغرىنىڭ بېشىنى كېسىپ ، تۆت ھەميان ئالتۇننى ئېلىپ بىر تەرەپكە راۋان بولدى . ئۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر مەنزىلگە يېتىپ باردى . ئۇ يەردە بىر ناۋاي بالىدىن بىر پارە ئالتۇنغا ئىككى نان سېتىۋېلىپ يەنە يولغا راۋان بولدى . ئاندىن كېيىن ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەلدى . خوجا مەنسۇرنىڭ يار - بۇرادەرلىرى خەۋەر تېپىپ چوڭ توي قىلىپ قازى ، مۇپتىلارنى تېپىپ كېلىپ ۋەزىرنىڭ قىزىنى خوجا مەنسۇرغا نىكاھ قىلىپ قويدى . ئاخىر نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى ، — دەپ گۇلشات بۇ قىسسىنى بايان قىلدى . شىرزات ماختاپ ئاپىرىنلار ئوقۇدى .

بېيت :

شىرزات شاھ خۇشال ئۆت تەقدىردىن دەپ بىل ،
غەزەپتىن يان ، زامانمۇ ئاغرىتار دىل .

## گۈلشات بىلەن شىرزات ئالتىنچى كۈنى ئالتىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئالتىنچى كۈنى گۈلشات شىرزات بىلەن مۇشتەرى مەنزەرىدە سۆھبەت تۈزدى . ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر يۈزلىگەن ناز - خۇلقلار بىلەن پىيالىنى گەردىشكە كىرگۈزدى . شىرزاتقا نەچچە دورەم مۇھەببەت جامىنى تۇتقانىدى ، شىرزات مەيدە مەست بولۇپ ئاتىسى-نىڭ ۋەقەسىنى ئەسلەپ قىلىپ خادىملىرىغا ھۆكۈم قىلىپ :

— پەررۇخزادنى بېغىش - بىغىشلىرىدىن جۇدا قىلىڭلار ، — دېدى . شۇ زامان گۈلشات ئورنىدىن قوپۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ مەنزەردە قان تۆكۈش راۋا ئە-مەس . بۇ قەسىرنىڭ ئېتىنى مۇشتەرى نامى بىلەن ئاتايدۇ . بۇ يەردىمۇ ھەزرەتلىرى پەرمان قىلسىلا بىر ھېكايەم بار ئىدى ، ئېيتىپ باقسام ، — دېدى . شىرزات :

— مەرھەمەت قىلغايسەن ، — دېدى .

## زىناخور قازىنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە ، گۈلشات خۇددى تۇتى قۇشنەك شېكەر تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ سۆزگە كىردى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، شام شەھىرىدە بىر قازى بارئىدى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئول قازى پادىشاھنىڭ راۋىقىغا يېقىن باردى . پادىشاھ-نىڭ خوتۇنى راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى . بىردىنلا قازىنىڭ كۆزى پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا چۈشۈپ قالدى ، خوتۇن-نىڭ كۆزى قازىغا چۈشتى . بۇلار بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇشۇپ ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى . قازى يېنىپ ئۆيىگە كېلىپ ئول كېچىسى تائامدىن قالدى . تاڭ سۈبھى بولغاندىلا خوتۇن يەنە راۋاققا چىقتى ، قازى راۋاقنىڭ تۈۋىگە كەلدى . ئۇلار ئىشارەتلەر بىلەن ھەزلە - چاقچاق قىلىشتى . بۇلار

ئالاھازەل نەچچە كۈن مۇشۇنداق ئۆتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ راۋىقىنىڭ تۈۋىدە بىر دەللال بار ئىدى. ئۇ قازى بىلەن خوتۇنىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بەرگىنىنى بىلىپ:

— ئى مەلىكە، سىز پادىشاھنىڭ خوتۇنى تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن نامەھرەمگە قارايسىز؟ — دەپ نەسىھەت قىلدى. قازى بىر ئاز قورقتى. لېكىن، مەلىكە دەللالغا ئىنئاملار بېرىپ:

— بۇنداق سۆزنى ھېچ كىشىگە ئېيتمىسىڭىز، ھەي ئانا، مەن قازىغا ئاشىق بىقارار بولدۇم. تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى. قولىڭىزدىن كەلسە ياردەم بەرگەيسىز، — دېدى. دەللال پۇلنى ئېلىپ:

— ئى مەلىكەم، سەۋر قىلغايسىز، مەن ئىلاج قىلىپ سىلەرنى كۆرۈشتۈرۈپ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەي، سىز ئاغرىق بولۇۋېلىڭ، مەن قازىنى خوتۇنچە قىلىپ ياساپ ئېلىپ كىرىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئاغرىق بولۇۋالدى. بېشىم بىلەن پۇتۇم ۋە قورساقلىرىم ئاغرىيدۇ، دەپ ياتتى. پادىشاھ تېۋىپ تېپىپ داۋالىغىلى دەپ قويۇپ ئوۋغا ئاتلاندى. دەللال قازىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئى قازى، دەرھال قوپۇڭ، ئاياللىچە لىباسلارنى كىيىپ خوتۇن سۈرىتىدە بولۇڭ. سىزنى مەلىكىگە تاپشۇرىمەن، — دەپ، قازىنى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ خۇشال قىلدى. بۇ ئىككىسى ئەيش ـ ئىشرەتنى باشلاپلا مەلىكىنىڭ قورساق ئاغرىقى غايىب بولدى. بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپ كەلدى ۋە بارگاھقا چۈشتى، دېگەننى ئاڭلاپ قازى ئەندىشىگە چۈشتى. مەلىكە ئېيتتىكى:

— ئى قازى، قورقماڭ، سارايدا بىر قۇرۇق ساندۇق بار، شۇنىڭغا كىرىۋېلىڭ، — دېدى. قازى قېچىپ ساندۇققا كىرىپ يوشۇرۇندى. مەلىكە ساندۇققا قۇلۇپ سېلىۋېتىپ، ئاندىن پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇنى رازى قىلدى. خوتۇنى:

— ھۇزۇرلاندىلمۇ، — دەپ سورىغاندى. پادىشاھ:

— ئەلھەمدۇلىللا، ھۇزۇر ئالدىم، — دەپ خۇشال بولۇپ مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقتى.

تەقدىر بىلەن بۇ كېچىسى پادىشاھنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى. قازى مۆككەن ساندۇقنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى، پاششاپ ئۇچراپ قالدى. ئوغرى ساندۇقنى قويۇپ قاچتى. پاششاپ ئوغرىنى قوغلاپ كەتتى. ساندۇقنى نازارەتچىنىڭ ھويلىسىغا يۆلەپ قويغانىدى. بىر كەمدە نازارەتچىنىڭ خادىملىرى كۆرۈپ ئۇنى نازارەتچىنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. بۇ كېچىسى نازارەتچى ئۆيىگە كەلمىگەنىدى. ئۇ خوتۇن كۆڭلىدە: «بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بولسا كېرەك» دەپ ئاچقانىدى، قازى لوقما ئوغرىلىغان مۈشۈكتەك ئولتۇرۇپتۇ. خوتۇن قازىنى تونۇدى. قازى سالام قىلدى. خوتۇن سورىدىكى:

— ئى قازى، نېمە ئۈچۈن ساندۇققا كىرىۋالدىڭىز؟

— ئۆيۈمدە ياتاتتىم، — دېدى قازى، — ئىككى ئوغرى كېلىپ مېنى ساندۇققا سولاپ ئېلىپ چىقتى، ناھايىتى قورقۇپ تۇراتتىم، ئەلھەمدۇلىللا، سىزنىڭ جامالىڭىزغا مۇيەسسەر بولدۇم، — خوتۇن ئېيتتى.

— ئى قازى، مەن سىزگە غايىبانە ئاشىق ئىدىم. ئەمدى ئېرىشتىم، — دەپ ناز - خۇلقلار بىلەن مەپتۇن قىلىپ، ئاندىن بۇ كېچە ئىككىيلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، ۋاقىت سۇبھى بولغانىدى. نازارەتچى ئۆيىگە كېلىپ قالدى:

— ئىشكنى ئېچىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. خىزمەتكارلار بېرىپ نازارەتچى كەپتۇ، دەپ ئاغىچىسىغا ئېيتتى. قازى ھەيران بولۇپ:

— ئى ئاغىچا، ئەمدى مەن قەيەرگە باراي؟ — دېۋىدى خوتۇن:

— ئۆيدە بىر كۈپ بار، شۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىڭ، — دەپ كۆرسىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ قازى كۈپكە كىرىپ يوشۇرۇندى. ئۇنىڭدىن كېيىن نازارەتچىگە ئىشكنى ئېچىپ بەردى. نازارەتچى مەست ئىدى. خوتۇنىغا:

— سەن ئىشكنى نېمە ئۈچۈن پات ئاچمايسەن؟ ئۆيدە كىم بارئىدى؟ — دېگەنىدى، خوتۇنى:

— سەن شەھەرنىڭ نازارەتچىسى تۇرۇقلۇق شارابخورلۇق قىلىپ

يۈرسەن ، سەن يەنە ماڭا نېمە دېمەكچى ، ئۆزى شاراب ئىچىپ يۈرىدۇ ، ماڭا تۆھمەت قىلىپ بەتنام چاپلايدۇ ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىمەن ، — دېدى . نازارەتچى غەزەپ بىلەن قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ ئېتىۋىدى ، تاش خوتۇنغا تەگمەي ، قازى مۆكۈپ ياتقان كۈپكە تېگىپ كۈپ يېرىلىپ ، قازىنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئوچۇق قالدى . بۇ ھالدا خوتۇنى نازارەتچىنىڭ ساقىلىغا ئېسىلىپ :

— ھە ئوغرى ، نېمە دەيسەن ؟ — دەپ چىڭ تۇتتى ۋە كۈپكە ئۆزىنى دالدا قىلىپ توسۇپ تۇرۇۋالدى . نازارەتچى قازىنى كۆرمىدى . لېكىن قازى تىرىك تۇرۇپ مىڭ ئۆلگەنىدى . كېنىزەكلەر قازىنى ئۇ يەردىن يۆتكەپ يەنە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى . ئاندىن نازارەتچى تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇغىلى چىقىپ كەتتى . نازارەتچىنىڭ خوتۇنى قازىغا مەزلۇمچە لىباس كىيدۈرۈپ بىر كېنىزەكنى ھەمراھ قىلىپ ئۆيگە ئەۋەتتى . يولدا نازارەتچى ئۇچراپ كېنىزەكتىن :

— قايان ماڭدىڭ ؟ — دەپ سورىغانىدى ، كېنىزەك :

— قوشنىمىزنىڭ خوتۇنىنىڭ كىشىلەر بىلەن دەۋاسى بار ئىكەن . قازىنىڭ ئۆيىنى كۆرمىگەنىكەن ، شۇنى كۆرسىتىپ قويغىلى بارىمەن ، — دېدى . قازى ئۆيگە كەتتى ، سىرى پاش بولمىدى ، — دەپ گۈلشات ھېكايىسىنى تامام قىلدى .

شىرزات ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ گۈلشاتنىڭ بېشىدىن تاۋاق - تاۋاق جاۋاھىرات ، سەرلەپ - سەرلەپ ئالتۇن چاچتى .

## گۈلشات بىلەن شىرزات يەتتىنچى كۈنى يەتتىنچى قەسىردە سۆھبەت تۈزگىنى

بىر پادىشاھ بارئىدى ئۆزى كاتتا ئالەمدە ،
غېرىب بولۇپ يىغلىدى بىر كۈن ئۆزى سەھرادە .
ئول زاماننىڭ جاڭگىلى چۆلدە چۆل زۇلمەت ئىدى ،
ئول شاھقا بۇ چۆلدە ئىككى ۋەزىر ھەمراھ ئىدى .

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، گۈلشات بىلەن شىرزات

زۇھەل قەسرىدە بەزمە قۇردى . كۇمۇش جاملىق ساقىيەلەر ئاپئاق جاملىرنى تەييارلاپ ، مەپتۇن قىلغۇچى خۇش ئاۋازلىق سازەندىلەر ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . گويا تۇزدەك نازلىنىپ كۆڭۈل ئازدۇرغۇچى ئىبزىستقۇلار پىيالىلىرىنى لىق تولدۇرۇپ شىرزاتقا مەي سۇنۇپ تۇرۇشاتتى . شىرزات شاراب كۇچىدە مەست بولۇپ ئانىسىنى ئەسلەپ قىلىپ ، ھۆكۇم قىلدىكى :

— پەررۇخزادنى پارچە - پارچە قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار ، — دىدى .

گۇلشات تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئى يىقىملىق شاھىم ، بۇ جاينى « مەنزەرى زۇھەل » دەپ ساتۇرن يۇلتۇزىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ ، بۇنداق يەردە قان تۆكۈش ئەسلا جايىز ئەمەس . ئەگەر سەۋرى قىلسىلا ھەزرەتلىرىنىڭ سەمىگە بىر داستان سىلىپ باقسام ، — دىدى .

— ئى مەھبۇبەم ، مەرھەمەت قىل ، — دىدى شىرزات ، گۇلشات تۇتىغا ئوخشاش شىكەر تىللار بىلەن سۆزگە كىرىپ ھىكايىسىنى باشلىدى .

## غەيرىي ئادەم ھىكايىسى

گۇلشات شىرىن تىللار بىلەن سۆزگە كىرىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ۋە سۇلتانى باكەرىم ، سۇمرات جەزىرىسىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئىتىنى جەمھۇرشاھ دەپ ئاتايتتى . ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار بولۇپ ، بىرىنىڭ ئىتى سەيپلۇن ، بىرىنىڭ ئىتى ئەپقىرۇن ئىدى .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، جەمھۇرشاھ ئىككى ۋەزىر بىلەن شىكارغا چىقماقچى بولۇپ ، يەنە بىرمۇنچە ئادەم ئىلىۋىلىڭلار ، دەپ ھۆكۇم قىلدى . بۇلار چۆل - باياۋانلار بىلەن مىڭىپ بىر دەرياغا كىلىپ قالدى . بۇلار دەرياغا كىرىشىگە بىر قارشى شامال كىلىپ قىلىپ كىمىلەرنى پارە - پارە قىلىۋەتتى . پادىشاھ ئىككى ۋەزىرى بىلەن تاختايدا قىپقالدى . باشقا لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى غەرق بولدى . پادىشاھ بىلەن ئۇچەيلەن ئاخىر

دەرياننىڭ قىرىغا — بىخەتەر يەرگە چىقتى . بۇلار خۇدايىتائالاغا ھەمدۇ سانالار ئوقۇپ ئۇ يەردىن مېڭىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەلدى . بۇلاقنىڭ بويىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن ، بىرىپ شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئارام ئالدى . پادىشاھ ئۇسساپ كەتكەندى . بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچىۋالاي دەپ شۇنداق قول سوزۇپ تېخى قولى سۇغا تەگكۈچە دەرەختىن بىر ئاۋاز كېلىپ :

— ئى جەمھۇر ، بۇ سۇنى ئىچمىگىن ، — دېدى . پادىشاھ ھەيران بولۇپ قولىنى يەنە سۇغا سۇندى ، يەنە ئاۋاز كەلدى . پادىشاھنىڭ ئىككى ۋەزىرىمۇ دەرقەمتە ئىدى ، پادىشاھ ئۈچ قېتىم قولىنى سۇنغانىدى . ئۈچىلا قېتىمدا ئاۋاز كەلدى . پادىشاھ ھەيران بولۇپ تۇراتتى . ئۇل دەرەختىن بىر غەيرىي ئادەم پەيدا بولدى . ئۇنىڭ يۈزى ئادەمگە ئوخشاش ئاق ، باشقا يەرلىرى قاغىغا ئوخشايتتى . ئۇ يېقىن كەلگەنىدى ، پادىشاھ :

— ئى ئادەم ، سۇنى نىمە ئۈچۈن ئىچكىلى قويمايسەن ؟ — دەپ سورىدى ، غەيرىي ئادەم دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ھەرقانداق كىشى بۇلاققا قولىنى تىقسا سالامەت چىقماس . ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بىر تال ياغاچنى تىقىپ سىناپ باققىن ، — دەپ دەرەختىن بىر تال چىۋىقنى ئېلىپ پادىشاھقا بەردى . پادىشاھ چىۋىقنى چەشمىگە سالغانىدى . چىۋىقنى بۇلاقنىڭ سۈيى ئېلىپ قالدى . پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن بۇ ئىشتىن ھەيران قالدى .

— ئى پادىشاھى جەمھۇر ، — دېدى غەيرىي ئادەم ، — ساڭا ئاجايىپلارنى كۆرسىتەيمۇ ؟

پادىشاھ ئېيتتىكى :

— بۇ ۋەزىرلەرگە كۆرسەت .

غەيرىي ئادەم قولىنى ئەپقىرۇن ۋەزىرنىڭ بېشىغا قويغانىدى ، ئەپقىرۇنغا بىر ئىشەك پەيدا بولدى . ئەپقىرۇن شۇ ئىشەكتىن كىرىپ كەتتى . بۇ ۋەقەنى پادىشاھ بىلەن سەيپلۇن كۆرۈپ ھەيران قالدى .

ئەلقىسسە ، رىۋايەت قىلىنىشچە ، ئەپقىرۇن مېڭىپ بىر يەرگە يەتتى . ئۇ يەردە بىر بوستانلىق باغ تۇراتتى . باغقا كىرگەندى ، خىلمۇ-

خىل ، رەڭگارەڭ مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ . ھەرقايسى مېۋىلەرنى ئېلىپ تېتىپ باقتى . ئاندىن ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . تۇيۇقسىزلا بىر تەرەپتىن ھەيۋەتلىك شەپە پەيدا بولدى . ئاندىن كېيىن دىۋىلەر پەيدا بولۇپ ئەپقىرۇننى تۇتقان پېتى پەلەككە ئېلىپ چىقتى .

ئەلقىسسە ، دىۋىلەر ئەپقىرۇننى پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . ئەپقىرۇن كۆردىكى ، ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ . شۇ زامان مەلىكە قوپۇپ ئەپقىرۇننىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ تىللالار چاچتى . ئۇلاردىن بىرى ئېيتتىكى :

— ئى ئەپقىرۇن ، ساڭا پادىشاھىمىز ئالتۇن ـ تىللالار ئىنئام قىلدى ، — دەپ چۈشەندۈردى . ئاندىن مەلىكە :

— ئى ئادەمزات ، مېنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلغىن ، — دېدى . ئەپقىرۇن نائىلاجلىقتىن قوبۇل قىلدى . شۇ زامان دىۋىلەر توي قىلىپ ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نەغمە ـ ناۋالارنى قىلىپ ، ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى .

ئەلقىسسە ، ئەپقىرۇن مەلىكىنى ئېلىپ دىۋىلەرگە پادىشاھ بولۇپ ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى . بىر يىل بولغاندا بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى . ئەمما بۇ ئوغۇلنىڭ بېشى ئادەمگە ئوخشاش ، باشقا ئەزالىرى دىۋىگە ئوخشاش ئىدى . بۇنىڭغا ئەپقىرۇننىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى . شۇنداقتىمۇ سەۋرى قىلدى . ئوغلى ئۈچ ياشقا كىردى .

ئەلقىسسە ، كۈنلەردە بىر كۈنى ئەپقىرۇن ئۆز دىيارىنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇراتتى . ئوغلى كېلىپ قۇچىقىغا چىقىپ ساقىلىنى تارتىۋىدى ، بىرمۇنچە ساقىلى يۇلۇنۇپ چىقتى . ئەپقىرۇن ئاچچىقىدا بالىنى يەرگە كاللا ـ موللاق تاشلىۋەتكەنىدى ، باش سۆڭىكى يانجىلىپ كېتىپ بىر سائەت يېتىپ جان بەردى . بۇنىڭغا ئەپقىرۇننىڭ خوتۇنى غەزەپلىنىپ :

— ئى ئادەمزات ، بۇ كىچىك بالا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ ، سەن بۇنى مۇشۇنداق ئۆلتۈردۈڭ ، — دېدى ، ئاندىن دىۋىلەرگەقاراپ ، — ئەمدى بۇ ئادەمنى سۇغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈڭلار ، — دەپ ئەمر قىلدى . دىۋىلەر ئەپقىرۇننى تەختىدىن سۆرەپ چۈشۈپ سۇغا تاشلىدى . ئەپقىرۇن

سۈدىن چىقىپ كۆردىكى، پادىشاھ، سەيپۇلۇن ۋە غەيرىي ئادەم ئولتۇ-رۇپتۇ. ئەپقىرۇن كىلىپ پادىشاھقا سالام قىلدى. بولغان ئەھۋالنى بايان قىلغانىدى. ئۇلار ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئى غەيرىي ئادەم، ئاجايىپلاردىن يەنە بىرىنى كۆرسەتكىن، — دېدى. بۇ نۆۋەت غەيرىي ئادەم قولىنى سەيپۇلۇننىڭ بېشىغا قويغانىدى، سەيپۇلۇنمۇ بىر جايغا كىرىپ كەتتى. ئۇمۇ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ بىر گۈلزارلىققا چىقىپ، دىماغلىرى ئەتىر پۇراقلىرى بىلەن توشتى. شۇ زامان دەرەخنىڭ چېچەكلىرى چۈشۈپلا ئورنىغا پىشىپ تۇرغان مېۋىلەر پەيدا بولدى. سەيپۇلۇن ھەرقايسى مېۋىلەردىن يەپ، يەنە بىر باغقا كىردى. ئۇ بوستانلاردا يۈرەتتى، ئۇيقۇسى كەلدى. ئۇخلاپ بىر چۈش كۆردىكى، بوستانلىقتىن بىر ئوت چىقىپ سەيپۇلۇننىڭ ساقىلىغا يامىشىپ، ساقالنىڭ نىسپىنى كۆيدۈردى. سەيپۇلۇن ۋاي ساقىلىم، دەپ ئويغانىدى، قارىسا، پادىشاھ، ئەپقىرۇن ۋە غەيرىي ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ جەمھۇر ئېيتتىكى:

— ئى غەيرىي ئادەم، ئاجايىپ-غارايىپلاردىن ماڭىمۇ بىرنى كۆرسىتىپ قويساڭ، — دېدى. غەيرىي ئادەم قولىنى پادىشاھنىڭ بېشىغا قويغانىدى، پادىشاھقا بىر ئۆي كۆرۈندى. ئول ئۆيگە كىرگەنىدى، ئۆ-زىنى بىر بوستانلىقتا كۆردى. بۇ باغ پەرىلەرنىڭ بېغى ئىدى.

ئەلقىسسە، جەمھۇر شاھنى پەرىلەر پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. كۆردىكى، ساھىبجامال بىر قىز تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. قىز جەمھۇر شاھنى كۆرۈپ:

— ئى ئادەمزات، ئىككىلەن ئەر-خوتۇن بولايلى. سىز مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھ بولۇڭ، — دېدى. شاھ جەمھۇر جان-دىل بىلەن قو-بۇل قىلىپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. مۇشۇنداق ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پادىشاھ جەمھۇر ئۆز دۆلىتىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغ-قانلىرىنى، بالىۋاقا، كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق يىغان چەككەنىدى، مەلىكە كۆرۈپ:

— ئى ئادەمزات ، مەن مۇشۇنداق راھەت ـ دۆلىتىمنى بەرسەم قا-
نائەت قىلماي يەنە نېمە ئاھ ئۇرىسەن ؟ ئادەمزات مۇشۇنداق بولامدۇ ، —
دېدى . ئاندىن پەرىلەرگە قاراپ بۇنىڭ باشقا يەردە مەھبۇبى بار ئىكەن ،
شۇنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرسا كېرەك ، بۇنداق ۋاپاسىزنى ئۇرۇڭلار ، —
دېدى . پەرىلەر كېلىپ شاھنى تەختتىن تاشلىۋەتتى . شاھ جەمھۇر كۆ-
زىنى ئېچىپ قارىغانىدى ، نەدىكى مەلىكە ۋە تەخت بولسۇن ؟ . . .
بۇ ھالنى كۆرۈپ يەنە ماڭدى . شۇنداق مېڭىپ بىر رەگزارلىققا
يەتتى . ئۇ يەردە تەنھالىقتا غېرىبلىق يەتتى ، يەنە بىر تەرەپكە راۋان
بولدى . بىرمۇنچە يول يۈرۈپ بىر بوستانلىققا يەتتى . ئۇ خۇددى
جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ يەرنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . بىر كۆل كۆ-
رۈندى . كۆلنىڭ بويىدا بىر مەھبۇب زاھىر بولدى . يېقىن كەلگەنىدى ،
غايىب بولدى . ئاخىر مەھبۇبنى قوغلاپ كۆلگە كىردى . كۆل چوڭقۇر
ئىدى . كىرىپلا چۆكۈپ كەتتى . سۇ يۈزىگە شۇنداق چىقىپلا بېشىنى
كۆتۈرگەنىدى ، ۋەزىرلىرى بىلەن غەيرىي ئادەم ئولتۇرۇپتۇ .
ئەلقىسسە ، شاھ جەمھۇر كېلىپ غەيرىي ئادەمنىڭ قېشىدا بىردەم
ئولتۇردى . ئاندىن كېيىن غەيرىي ئادەم دەرەخكە ئىشارەت قىلىۋىدى ،
دەرەخ قوينىنى ئاچتى . ئۇ ئادەم دەرەخنىڭ ئارىسىغا كىردى ، دەرەخ يۇ-
مۇلدى . شاھ جەمھۇر ھەيران ـ ھەس بولۇپ ، ئىككى ۋەزىرى بىلەن
شەھىرىگە يېنىپ كېلىپ تەختتىن ئورۇن ئېلىپ ، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن
ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى ، — دەپ گۇلشات داستانىنى تاماملىدى .
شىرزات خۇشال بولۇپ گۇلشاتنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ تىللالار
ئۆرۈپ ، پەررۇخزادنى زىندانغا بۇيرۇدى ۋە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

**گۇلشات بىلەن شىرزات سەككىزىنچى كۈنى سەككىزىنچى قەسىردە بەزمە تۈزگىنى**

نەزمە

پەرىلەر رەشىك ئەيلىدى بۇ بەزمىدىن ،
قىلدى شىرزات ئەمرىنى مەستلىكىدىن .

ئى مۇئەللەق ئەيلىدى پەرىلەر داد،
كەلسە نەھى شىرزاتتىن قىلدى پەرياد.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەككىزىنچى كۈنى گۈلشات بىلەن شىرزات سەككىزىنچى قەسىردە بەزمە تۈزدى. ساقىيلەر كۈمۈشتەك ئاپئاق جاملىرىنى گىرۋەككىچە لىپمۇ لىپ تولدۇرۇپ تۇتۇپ تۇراتتى، ئاي يۈزلۈك پەرى سۈپەتلەر مەست بولغان تورزدەك نازلىنىپ جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. شىرزات كەيپ بولۇپ ئانىسنى ئەسلەپ، خادىملىرىغا ھۆكۈم قىلدىكى:

— پەررۇخزادنى ئېلىپ كېلىپ پارچە - پارچە قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار!

گۈلشات دەرھال قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئاتام گەرچە غەزەپلىرىگە لايىق بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلارغا رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش ئېسىل پەزىلەتتۇر. بۇ قەسىرنى «مەنزەرى سابىت» دەيدۇ، بۇ جاي تەۋرەنمەس يۇلتۇز نامى بىلەن ئاتالغاچقا، بۇنداق يەردە قان تۆكۈش ئوبدان بولماس، بىر ھېكايەم بار ئىدى. قوبۇل قىلسىلا، بايان قىلسام، — دېدى. شىرزات رۇخسەت قىلىپ:

— ئى نازىنىن، ئۇ ھېكايەڭنىمۇ ئېيتقىن، بىزگە مەلۇم بولسۇن، — دېدى.

## يۇنانلىق شاھزادىنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، گۈلشات ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، يۇنان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدىكى، بەغايەت ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى «سەيبارە» ئىدى. لېكىن ئۇ ئوغۇلنىڭ كېسىلى تۇتاتتى. ئاتا - ئانىسى بالىمىز ئوت ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ، بىرنەچچە قۇللارنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئۆگزىدە ياتاتتى. ئويغىنىپ كەتتى، شۇنداق قارىغانىدى، بىر تەرەپتىن لەشكەر پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق، خۇشخۇي كىشىلەر ئىكەن. يەنە بىردەمدىن كېيىن بىر چېدىر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئاي يۈزلۈك نازىنىن بېشىنى چىقاردى. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ شۇ ھامان ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار تاڭ سۈبھى بولغۇچە يۈرۈپ، سۈبھى بولغاندىن كېيىن يوقاپ كەتتى. سەييارە بىھوش بولۇپ دىۋانىلىكى تېخىمۇ زىيادە بولدى. مۇشۇنداق بىرنەچچە زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئىلاجسىز بولۇپ، سەييارىنىڭ پۈتىغا ئىشكەل سالدى. پادىشاھ ۋەزىرىگە ئېيتتىكى:

— يۇنان شەھرىدە بىر ھۆكۈما بارئىمىش، ناھايىتى دانا ئىكەن. شۇنى تېپىپ كېلىڭلار.

ۋەزىر شۇ زامان كىشى ئەۋەتىپ ئۇل ھۆكۈمانى كەلتۈردى. پادىشاھ ئۇ ھۆكۈماغا ئىنئام قىلىپ، تاۋاق ـ تاۋاق ئالتۇن كەلتۈرۈپ ئالدىدا قويدى. ئاندىن ئوغلىنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ھۆكۈما ئالتۇننى قوبۇل قىلمىدى، دېدىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئۇنى داۋالاپ باقاي، ساقىيىپ قالسا ئاندىن ئالاي، ئەگەر ساقايمىسا ئالماي.

پادىشاھ قوبۇل قىلىپ، سەييارىنى ھۆكۈما قېشىغا كەلتۈردى. ھۆكۈما ناھايىتى بىلىملىك تېۋىپ ئىدى، ئۇل ئوغۇلغا نەزەر سېلىپ كۆكسىنى كۆرۈپ:

— بۇ سارالڭ ئەمەس ئىكەن، ئازار سەۋداسىدىن مۇشۇنداق بوپتۇ، — دېدى. پادىشاھ ئېيتتىكى:

— ئى تېۋىپ، ئەمدى نېمە ئىلاج قىلماق كېرەك؟

— بۇ جايدىن يىراق بىر جەزىرە باردۇر، — دېدى تېۋىپ، — ئۇل جەزىرىدە بىر بۇلاق بار. ھەرقانداق كىشى سەۋدا كېسىلىگە مۇپتىلا بولسا، شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچۈرسە ئىنشائاللا ساقىيىپ كەتكۈسى.

پادىشاھ :

— سەن قانداق مەسلىھەت بەرسەڭ شۇنداق بولسۇن ، — دېدى . ھۆكۈما سەييارىنى شۇ بۇلاققا ئاپىرىپ سۇ ئىچۈرۈپ داۋالاشقا مەشغۇل بولدى .

نەچچە كۈن مۇشۇنداق ئۆتتى . بىر كۈنى سەييارە بىر چۈش كۆردى ، چۈشىدە ھاۋادىن ئۈن پەرى چۈشتى . ئاۋۋالقى كۆرگەن ئاي يۈزلۈك نازىنىن يەنە شۇ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ . قالغانلىرى خىزمىتىدە تۇرۇپتۇ ، ئاندىن شاھزادە ئويغىنىپ كەتتى . تاڭ ئاتقاندا كۆرگەن چۈشىنى ھۆكۈماغا ئېيتتى . ھۆكۈما ئەتراپقا نەزەر سالغاندى . دەريا بويىدا بىر جامائە كىشى كۆرۈندى . يېقىن بارغاندى ، بۇلار پەرىلەر ئىكەن . بىر چېدىر بارگاھ تىكىپ ، ئۇنىڭدا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بىر نازىنىن مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ .

ئەلقىسسە ، ھۆكۈمانى پەرىلەر ئۇل قىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى . قىز سورىدىكى :

— ئى ئادەمزات ، نېمە ئادەمسەن ، نېمە ئۈچۈن بۇ جەزىرىگە كەلدىڭ ؟

ھۆكۈما كۆرۈلگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى . ئاندىن كېيىن :

— ئى پەرىزاتلار ، سىلەر قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار ! — دەپ سورىدى . ئۇلار ئېيتتى :

— بۇ قىز قىتان پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولدى . يۇنان شەھىرىدە بىر ھۆكۈما بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېتى مۇئابىر ئىكەن ، بىز شۇنى ئاڭلاپ كېسەلنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەلگەنىدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى . ھۆكۈما ئۇلارغا :

— مۇئابىر دېگەن مەن بولىمەن ، — دەپ تونۇشلۇق بەرگەنىدى ، پەرىلەرمۇ مۇئابىرنىڭ ئالدىغا ئالتۇن قويدى . ھۆكۈما پۇلنى ساقايغاندا ئالاي ، دەپ قوبۇل قىلماي ، بىرقانچە ۋاقىت پەرىلەرنىڭ قېشىدا بولدى . ئاندىن سەييارىنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى ۋە قەددى گۈزەللىكىنى سەييارىگە بايان قىلدى . سەييارە ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق

بولدى. بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىناقەت بولۇپ قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ بەزمىلەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئاۋۋالقىدىن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. ھۆكۈما سەييارىگە:

— ئى سەييارە، ئاتا - ئاناڭ ساڭا ئىنتىزاردۇر. ئەمدى ئاتا - ئاناڭنىڭ قېشىغا بارغىن، — دېگەنىدى. سەييارە يىغان تارتىپ:

— ۋادەرىخ! ئاۋۋال پۈتۈم باغلانغانىدى. ئەمدى كۆڭلۈم باغلاندى، — دەپ ئاھ ئۇرۇپ زار - زار يىغلاپ ياھار يامغۇرىدەك ياش تۆككىلى تۇردى. ھۆكۈما بىلدىكى، سەييارە بۇ قىزغا ئاشىق بوپتۇ.

ئەلقىسسە، سەييارىنى ھۆكۈما ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كۆردىكى، ئوغلى ئاۋۋالقىدىن ساقىيىپتۇ. لېكىن يەنە ئاز - تولا سەۋدا بار ئىدى. ھۆكۈما ھەم كەلگەنىدى. ۋەقەنى بايان قىلدى، ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىمىزغا ئۇل قىزنى ئېلىپ بەرمىگۈچە كېسىلى ساقىيالمىغۇدەك، دېيىشىپ تۇراتتى، ھۆكۈما ھەم ئۇل قىزنىڭ مەيلى بارلىقىنى ئېيتىپ: «قىزمۇ كېسەلدىن خېلى ياخشى بولدى. بىرقانچە ۋاقىت شۇ جايدا تۇرىدۇ» دېدى. ئاخىر ئۇلار جابدۇق قىلىپ، ئەركان دۆلەت بىلەن ھۆكۈمانى ھەمراھ قىلىپ پەرىلەر قېشىغا كېلىپ مېھماندارچىلىق قىلدى ۋە كۆپ ئالتۇنلار ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇل قىزنى سەييارىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مەلىكە بىلەن سەييارە خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى، — دەپ گۈلشات ھېكايىسىنى تامام قىلدى، شىرزات خۇشال بولۇپ پەررۇخزادنى زىندانغا بۇيرۇدى، ئۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**گۈلشات بىلەن شىرزات توققۇزىنچى كۈنى توققۇزىنچى قەسىردە بەزمە قۇرغىنى**

نەزمە

قىلدىلار تەرىغى مەجلىس بۇنياد،
غەم قايغۇدىن قىلدىلار بەرباد.
ئېيتتى گۈلشات قەسىردە ھېكايىنى،

كەتتى غەزەپ شىرزاتتىن بولدىلار شاد .

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، توققۇزىنچى كۈنى گۈلشات بىلەن شىرزات مەنزەرى سەييارە قەسرىگە كېلىپ سۆھبەت تۈزدى . ساقىيلار شاراب تۇتماقتا ئىدى . نازىنىنلار مۇلازىمىتىنى قىلماقتا ئىدى . شاراب تەسىر قىلىپ شىرزات كەيىپ بولۇپ ، مەستلىكتە ئانىسىنى ئەسلەپ :

— پەررۇخزاد كەلتۈرۈلۈپ پارچىلاپ ئۆلتۈرۈلسۇن ، — دەپ ھۆكۈم قىلدى . شۇ زامان گۈلشات ئورنىدىن تۇرۇپ مەدھىيە — تەبرىكلەردىن كېيىن :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ قەسرنى « مەنزەرى سەييارە » دەپ پىلانپىتا يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ . بۇ يەردىمۇ قان چېچىش لايىق ئەمەس . ئالىيلىرىدىن پەرمان بولسا ، بىر ھېكايەم بار ئىدى ، ئېيتىپ بەرسەم — دەپ ئىلتىماس قىلدى ، شىرزات ئېيتتىكى :

— قىنى ، مەرھەمەت قىلغايسەن .

## كەشمىرلىك شاھزادىنىڭ ھېكايىسى

شۇ زامان گۈلشات شېرىن تىللار بىلەن سۆز باشلاپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، كەشمىر شەھىرىدە بىر شەيخ بار ئىدى . ناھايىتى پازىل ۋە تەقۋادار ئىدى . كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە كەشمىر شىكارغا چىقتى . ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرەتتى ، شۇنداق يۈرۈپ تاغقا يېتىپ قالدى . بۇ تاغدا غار بار ئىدى . غاردا ئەجدىھا بار ئىدى . ئادەمنىڭ ھىدى كېلىپ بولغۇچە دەم تارتىپ بولاتتى . ئۇ شاھزادىنى دەم تارتماق بولۇپ تۇرغاندا ، بىردىنلا تاغ ئىچىدىن بىر ئاۋاز چىقىپ : « ئى ئەجدىھا ، تاشقا ئايلان » دېدى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە بىھوش بولۇپ يىقىلغاندى . غايىبتىن بىر قول كېلىپ شاھزادىنى غارغا ئېلىپ كىردى . شاھزادە ھوشىغا كېلىپ قارىسا ،

بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭغا سالام قىلدى . بوۋاي ئېيتتى :
— ئى شاھزادە ، غەم قىلمىغىن ، ئەجدىھا تاشقا ئايلاندى . مۇشۇ سەۋەب بىلەن خالايىقمۇ خالاس بولدى ، — دېدى ، يەنە ئۇ ، — ئى شاھزادە ، بىرنەچچە كۈن شاھزادىلىكىڭنى تاشلاپ مېنىڭ بىلەن بىرگە بولغىن . ئىنشائاللا ، ئىشىڭنىڭ ئاقىۋىتى ئوبدان بولار ، — دېگەنىدى . شاھزادە قوبۇل قىلدى . ئاندىن كېيىن ئول شەيخ :
— ئى شاھزادە ، بېرىپ غۇسۇل تەرەت قىلغىن . بەدىنىڭدىكى مەينەتچىلىك پاك بولسۇن ، — دەپ بۇيرۇدى . شۇنداق قىلىپ شاھزادە بۇلاقنىڭ سۈيىدە غۇسۇل تەرەت قىلىپ ھەممىشە ناماز ئۆتەپ تۇردى .
ئەلقىسسە ، ئاتىسىغا نۆكەرلەر قايتىپ كېلىپ ئەجدىھانىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى . پادىشاھ ماتەمدار بولۇپ ، ياقىلىرىنى پارە ـ پارە يىرتىپ شاھزادىنىڭ دېرىكىنى ئىزدەش بىلەن بولدى . ئەمما ، شاھزادە بۇلاق بويىدا تەلىم ئېلىپ ئىبادەت قىلماقتا ئىدى . شەيخ شاھزادىگە ئىنايەت نەزىرى بىلەن قارىدى . شاھزادە بىر قارچىغا بولدى . شەيخ بىر كەپتەر بولۇپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى . شاھزادە كەپتەرنى قوغلاپ راۋان بولدى . ئۇلار بېرىپ بىر بوستانغا يەتتى . بۇ جاي پەرىشتىلەرنىڭ مەنزىلى ئىدى . ئۇلار مۇشۇ جايدا ئاللاغا زىكرى ئېيتىشاتتى . كەپتەر بىلەن قارچىغا بوستاننىڭ بويىغا چۈشتى . ئۇ يەردە يۈرۈپ ، ئاندىن ئۆتۈپ يەنە بىر گۈل ئېنىگە پەرۋاز قىلدى . ئول گۈلشەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان شۇنداق گۈزەل جاي ئىدى . بۇ يەرگە كەلگەندە شەيخ ۋە شاھزادە ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ، بۇ گۈلزاردا يەتتە يىلغىچە يۈردى . شاھزادە شەيخكە ناھايىتى كۆپ خىزمەت قىلدى . ئول گۈلزاردا بىر بۇلاق بارئىدى . سۈيى ناھايىتى پاكىز ئىدى . شەيخ ئۇ بۇلاقتا غۇسۇل قىلىپ بولۇپ ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن بىر گۆر كولىدى . ئاندىن :
— ئى ئوغلۇم ، مەن ۋاپات بولىمەن ، مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرۈپ مۇشۇ گۆرگە دەپنە قىل ، — دەپ كۆز يۇمدى . شاھزادە غۇسۇل قىلىپ بولۇپ نامىزىنى ئۆتەپ دەپنە قىلدى . ئاندىن گۆرنىڭ ئاغزى ئۆزلۈكىدىن

يىيىلدى .

ئەلقىسسە ، شەيخ ئالەمدىن ئۆتتۈپ بىر نەچچە زاماندىن كېيىن كەشمىر پادىشاھىغا بۇ ئىشلار مەلۇم بولدى . ئۇ بىتاقەت بولۇپ ئىپتىغا مە- نىپ تاغقا بارماقچى بولدى . ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا بىر ئەجدىھا يېتىپتۇ . ئۆلۈكمۇ ياكى تىرىكمۇ بىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتكەنىدى . ئەجدىھا تاشقا ئايلىنىپتۇ . پادىشاھ ئوغلىنى ئەسلەپ زار - زار يىغلايتتى . لېكىن پادىشاھ شەيختىن ھېچ ئىز تاپالماي چۆلمۇ چۆل يۈرۈپ بىر غارغا كەلسە ، بىر يىگىت ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ . پادىشاھ بىر سائەت ساقلاپ تۇرغانىدى . شاھزادە قوپۇپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى . ئاندىن پادىشاھ ئوغلىدىن بولغان ۋەقەلەرنى سورىغانىدى ، ئوغلى ھەممىنى سۆزلەپ بەردى . ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئۇ يەردە تۇرۇپ شەيخنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىپ ، دۇئا - تەكبىر قىلىپ ياندى . شەھەر خەلقى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئاندىن پادىشاھ تاج تەختىنى ئوغلىغا بەردى . ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولۇپ بىرقانچە ۋاقىت يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورىدى . ئاندىن كېيىن دادىسى ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى . شاھزادە پادىشاھلىقنى يەنە بىرىگە بېرىپ ، ئۆزى تەنھا بولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى ، ئاللانىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ مال - دۇنيادىن قول ئۈزدى . ئاخىرقى ئۆمرىدە بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى ، — دەپ گۇلشات داستانىنى تامام قىلدى . شىرزات خۇشال بولۇپ گۇلشاتنىڭ بېشىدىن تاۋاق - تاۋاق ئالتۇن ئۆرىدى .

**گۇلشات بىلەن شىرزات ئۈنىنچى كۈنى ئۈنىنچى قەسىردە بەزمە تۈزگىنى**

پەرىلەر رەشك ئەتتى مەجلىسىدىن ،  
شىرزات ئەمر قىلدى مەستلىكىدىن .  
يامان ئىش ھامىنى ئاشكارىدۇر ،  
شىرزات تايتى چاتاقنى دۆتلىكىدىن .

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىنچى كۈنى ئۇنىنچى قەسىردە بەزمە ئۇيۇشتۇردى. ساقىيلار ئۇستى - ئۇستىلەپ شاراب تۇتۇشۇپ تۇراتتى. شىرزات مەيدىن كەيىپ بولۇپ ئانىسىنى ئەسلەپ قېلىپ، خادىملىرىغا ھۆكۈم قىلدى.

— پەررۇخزادنى پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار.

شۇ زامان گۈلشات ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— بۇ مەنزەردىمۇ بىر ھېكايەم بار ئىدى، ئەگەر يارلىق بولسا ئېيتىپ باقسام.

شىرزات ئېيتتى:

— ئى مەپتۇن قىلغۇچى نازىنىن، ھېكايەڭنى ئاڭلايلى.

## ۋاپادار خوتۇن ھېكايىسى

گۈلشات تۇتەدەك يېقىملىق سايراپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن سۆز باشلاپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ھىندىستان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى خەلقپەرۋەر ھەم ئادالىتى كۆپ، زۇلمى ئاز پادىشاھ بولۇپ، غېرىب - مۇساپىرلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ مېھماندوستلۇق قىلاتتى. شۇنداق ياسىداق بىر مېھمانخانا سالدۇردىكى، ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى شۇ جايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىن ھەر يەر - ھەر يەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئالەمنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى ئىشىتمەككە ھەۋەس قىلاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەر ھۈنىرى بولسا ئۆگىنەتتى.

بىر كۈنى جاھان كەزگۈچى بىلىملىك بىر مۇساپىر كېلىپ، ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈپ مېھمان قىلدى. ئول مۇساپىر ئۆز دىيارىنىڭ ئەھۋالىدىن ھېكايە قىلىپ ئولتۇراتتى. پادىشاھ:

— ئى دانىشمەن، ھەرقانداق ھېكايە ئېيتساڭ ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، مەن پەقەت جاننى چىقىرىپ يەنە بىر تەنگە كىرگۈزۈشنىلا بىلمەيمەن. چۈنكى، بۇ ئىشنى خۇدايىتائالا بەندىنىڭ قولىغا بەرمەيدۇ، —

دېگەندى . پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىگە دانىشمەن كۈلدى . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئى مۇساپىر ، نېمە كۈلسەن ؟

مۇساپىر ھەرقانچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھىيلە قىلىپ باققان بولسىمۇ ئېيتماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى . ئاقىۋەت ئىلاجسىز بولۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، مېنىڭ كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبى « بىر بەدەندىكى جاننى ئېلىپ يەنە بىر بەدەنگە كىرگۈزۈشنى خۇدايىتائالا بەندىلەرگە بەرمىگەن » دېدىلە . شۇنىڭغا كۈلگەندىم . بۇ ئىشنى خۇدايىتائالا بەندىلەرگە بىلدۈرگەن ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى شاھ ، — قېنى كۆرسىتىپ باققىن .

مۇساپىر بىر چۈشىنى ئۆلتۈردى . ئۆزىنىڭ روھىنى چىقىرىپ چۈشىنىغا كىرگۈزۈپ پەرۋاز قىلىپ ، يەنە يېنىپ كېلىپ ئۆز بەدىنىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ كۈلدى ، پادىشاھ ھەيران بولۇپ مۇساپىرغا :

— بۇ ھۈنەرىڭنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن ، بىر خەزىنەمنى ساڭا بېرەي ، — دېدى ، مۇساپىر ئېيتتىكى :

— كىمىيايى جاننى بىلگەن كىشىگە خەزىنىنىڭ نېمە كېرىكى بار ، بۇ ھۈنەرنى ساڭا ئۆگىتىپ قويسام قوياي ، ساڭا مېنىڭدىن يادىكار قالسۇن ، — دەپ پادىشاھقا جان يۆتكەشنى ئۆگەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ قېشىدىن كەتتى .

پادىشاھ بىرقانچە زامانلاردىن كېيىن ، « بۇ ھۈنەرنى مەنلا بىلىمەن . ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم گۆرگە بىللە كېتىپ قالىدۇ . ھېچ كىشى بىلمەي زايە كېتىدىغان بولدى » دەپ ئەندىشە قىلدى . ئۇنىڭ شاپۇر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى . شۇنىڭغا ئۆگەتتى . بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر بىلەن شىكارغا چىقىپ قوغلاپ يۈرۈپ بىر كېيىكنى ئۆلتۈردى . ئاندىن ۋەزىر ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھىم ، ئۆزلىرى جان كۆچۈرۈش ئىلمىنى ئۆگەتتىلە . مەن ئۇنى سىناپ كۆرمىدىم . ھەزرەتلىرى بۇ كېيىكنىڭ تېنىگە كىرىپ جان كۆچۈرۈپ كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا ، مەن ئۇنى كۆرۈۋالسام ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ قويماي جان يۆتكىگەن بولار ئىدىم ، — دەپ ئىل-

تىماس قىلغانىدى، پادىشاھ دەرھال ئۆزىنىڭ تېنىدىن چىقىپ كېيىكنىڭ تېنىگە كىرىپ باياۋانغا چىقىپ كەتتى. ۋەزىر دەرھال پادىشاھنىڭ تېنىگە كىرىپ كېيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ ئاتقا مىنىپ، شەھەر تەرەپكە ياندى. ئۇ پادىشاھنىڭ تېنىگە كىرگەنىدى. پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىدى، بىر خوتۇنى بارچىسىدىن ساھىبجامال ۋە زېرەك، دانا ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا بەكرەك كۆيەتتى. ۋەزىر ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تەختتە ئولتۇردى ۋە تاقەتسىزلىنىپ بىئەدەپلىك قىلىشقا قول سۇندى. ئەمما بۇ نازىنىن ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ۋەزىرنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن كۆردىكى، ئۇنىڭ قىلىقلىرى پادىشاھقا ھېچ ئوخشىمايدۇ. دەرھال ۋەزىردىن ئۆزىنى تارتتى ـ دە، بىر قولىغا خەنجەر، بىر قولىغا زەھەر ئېلىپ:

— ئى پادىشاھ، مەن بىر قىسىم كېسەلگە گىرىپتارمەن. ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن، مەن ساقىيىۋالاي، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىماسلىق سېنى ئۆلتۈرىمەن ياكى زەھەرنى يەپ ئۆزۈم ئۆلىمەن، — دېدى. ۋەزىر ئىلاجسىزلىقتىن رۇخسەت بەردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ كېيىك سۈرىتىدە نادامەتلەر بىلەن باياۋانلاردا يۈرمەكتە ئىدى، بىر كۈنى بىر بوستانلىققا چىقىپ قالدى. كۆردىكى ئۇ يەردە بىر ئۆلۈك تۇتى يېتىپتۇ. دەرھال روھىنى تۇتىنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈپ تۇتى بولۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى. بېرىپ بىر توپ تۇتىلارنى كۆرۈپ قېشىغا باردى.

ئەلقىسسە، تۇتىلار ئۇنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزلىرىگە سەردار قىلدى، پادىشاھ تۇتىلارغا تەدبىر ئۆگەتتى.

بىر كۈنى سەيياد (ئوۋچى) تۇزاق قۇرغانىدى. تۇتىلار دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇزاققا ئىلىندى. ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنى ئاجرىتىشقا ئالدىرىشاتتى. پادىشاھ ئېيتتىكى:

— ئى تۇتىلار، ئالدىرىغان بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا

تەدبىر قىلماق كېرەك ، ـــ دېدى . تۇتىلار ئېيتتى :

ـــ سەن بىزنىڭ پادىشاھىمىز ، تەدبىرنى سەن كۆرسەتكىن .

ـــ ئۇنداق بولسا ، ـــ دېدى پادىشاھ ، ـــ ھەممىمىز ئۆلگەن بولۇپ تىنماي ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىۋالايلى .

شۇنداق قىلىپ تۇتىلار ئۆلگەن بولۇپ يېقىلدى . كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى . ئوۋچى كېلىپ كۆردىكى ، ھەممىسى ئۆلۈپتۇ . « ۋادەرىخ ، ئۇزاق ھايال بولۇپ قاپتىمەن ، تۇتىلار ئۆلۈپتۇ » دەپ دامنى سىلكىگەندى ، تۇتىلار ئۇچۇپ قاچتى . ئەمما پادىشاھ ئۇچمىدى . ئوۋچى سۆيۈنۈپ تۇتۇۋالدى . پادىشاھ سۆزلەپ :

ـــ ئى ئوۋچى ، ئۇلارنى ئۇچۇپ كەتتى دەپ مالال بولمىغىن ، مەن شۇنداق سۆزمەنمەنكى ، ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر بېرەلەيمەن ، بۇرۇن ئۆتكەن ، كېيىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن . مېنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ مىڭ دىنارغا ساتقىن . ئۇنىڭدىن كەم بەرمىگىن ، ـــ دېدى . تۇتىنىڭ سۆزىگە ئوۋچى ھەيران قالدى . چۈنكى ، بۇنداق گەپ قىلىدىغان تۇتىنى تېخى كىشى كۆرمىگەنىدى . شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان بىر جايدا قويۇپ ئولتۇردى . تۇتى ئۆتكەن ـ كەچكەندىن ھېكايە قىلىپ بېرىشكە باشلىدى . خالايىقلار يىغىلىپ تۇتىنىڭ سۆزىدىن ھەيران قېلىشماقتا ئىدى . كىشىلەر ئوۋچىدىن تۇتىنىڭ باھاسىنى سورىغانىدى : « مىڭ دىنارغا ساتىمەن » دېدى . بۇ چاغدا پادىشاھتىن قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت سورىغان خوتۇنى كۆڭلى بىئارام بولۇپ تاماشا قىلغىلى چىققانىدى . كۆردىكى ، نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىپ قاپتۇ . « ئۇ نېمە ئادەملەردۇر » دەپ ئويلاپ ، سورىغانىدى . كىشىلەر : « بۇ يەردە ساتىدىغان بىر تۇتى بار ئىكەن ، ئاجايىپ سۆزمەن ئىكەن . ئاشۇ تۇتى داستان ئوقۇۋاتىدۇ » دېيىشتى ، مەلىكە بېرىپ تۇتىنىڭ باھاسىغا مىڭ دىنار كەلتۈرۈپ بېرىپ تۇتىنى ئېلىپ قېشىغا قويدى . تۇتى مەلىكىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى .

مەلىكە بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرغانىدى . تۇتى مەلىكىگە :

ـــ مەن پادىشاھدۇرمەن ، ـــ دېدى . مەلىكە بۇ ھالنى

كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ :

— ئى پادىشاھ ، بۇ نېمە ئەھۋالدۇر ؟ — دەپ سورىدى . پادىشاھ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ ، ۋەزىرنىڭ ھىيلە - مىكىر قىلغىنىنى ئېيتتى . مەلىكە ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھ ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئىلاج بار ؟ — ئەسلىڭگە قانداق يانىسەن ، — دېدى . پادىشاھ :

— ئى مەلىكە ، ۋەزىر كەلگەندە مۇلايىملىق بىلەن ئۇبدان مۇئامىلە قىلغىن ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا : « مەن سىزنىڭ پادىشاھلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن . پادىشاھ جان ئالماشتۇرۇشنى بىلەتتى . ئەگەر سەن راست پادىشاھ بولغان بولساڭ ، جان ئالماشتۇرۇپ باققىن ، مەن ئاندىن ئىشىنەي دېگىن » . ئۇ جان ئۆزگەرتىپ كۆرسىتىدۇ . ئۇ چاغدا مەن روھىمنى ئۆز قەلبىمگە كىرگۈزىمەن ، — دەپ ئۆگەتتى . بىر كۈنى ۋەزىر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى . مەلىكە تەختتىن چۈشۈپ ئالدىغا بېرىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن قولىدىن تۇتۇپ تەخت ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى . ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، سەن پادىشاھقا ئوخشماي تۇرىسەن ، ئەگەر پادىشاھ بولساڭ ئاۋۋالقىدەك جان ئۆزگەرتىپ باققىن ، ئاندىن كېيىن مەن ساڭا ئىشىنەي ، — دېدى . ۋەزىر جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ بىر توخۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ روھىنى توخۇنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزدى . پادىشاھ دەرھال ئۆزگىرىپ ، ئۆز روھىنى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزدى . ۋەزىرنىڭ روھى توخۇنىڭ قەلبىدە قالغانىدى ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى . پادىشاھ بۇ خوتۇنىنىڭ ۋاپادارلىقىنى بىلىپ ھۆرمەت قىلىپ ، باشقىلىرىنى ئۆزىگە ھارام قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ تۇتىنى دوست تۇتۇپ ئۆزى ھەم تۇتى رەڭلىك لىباس كىيدى ، — دەپ گۈلشات داستانىنى تامام قىلدى . شىرزات خۇشال بولۇپ گۈلشاتقا ئالتۇن ئىنئام قىلدى .

**گۇلشات بىلەن شىرزات ئۇن بىرىنچى كۈنى ئۇن بىرىنچى قەسىردە بەزمە تۈزگىنى**

بارئىدى بىر سودىگەرنىڭ بەچچىسى ،
ئىدى ئۇ ، رۇم شەھىرىنىڭ گەپچىسى .
كىردى ئۇ ، هامامغا گەر بىھوش بولۇپ ،
چىقتى بىر يىلدا ئاران خامۇش بولۇپ .

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، گۇلشات بىلەن شىرزات ئۇن بىرىنچى كۈنى ئۇن بىرىنچى مەنزەردە بەزمە تۈزدى . سۈپەتلىك كېنىزەكلەر شاراب قۇيۇپ تۇراتتى . شاراب تەسىرىدە شىرزات ئانىسىنى ئەسلەپ قېلىپ :

— پەررۇخزادنى ئېلىپ كېلىپ ، پارە - پارە قىلىپ پارچىلاپ تاشلاڭلار ، — دەپ هۆكۈم قىلدى . شۇ زامان گۇلشات كېلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ ئىشلار قازا ۋە تەقدىردىندۇر . ئۇنى مەخلۇقتىن كۆرمەك پادىشاھلارغا مۇناسىپ ئەمەس ، بۇ مەنزەردىمۇ ھېكايەم بار ئىدى . ئالىيلىرىدىن پەرمان بولسا ئېيتىپ باقسام ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى .

شىرزات ئېيتتىكى :

— ئى سۆيۈملۈك مېھرىبانىم ، مەرھەمەت قىلغىن .

## رۇم شاهزادىسىنىڭ هېكايىسى

گۇلشات خۇددى تۇتى قۇشتەك تاتلىق تىللار بىلەن سۆز باشلاپ دېدى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، رۇم شەھىرىدە بىر سودىگەر بار ئىدى . پۇل ماللىرىنىڭ ھەددى ھېسابىنى كىشى بىلمەيتتى . بۇ سودىگەرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇ ، ئالەمنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىلاتتى . زامانىنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغانىدى .

ئەلقىسسە ، بىر مېھمانخانا ياساپ ، ئۇنى ئالتۇن - كۈمۈش ، لەئەل -

جاۋاھىراتلار بىلەن نەقىشلىگەنىدى. لېكىن بۇ سودىگەر شۇنداق كىشى ئىدىكى، قەيەردىن بىرەر مۇساپىر كېلىپ مېھمانخانىسىغا چۈشسە، ئۇنىڭغا ئاش ـ تائاملار بېرىپ مېھمان قىلىپ، ئالەمنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلىرىنى سورايتتى.

بىر كۈنى، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، جاھان كېزەر كىشى بۇ شەھەرگە كېلىپ قالدى. سودىگەر يىگىت مېھمانخانىسىغا باشلاپ بېرىپ ھال ـ مۇڭ قىلىشتى. ئەھۋاللىشىپ، بۇ مۇساپىر ھەريەر ـ ھەريەردىن ھېكايىلەر قىلىپ ئولتۇرۇپ:

— مەن جاھاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كۆردۈم. ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى ئۇچراتتىم. شەھىرى پەرەنجىدىن ئالتە ئايلىق يىراق يەردە بىر شەھەر باردۇر، خەلقىنىڭ ھەممىسى خۇشخۇي ۋە ساھىبجامالدۇر. ئەمما بۇلارنىڭ بەزىلىرى تولا سۆزلەيدىغان، بەزىلىرى جىمغۇر، سۆزلىمەس ۋە بەزىلىرى گەپ تالاشقاقتۇر، — دېدى. سودىگەر يىگىت سورىدىكى:

— نېمە ئۈچۈن ئۇل خەلقنىڭ بەزىسى تولا سۆزلىگەك، بەزىسى گەپ قىلماس، بەزىلىرى گەپ تالاشقاق ئىكەن؟

مۇساپىر جاۋاب بېرىپ:

— مەنمۇ ئۇل خەلقنىڭ سۆزلىگەك ۋە سۆزلىمەس، سۆز تالاشقاق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىسام، بىرى ئېيتتىكى: شەھىرىمىزدە بىر كونا مۇنچا (ھامام) بار. ھەرقانداق كىشى ئۇل ھامامغا كىرسە ئىشىك غايىب بولۇپ كېتىپ، سەرگەردان بولۇپ، سالامەت بولسا بىر يىلدا چىقىدۇ. جىمغۇر بولۇپ يېشىل لىباس كىيىدۇ ياكى قەلەندەر بولۇپ شەيدا بولىدۇ. ھېكمەت نېمە ئىكەن، ئۇل ھامام پۈتۈنلەي تىلسىمدەك قىلىدۇ، — دېدى.

سودىگەر يىگىت مۇساپىردىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپلا شۇ يەرگە بارماقچى بولدى، مۇساپىر ئېيتتى:

— ئى خوجا، مۇتلەق بۇنداق ھەۋەسنى قىلماڭ، جېنىڭىزنى مېيىپ قىلماڭ.

سودىگەر يىگىت بىرىشقا ئىرادە باغلاپ، ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىغا

بولغان ئىشنى ئىزھار قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئاتا ـ ئا-
نىسى مەنئى قىلىپ قانچىكى توسۇپ باقسىمۇ ماقۇل بولمىدى . بەلكى
تۇسقانسېرى ھەۋىسى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى . ئاتا ـ ئانىلىرى
ئوغلىنىڭ پىراقىدا زار ـ زار يىغلاپ نائىلاج رۇخسەت بەردى . غۇلام ۋە
كېنىزەكلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش ، سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلدى . يە-
گىت سودىگەر قىياپىتىگە كىردى . بىر كۈنلۈك يەرگىچە ئاتا ـ ئانا ،
ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوۋم ـ قاياشلىرى ئۇزىتىپ باردى . ئاندىن ئۇ ئۇلار
بىلەن ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى . ئاتا ـ ئانىسى يىغلىشىپ :
— ئى جان ـ جىگەر ئوغلۇم ، جېنىمىزلا بار ئىكەن ، ساڭا دۇئا
قىلىمىز . ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يەتكەيسەن . خۇداغا ئامانەت ، — دەپ
ياندى . شۇنداق قىلىپ سودىگەر يىگىت شەھىرى پەرەنجىگە راۋان
بولدى . بىرنەچچە سودىگەرلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى . ئۇدۇل كەلگەن
يول بىلەن مېڭىپ ، چۆلمۇ چۆل ، دەشتمۇ دەشت ، مەھەللىمۇ مەھەللە
كېزىپ بىرقانچە مۇددەتتىن كېيىن شەھىرى پەرەنجىدىن ئۆتۈپ كۆزلە-
گەن شەھەرگە كەلدى . خالايىققا : « بىر سودىگەر يىگىت كونا ھامامنى
كۆرگىلى كەپتۇ » دەپ خەۋەر يەتتى . ئۇل شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئىشى-
تىپ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى . سودىگەر يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ
بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى . ئۇلار ئەھۋاللىشىپ مېھماندارچە-
لىقتىن كېيىن دۇئا ، تەكبىر قىلىپ ئېيتتىلەركى :
— ئى خوجا ، بۇ شەھەرگە سودا ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ ياكى
جاھان تاماشىسى ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ ؟ سەۋەبىنى بىزگە بايان قىلسىڭىز !
بۇ يىگىت جاۋاب بېرىپ :
مەن بۇ شەھەرگە سودا ئۈچۈن كەلدىم . كېلىشىمنىڭ سەۋەبى
شۇكى ، سىلەرنىڭ شەھىرىڭلاردا بىر ھامام بارئىمىش ، ئاڭلىشىچە
ھەرقانداق كىشى ئۇل ھامامغا كىرسە ، خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بولسا بىر
يىلدا چىقارمىش ياكى ھامامنىڭ ئىچىدە غايىب بولارمىش . مەن شۇنى
كۆرۈشكە زوقمەن بولۇپ كەلدىم ، — دېدى . ئۇل شەھەرنىڭ خەلقى
كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ : « بۇنداق خىيالنى تاشلاڭ ، جېنىڭىزنى مېيىپ

قىلماق » دېسمۇ سودىگەر يىگىتكە تەسىر قىلماي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بىھۇدە قىلما نەسىھەت ئى رەپىق دەرمەند ،
تاشقا يامغۇر كار قىلماس ، مۇزغا سۇ ، ئاشىققا پەند .

ئاقىۋەت يىگىتنىڭ ھامامغا كىرىش رىغبىتى تېخىمۇ ئاشتى . نۆكەر ـ بۇرادەرلىرىگە : « بىر يىلغىچە ساقلاڭلار ، چىقسام كۆرۈشەرمىز . ئەگەر چىقالمىسام پۇل ـ ماللىرىمنى ئاتا ـ ئانامغا ئاپىرىپ بېرىپ ، مەندىن سالام دەڭلار » دەپ ھەممىسى بىلەن ۋىدالىشىپ ، ئۆزى بىر مۇنچە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ھامامغا كىرىپ كەتتى . بىر ھۇجرىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر ھۇجرىغا كىرگەندى ، ناھايىتى قاراڭغۇ ئىكەن ، قورقۇپ بەدەنلىرىگە تىترەك پەيدا بولدى . ياناي دەپ ئارقىسىغا قارىغاندى . ئىشىك غايىب بولدى ، بۇنى كۆرۈپ كىرگىنىگە پۇشايمان ـ نادامەتلەر قىلىشقا باشلىدى ، ئەمما پايدىسى بولمىدى . يەنە بىر ھۇجرىغا كىردى . ئۇنىڭدىن يەنە بىر ھۇجرا كۆرۈندى . ئالاھازەل قىرىق كۈنگىچە ئۇسسۇز ، قورساق ئاچ يۈردى . بىردىنلا بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى ، شۇ تەرەپكە راۋان بولدى . بېرىپ بوستانلىققا چىقتى . دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاسمان ـ پەلەك لەيلىشىپ تۇرۇپتۇ ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ . ھەر تەرەپتە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ، ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان ، شۇنداق گۈزەل بىر جاي ئىكەن . ھەرقايسى مېۋىلەردىن يەپ ، سۇنى ئىچىپ خۇداغا شۈكۈر كەلتۈرۈپ ، دەرەخنىڭ تۈۋىدە تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . بىر ساراي كۆرۈندى . ئۇنىڭ نەقىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى . ھەممە سارايلارنىڭ ئالدىدا بىردىن شاھانە سۇپا ۋە گۈلزارلىق كۆرۈندى . بۇ سارايلارنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ كۈن ئولتۇردى ۋە قاراڭغۇ چۈشتى . يالغۇز بولغانلىقتىن بىر سارايىنىڭ بۇلۇڭىدا ياتاتتى . بۇ چاھار باغنىڭ بىر تەرىپىدىن بىر قۇياش يۈزلۈك ساھىبجامال ئىككى يۈزچە گۈزەل قىزلار بىلەن پەيدا بولدى ـ دە ، بۇ سارايغا كىردى . بىر ئالتۇن تەخت كەلتۈردى . ئول رەنا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى . قىزلار تەختنىڭ چۆرىسىدە سەپ تۈزۈپ ئولتۇردى . تەختتە ئولتۇرغىنى گۈزەل

قىزلارنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ قىزلاردىن بىرسىگە:

— بۇ جايدا بىر ئادەمزات ئۆيسىز، ئاچ - زېرىن يېتىپتۇ، ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئاش - تائام بېرىپ غېرىبنى خۇش قىلىپ قويايلى، سۆھبىتىمىزدە بىرگە بولغاي، — دېدى. ھېلىقى قىز چىراغنى كۆتۈرۈپ بۇ يىگىتنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئى يىگىت! سەن مۇساپىردەك كۆرۈنىسەن، مەلىكىمىز ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، سېخىيدۇر. سېنى كېلىپ بەزمىمىزدە بولسۇن دەيدۇ، — دېگەندى، يىگىت قورقۇنچتىن تىترىگىنىچە بېرىپ تەزىم قىلىپ ئۆرە تۇردى. مەلىكە يىگىتكە:

— سەن بىزگە مېھمان، تەختنىڭ ئۈستىگە چىققىن، — دەپ قولىدىن تۇتۇپ تەختكە چىقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا شارابلار تۇتتى. يىگىت خۇش كەيپ بولۇپ مەلىكىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. مەلىكە:

— ئى يىگىت، بۇ ئولتۇرغان قىزلار مېنىڭ كېنىزەكلىرىمدۇر. ئۇلاردىن شەرم - ھايا قىلىمەن. بۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ ئېلىپ چىقىپ ئىشرەت قىلغىن، ئاخىرىدا مېنىڭ بىلەن ئىشرەت قىلارسەن، — دەپ، ئىشارەت قىلىۋىدى، بىر نازىنىن قىز كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. خالاپ - خالىماي كۆڭۈل ئىشرىتىنى قىلدى. يىگىت ئۇخلاپ ئويغانغاندى، قارىسا تاڭ ئېتىپتۇ. كېچىدىكى نازىنىنلاردىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمىدى. ھەيرانلىقتا دىۋانە شەيدا بولدى. يەنە كەچ بولدى. كۈن ئولتۇرۇش ھامان رەنالار يەنە پەيدا بولدى. شاراب ئىچىپ بۇ كېچىسى يەنە بىرى بىلەن ئىشرەت قىلىپ ئۇخلىدى. بىر كەمدە ئويغانسا، كېچىدىكى نازىنىنلاردىن بىرىمۇ يوق. ئالاھازەل ھەر كېچىسى بىر نازىنىن بىلەن ئىشرەت قىلىپ ئاخىرىدا نۆۋەت مەلىكىگە يەتتى. مەلىكە يۈزلىگەن ناز - خۇلقلار بىلەن ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. يىگىت تەشنالىق ئىلكىدە ئىشق سۈيىنى مەلىكىگە ئاتىدى. مەلىكىنىڭ خۇن جىگىرىنى لەرزىگە كەلتۈردى. تەشنا دىللارنى قاندۇرۇپ كۆزلىرى ئۇيقۇغا باردى. ئويغىنىپ قارىسا بىر باياۋان چۆللۈكتە

يېتىپتۇ. « مەلىكىگە جاپا سالمىغان بولسام بۇنداق جايدا ياتمىغان بولار ئىدىم » دەپ مىڭلىغان پۇشايمانلارنى قىلىپ، زار - زار يىغلىدى. لېكىن پايدا بەرمىدى. بۇ باياۋاننىڭ ھەيۋىتىدىن جېنى ھەلقۇمغا يەتتى. ئەقلى - ھوشىدىن كەتتى. ئەمما ھېچ چارە تاپالمىدى. ئاقىۋەت قوپۇپ بىر تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ چۆللۈكتە ئاش - نان يېمەي، سۇ ئىچمەي بىر ھەپتىگىچە كېچە - كۈندۈز يول ماڭدى. ئاخىر بىر موماينىڭ ئۆيىگە كەلدى. موماي يىگىتنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ئەھۋالىنى سورىدى. يىگىتكە ئاش - تائام بېرىپ :

— ئى يىگىت، مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىن، بىر ساھىبجامال قىزىم بار ساڭا بېرەي، — دەپ قىزىنى كۆرسەتكەنىدى، ئاپتاپ چىراي، ئاي يۈزلۈك، سەرۋى قامەت، يۈزى لالىدەك، ئاغزى پىستىدەك بىر قىز ئۆيدىن ناز - خۇلقلار بىلەن چىقتى. يىگىت كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن موماينىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلىپ بىر نەچچە زامان تۇردى. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى موماي :

— ئى ئوغۇل، خىزمىتىمنى ياخشى قىلدىڭ. سېنى ئوغۇل قىلدىم، — دەپ قىزىنى بەردىيۇ، ئەمما بۇلارغا ھۇجرا بەرمىدى. يىگىت ئالدىرايتتى، لېكىن قىز ئۇنىڭغا :

— مېنى بىر يەرگە ئېلىپ كەتكىن. شۇ يەرگە بېرىپ مۇرادىمىزغا يەتكۈچە ئىشرەت قىلمىساق، بۇ يەردە مۇرادىڭ ھاسىل بولمايدۇ، — دېدى.

بىر كۈنى يىگىت رۇخسەت سوراپ :

— ئى ئانا، رۇخسەت بەرسىڭىز، جۈپتۈمنى ئېلىپ ئۆز مەنزىلىمگە يانسام، — دېدى. موماي قىزىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى ئوغلۇم، مەن كۈچ - قۇۋۋىتىمدىن قالغاندا جىگەر پارەمنىڭ پىراقىدا ھالىم نىچۇك بولۇپ كېتەر، رۇخسەت قىلماي دېسەم سەن ئوغۇل بولدۇڭ، خىزمىتىمنى تولا قىلدىڭ. قىزىمنىمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بەردىم. ئەمدى ئىلاجىم يوق، بېرىڭلار، — دەپ ئىلاجىسىز رۇخسەت بېرىپ ئات - ئۇلاغ، سەپەر تەييارلىقىنى راسلاپ بەردى. قىز يىگىتكە :

— ئاتىقا ئوزۇق يۈكلەڭ ، تۆش ، ئۇلاغلىرىنى ئېتىڭ ، — دېدى .

— ئوبدان ، — دەپ ئاتىنى ئېلىپ كېلىپ ئېگەر ـ توقۇمنى توقۇدى ، قۇشقۇن سالاي دەپ قۇيرۇقىنى تۇتماق بىلەن ئات شىلتىپ ئېتىپ هاللاز ئۇردى . يىگىتنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى . يىگىت بىھوش بولۇپ بىر سائەتتىن كېيىن هوشىغا كەلدى . كۆزىنى ئاچقاندى . ئۆزىنى بىر تاغنىڭ تۆپىسىدە كۆردى . تومۇز ۋاقتى ئىدى ، ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى . يىگىت ئۆلۈمدىن ئۆزگە هېچ چارە تاپالماي نالە ـ زار قىلىپ يەنە بىر مۇنچە يول يۈردى . بىر كەمدە بىر يېشىلزار بوستانلىق كۆرۈندى . يىگىت ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندى . بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ . بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ :

— ئى يىگىت ، قەيەردىن كەلدىڭ ، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن ؟ — دېدى . يىگىت ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى . بوۋاي ئېيتتىكى :

— باغى ئايۋاندا كۆرۈنگەن دىۋە ئىدى . هېلىقى قىزلار پەرىزاتلار ئىدى . هاياتلىقتىن رىزقىڭ بار ئىكەن ، خۇدا سېنى بۇ يەرگە سالامەت يەتكۈزۈپتۇ . هاياتلا بولىدىكەنسەن ، سەنمۇ مېنىڭدەك تائەت بىلەن بولغايسەن . ئەگەر يەنە بىر تەرەپكە بارساڭ ئادەمخور قۇشلار باردۇر . پارە ـ پارە قىلۇر ، — دېدى .

يىگىت بوۋاينىڭ قېشىدا بىر مەزگىل تۇردى . بىر كۈنى بوۋاينىڭ قېشىدىن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاماشا قىلىپ تۇراتتى . بىر ئادەمخور قۇش كېلىپ چاڭگال سېلىپ ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى . تاغدىن ـ تاغقا ئۇچۇپ بىر غارنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى . يەنە بىر قۇش كېلىپ تالىشىپ تۇتۇشۇپ قالدى . يىگىت قۇشنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ غارغا كىردى . قۇشنىڭ تىرناقلىرىنىڭ زەخمىدىن ئىككى ـ ئۈچ سائەت يېتىپ يەنە هالىغا كەلدى . غاردىن چىقىپ ئاۋۋال ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە يول مېڭىپ بىر زىرائەتلىككە يەتتى . ئول كۈنى كېچىچە يول مېڭىپ سۇبهى ۋاقتى بىلەن بىر شەھەرنى كۆردى . ئۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا كۆپلىگەن لەشكەرلەر تۇرۇپتۇ . بۇ يىگىت كېلىشى بىلەن شاھانە تون ـ سەرپايىلەرنى كىيدۈرۈپ ، ئارغىماققا مىندۈرۈپ ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر ۋە

يۇرت چوڭلىرى يىغىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. بىر قەسىردە تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ بېشىغا پادىشاھلىق تاج كىيدۈرۈپ مۇبارەكلەپ، تەزىم قىلىپ سەپ - سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. يىگىت ھەيران بولۇپ تۇراتتى. جامائەت ئېيتتىكى:

— ئى يىگىت، بىزنىڭ رەسىمىمىز شۇكى، پادىشاھ ئالەمدىن يانسا، ئەتىگىنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تېشىغا چىقىپ جەم بولىمىز. ئۆزى مۇساپىر بولۇپ ئەتىگەندە تۇنجى بولۇپ يىراقتىن كەلگەن بولسا، ئۇنى پادىشاھ قىلىمىز. خەلق كۆپ كېلەتتى. ئەمما سىز ھەممىدىن ئىلگىرى كەلدىڭىز ھەم مۇساپىر ئىكەنسىز. مۇشۇ سەۋەبتىن سىزنى پادىشاھ قىلدۇق، — دېدى. يىگىت خۇشال بولدى. ئاندىن جامائەت تارقاشتى. پادىشاھنىڭ ھەرىمىدىن ساراي ۋەكىلى كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. بۇ يىگىت سورىدىكى:

— سەن كىم بولىسەن؟

— ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ساراي ۋەكىلى ئىدىم. پادىشاھنىڭ يەتتە خوتۇنى باردۇر. ئاۋۋالقى خوتۇنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمىز، — دېدى. ساراي ۋەكىلى ئالدىدا، پادىشاھ كەينىدىن ماڭدى. بىر نازىنىن قولىغا بىر قىزىل گۈلنى ئېلىپ چىقىپ كەلدى. خىلۋەت سارايغا ئېلىپ كىردى. ئاندىن كېيىن پادىشاھنى ھامامغا ئېلىپ كىرىپ چاڭ - توزانلارنى ئېرىتىپ، مۇشك - گۇلاپ بىلەن يۇدى. شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ ئەيش - ئىشرەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئالتە كۈن ئالتە ھەرەمدە ئەيش - ئىشرەت قىلدى. ساراي ۋەكىلى ئېيتتىكى؛

— ئى پادىشاھىم، ئالتىنچى ھەرەمگىچە ئەيش - ئىشرەت قىلدىڭىز. يەتتىنچى ھەرەمدىن ھەزەر قىلغايسىز. ئاۋۋالقى پادىشاھقا بۇ ھەرەمنىڭ سىرى مەلۇم ئىدى. بۇ ھەرەمگە كەلمەيتتى، — دېدى. يىگىت:

— ئى ۋەكىل، بۇ سىرنى ماڭا مەلۇم قىل، — دېدى، ساراي ۋەكىلى:

— مەن بىلمەيمەن، ئەگەر بىلگەن بولسام ئېيتقان بولاتتىم، — دەپ قەسەملەر قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆرۈش ئارزۇسى تېخمۇ

زىيادە بولۇپ، چىداپ تۇرالماي ئۇل ھەرەمگە كىردى. كۆردىكى ئۆزگە ھەرەملەردىن مىڭ ھەسسە گۈزەل ئىدى. خۇددى قۇياشتەك بىر گۈزەل مەلىكە قولىدا بىنەپشە گۈل تۇتۇپ چىقتى. چۇنكى بۇنىڭ سۇپىتى ئاپ-تاپ، باشقىلىرى زەررىدەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق بولۇپ، بىقارارلىقتىن بىئارام بولدى. نازىنىن يېتىلەپ ھامامغا ئېلىپ كىرىپ مۇشىك ـ ئەنبەر بىلەن يۇيۇپ مىڭلىغان ناز ـ خۇلقلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلدى. ئاندىن كېيىن نازىنىن:

— ئى يىگىت، مېنىڭ بەدىنىمگە قارىمىغىن، — دەپ ئۇخلاپ قالدى. يىگىت ئۇخلاپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ مەلىكىنىڭ بەدىنىگە كۆزى چۈشتى. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغاندى، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولدى، يەنە ھوشىغا كېلىپ قارىسا ئاۋۋال كىرگەن ھامامدا يېتىپتۇ. بىردىنلا بىر ئىشىك پەيدا بولدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كۆردىكى، نۆكەر ۋە چاكارلىرى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. نۆكەرلەر كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كەلگەنىدى، كىيىمدى. باشتىن ـ ئاياغ كۆك لىباس كىيدى. بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمىدى. ھېسابلاپ كۆرسە، ھامامغا كىرىپ چىقىشقا ساق بىر يىل توشۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نۆكەرلىرى بىلەن يېنىپ بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمما ھايات بولغان بىلەن بۇ يىگىت سۆزلىمەيتتى، — دەپ گۈلشات شىرزاتقا بۇ داستاننى ئېيتىپ بەردى. شىرزات خۇشال بولۇپ، گۈلشاتنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ جاۋاھىرلار ئۆرۈپ، ئۇيىقۇغا كەتتى.

### نەزمە

ئېچىلىپ كۆڭلى ئانىڭ خۇرام ئىدى ۋە بەكمۇ شاد،
شادلىقىڭدا ئوينۇالغىن شىر يىگىت غەزەپ بۇ شاد.
كەلسە تەقدىردىن قازالار بەندىلەرگە نېمە ئىلاج،
توۋا قىلسا چىن دىلىدىن دۇشمىنىڭنى قىل ئازاد.

## گۈلشات بىلەن شىرزات ئون ئىككىنچى كۈنى ئون ئىككىنچى قەسىردە بەزمە تۈزگىنى

رۇخ ۋەزىر قەست ئەيلىدى قانلار چېچىپ ،
چۈشتى دامغا ئاخىرى بولماي قېچىپ .
شىر يىگىت ئالمىدى ئۆچ ، قىلىپ پارە ،
ئول ۋەزىر تووۋا قىلدى تاپتى چارە .

خەۋەر بەرگۈچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، گۈلشات بىلەن شىرزات ئون ئىككىنچى كۈنى ئون ئىككىنچى قەسىردە بەزمە قىلدى . ئاي يۈزلۈك نازىنىنلار پىيالە تۇتماقتا ئىدى . شىرزات مەينىڭ شىددىتىدىن مەست بولۇپ ، ئانىسىنىڭ ۋەقەلىرى ئېسىگە كېلىپ خادىملىرىغا :

— پەررۇخزادنى ئۆلتۈرۈڭلار ، — دەپ پەرمان قىلدى . شۇ زامان گۈلشات قەددىنى تۈزۈپ تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئاتام گەرچە ئۆلۈمگە لايىق بولسىمۇ ، ھەزرەتلىرىگە ئەيۇ قىلىش مۇناسىپتۇر . بۇ يەردىمۇ بىر ھېكايەم بار ئىدى ، يارلىق قىلسىلا ، سەمى شەرىپلىرىگە ئەرز قىلسام ، — دېدى .

شىرزات ئېيتتىكى :

— ئى جېنىمنىڭ راھىتى ، مەرھەمەت قىل .

### دانىشمەن شاھزادىلەر ھېكايىسى

گۈلشات تۆتىدەك شېرىن تىللار بىلەن شېكەر چېچىپ دېدىكى :

ئى پادىشاھى ئالەم ، ئۆتكەن زاماندا سەرەندىپ شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى . بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ ، بۇلار ئىلىم ـ پەزىلەتتە مىسلىسىز ئىدى . بىر كۈنى پادىشاھ ئەندىشە قىلىپ : « پەرزەنتلىرىمنى بىر سىناپ باقاي ، ئەقىل ـ پاراسەت ، ئىلىم ـ بىلىمدە قانداقراق بولدىكىن » دەپ ئويلاپ چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ :

— ئى ئوغلۇم، سەن ئوغۇللىرىمنىڭ چوڭى، مېنىڭ قەددىم پۈكۈلۈپ، كۆزۈم خىرە، ئەقلىم تىرە ( قاراڭغۇ ) بوپتۇ. يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى. بۇ مەملىكەتنى ساڭا تاپشۇردۇم. ياخشى باشقۇرغىن، — دېدى. بۇ يىگىت ئاقىل، دانىشمەن ئىدى:

— ھەزرەتلىرىنىڭ داۋام دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان بولسۇنكى، مەن كەمىنىنىڭ نە ھەددى ھەزرەتلىرىنىڭ قەدەم باسقان يەرلىرىگە قەدەم قويغىلى. مەن بىچارە سىلىنىڭ نەپەسلىرىدە تىنىپ، دېگەنلىرىنى قىلىمەن. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىلىنىڭ تەختلىرىگە چىقمايمەن، — دېدى.

پادىشاھ بۇ ئوغلىدىن مۇنداق جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولدى. كۆڭلىدە ماختاپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەر قىلدى. ئەمما كۆرۈنۈشتە غەزەپلىنىپ:

— ھەي ئەقىلسىز، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ھەيدەپ چىقار-دى. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى ئوغلىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن چاقىرىپ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلدى. بۇ ئوغلىمۇ زېرەك ئىدى. ئۇمۇ:

— ئى ئاتا، نېمە دېسىلە شۇنى قىلىشقا خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، لېكىن ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىدا تاج - تەختكە دەم ئۇرۇپ مەملىكەتنى قوبۇل قىلماق ئوبدان ئەمەستۇر. تەختلىرىدە ئولتۇرۇشقا ھەددىم ئەمەس، ئۆزلىرى ئولتۇرغايلا، — دېدى. ئاندىن پادىشاھ كىچىك ئوغلىنى چاقىرتتى. يۇقىرىقى ۋەقەنى ئۇنىڭغىمۇ بايان قىلدى.

ئەلقىسسە، بۇ ھەم ئاكىلىرى ئېيتقاندەك جاۋاب بەردى. پادىشاھ پەرزەنتلىرىدىن خۇشال بولۇپ: «بۇلار دۆلەتنىڭ قەدرىگە يەتكەي، خەلقنىڭ ھالى - ئەھۋالىنى بىلگەي، مېھنەت ئوتىدا كۆيگەي، ياخشى - يامانىنى تەجرىبە قىلغاي» دەپ ئوغلانلىرىنىڭ مۇساپىر بولمىقىنى ئىختىيار قىلدى. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ بۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ مۇساپىر چىلىققا چىقى-شىغا پەرمان قىلدى. شاھزادىلەر سەپەر جابدۇقىنى تەييارلاپ سەپەرگە ئاتلاندى. بۇلار گاھى باياۋانلاردا، گاھى شەھەرمۇ شەھەر يۈرەر ئىدى. بۇلار تىجارەت قىلىش غەرىزىدە چىققانىدى. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر

ئىقلىمنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىپ باراتتى، بىردىنلا كۆردىكى، بىر زەڭگى ئادەم ئالدىراپ يىرىپ كېلىپ شاھزادىلەردىن:

— ئى يىگىتلەر، تۆگە كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئېيتتىكى:

— تۆگىنىڭ بىر كۆزى كورمىدى؟ — يەنە بىرى سورىدى:

— تۆگىنىڭ بىر چىشى سۇنۇقمىدى؟ — يەنە بىرى سورىدى:

— بىر پۇتى ئاقساقمىدى؟ — يەنە سورىدى:

— تۆگىنىڭ بىر تەرىپىدە شىرنە، بىر تەرىپىدە ياغ بارمىدى؟ — يەنە سورىدى:

— تۆپىسىدە ھامىلدار خوتۇن بارمىدى؟ — يەنە بىرى سورىدى:

— تۆگىڭىزنىڭ كەينىدە كالتە قۇيرۇق ئىت بارمىدى؟

بۇ شاھزادىلەر ئېيتقان نىشانلارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ھېلىقى ئادەم ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «بۇلار تۆگەمنى كۆرگەنىكەن» دەپ ئويلاپ:

— ئى يىگىتلەر، تۆگە نەدىرەك ئۇچرىدى؟ — دېدى. ئۇلار:

— مۇشۇ يول بىلەن بارساڭ تاپىسەن، — دېدى. تۆگىچى ئاندىن يولغا راۋان بولدى. شاھزادىلەرمۇ راۋان بولدى. بۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈچ - تۆت پەرسەڭ يول يۈرۈپ بىر خۇش ھاۋالىق جايىنى تېپىپ ئۇخلاپ ياتتى. ئەمما تۆگىچى بىرنەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپ تۆگىسىنى تاپالماي، ئالدىراپ ئارقىسىغا يېنىپ يىگىتلەرنىڭ قېشىغا كەلسە، دەرەخ تۈۋىدە يېتىپتۇ. تۆگىچى ئېيتتىكى:

— ئى يىگىتلەر، تۆگەم قېنى؟ شۇنچە ئۇزاق يول ماڭساممۇ تاپالمىدىم، تۆگەمنى بېرىڭلار، — دېدى. شاھزادىلەر:

— بىز كۆرمىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. تۆگىچى بۇلارغا غەزەپلىنىپ:

— ھەي خالايىق! بۇ ياققا كېلىڭلار!... بۇ يەرگە ئۈچ ئوغرى پەيدا بوپتۇ. بۇ يەردە پۇرسەت كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئات، تۆگە ئوغرىلىرى ئىكەن!... — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. تۆگىچىنىڭ غوۋغاسىنى

ئاڭلاپ خالايىقلار جەم بولۇپ، بىرسى ئۇنى، بىرسى بۇنى دەپ ماجىرا كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يىگىتلەرنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپاردى ۋە ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ يىگىتلەرگە:

— ئى يىگىتلەر، بۇ نىشانلارنى بىلگەنگە قارىغاندا، تۆگىنى سىلەر ئېلىپسىلەر، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — دېدى. بۇلار ئېيتتىكى:

— بىز مۇساپىردۇرمىز، نەچچە يىللار بولدى، چاڭ - توزانلاردا يۈرۈپ ئالەم كېزىپ، تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىردىنلا بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئادەم ئۇچراپ تۆگىسىنى سورىدى. ئۇيىنىشىپ بۇ نىشانلىرىنى ئېيتتۇق. ئەمما تۆگىسىنى كۆرمىدۇق. بۇ ئويۇن سۆزىمىز راست ئىشقا ئوخشاپ قاپتۇ. باشقا ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق، — دېدى. پادىشاھ بۇلارنى زىندانغا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر كىشى تۆگىنى يىگىتلەر ئېيتقان نىشان بىلەن تۆگىچىنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. تۆگىچى تۆگىسىنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ گۇناھسىز يىگىتلەرگە ھەق ئازار بەرگەنلىكىگە مالال بولۇپ، يىگىتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، يىگىتلەرنى زىنداندىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلدى، پادىشاھ بۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ زىياپەت بەردى. سورىدىكى:

— ئى يىگىتلەر، تۆگىنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇ نىشاننى قانداق بىلدىڭلار؟ راستلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىڭلار.

شاھزادىلەر ئېيتتى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، تۆگىنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، يولدا ئوت - چۆپلەرنى يەپ مېڭىپتۇ، لېكىن بىر تەرەپنى يەپ، بىر تەرەپنى يېمەپتۇ، — دېدى، يەنە بىرى:

— بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئاقساق ئىكەن دېدىم، — دېدى، يەنە بىرى:

— ھەرقانداق گىياھنى يىسە ئوتتۇرىسى ساق قاپتۇ، بىر چىشىنىڭ سۇنۇقلىرىنى شۇنىڭدىن بىلدىم، — دېدى. پادىشاھ:

— يۇقىرىقىلارنىڭغۇ دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تېپىپسىلەر، قالغان ئۈچ ئىشنى قانداق بىلدىڭلار، — دەپ سورىدى. شاھزادىلەردىن بىرى:

— تۆگىنىڭ بىر يېنىدا شىرنە بار ، بىر يېنىدا ياغ بار ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى ، بىر تەرەپكە چۈمۈلە ئولىشىپتۇ ، چۈمۈلە تاتلىق نەرسىگە ئامراق ، بۇنىڭدىن شىرنە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ، يەنە بىر تەرەپكە چىۋىن ئولىشىپتۇ ، چۈنكى چىۋىنمۇ مايلىق نەرسىلەرگە ئامراقتۇر ۋە ماي تېمىپ مېڭىپتۇ ، — دېدى . يەنە بىرى :

— تۆگىدە مەزلۇم كىشى بار ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن پەملىدىمكى ، تۆگە چۆكۈپتۇ ، مەزلۇم ئولتۇرغان يەردىن تۇپراق ئېلىپ پۇرىسام شەھۋىتىم قوزغالدى . ئۇنىڭدىن مەزلۇم كىشى بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم . قوپقاندا تايىنىپ قوپۇپتۇ ، ئۇنىڭدىن قاراپ ھامىلدار ئىكەن دېدىم . بىر يەرگە بېرىپ ھاجەت قىلىپ كۆممەپتۇ ، بۇنىڭدىن قاراپ خىزمەتكار ئىكەن ، دېدىم ، — دېدى . يەنە بىرى ئېيتتى :

— قەيەردە تۆگە توختىسا ، ئىت زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەمما قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى يەرگە پېتىپتۇ . بۇنىڭدىن ئىت كالتە قۇيرۇق ئىكەن دېدىم ، — دېدى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ ماختاپ ، شاھانە كىيىملەر كىيدۈردى . ئول كۈنى توختىتىپ ، مەخسۇس ھۇجرا تەيىنلەپ بەردى . بۇلار بىلەن بەزمە قۇرۇپ مەي ئىچىشتى . پادىشاھ قايتىپ چىقىپ بىر كوزا شاراپ بىلەن بىر پاقلان كاۋىپى ئەۋەتىپ :

— بۇ پاقلاننى مەي ئىچكەندە يېگەي ، — دېدى .

بۇلار مەينى ئىچىپ كەيپ بولۇشتى . پادىشاھ كېلىپ دېرىزىدىن تىڭشاپ تۇرغانىدى ، بۇلاردىن بىرى :

— بۇ پاقلاننى ئىت سۈتىدە باققانىكەن ، — دېدى ، يەنە بىرى :

— بۇ شاراب تېلىنى ئادەم قېنى بىلەن پەرۋىش قىلغانىكەن ، — دېدى ، يەنە بىرى :

— بۇ پادىشاھنىڭ ئاتىسى ناۋاي بولسا كېرەك ، — دېدى . پادىشاھ بۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى يىگىتلەر ، بايىقى سۆزۈڭلارنى قايتا ئېيتىڭلار ، — دېدى .

بۇ شاھزادىلەرگە ئېيتماقتىن ئۆزگە چارە قالمىدى . ئاخىر قايتىدىن ئېيتتى . پادىشاھ ھەيران بولۇپ سورىغىنىغا پۇشايمان قىلدى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ بۇ يىگىتلەرنىڭ قېشىدىن چىقىپ باغۋەننى چاقىرىپ غەزەپ بىلەن سورىدى :

— بۇ شارابنىڭ ئۈزۈمنى قەيەردىن ئالغانىدىڭ ، راستىنى ئېيت ! بولمىسا ، بېشىڭنى كېسىمەن ؟

باغۋەن :

— بۇ شارابنىڭ ئۈزۈمنىڭ ئورنى گۆرىستانلىق ئىدى ، — دەپ جاۋاب بەردى . ئاندىن قويچىنى چاقىرىپ :

— بۇ قوزا قانداق قوزا ئىدى ؟ — دەپ سورىدى . قويچى :

— بۇ قوزىنىڭ ئانىسىنى بۆرە يەپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئىتتىن ئېمىپ چوڭ بولغانىدى ، — دەپ جاۋاب بەردى . بۇ يەردىن چىقىپ غەزەپ بىلەن بىر قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى ئانا ، مەن كىمنىڭ پەرزەنتى ؟ كىمدىن بولغانمەن ؟ بۇنى سەندىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ . راستىنى ئېيتقىن ، بولمىسا ئۆلتۈرىمەن ، — دېدى . ئانىسى :

— ئى ئوغلۇم ، مەن قېرىغاندا بۇنداق يامان سۆزلەرنى قىلما ، سېنىڭ ئاتاڭ پادىشاھ ئىدى ، — دېدى . پادىشاھ : « راستىنى ئېيتمىساڭ ئۆلسەن » دەپ چىڭ تۇردى . ئاخىر ئانىسى :

— ئى ئوغلۇم ، بۇ سۆز سورايدىغان سۆز ئەمەس ، ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇشايمانغا قالىسەن ، — دېدى . پادىشاھ يەنە قىستىدى . موماي ئاخىر ئېيتماقتىن ئۆزگە ئىلاج تاپالماي :

— ئى ئوغلۇم ، ئاتاڭنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى . بۇ سەۋەبتىن ئۇ غەمكىن ئىدى . بىر كۈنى ئاتاڭ شىكارغا چىقتى . مەن راۋاقتا ئولتۇراتتىم . بىر ناۋاي يىگىت بېشىدا نان كۆتۈرۈپ كەلدى . مەن ئاشىق بولۇپ قىچقاردىم ، ئۇنىڭ بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ساڭا ھامىلدار بولدۇم . سەن شۇ ناۋاي يىگىتتىن بولساڭ كېرەك ، — دېدى . پادىشاھ سورىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ، خىجالەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي

ئانىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، يىگىتلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر دورەم شاراب ئىچكەندىن كېيىن:

— ئى يىگىتلەر، سىلەر ماڭا نېمە دېگەن بولساڭلار شۇنى نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ باقساڭلار، — دېدى. يىگىتلەردىن بىرى ئېيتتى:

— مەن شۇنىڭدىن بىلدىمكى، مەي شادلىق كەلتۈرەتتى. لېكىن بۇ مەي ماڭا غەم كەلتۈردى. بۇنىڭغا قاراپ: ئۈزۈم ئادەم قېنىدا سۇغىرىلىپتۇ، دەپ ئويلىدىم، — يەنە بىرى ئېيتتى:

— مەن كاۋاپنى يېسەم كۆڭلۈمدە شەك پەيدا بولدى. ئاندىن گۆشتىن ئىتنىڭ پۇرىقى كەلدى. بۇنىڭغا قاراپ، ئىت ئەمگەنىكەن دېدىم، — يەنە بىرى ئېيتتى:

— مەن ھەرقانداق پادىشاھ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالسام ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسالاتتىم. ئۇلاردىن پادىشاھلىقتىن ئۆزگە نىشان كۆرمەيتتىم. ئەمما ئۆزلىرىدىن نان گېپىدىن بۆلەك گەپ-سۆز ئاڭلىمىدىم، يەنە بىرسى: بىر ناۋاي يىگىت نان كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى. دەرھال ناننى ئېلىپ يۈزى ۋە ئۇلىغا قاراپ بېقىپ، پىرقىرىتىپ ۋەزنىنى دەڭسەپ باقتىلا، بۇنىڭغا قاراپ «گەرچە پادىشاھ بولسىمۇ، ئەسلىدە ناۋاي يىگىتكە ئوخشايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دېدى. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئى يىگىتلەر، بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكمەك ئادالەتتىن ئەمەس. بولمىسا بېشىڭلارنى كەسكەن بولار ئىدىم. دېگەنلىرىڭلار خاھى راست، خاھى يالغان بولسا بۇ سىرلارنى ئاغزىڭلاردىن چىقارماڭلار، سىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىڭلارغا ئاپىرىن، — دەپ ھەر بىر شاھزادىگە مىڭدىن دىنار بېرىپ رۇخسەت بەردى. بۇ شاھزادىلەر ئۆز دىيارىغا يېتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاتا-ئانىلىرى بۇلارنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ مەملىكەت تەۋەلىكىنى ئۈچ بۆلەك قىلىپ ئۈچ ئوغلىغا بېرىپ، ئۆزى ئىبادەتكە شۇغۇللاندى. بۇ ئۈچ شاھزادە ھەرقايسىسى ئاتىسى تەقسىم قىلىپ بەرگەن مەملىكەتلەرگە

پادىشاھلىق قىلدى، — دەپ گۆلشات ھېكايىسىنى تامام قىلدى.

شىرزات گۆلشاتقا تېخىمۇ مېھربانلىقى ئېشىپ، ئۇنىڭ ئاتىسى پەررۇخزادنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ مۈلكىي ئىشلار ۋەزىرى قىلدى.

# مەلىكە فەرەڭ ھېكايىسى

ھېكايىلەردە ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى: باغدات شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن مەشھۇر، تۇرلۇك سۈپەتلىرى بىلەن مەمۇر، خەلقى شاد، مەملىكىتى ئاۋات ئىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ناھايىتى ساھىبجامال، زېرەك ئىدى. ئۇ شىكارغا ئامراق ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شىكارغا چىقتى. كۆپلىگەن كېيىك ئۇچرىدى. شاھزادە ۋە باشقا سىپاھلار كېيىكنى ئارىغا ئالدى. شاھزادە بىردىنلا بىر ئاق كېيىكنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— ئول كېيىكنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، ئەگەر بۇ كېيىك كىمنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قېچىپ كەتسە بېشىنى ئالىمەن، — دېدى. تەقدىر بىلەن ئول كېيىك شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆت ئايىغىنى بىر يەرگە قىلىپ شاھزادىنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. شاھزادە كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى ۋە ئارقامدىن ھېچ كىشى كەلمىسۇن دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزى يالغۇز كېيىكنى قوغلاپ ماڭدى. كېيىك بىر چۆللۈككە چىقتى. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ ئارقىسىدىن قوغلاپ، جاڭگالنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر بوستانلىقنى كۆردى. ئۇ يەردە ئازار چەككەن بىر دەرۋىش ئولتۇرۇپتۇ. كېيىك بېرىپ ئۇنىڭ قۇينىغا كىرگەندى، دەرۋىش ئول كېيىكنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

كېيىك شاھزادىنى كۆرۈپ تىترەپ تۇراتتى. شاھزادە كېلىپ دەرۋىشكە سالام قىلدى. دەرۋىش جاۋاب سالام بېرىپ:

— ئى يىگىت، سەن قەيەردىن كەلدىڭ، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— شىكارغا چىققانىدىم، بۇ كېيىكنى قوغلاپ كەلسەم كېيىك سىنىڭ قوينۇڭغا كىرىۋالدى، سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىپتۇ، — دېدى

شاھزادە.

— ئى شاھزادە، بۇ جانۋارنى مەن پەرۋىش قىلغانىدىم. ئۇمۇ ماڭا رام بولغانىدى، — دەپ دەرۋىش ئورنىدىن قوپۇپ ئاۋۋال ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. ئاندىن سول قولىنى كۆتۈردى. ئاۋۋال ھۆ سېلىپ يىغلىدى، ئاندىن قوينىدىن بىرنەرسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېقىپ قاقاقلاپ كۈلدى. شاھزادە بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، دەرۋىش:

— ئوڭ قولۇمدا كۆپلىگەن تۆگە ۋە قېچىرلار بار ئىدى، سول قولۇمدا نۇرغۇنلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بار ئىدى. ھەممىسى كەتتى. ئۇلارنى يادلىنىپ يىغلايمەن، — دېدى. شاھزادە سورىدى:

— ئى دەرۋىش، قوينۇڭدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېقىپ كۈلدۈڭ، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئى يىگىت، — دېدى دەرۋىش، — ئۇنى سورىمىغىن، بولمىسا سەنمۇ مۇشۇنداق ھالغا قالارسەن، — شاھزادە ئېيتتىكى:

— ماڭا ئېيتىپ بەرگەيسەن، — دەپ تەلەپ قىلدى. ئاندىن دەرۋىش قوينىدىن بىر يىپەك ياغلىقنى چىقاردى. ئۇل ياغلىقتا مەرزۇق فەرەڭنىڭ قىزىنىڭ سۈرىتى تارتىقلىق ئىدى. شاھزادە ئۇل سۈرەتنى كۆرۈپ ئاشىق ـ شەيدا بولدى.

— بۇ سۈرەتنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ — دېدى. دەرۋىش ئېيتتىكى:

— مەن فەرەڭگە بارغانىدىم، ئۇ قىز ھەر جۈمە كۈنى باغ تاماشىسى قىلىش ئۈچۈن بارىدىكەن. ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى ئېغىزدىن چىقىرالمايدىكەن. مۇبادا دىققەتسىزلىكتىن ئەر كىشىنىڭ گېپىنى قىلسا، تىلىنى سۇغۇرۇۋالىدىكەن.

ئەلقىسسە، ئۇل قىزنى دېرىزىنىڭ تۆشۈكىدىن كۆرۈپ ئاشىق ـ بىقارار بولدۇم، ئى شاھزادە، ئۇل شاھ، مەن گاداي، ئۇ ئاپتاپ، مەن زەررە، ئۇ ئاي، مەن يۇلتۇز تۇرسام، ئۇل قىز ماڭا قانداق مۇيەسسەر بولغاي؟... شۇڭا مەن ھەمىشە ئۇنى ئويلايتتىم. لېكىن ھېچ چارە تاپالمىدىم. ئۇ قىزنىڭ بىر سۈرەتچىسى بار ئىدى، ھەرزامان مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ:

«ھەركىم بۇ سۈرەتكە ئاشىق بولسا مۇشۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسە بېرىمەن» دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتى. مەن ھەممە مېلىمنى سېتىپ تەلەپ قىلغان ئالتۇننى بېرىپ سۈرەتنى سېتىۋالدىم، — دېدى. شاھزادە «سۈرەتنى كۆرەي» دەپ ئېلىپ قوينىغا سالدى. دەرۋىش شاھزادىگە:

— ئى شاھزادە، ماڭا بۇ زۇلۇمنى قىلمەن دېمىگىن، — دەپ كۆپ يالۋۇردى. شاھزادە ماقۇل بولمىدى. بېلىدىكى كەمەردە بىر خەنجىرى بار ئىدى. ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنى بېرىپ:

— ئى دەرۋىش، بۇ كەمەر بىلەن خەنجەر باغداتنىڭ يەتتە يىللىق خەرجى بىلەن بولغان، — دەپ سۈرەتنى ئېلىپ ئوردىسىغا كەلدى. كېچە ـ كۈندۈز ئول سۈرەتنىڭ تاماشىسىغا مەشغۇل بولدى. ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ يېمەك ـ ئىچمەكتىن قالدى. ئۇيقۇنى ھەم تەرك قىلدى. ئوردا ئەھلى بۇنى پادىشاھقا خەۋەر قىلىپ:

— شاھزادىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق كېرەك. ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بولدى، تائام يېمىدى، سۇ ئىچمىدى. ھېچكىمنى قېشىغا كىرگۈزمەيدۇ، — دېيىشتى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بىر قانچە ئاۋاز قىلدى، جاۋاب چىقمىدى. ئاخىر ئىشىكنى چېقىپ شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھەسرەت چەكتى. شاھزادىدىن سۈرەتنى ئېلىپ يىرتماقچى بولدى. شاھزادە قوپۇپ پادىشاھتىن سۈرەتنى ئېلىپ:

— ئى ئاتا، بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسىگە ئاشىقتۇرمەن. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، بولمىسا ھالاك بولىمەن، — دېدى. پادىشاھ شاھزادىنى يېتىلەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئەمەلدارلار قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى ئۇلارغا ئېيتتى. ئەمەلدارلار:

— شاھزادىنى بۇ سۈرەتنىڭ ئىگىسى قېشىغا ئەۋەتمەك كېرەك. بولمىسا شاھزادە ھالاك بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. پادىشاھ ئوغلىدىن سوراپ:

— ئى ئوغلۇم، سۈرەت ئىگىسىنى ماڭا ئېيتقايسەن، زەر بىلەن مۇيەسسەر بولغىلى بولسا، زەر ( ئالتۇن ) بېرەي، ئەگەر زور بىلەن قولغا كەلسە، لەشكەر ئەۋەتەي، — دېدى. شاھزادە ئېيتتى:

— ئى ئاتا، بۇ سۈرەت مەرزۇق فەرەڭنىڭ قىزىنىڭ سۈرىتى ئىمىش.

پادىشاھ ۋەزىر، ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ:

— ئى سىپاھلار، سىزلەرنى شۇنداق مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن تەربىيەت قىلىپ كەلگەنىدىم، ئەمدىلىكتە ياردەم قىلىپ مەدەت بەرگەيسىزلەر، مەرزۇق فەرەڭگە كۈچۈم يەتمەس، ئالتۇن بىلەن ئالدىغىلى بولماس، ئۇنىڭدىن باشقا قانداق تەدبىر قىلماق كېرەك، — دەپ مەسلىھەت سالدى. ۋەزىر ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئىشنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن شاھزادىنى ئەۋەتمەك كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

پادىشاھ خەزىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ، بەش قاتار تۆگىگە قىزىل ئالتۇن، بەش قاتار قېچىرغا دۇر - جاۋاھىر، لەئەل، ياقۇت، فىروزا، ئالماس يۈكلەتتى. قىرىق تۆگىگە قىممەت باھالىق رەختلەرنى يۈكلەپ شاھزادىنى كارۋانغا قوشۇپ قويدى. شاھزادە بۇ ماللارنى ئېلىپ كارۋانلار بىلەن فەرەڭ يولىغا كىردى. دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ نەچچە كۈنلەر مېڭىپ فەرەڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، بىر كارۋان سارايغا چۈشتى. ئۇ يەردە بىر قېرى موماي بار ئىدى. شاھزادە ئول مومايىنى تېپىپ كۆپ ئىنئاملار بەردى. ئاندىن كېيىن:

— ئى ئانا، پادىشاھنىڭ قىزىنى تونۇمسىز كىن؟ — دەپ سورىدى. موماي ئېيتتىكى:

— ئۇنى تونۇمايمەن، لېكىن بۇنداق نىيەتتىن يانغىن، ئۇنىڭ قېشىدا ئەر كىشىنىڭ گېپىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز ئاغزىڭدىن ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ قالدىغان بولساڭ، گەجگىدىن تارتىدۇ، — دېدى. شاھزادە يىغلاپ يەنە ئون مىڭ تىللا بەردى. ئول كەمپىر ئىنئامنى كۆرۈپ:

— ئى شاھزادە، خاتىرەمگە بىر ھىيلە - مىكىر كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. شاھزادە ئېيتتى:

— نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلغايمەن، دەرھال ئېيتقىن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى موماي سەن ئاغرىق بولۇپ ياتقىن. سېنى تەختىراۋانغا سېلىپ ئول قىزنىڭ ئۆتەر يولىدا قويىمەن. مۇشۇ باھانە بىلەن كۆرەلەيسەن.

شۇنداق قىلىپ شاھزادىگە بىر كونا چاپاننى كىيدۈرۈپ، يۈزىگە زەچمۇە، زەپىرانلارنى سۈرتۈپ، تەختكە سېلىپ ئىككى كىشىگە كۆتۈرتۈپ مەلىكىنىڭ ئۆتەر يولىدا قويدى. ئاندىن كۆتۈرگۈچىلەر يىراق بىر يەرگە بېرىپ تۇردى. شۇنداق تۇراتتى. بىر ئالامەتنىڭ شەپىسى پەيدا بولۇپ، تۆت يۈز قىز بىلەن مەلىكە چىقىپ كەلدى. بەزى قىزلار كېلىپ شاھزادىنى «ئاغرىق ئىكەن، ئىسىت، مەلىكەم كەلسە بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى» دېيىشىپ تۇراتتى، مەلىكە يېتىپ كېلىپ سورىدى:

— ئول نېمەدۇر؟

ئەلقىسسە، قىزلار مەلىكىدىن قورقۇپ يىراق تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— بىر نەرسە ئاغرىق ياتىدۇ، جامائىتى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، سىزنى كۆرۈپ ئۇنى تاشلاپ قېچىپتۇ، — بۇنى ئاڭلاپ مەلىكە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن بىرقانچە نان، بىرنەچچە تەڭگە پۇلنى بېشىدا قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئول كىشىلەر شاھزادىنى تەخت بىلەن كۆتۈرۈپ كارۋان سارايغا ئېلىپ كەلدى.

ئول كۈن ئۆتۈپ يەنە ئەتىسى مومايىنى چاقىرىپ:

— ئى ئانا، مەلىكىنى يەنە بىر كۆرسەتسەڭ ئىكەن، — دېدى ۋە يەنە بەش مىڭ تىللا بەردى. موماي ئېيتتى:

— ئى شاھزادە، سېنى قىزلار سۈرىتىدە ياساپ، ئاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ چاھار باغىغا ئېلىپ كىرەي، — دېدى. جۇمە كۈنلۈكى بۇ شاھزادىگە قىزلار لىباسىنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا چاچ سېلىپ، پەرەنجە كىيدۈرۈپ، شاھزادىگە قىزلارچە مېڭىشنى مەشىق قىلدۇردى. شاھزادىمۇ قىزلاردىكى ناز - خۇلقلار بىلەن ئەركىلەپ دەسسەشنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ-

دىن كېيىن شاھزادىنى مەلىكىنىڭ چاھار بېغىغا ئېلىپ باردى. بىر سائەت ئولتۇرغانىدى، مەلىكە تۆت يۈز ئۆي قىزلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى. چاھار باغدا كۆل بويىدا تەخت قۇرۇپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى. شاھزادە تامام ئۆي قىزلىرىنى كۆرۈپ ھەرقايسىسىغا بىرخىل ئۇسلۇب بىلەن جىلۋە ـ ناز قىلدى. قىزلار بۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىپ:

— ئى ئانا، بۇ قىز سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. موماي جاۋاب بېرىپ:

— مېنىڭ نەۋرەمدۇر، — دېدى. مەلىكە مومايدىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن شۇ كەمگىچە بىزنىڭ قېشىمىزغا ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

— يامانلارنىڭ تىلىدىن قورقۇپ كەلتۈرمىدىم. لېكىن نەچچە كۈنلەر بولدى، مەلىكەمنىڭ سۆھبىتىگە ئېلىپ بارساڭ خىزمىتىنى قىلغان بولسام، دېدى. شۇ جەھەتتىن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. قىزلار شاھزادىنى ماختاپ، مومايغا قىزىڭىز نۇقسانسىز ئىكەن، ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز ئىكەن، دېيىشتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە باغنىڭ ئىچىدە بىر يەردە ئولتۇراتتى. مەلىكە ئىككى قىزنى سۇغا چۈشۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت يۈز قىزنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈشتى. مەلىكە كۆردىكى بىر قىز بىر چەتتە ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە قىزلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنىمۇ سۇغا تاشلاڭلار، دېدى. شاھزادە كۆردىكى، تۆت يۈز قىز يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە كەلگەن پېتى سۇغا تاشلاش ئۈچۈن ئۇنى كۆتۈرگەنىدى. بىر قىزنىڭ چاڭگىلىغا شاھزادىنىڭ زەكىرى كىرىپ قالدى. ئول قىز دەرھال مەلىكىگە «بۇ قىز ئەمەس ئىكەن. قىز سۈرىتىدە بولۇپ كەپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. مەلىكە قىزلارغا «ئۇرۇڭلار ئۇنى» دەپ پەرمان قىلدى قىزلار ئۇرۇپ شاھزادىنىڭ ساق يېرىنى قويمىدى. مەلىكىنىڭ رەھمى كېلىپ شاھزادىنى قويۇپ بېرىپ، ئىشنى مومايدىن كۆردى. قىلغان گۇناھىغا سۇغا چۆكۈرۈپ مومايىنىمۇ ئۆلۈشكە تاسلا قويدى.

ئەلقىسسە، جامائەت شاھزادىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئالدى. شاھزادە كۆلدىن چىقىپ مىڭ مۇشەققەت بىلەن كارۋان سارايغا يېتىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئەتىسى يەنە مومايىنىڭ قېشىغا بېرىپ، يەنە ئون مىڭ تىللا بېرىپ مەلىكىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. موماي ئېيتتى:
— ئى شاھزادە، سەن ئىككى ئۆلۈمدىن، مەن بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇق، ئەمدى ئامال شۇكى، ئاغۋاتلارغا نۆكەر بولغىن، — دېدى. شاھزادىنى ئاغۋاتچە ياساپ، — مەلىكە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئاغۋاتلارنى يىغىدۇ. شۇ پۇرسەتتە كۆرەلەيسەن، — دېدى. ئۇنىڭغا ئۇزۇك، شاخىنەك، ئوسما تەييارلىدى. ئاندىن شاھزادىنى كىيىندۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ ئاغۋاتلارغا شاگىرت بەردى.
ئەلقىسسە، ئاغۋاتلار شاھزادىنىڭ ئاپتاپتەك چىرايىنى كۆرۈپ، «ئۇنىڭ ھۆرمىتىدىن ئىززەتكە ئېرىشكەيمىز» دەپ ئويلاشتى. ئاغۋاتلار شاھزادىگە ئويۇن كۆرسەتتى. شاھزادىمۇ غەزەل ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەردى. بۇ چاغدا مەلىكە قېشىدىن ئىككى قىز كېلىپ ئاغۋاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ پەرمانىنى بەجا قىلدى. ئاغۋاتلار مەلىكىگە ئويۇن قىلىپ تاماشا كۆرسەتمەكتە ئىدى. مەلىكە شاھزادىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن قارايتتى. ئاخىر ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا ئاغۋاتلار: «بىزنىڭ شاگىرتىمىز — يېڭى ئاغۋاتتۇر» دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەلىكە ئەپسۇسلىنىپ ئۆي قىزلىرىغا بېقىپ:
— ئۇ چاھار باغقا ئېلىپ كىرگەن يىگىتكە ئەجەب ئوخشايدۇ، ئەگەر ئاغۋات بولمىغان بولسا ئەجەب ياخشى يىگىت ئىكەن، — دېدى. ئۇ يەنە، — يېڭى ئاغۋات نەغمە قىلسۇن، — دەپ پەرمان بەردى. شاھزادە بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ داپنى قولىغا ئالدى، ئاغۋاتلار نەغمە قىلدى، شاھزادە غەزەل ئوقۇدى. مەلىكە باشلىق تامام ئۆي قىزلىرى مەست مۇستەغرەق بولۇپ شاھزادىگە ئىنئام ـ ئېھسانلار قىلدى. شۇنداق قىلىپ بەزمە ئاخىرىغا يەتتى. مەلىكە يېنىپ سارايغا كىردى. ئاغۋاتلارمۇ ئۆيلىرىگە ياندى، كۆرگەن كىشى ئاغۋاتلاردىن شاھزادىنىڭ كىملىكىنى سورار ئىدى.

ئەلقىسسە ، شاھزادە بۇ ئىشلارغا خاپا بولۇپ ، يۈز ھىيلە بىلەن ئاغۋاتلاردىن جۇدا بولدى ھەم خوتۇن لىباسىنى تاشلاپ ئەرلىك كىيىملە- رىنى كىيدى . ئاندىن كېيىن مومايىنى چاقىرىپ :

— ئى موما ، مەلىكىنىڭ خۇشال ئولتۇرغان پۈرسىتىنى تېپىپ ، ئۇنىڭ ئەر كىشىنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق يامان كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋە- بىنى بىلىپ كەلگەن بولساڭ ، — دەپ تەلەپ قىلدى . موماي :

— خوپ بولغاي ، — دەپ ، دەرھال تەييارلىق قىلىپ سوۋغا بىلەن مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى . ئۇچ كۈنگىچە خىزمىتىدە بولۇپ مەلە- كىنىڭ خۇشال بولغان كۈنىنى تاللاپ ئېيتتىكى :

— ئى مەلىكەم ، بىر سۆزۈم بار ئىدى ، ئېيتالمىدىم ، ئەگەر غەزەپ قىلمىغان بولسىڭىز ئېيتىپ باققان بولسام .

مەلىكە رۇخسەت قىلىپ :

— ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا ئېيتىۋەرگىن ، گۇناھلىق بولسىمۇ گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم ، — دەپ رۇخسەت قىلدى . موماي سۆز باشلاپ ئېيتتى :

— ئى مەلىكەم ، ئەر كىشىنى مۇنچە يامان كۆرىدىكەنسىز ، سىز- نىڭ قېشىڭىزدا ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى ئاتاشقا بولمايدىكەن ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز ، بىلىپ قالسام .

مەلىكە دەرغەزەپ بولۇپ :

— ئى مەككار قېرى ! مۇشۇ جايدا خىزمەت قىلىپ قېرىغانلىقىڭ- نىڭ يۈزىنى قىلىپ يەنە بىر قېتىم گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم . بولمىسا ئىدى ، ئاغزىڭنى يىرتىپ ، بەدەنلىرىڭنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن بولار ئىدىم . ھەر كىشى ھۆكمۈمگە خىلاپلىق قىلىدىكەن جازاسى شۇنداق بولىدۇ ، — دەپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن ، — ئەي دەللال ، سېنى قىيما قىلىپ نېرىن قىلماقچى ئىدىم . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى سورىمىغايسەن ، — دەپ جىم بولدى . موماي ھىيلە - مىكىر سۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ :

— تۇرۇپلا ئەقلىمگە كېلىپ قالدى . خۇدايىتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپتى بىلەن يارىتىپتۇ . يالغۇزلۇق ئاللادىن باشقىغا ياراشماستۇر ، نېمە

ئۇچۇن بۇنداق گۈزەل تۇرمۇقلۇق ئۆمرىڭىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتىسىز . بۇ ئىشقا كۆڭلۈمدە كۆپ پۇشايمان قىلدىم ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، مەلىكە ئېيتتىكى :

— ئى ئانا ، بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە دېمىگەنىدىم . بۇگۈن ساڭا ئېيتاي ، سەنمۇ پىنھان تۇتقايسەن . بىر كېچىسى چۈش كۆردۈم ، چۈشۈمدە بىر چىشى كېيىك بوپتىمەن ، بىر ئەركەك كېيىك مېنىڭ جۈپتۈم بولدى . ئىككىمىز بىر بۇلاققا سۇ ئىچكىلى بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقانىدۇق ، بىر ئوۋچى سۇغا بارىدىغان يولغا دام قويغانىكەن ، ئېرىم دامغا گىرىپتار بولدى . ئۇ يالۋۇرۇپ :

— ئى جۈپتۈم مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن ، — دېدى . مەن دەرھال بېرىپ چىشىم بىلەن دامنى قىيىپ دامدىن خالاس قىلدىم ، ئاندىن يەنە شۇ يول بىلەن كېتىۋاتقانىدۇق ، بىردىنلا مەن دامغا ئىلىندىم ، ھەرقانچە پەرياد قىلساممۇ بىۋاپا ئېرىم ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ مېنى ئازاد قىلمىدى ، مەن ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق قىلدىم ، ئۇ ماڭا بىۋاپالىق قىلدى ، — دېدى .

موماي مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىردەم ئولتۇرۇپ ، ئاندىن مەلىكە قېشىدىن يېنىپ كارۋان سارايغا كېلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى شاھزادىگە بايان قىلدى .

شاھزادە بىرنەچچە زاماندىن كېيىن ، شەھەر ئىچىدىن بىر پارچە يەر ئېلىپ ئۇ يەرگە بىر ھامام سالدى . ئول شەھەردە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھامام يوق ئىدى . ئول ھامامنىڭ تاملىرىغا جىمى مەخلۇقاتنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇردى ، ئەمما بىر تامنى ئاق قويدى . ئۇنىڭغا مەلىكىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى سىزدۇرۇپ مەزمۇنىنى ئەكسىچە قىلدى . شۇنداق قىلىپ ۋاپاسىزلىقنى، ئايالالار تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويدى .

ئەلقىسسە ، مەلىكىگە : « بۇ شەھەرگە بىر زەردار كېلىپ پالانى كوچىغا بىر ھامام سالپتۇ . ئۇنىڭغا جاھاندا بارلىكى جانىۋارنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپتىمىش » دەپ خەۋەر يەتتى . مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئول ھامامغا تاماشا ئۈچۈن باردى ۋە سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

چۈنكى، يارالغان مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى تامغا سىزىلغانىدى. ئاندىن كې-يىن مەلىكىنىڭ كۆزى يەنە بىر تامغا چۈشتى. ئۇنىڭدا مەلىكىنىڭ چۈشىدە كۆرگىنىگە ئوخشاش سۈرەت سىزىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ: «بۇ نېمە ئىشتۇ. مەن كۆرگەن چۈشۈمنى كىشىگە ئېيتمىغانىدىم، مېنىڭ نىكاھىم مۇشۇ يىگىت بىلەن بولۇپ قالىدىغان ئوخ-شايدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەلقىسسە، ئوردىسىغا بېرىپ:

— ئول يىگىتنى چىللاپ كېلىڭلار، — دەپ كىشى ئەۋەتتى. ئۇي قىزلىرىدىن ئىككى قىز كېلىپ مەلىكىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە:

— ئى يىگىت، سىزنى مەلىكەم چىللايدۇ، — دېدى. شاھزادە ئىككى - ئۈچ غۇلاملىرىغا سوۋغىلار كۆتۈرتۈپ كۆرۈشۈشكە كەلدى. مە-لىكە ئالتۇن پەردە ئىچىدە ئولتۇرۇپ:

— ئى يىگىت، قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز، كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسىز؟ — دېدى. شاھزادە جاۋاب بەردىكى:

— باغداتتىن كەلدىم، باغدات پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن.

— ھاممامنىڭ ئۈچ تېمىغا رەڭگارەڭ سۈرەتلەر تارتىلىپتۇ، ئەمما تۆتىنچى تامغا بىرمۇنچە ئىشارەت خەت بىلەن تۆت كېپىكنىڭ سۈرىتى تارتىلىپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

شاھزادە ئېيتتى:

— بىر كېچە چۈشۈمدە مەن بىر كېپىك بوپتىمەن، بىر كېپىك مېنىڭ جۈپتۈم بولغۇدەك، ئىككىيلەن سۇ ئىچكىلى چۆلدىن چىقىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا باردۇق. تەقدىر بىلەن بىر ئوۋچى بۇ بۇلاقنىڭ يولىغا دام قويغانىكەن، سۇ ئىچىپ ياناشىمدا جۈپتۈم دامغا ئىلىندى، مەن چىشىم بىلەن دامنى قىيىپ جۈپتۈمنى دامدىن قۇتقۇزدۇم. ئاندىن يەنە كېتىپ باراتتۇق، بىردىنلا مەن دامغا گىرىپتار بولدۇم. قانچىكى نالە - پەرياد قىلساممۇ ئۇ ماڭا قارىماي كەتتى. ئاشۇ جۈپتۈمنىڭ سۈرىتىنى ھاممامغا نەقىش قىلدىم، — دېدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە ئېيتتىكى:

— ئەجەبا ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشى ئوخشاش ئىكەن. ئەمما مەن بۈنىڭ ئەكسىچە كۆردۈم، — دېدى، كۆڭلىدە: «مېنىڭ نىكاھىم مۇشۇ ئوغۇلغا باغلان ئوخشايدۇ، ئى تەن، كەلگىن ئۇشبۇ يىگىتنى جۇپلۇككە قوبۇل قىلغىن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە رىغبەت بەردى. مەلىكە ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ:

— ئى ئاتا، تەڭداشسىز ساھىبجامال بىر دانىشمەن كېلىپتۇ. ئۇنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلغايسەن، — دېدى. مەرزۇق فەرەڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاھزادىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن:

— نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— باغداتتىن كەلدىم. باغدات شاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. بىر كۈنى شىكارغا چىققانىدىم، مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى كۆردۈم. كېلىپ ئاتامغا ئېيتسام، مەسلىھەت بىلەن مېنى ئۇ تەرەپكە ئەۋەتتى... — دەپ بولغان گەپ-سۆزلەرنى بايان قىلدى. پادىشاھ بىلدىكى: بۇ يىگىت راستتىن پادىشاھزادىلەردىن ئىكەن. يىگىتنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىپ، شەھەرنى زىننەتلەپ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكىنى شاھزادىگە بەردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، پادىشاھى مەرزۇقتىن رۇخسەت سوراپ، ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. پادىشاھ بىلەن مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ شەھىرى باغداتقا ياندى. ئۇزاق يوللارنى كېزىپ نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاتا-ئانىسىغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇلار خۇشال بولۇپ مۇبارەكلەشتى. بىر مەزگىل ئۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن شاھزادىنى كۆپ ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن فەرەڭ شەھىرىگە يەنە ئەۋەتتى. شاھزادە ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، مەلىكە فەرەڭگە ئۇلاشتى ۋە ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى.

# مەككار خوتۇن ھېكايىسى

يەمەن شەھىرىدە بىر خوجا بار ئىدى. ئېتىنى خوجا پەتتاھ جاھانگىر دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى خوجا جاھانگىر ئىدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى خوجىنىڭ جىمى يېقىنلىرى دېدىكى:

— ئى خوجا، سىزنىڭ دۇنيا ـ خەزىنىلىرىڭىز بەك كۆپتۇر، ئەمما پەرزەنتىڭىز يالغۇزدۇر. ئوغلىڭىزنى ئۆيلەپ قويساق دەيمىز. ھاياتلىقىڭىزدا ئۆيلەپ قويۇڭ. ئۆمۈرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوجا پەتتاھ ئوغلىنى چاقىرتىپ:

— ئى ئوغلۇم، سېنى ئۆيلەپ قوياي دەيمەن، لېكىن بىر شەرت باركى، قىز چىقسىمۇ ماڭا دەيسەن، قىز چىقمىسىمۇ ماڭا دەيسەن. بۇنىڭدا بىر غەرىزىم بار. زىنھار خىلاپلىق قىلمىغايسەن، — دېدى. خوجا جاھانگىر قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن، بىر خوجىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى، ئول كېچىسى تەسەررۇپ قىلدى. ئەتىسى خوجا پەتتاھ ئوغلىدىن:

— ئى ئوغلۇم ئەھۋال قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. خوجا جاھانگىر ئاتىسىغا:

— يارىماس ئىكەن، — دېدى. خوجا پەتتاھ:

— قويۇپ قىلغىن ئوغلۇم، خېتىنى بېرىۋەتكىن، — دەپ خېتىنى بەرگۈزدى. يەنە بىر قىز ئېلىپ بەردى. ئول ھەم قىز چىقمىدى. ئالاھازەل بىر كەم قىرىق قىز ئېلىپ بەردى. ھەممىسى جۇۋان چىقتى. ئاخىر قىرىقىنچى قىزغا كەلگەندە خوجا جاھانگىر ئاتىسىدىن يوشۇرۇپ:

— ئى ئاتا، بۇ قىز ئىكەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، خوجا پەتتاھ ئېيتتىكى:

— ئى ئوغلۇم راستىنى ئېيتقىن، ھەرگىز يالغان بولۇپ قالمىسۇن.

مېنىڭ بۇ ئىشىمدا بىر سىر بار ، ــ دېدى . خوجا جاھانگىر :

ــ ئى ئاتا ، خاتىرجەم بولغىن . بۇ قىز ئىكەن ، ــ دەپ تۇرۇۋالدى . خوجا پەتتاھ خاتىرجەم بولۇپ يۈرىۋەردى .

بىر كۈنى ، ئوغلىنى بىر باھانە بىلەن بىر يەرگە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆينى خالىي قىلىپ ، كېلىنىنى ئۆيگە چاقىرىپ :

ــ ئى قىزىم ، مېنىڭ بىلەن چاھار باغقا بارغىن ، سېنىڭ بىلەن پىنھان سۆزۈم بار ، ــ دېدى . كېلىنى ئېيتتى :

ــ ئى ئاتا ، بۇ نېمىدېگەن سۆز ، ھېچقانداق ئاتا پەرزەنتلىرىگە بۇنداق ئىش قىلمىغان ؟ ــ خوجا ئېيتتى :

ــ ئى پەرزەنت ، غەلەت خىياللارنى قىپسەن . سېنىڭ ئۇ خىياللىرىڭ كۇپۇردۇر . خوجا جاھانگىر قانداق بولسا سەنمۇ مېنىڭ شۇنداق پەرزەنتىم . لېكىن بىر سىرىم بار . سېنى ئوغلۇمدىن ئىشەنچلىك كۆرۈپ ساڭا ئېيتماقچىمەن ، ــ دەپ كېلىنىنى باغقا باشلاپ كىردى . باغنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر ئۆيگە يەتتى . ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى ، يەنە بىر ئۆي نامايان بولدى . خوجا قۇ- لۇپىنى ئېچىپ كېلىنىنى باشلاپ ئۇل ئۆيگە كىردى . كۆردىكى ، بۇ سارايىنىڭ ئىچى ئالتۇن ـ كۈمۈش ، لەئەل ـ جاۋاھىراتلار بىلەن توشۇپتۇ . خوجا پەتتاھ بۇ ئەشيالارنى كېلىنىگە تاپشۇرۇپ :

ــ ئوغلۇم ئىشەنچسىزدۇر ، ئېھتىمال ھەممىنى يوقىتىپ ئاخىرىدا خارلىققا قالىدۇ . ساڭا ۋەسىيىتىم شۇكى ، باشقا كۈن كېلىپ زۆرۈر بولمىغۇچە ئۇنىڭغا ئىزھار قىلمىغىن . قاچانكى ئامەت كەتسە شۇ ۋاقىتتا سەرپ قىلغىلار ، ــ دېدى . ئۇل كېلىن بۇ خەزىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى .

ئەلقىسسە ، ئۇل شەھەردە خوجا سېلىم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى . ئۇ ئايالىنىڭ قىزلىقىنى شۇ ئالغانىدى . بۇ ئايال ھەمىشە خوجا سېلىمنى ئويلايتتى . كۆڭلىدە : « خوجا سېلىمگە خۇدايىتائالا بىر خەزىنە نېسىپ قىلدى . پات ـ پۇرسەتتە خوجا جاھانگىردىن قۇتۇلۇپ خوجا سېلىمگە تەگكەيمەن » دەپ ئويلىدى . خوجا پەتتاھ بۇ خىيالدىن بىخەۋەر ئىدى .

يېنىپ چىقىپ ئۇل گېرەملەرنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قىلىپ تاقاپ ئاچ-قۇچىنى كېلىنگە بەردى. ئەمما بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوجا پەتتاھ ئالەمدىن ياندى. باللار قىرىق كۈن قارىلىق تۇتۇپ نەزىر - چىراغلىرىنى بەردى. ئاندىن كېيىن خوتۇنى خوجىزادىنى گادايلاشتۇرۇۋەتتى. ئېلىپ - ساتقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇل خوتۇن غوۋغا قىلىپ:

— بۇ قورۇق سارايدا ئاچلىقتىن ۋە خىجالەتچىلىكتىن ھېچ ئەھۋالىم قالمىدى. ئەگەر مەن كېرەك بولسام بۇنىڭدىن ئوبدانراق بىر ئىشنى تاپقىن، بولمىسا قويۇپ بەرگىن، — دەپ ئېسىلدى. يەنە بىر كۈنى يەنە جېدەل قىلىپ:

— سەن بېرىپ بۇ بەلگىنى خوجا سېلىمگە بەرگىن. ئاندىن: سىزنى خوتۇنۇم چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھالى خاراب، بەك خىجالەتتە دېگىن، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەندىن سالام دېگىن. ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز قىلما. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى. خوجا جاھانگىر بىچارە بولۇپ خوتۇنىنىڭ بۇيرۇغان سۆزى بىلەن خوجا سېلىمنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ: «بىشىمغا ئەمدى كۈن چۈشۈپتۇ، خوتۇنۇم سىزگە سالام دېدى. سىز بىلەن مۇئامىلىسى بار ئىكەن، مېنى ئەۋەتتى، دەپ قانداق ئېيتارمەن، ئەل ئارىسىدا قانداق يۈرەرمەن» دەپ ئويلاپ، ئاخىر ئىلاج تاپالماي زۆرۈرىيەتتىن دەرۋازىدىن كىرىپ سالام قىلدى. خوجا سېلىم كۆردىكى رەقىبى كىرىپتۇ. ئورنىدىن قوپۇپ خوجىزادىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، خوجىزادە خوتۇنىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى دېدى. خوجا سېلىم بازاردىن قوغۇن، كاۋاپ كەلتۈرۈپ خوجىزادىنىڭ ئالدىدا قويدى. خوجا ئاچ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى. تائاملارنى يەپ تويۇۋالدى. خوجا سېلىم غۇلامىنى چاقىرىپ:

— ئى غۇلام، پالانى قاسساپتىن بىر پاتمان گۆش، بىر قۇيرۇق، بىر پاتمان گۈرۈچ، ئىككى - پاتمان ئۇن، بىر پاتمان ماش، بىر پاتمان نوقۇت ئېلىپ خوجىزادىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، خوتۇنىغا مەندىن سالام دېگىن. كەچۈرسۇنكى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولۇپ قاپتىمەن،

خىجالەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن ۋاقتىمدا بىزگىمۇ بەرگەندى. بۇ سەرەمجانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەن، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر، بۇنى بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى. خوجا سېلىم غۇلامغا نېمە دېگەن بولسا ھەممىنى بەجا كەلتۈرۈپ، خوجا سېلىمنىڭ سالىمنى يەتكۈزدى.

ئايال غۇلامنىڭ قولىدىن ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ: خوجا سېلىم بەك قاۋۇل، قولى ئوچۇق ساخاۋەتچى، بۇنداق كىشى بىلەن ئاشنا بولماق ئوبدانىدۇر دەپ، ئەكەلگەن نەرسىلەرنى قوشنىلىرىغا بېرىپ ئالتە كۈندە تۈگەتتى. يەنە جېدەل قىلىپ:

— ئۆيدە ھېچنېمە قالماپتۇ، مەن ساڭا كېرەك بولسام بۇنىڭ ئىلاجىنى قىل، بولمىسا مېنى تالاق قىلغىن، — دەپ، خوجا جاھانگىردىن چىقىپ خوجا سېلىمگە تېگىشنى غەرەز قىلدى.

ئەلقىسسە، كىشى ئەۋەتىپ:

— ئى خوجا سېلىم، خەۋىرىڭ بارمىكىن، سېنى دەپ ھەممە تەئەللۇقاتىمنى يوقاتتىم. نېمە تېپىپ كەلسە ئۇنى قوشنىلارغا بېرىپ تۈگەتتىم. مەقسىتىم، ئۇنىڭدىن چىقىپ ساڭا تەگكەيمەن. كېچە-كۈندۈز سېنىڭ خىيالىڭدا يۈرۈپدۇرمەن. يەنە نامە ئەۋەتىمەن. خوجا جاھانگىرنى گوللاپ ئارىمىزدا دوستلۇق كۈچەيگەندىن كېيىن، سېنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى. خوجا سېلىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. خوجىزادىدىن يەنە نامە ئەۋەتتى. خوجا سېلىم ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرىپ: «قاچانلىكى خىجىل بولسىڭىز كېلىۋېرىڭ، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. يۈز نۆۋەت كەلسىڭىزمۇ خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. سىزدىن ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن، چۈنكى ئاتىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتكەنىدىم» دېدى. ئۇل نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ خوجىزادە خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويدى، خوتۇنى ئېيتتى:

— ئى خوجىزادە، ياخشىلارغا ئۇلپەت بولساڭ زىيان كۆرمەيسەن. خوجا سېلىمنىڭ قېشىغا قانچە قېتىم بارساڭ، شۇنچە قېتىم سەندىن ھېچ نەرسىنى ئايىمىدى. ئەمدى سەن بېرىپ خوجا سېلىمنى تەكلىپ قىلىپ

ئېلىپ كەلگىن ، ئۆيىگە بارغاندا ، ئى خوجا ، بىزدەك بىر نامراتنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلساڭ نېمە بولىدۇ ، دەپ يالۋۇرغىن ، ــــ دېدى .

ئەلقىسسە ، بۇ مەككار بۇ نەرسىلەرنىمۇ خالايىقلارغا بېرىپ بىر ھەپتىدە تۈگەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن خوجىزادىنى خوجا سېلىمنى تەكلىپ قىلغىلى ئەۋەتتى . خوجىزادە يەنە بېرىپ خوجا سېلىمگە سالام قىلدى . خوجا سېلىم ئاش ـ تائام ، ئىنئاملار بېرىپ :

ــــ خوتۇنۇڭغا مەندىن سالام دېگىن ، ــــ دېدى . خوجىزادە ئېيتتىكى :

ــــ ئى خوجا سېلىم ، پېقىرنى يوقسۇل دېمەي ئۆيۈمگە قەدەم باسساڭ ، ــــ دېدى . خوجا سېلىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ :

ــــ ئى خوجىزادە ، سىز بېرىپ تۇرۇڭ ، مەن بىرنەچچە كوزا شاراب ئېلىپ ئارقىڭىزدىن يېتىپ بارىمەن ، ــــ دەپ يولغا سالدى . خوجىزادە بۇ يەردىن يېنىپ بارغۇچە بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، خاپىلىقتىن يىغلا ـ يىغلا يولغا راۋان بولدى . شۇنداق كېتىپ باراتتى . ئاتىسىنىڭ خوجا سەئىدباي دەپ بىر دوستى بار ئىدى ، ئۇ ئۇچراپ قالدى . خوجا سەئىدباي كۆردىكى ، خوجا جاھانگىر يىغلاپتۇ . ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

ــــ ئى خوجىزادە ، ئەھۋالىڭ قانداق ؟ ــــ دەپ سورىدى .

خوجا جاھانگىر خوجا سەئىدنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكتى . ئاندىن :

ــــ ئى خوجا ، نېمىنى سورايسىز . ئەھۋالىم تەڭچىلىكتۇر ؟ ئىشىم گادايلىقتۇر . ئاتامدىن قالغاننى خوتۇنۇم تۈگەتتى . ئۈچ قېتىم خوجا سېلىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . ئىككى نۆۋەت باردىم . بۇ نۆۋەت خوتۇنۇمنىڭ سۆزى بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدىم . ئۇ ، بۈگۈن ئاخشام نەچچە كوزا شاراب ئېلىپ باراي ، ئىچەيلى ، ــــ دېدى . شۇنداق قىلىپ بۇ سۆزلەر ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەن ، ــــ دېدى خوجىزادە .

خوجا سەئىدكە بۇ سۆز ھەيرانلىق تۇيۇلۇپ دېدىكى :

ــــ ئى ئوغلۇم ، بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن ، ئاتاڭ رۇم ـ ھەبەش

سەپىردە ماڭا ھەمراھ بولغانىدى. باشقا ماللاردىن بۆلەك قىرىق قىچىردا
لەئەل ـ جاۋاھىرات، ياقۇت، ئالماس، زەبەرجەت، مەرۋايىت، فىروزا
يۇكلەپ كەلگەنىدى. ئۇلارنى نەگە ئاپىرىپ، نېمە قىلغاندۇ؟
خوجا جاھانگىر ئېيتتىكى:
— بىلمەيمەن، نېمە قىلدىكىن، خوجا سەئىد ئويلىنىپ تۇرۇپ
دېدى:
— ئاتاڭ ساڭا ۋەسىيەت قىلغانمۇ؟
— ئاتام ماڭا ئېيتىشىچە، ھاياتلىقىمدا سېنى ئۆيلەيمەن، بىر
شەرت باركى، خوتۇنۇڭ قىز چىقسىمۇ ماڭا دېگىن، چىقمىسىمۇ ماڭا دې-
گىن، راستىنى دېگىن، دېگەنىدى. بىر كەم قىرىق قىز ئالدىم، ھەممىسى
جۇۋان چىقتى، ھەممىسىنىڭ ھەققى مېھرىنى بېرىپ تالاق قىلدۇردى.
ئەمما قىرىقىنچى قىزنى ئاتامدىن يوشۇرۇپ قىز ئىكەن، دېدىم. ئاتام
راستىنى ئېيتقىن دېۋىدى، مەن خاتىرجەم بولغىن دېگەنىدىم، — دېدى.
خوجا سەئىد ئاقىل، دانا كىشى ئىدى، ئۇ دېدى:
— ئى ئوغۇل، سۆزۈڭدىن قارىغاندا مەلۇمدۇركى، ئاتاڭ ئۇ خە-
زىنىلەرنى مۇشۇ خوتۇنغا تاپشۇرغانىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ قىز ئىكەن.
ئوغلۇم دۇنيانىڭ قەدرىنى بىلمەي خار ـ زارلىقتا قالۇر، شۇ چاغدا سەرپ
قىلسۇن» دېگەنىكەن. ئۇنىڭ قىزلىقىنى خوجا سېلىم ئالغاندۇر. شۇ
سەۋەبتىن خوتۇنىنىڭ پىكرى ـ خىيالى ئۇنىڭدىدۇر. ئى ئوغۇل، خوتۇ-
نۇڭ نېمە دېسە شۇنى قىلغىن، ئەمما شاراب ئىچكەندە كۆپ ئىچمەي،
ھىيلە ئىشلىتىپ مەست بولغان بولۇۋالغىن. لېكىن كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىدا
نازارەت قىلغىن. ھەرقانداق ئىش كۆرسەڭ سەۋر ـ تاقەت قىل. خوتۇنۇڭ
بىر يەرگە ماڭسا ئارقىسىدىن ئاستا بېرىپ، نېمىنى كۆرگەن بولساڭ
كېلىپ ماڭا ئېيتقىن، ئۇنىڭ چارىسىنى مەن قىلايكى، بۇ ئىش تاكى قى-
يامەتكىچە كىتابلاردا داستان بولغاي. ئى ئەزىز ئوغلۇم، بارغىن، مەردانە
بولغىن، — دەپ ئايرىلىشتى. خوجىزادە ئۆيىگە بېرىپ ئاش ـ تائام تەييار
قىلدى. كۈن كەچ بولدى. بىر كەمدە خوجا سېلىم بىرنەچچە شىشىلەردە
شاراب كۆتۈرۈپ كەلدى. خوجىزادە دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ

ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلىدى. ئول مەككار خوتۇن ھەم يۈزلىگەن ناز ـ خۇلقلار بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ خوجا سېلىم بىلەن كۆرۈشتى. ئاش ـ تائاملاردىن كېيىن شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن خوجىزادە ئۆزىنى مەستلىككە سېلىپ ياتتى. ھەرقانچە بېشىنى يۆلەپ باقسىمۇ قوپمىدى. ئەمما كۆز قىرىدا ئۇلارغا قاراپ ياتاتتى. خوجا سېلىم ئول خوتۇننى سۆيمەكچى بولغانىدى. ئول خوتۇن:

— ئى خوجا، تاقەتسىزلىك قىلمىغىن. مۇبادا ئېرىم ئويغاق بولسا تۇيۇپ قالمىسۇن. بەربىر ھەرقانداق ۋاقىتتا مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ. ئەيش ـ ئىشرەت نەگە كېتەتتى، — دەپ ئورنىدىن قوپتى، بىرىپ خوجىزادىنىڭ قۇلىقىغا ئانداق توۋلىدىكى، بۇ ئاۋازدىن ئۆزىنىڭ قۇلىقىمۇ پاك بولاي دەپ قالدى. ئەمما خوجىزادە سەۋرى قىلىپ ئورنىدىن تەۋرەنمىدى. ئايال ئاندىن كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ خوجا سېلىمگە قارىدى ۋە كېلىپ لېۋىنى لېۋىگە قويدى، ئاندىن كېيىن:

— ئى مېھرىبانىم، قوپ ئورنۇڭدىن، سېنى بىر خەزىنىگە باشلاپ باراي، ئۇنداق خەزىنىنى تېخىچە ھېچقانداق كىشى كۆرۈپ باقمىسا كېرەك. ئۇنى قېيناتام ماڭا كۆرسەتكەنىدى. مەن ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدىم. خودايىتائالا بىزنى مەقسىتىمىزگە يەتكۈزدى، — دەپ چىراغنى ئالدى. ئېرىنى ئۆيدە تاشلاپ خوجا سېلىمنى چاھار باغقا ئېلىپ كىرىپ خەنجەر بىلەن تامنى تەشتى. ئۇ يەردىن بىر تۆشۈك كۆرۈندى. ئۇنىڭدا قۇلۇپ بولۇپ، ئاچقۇچ يېنىدا ئېسىقلىق ئىدى. خوتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ خوجا سېلىمگە بەردى. خوجا سېلىم ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئەمما خوجا جاھانگىر بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنىدى. خەزىنىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاستا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇ قاراپ كۆردىكى، قىرىق ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، لەئەل ـ جاۋاھىرات، ھېقىق، فىروزىلار قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلار تۇرۇپتۇ. ھەممىسىدە قۇلۇپ تۇرۇپتۇ. خوجا جاھانگىر بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران قىلىپ: «بۇ خەزىنىلەرنى ئاتام مېنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ بۇ خوتۇنغا كۆرسەتكەنىكەن، بۇ خوتۇن ئەجەبمۇ بۇ پۇللارنى مەندىن يوشۇرۇپ ئا-

شقىغا كۆرسىتىپتۇ » دەپ ئويلىدى.

ئەلقىسسە، خوجا سېلىم ھەر ساندۇقنى ئاچاتتى. خۇشاللىقتىن ئەقلى ھەيران بولۇپ، ئول مەككار خوتۇننى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئى مەھبۇبەم، سىز ئولتۇرغىلى نەچچە تۈرلۈك مەپە، سىزنى كۆتۈرگىلى ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر تەييارلايمەن، — دەپ كۆڭلىنى ياسايتتى. خوجا جاھانگىر بولسا بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ يىغلايتتى. ھەممىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئورنىدا ياتتى. ئۇلار چاھار باغدىن چىقتى. خوجا جاھانگىرنى ئويغىتىپ، خوجا سېلىم خوشلىشىپ ياندى. خوجا جاھانگىر بۇ سىرنى ئىزھار قىلماي مېھرىبانلىقنى زىيادە قىلدى. تاڭ ئاتقاندا، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ خوجا سەئىدنىڭ قېشىغا باردى ۋە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى، خوجا سەئىد ئېيتتىكى:

— ئى ئوغۇل، ئەمدى ئاتاڭنىڭ بېغىدىن بىر ،ۇنچە ھۆل تاياق كېسىپ چىقىپ بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوي. ئاندىن كېيىن خوتۇنۇڭنى ئانىسىنىڭكىگە ئەۋەتكىن. يېنىپ كەلگەندە بىر باھانە بىلەن ھېلىقى تاياقتا راسا ئۇرغىن. بەلكى ھېچ يېرى ساق قالمىسۇن، ئاندىن كېيىن يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ. سەن مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن، — دەپ يول كۆرسەتتى.

ئەلقىسسە، خوجىزادە ئۆيىگە بېرىپ خوتۇننى ئانىسىنىڭكىگە ئەۋەتتى. يېنىپ كەلگۈچە بىرنەچچە تاياق راسلاپ قويۇپ تۇراتتى، خوتۇنى كەلدى. بىر باھانە قويۇپ شۇنداق ئۇرۇۋەتتىكى، ئەزالىرىنىڭ ساق يېرى قالمىدى. خوتۇنى يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: « مېنى بىگۇناھ ئۇردى. ھېچ يېرىم ساق قالمىدى. ئەمدى ئۆزۈمنى ھارام قىلدىم، شەرىئەتتە نېمە كەلسە شۇنى قىلدۇرۇڭ » دەپ يىغلىدى. خوجىزادە بولسا، ئىشىكنى مەھكەم قۇلۇپلاپ خوجا سەئىدنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلدى.

ئەلقىسسە، خوجا سەئىدنىڭ بېغى خوجا پەتتاھنىڭ بېغى بىلەن يانداش ئىدى. خوجا پەتتاھ ھايات چېغىدا خوجا سەئىدنىڭ بېغىغا ئى-

شىلك ئىچىپ قويغانىدى . خوجا پەتتاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇل خوتۇن ئىشىكنى ئەتكۈزۈۋېلەندى . خوجا سەئىد شۇ ئىشىكنى قۇللىرىغا ئاچ- تۇردى . خوجىزادە بىلەن بىرىپ ، خەزىنىلەرنى كۆرۈپ خوجا سەئىد قۇللىرىغا بۇيرۇپ ، بىرمۇنچە تاغار كەلتۈرۈپ ھەممىنى خوجا سەئىدنىڭ ھويلىسىغا توشۇتتى . ساندۇقلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، لەئەل ـ جاۋاھىراتنىڭ ئورنىغا تاش ، چالما تولدۇرۇپ قويدى ، ئىشكنى مەھكەم قىلدۇرۇپ خوجا قۇللىرىغا سىياسەت قىلىپ :

— بۇ سىرنى ھەرگىز ئاشكارا قىلماڭلار . ئەگەر دەپ قويساڭلار قۇلاقلىرىڭلارنى كېسىمەن ، — دېدى . ئۈچ كۈندىن كېيىن خوجىزادى- نىڭ قېيىناتا ، قېينانىسى قازىخانىغا بېرىپ قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . خوجىزادە خوجا سەئىدكە كىشى ئەۋەتتى . خوجا سەئىد دەرھال يېتىپ كەلدى . قازى :

— ھەققى مېھرىنى بەرسۇن ، — دەپ ھۆكۈم قىلدى ، خوجا سەئىد ئېيتتىكى :

— ئى يارانلار ،خوجىزادىنىڭ ئۇشبۇ باغدىن بۆلەك ھېچ نەرسىسى يوق . چاھار باغنى سېتىپ بەرسۇن ، — دېدى . ۋەھالەنكى ، خوجا سېلىم ئۇ خەزىنىنىڭ تەمەيىدە چاھار باغقا ئاشىق ئىدى . خوتۇنى ھەم چاھار باغنى ھەققىمگە تۇتۇپ بەرسۇن ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، باغنىڭ باھاسى يىگىرمە مىڭ تىللا دېدى . خوجا سەئىد :

— باغنى كىم ئالىدۇ ؟ — دېگەنىدى ، خوجا سېلىم :

— مەن ئالىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . خوجا سەئىد ئېيتتى :

— ئى خوجا سېلىم ، بۇ يېتىم ھەققىدۇر . كىم كۆپ پۇلغا ئالسا شۇ ئالسۇن . مەن باغقا شېپىدۇرمەن . مەن ئالىمەن ، مەن رازى بولمىسام باشقا كىشى ئالالمايدۇ . ئەللىك بەش مىڭ تىللاغا ئالاي . ئى خوجىزادە ، مۇشۇ جامائەت ئىچىدە باغنى سېتىشقا مېنى ۋەكىل قىلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى . خوجا جاھانگىر :

— خوجا سەئىدنى ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا ۋەكىل مۇتلەق قىلدىم ، —

دېدى. خوجا سەئىد ئېيتتى:

— مەنمۇ شىپىلىكتىن كېچەي. كىم ئالسا مۇشۇ باھا بىلەن ئېلىپ پۇلىنى نەق بەرگەي، ئەتىگە قالسا ئۆزۈم ئالىمەن، — دەپ ئېلان قىلىپ، ئاندىن كېيىن خەت قالدۇرۇپ قازىنىڭ مۆھرىنى باستۇردى. ئاتمىش مىڭ تىللانى خوجا سېلىمدىن نەق ئالدى. بەش مىڭ تىللانى قازىغا بەردى. قالغان ئەللىك بەش مىڭ تىللانى خوتۇنىنىڭ ھەققى مېھرىگە بەردى. ئەمما خوجا سېلىم ئول چاغدا ئوتتۇز مىڭ تىللانى باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ بەردى. ئۇ ھېلىقى خەزىنىدىن بېرىمەن دەپ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئالغانىدى.

ئەلقىسسە، خوجا سەئىد باغنىڭ ئاچقۇچىنى خوجا سېلىمگە بەردى، ئۈچىنچى كۈنى ئول خوتۇن بىلەن ئولتۇرغانىدى. قەرز ئىگىلىرى كىرىپ كەلدى.

— ئى خوجا سېلىم، مۆھلەت تامام بولدى، — دېدى. خوجا سېلىم ئول كىشىلەرنى تاشقىرىدا قويۇپ خوتۇنى بىلەن باغقا كىردى. ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ:

— بىر سائەت تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە ئالتۇن ئېلىپ چىقايلى، — دېدى. خوجا سېلىم بېرىپ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، ساندۇقتىن ئالتۇن ئېلىپ ھېلىقى كىشىلەرگە بەرمەكچى بولدى. ساندۇقلارغا قول سېلىشىدى. تاش، چالما، تېزەك، سۆڭەك قاتارلىق نەرسىلەر قولىغا چىقتى. خوتۇن بىلەن خوجا سېلىم ھەيران قالدى. خوتۇن ئېيتتىكى:

— سېنىڭ مەندىن بۆلەك مەھبۇبەڭ بار ئىكەن. ئۇنىڭغا كۆرسىتىپسەن، شۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، چۈنكى سەندىن بۆلەك كىشىگە كۆرسەتمىگەنىدىم، — دېدى. خوجا سېلىم خوتۇنىغا:

— سەن مەككار مەندىن بۆلەك كىشىگە ئىلگىرى كۆرسەتكەن ئىكەنسەن، شۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ تولا گەپ قىلدى. خوجا سېلىم غەزەپ بىلەن خەنجىرنى ئېلىپ ئۇ ئايالغا شۇنداق تىقتىكى، ئايالنىڭ جېنى خەنجەر بىلەن تەڭلا چىقتى. خوجا سېلىم قارىسا، خوتۇنى

ئۆلۈپتۇ، قەرز ئىگىلىرى تاشقىرىدا تۇرىدۇ. خىيال قىلدىكى: «ئەگەر تاشقىرىغا چىقسام بۇ خوتۇننىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى ۋە قەرز ئىگىلىرى بۇ قاننى كۆرگەندىن كېيىن، مېنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرەي» دەپ خەنجىرى بىلەن قورسىقىغا ئۇرغانىدى. خەنجەر ئىچىدە قالدى. بىر كەمدە تالادىكىلەر «بۇلار ھايال بولۇپ قالدى» دەپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى. بۇلار ئۆلۈك يېتىپتۇ. ئۇلار ياقىلىرىنى يىرتىپ پادىشاھ قېشىغا كىرىپ ۋەقەنى باشتىن-ئاخىرغىچە ئەرز قىلدى. پادىشاھ سورىدىكى:

— ئول باغ كىمنىڭ ئىكەن؟ — ئۇلار ئېيتتى:

— خوجا پەتتاھنىڭ ئوغلى خوجا جاھانگىرنىڭ بېغىدۇر.

پادىشاھ ئېيتتى:

— خوجا جاھانگىرنى كەلتۈرۈڭلار. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ خوتۇن شۇنىڭ خوتۇنى ئىكەن. ھەر ئىككىسىنى شۇ ئۆلتۈرگەندۇر.

نۆكەرلەر كېلىپ خوجا جاھانگىرنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ سورىدى:

— ئى خوجا، بۇلارنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭ؟

— بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەردۇرمەن، ئەمما خوجا سەئىدنىڭ خەۋىرى بارمىكىن.

پادىشاھ خوجا سەئىدنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ۋەقەنى سورىدى. خوجا سەئىد ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، راستلىقتىن بۆلەك ئىشتا نىجاتلىق يوقتۇر، — دەپ خوجىزادىنىڭ ئۆيلەنگىنىنى، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى بۇ خوتۇنغا قىلىپ، خەزىنە كۆرسەتكىنىنى، ئۇنىڭ خوجىنىڭ ئوقەتلىرىنى تۈگىتىپ تەمە بىلەن خوجىزادىنى خوجا سېلىم قېشىغا ئەۋەتكىنىنى، بۇ باھانە بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئۆيىگە كەلتۈرۈپ شاراب ئىچكىنىنى، خوجا سەئىد خوجىزادىگە يول كۆرسىتىپ بىر باھانە بىلەن خوتۇننى سوققانلىرىنى، خوجىزادە ئۆزىنى مەستلىككە سېلىپ

يېتىۋېلىپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىنى كۆرۈپ خوجا سەئىدكە ئېيتقانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خوجىزادىگە مېھرى جاۋاب ھەققى دەۋاسى قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خەزىنىنى توشۇپ ئېلىپ ساندۇققا تاش، چالما، سۆڭەك تولدۇرۇپ قويغىنىنى، ئاندىن كېيىن خوجا سېلىم خەزىنە تەمەسىدە چاھار باغنى ئاتمىش مىڭ تىللاغا ئالغانلىقىنى ئەرز قىلدى، ئاندىن كېيىن دېدىكى:

— ئى پادىشاھىم، بۇ ئەر ـ خوتۇن خەزىنە ئۈچۈن ئول ئۆيگە كىرگەن، خەزىنىنى تاپالماي، خوجا سېلىم ئاچچىقىدا خوتۇنىنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن. دەلىل ئولكى، خوجا سېلىمنى يەنە بىر كىشى ئۆلتۈرگەن بولسا خەنجەرنى تارتىپ ئالغان بولاتتى. خەنجەرنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ.

ھەممىسى كۆردىلەر، بىلدىلەركى، ئىش مۇنداق ئىكەن. پادىشاھ بۇيرۇدىكى:

— يىگىرمە مىڭ تىللانى خوتۇنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەرسۇن، بۇ ئۇنىڭ نامەھرەمنى ئۆزىگە مەھرەم قىلغانىنىڭ جازاسى. مىڭ تىللانى خوجا سېلىمنىڭ ئاغىلىرى بەرسۇن، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەتلىك قىلىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، قەرز ئىگىلىرىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىپ، ئول ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۆلۈكىنى ئۇلۇغ ئوت يېقىپ، ئوتقا تاشلىدى.

خوجا جاھانگىر مەقسەتكە يەتتى. خوجا سېلىم خوتۇن بىلەن دوزاخقا كەتتى.

# ئالدانغان ئادەم ھېكايىسى

ئى ئادەم پەرزەنتى ، بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ ئىبرەت ئالماي ، كۆزۈڭنى دۇنيا كارىدا ئېچىپ ، ھېرىس مەيدانىدا يۈگۈرتسەڭ ، شۇنداق ئالدىنىسەنكى ، ئادەملەردىن ، دۇندىيادىن ، غورۇردىن ئالدىنىپ ، ئارزۇيۇڭغا يېتەلمەيسەن .
( ئۆتكەنلەردىن )

بىر ئادەم بار ئىدىكى ، ئۇنىڭ بىر خوتۇنى ۋە بىر بېغى بار ئىدى . نەچچە زامانلار بولغانىدى . ئۇل باغدا بىر يىلان پەيدا بولغانىدى . ئۇل باغنىڭ ئىگىسى بولسا بۇ باغدا يىلان بارلىقنى بىلمەيتتى . بىر كۈنى ئوغلى باغقا كىرىپ گۈللەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ گۈللۈكتە ئۇخلاپ قالدى . بۇ يىلان تۆشۈكتىن چىقىپ مېڭىپ يۈرۈپ ، ئوغول ياتقان يەرگە كېلىپ قالدى ـ دە ، بۇ ئوغۇلنى كۆردى . شۇ هامان نەشتەر ئۇردى ، يىگىت ئۆلدى . بىردەمدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنى ئىزدەپ باغقا كىرسە ئوغلى ئۆلۈك يېتىپتۇ . قارىسا يىلان چېقىپتۇ . بۇلار يىغا ـ زارە قىلىشتى . بۇلارنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت ، نالە ـ پىغانلىرىنىڭ ساداسى توققۇز پەلەككە يەتتى . ئاخىر ئوغلىنى كېپەنلەپ دەپنە قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كەتمەننى ئېلىپ يىلاننىڭ ئۇۋىسىغا باردى . يىلان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئى ئادەم ، نېمە قىلىسەن ؟ — بۇ كىشى ئېيتتىكى :

— ئى نابىكار ، ئوغلۇمنى چېقىپ ئۆلتۈردۈڭ . بۇ كەتمەن بىلەن سېنى چېپىپ ئۆلتۈرمەكچىمەن . ئىنتىقام ئالىمەن .

يىلان ئېيتتى :

— ئى ئادەم ، مېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوغلۇڭ تىرىلەرمۇ ؟

— ئوغلۇم تىرىلمەس ، — دېدى ئادەم ، — ئەمما بىرمۇنچە دەردىم

بار ، پەس بولىدۇ .

— ئى ئەقىلسىز ، — دېدى يىلان ، — ساڭا بىر نەسىھەت قىلاي ، قوبۇل قىل . مېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوغلۇڭ تىرىلمەس . مۇڭگۈزۈمنى بېرەي ، ئۇنى ساتساڭ ئىقلىم باھاسى خىراجەت بولىدۇ . ئۇنى سېتىپ ئو-قەت قىلىپ خىزمەت قىلساڭ ئوبدان ئەمەسمۇ ؟

ئۇ ئادەم بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ قالدى . يىلان مۇڭگۈزىنى بەردى . ئۇنى ئۆلتۈرمەي يېنىپ كەتتى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئانىسى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئۆيقۇسى كەلمەي بىر كېچىسى باغقا كىردى . بىردەم ئولتۇرغاندا ئۆگدەك باستى ـ دە ، ئۇمۇ ئۇخلاپ قالدى . يىلاننىڭ قەدىمى ئول يەرگە يېتىپ ، ئول مەزلۇمغا نەشتەر ئۇردى . ئۇمۇ ئۆلدى . كۈيۈسى بۇ ئەھۋالدىن ئاگاھ بولۇپ مىڭلىغان ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن خوتۇنىنى دەپنە قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كەتمەننى ئېلىپ يىلاننىڭ ئۇۋىسىغا باردى . يىلان تۆشۈكتىن باش چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئى ئادەم ، نېمە قىلماقچىسەن ؟

— ئى نابىكار ، — دېدى بۇ ئادەم ، — ئوغلۇمنى چېقىپ ئۆلتۈردۈڭ ، ئەمدى خوتۇنۇمنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپسەن . ئەمدى سېنى مۇشۇ كەتمەن بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ ، ئىنتىقام ئالغايمەن .

يىلان ئېيتتى :

مېنى ئۆلتۈرسەڭ خوتۇن ، بالاڭ تىرىلەرمۇ ؟

— ياق ، — دېدى بۇ كىشى ، — لېكىن سېنى ئۆلتۈرسەم بىر-مۇنچە دەردلىرىم چىقىدۇ .

يىلان ئېيتتى :

— ئى ئەقىلسىز ئادەم ، مەن ساڭا بىر نەسىھەت قىلايكى ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەستىدە شەيتانغا يول بەردىم ، ئۇنى بېھىشكە كىرگۈزدۇم . ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلى كەنئانغا نەسىھەت قىلدى . كەنئان نەسىھەتكە كىرمىدى . ئاخىر كەنئان دوزاخقا كىردى . سەنمۇ مې-نىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىغىن . بولمىسا بۇ نەسىھەت باشقا نەسىھەتلەردىن ياخشىراق . سەن بۇ ئىنتىقامدىن كەچ . قېرى خوتۇنۇڭ ئۆلسە ، ياشنى

ئالغىن . ئۇنىڭدىن پەرزەنت تۇغۇلىدۇ . مېنىڭدە بىر زۇمرەت بار . ئۇنى بەرسەم بالاڭدىن بالاڭغا يېتىدۇ ، مەن ئۇنى بېرەي ، — دېدى . بۇ ئادەم يىلاننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ يىلاندىن بىر زۇمرەتنى ئېلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . يىلان تۆشۈكتە قېلىپ ئانداق خۇش بولۇپ كەتتىكى ، تېرىسىگە سىغماي قالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆۋىسىدىمۇ ياتماي : « بۇ نۆۋەت بىر ھىيلە بىلەن قۇتۇلدۇم ، ئەمدى پۇرسەت يېتىپ ئول ئادەمگىمۇ بىر نەشتەر ئۇراي » دەپ ئويلاپ يۈردى .

بۇ نادان ئادەم خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ خۇن پۇلى بىلەن باي بولۇپ بىر كېنىزەك بىلەن باغقا كىرىپ تاماشا قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن رىغبەت قىلىپ كامدىل ھاسىل قىلدى . بىر ئاز ياتقاندى ، ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزى ئۇيقۇغا باردى .

ئەلقىسسە ، ئول يىلان ئەزەلدىن دۈشمەن ئىدى . بۇ ئادەم ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى . يىلان كېلىپ نەشتەر ئۇرۇۋىدى ، دەرھال ئويغىنىپ يىلاننى كۆردى ـ دە ، ئۇنىڭغا :

— ئى دۈشمەن ، قىلغۇلۇقنى قىلدىڭ ، ئەمدى دورىسى بارمۇ ، — دېگەندى ، يىلان ئۇنىڭغا دېدى :

— مېنىڭ بەرگەن زۇمرەتلىرىم بىلەن مۇڭگۈزۈم پايدا قىلىدۇ . ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن ساقلىماي نېمە ئۈچۈن ساندۇققا سېلىۋالدىڭ ؟ ئاۋۋال ئوغلۇڭغا نەشتەر ئۇردۇم ، ئۇنى بىلمىدىڭ . ئاندىن خوتۇنۇڭنى چاقتىم ، ئۇنى بىلمىدىڭ . ئەگەر مېنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدى ، بۇ ھالغا قالمىغان بولاتتىڭ . سەن پۇلنى دەپ خوتۇن ـ بالىلىرىڭنىڭ جېنىنى ساتتىڭ . ئۆزۈڭنىمۇ ھالاك قىلدىڭ . ئادەمزاتلار بەزىلىرى يېمەك ـ ئىچمەك ، بەزىلىرى بالىۋاقا ، بەزىلىرى مال ـ دۇنياغا ئالدىنىپ ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدۇ ، كۆڭلەردىن بىر كۆنى ، يېگىلى مەيدىنىڭ قۇۋۋىتى يوق ، يۈرگىلى پۇتىنىڭ ماغدۇرى يوق ، كۆرگىلى كۆزىنىڭ نۇرى يوق دەۋرلەر بولىدۇ . يۈزمىڭ نادامەت قىلغان بىلەن پايدا قىلمايدۇ . تويمىغان كۆزلىرىڭمۇ تويىدۇ . پۇلنى دەپ ئاچ كۆزلۈكتىن بۇ بالاغا قالدىڭ . ئەمدى ساڭا ھەزرىتى

ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ چاڭگىلى پايدا قىلىدۇ. ئۇ كېلىپ كانايدىن بوغقاندا ھەممىگە تويۇپ ئاغرىقتىن خالاس بولسەن، — دەپ غايىب بولدى.

# شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك ھېكايىسى

قەدىمكى داستانلاردىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

مىسىر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. پادىشاھلار ئارىسىدا ناھايىتى دۆلەتمەن، ئادالىتى كۆپ، زۇلمى ئاز، ياخشى تەبىئەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئاسىم ئىبنى سەپۋان دەپ ئاتىلاتتى. كۈنلەردە بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «يېشىم يۈز يەتمىشكە يېتىپتۇ. تۆت يۈزدىن ئوشۇقراق شەھەر ئەمر ـ پەرمانىمدىدۇر. ھېچ نەرسىدىن ئېھتىياجىم يوق. مەن ئۆلسەم تاج ـ تەختىم، خەزىنە ـ دەپىنىلىرىم ياتلارنىڭ قولىغا قالغۇسىدۇر» دېگەنلەر يەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن خىلۋەتنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭ ئىبنى ھەممد دەپ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەزرەتلىرىگە نېمە بولدىكىن، ئاڭلىساق، ئاندىن ئۇنىڭ تەدبىرىگە ئىلاج قىلساق، — دېدى. پادىشاھ ئېيتتى:

— ئى ۋەزىر، يېشىم يۈزيەتمىشكە يېتىپتۇ. ھېچ نەرسىدىن ئېھتىياجىم يوقتۇر. ھېسابلاپ باقسام يا ئوغۇل، يا قىز پەرزەنتىم يوق. ئۆلسەم تاج ـ تەخت، خەزىنە ـ دەپىنىلىرىم ياتنىڭ قولىغا قالغۇسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ خىلۋەتنى ئىختىيار قىلدىم.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دېدى ۋەزىر، — بۇ ئالەمدە دۈشمەن كۆپتۇر. دۈشمەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، ئىش مۈشكۈل بولىدۇ. مېنىڭچە، مەسلىھەت شۇكى، كۈندۈزى چىقىپ دەۋا سوراپ، مەزلۇملارنىڭ ھالىغا يېتىپ، كېچىلىرى ئىبادەت قىلسىلا، ئېھتىمال خۇدايىتائالا پەرزەنت بېرىپ قالار.

بۇ سۆز بىلەن پادىشاھ كۈندۈزى تەختكە چىقىپ دەۋا سوراپ ۋە خوتۇنلىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، كېچىسى بولسا خۇدايىتائالا دەرگاھىغا

ھەمدۇ ئېيتىپ سىغىندى. ئۆمرىنى بىرقانچە ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ يۈردى. بىر كۈنى قۇرئى سالغۇچى رەممالLARنى يىغىپ:

— مېنىڭ ئېتىمدا بىر قۇرئى سېلىپ بېقىڭلار، خۇدايىتائالا پەرزەنت بېرەمدۇ - بەرمەمدۇ كۆرۈپ باقسام، — دېدى. قۇرئەندازلار قۇرئىغا قاراپ:

— يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالسىلا پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، — دېيىشتى. بۇ سۆز بىلەن تۆت يۈز شەھەرنىڭ دانالىرىنى يىغىپ كەلدى. بەش يۈز كىشى جەم بولدى. لازىملىقلىرىنى راسلاپ، ئىبنى ھەمىد ۋەزىرنى سەردار قىلىپ يولغا سالدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ يەمەن شەھىرىگە يېتىپ، شەھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشكەندى، بۇنىڭدىن خەلقى خەۋەردار بولۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مىسىر تەرىپىدىن بىر توپ لەشكەر كېلىپ چۈشتى. ئۇلار يېغىچىلارمۇ ياكى ئەلچىلەرمۇ بىلمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى. پادىشاھ دەرھال:

— سەھرا خەلقى شەھەرگە كىرسۇن، دەرۋازىلارنى مەزمۇت تاقاپ لەشكەرلەر تەييارلىنىپ تۇرسۇن، مۇھاپىزەتتە كىشى تۇرسۇن، — دەپ پەرمان بەردى. ئۇنىڭغىچە ئۈچ كۈن ئۆتتى. ھېچبىر ئەھۋال يۈز بەرمىدى. ئاخىر بۇ بەش يۈز كىشى يېتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ كەلگىنىنى ئىزھار قىلدى. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولۇپ:

— دەرۋازىلارنى ئېچىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ھۆكۈم قىلدى. كەلگەن بەش يۈز كىشى ئېلىپ كەلگەن تۆھپىلىرىنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن ۋەزىر نامىنى بېشىدىن ئۈستۈن تۇتۇپ پادىشاھقا بەردى. پادىشاھ نامىنى ئوقۇپ بولۇپ: «ھېلىغۇ بىر قىزىم بار ئىكەن. ئەگەر يۈز قىزىم بولسىمۇ پادىشاھىڭلاردىن ئايىمايمەن» دەپ بىرمۇنچە ئادەملىرىدىن مىسىر پادىشاھىغا نامە ئەۋەتىپ، كەلگەن مېھمانلارنى ئالىي ماكانغا تەكلىپ قىلىپ چۈشۈردى. دەرھال بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ نەغمە - ناۋانى ئەۋجىگە يەتكۈزدى. ھاپىزلار ئاشقانە غەزەل ئوقۇپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز مېھماندارچىلىق قىلدى. خەزىنىلەرنىڭ

ئىشىكنى ئېچىپ توي جابدۇقىنى تەييار قىلدى. نەچچە يۈز ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر بىلەن قوشۇپ مەلىكىنى ئىبنى ھەممدكە قېتىپ بەردى. بۇلار يولغا راۋان بولۇپ نەچچە كۈن يۈرۈپ مىسىر شەھىرىگە يېقىن كەلدى. بۇ خەۋەر مىسىر پادىشاھىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

« يەمەنگە بارغانلار مەلىكىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ تۆت يۈز شەھەردىن كەلگەن ۋەزىر – ۋۇزرالار بىلەن پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئارا يولدا كۆرۈشتى. ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ ئوردىلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىغا چۈشۈرۈپ بەزمە ئۇيۇشتۇردى. سازەندىلەر نەغمىنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى. ھاپىزلار ئاشىقانە غەزەل تووۋلاشتى. ئاخىر بەزمە ئاخىرلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىدى. پادىشاھ مەلىكىنى ئاپىرىپ ئول كېچە تەسەررۇپ قىلدى. شۇ كۈندىلا مەلىكە ھامىلدار بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن بىر ئوغول تۇغدىكى، ئۇنىڭ جامالى ئاپتاپ، چىراي، يۈزلىرى ئايئاق، بەلكى سائادەت يۇلتۇزى ئىدى. بۇنىڭ باراۋىرىدە ئىككىنچى بىرسى يوق ئىدى. پادىشاھ بۇخۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇدايە تائالانىڭ يولىدا نەزىر – سەدىقىلەر بەردى.

ئەلقىسسە، ئىبنى ھەممد ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھەم ھامىلدار ئىدى. ئۇمۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. ئىبنى ھەممد دەرھال كېلىپ خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ پەرمان قىلىپ بۇ ئىككى ئوغۇلغا تەربىيىچى تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئوغۇلغا ئىنىكئانا تەيىنلەپ بىر ئۆيدە باقتى. پادىشاھنىڭ ئوغلىغا سەيپۇلمۇلۇك دەپ ئات قويدى. ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا سەئىد دەپ ئات قويدى. بۇ ئوغۇللار يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بەردى. پادىشاھ يارلىق قىلىپ:

— بۇ ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئۈچۈن بىر ئىمارەت تەييار قىلىڭلار. تىككەن دەرەخلەرمۇ ئوغلۇم بىلەن تەڭ چوڭ بولسۇن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئانداق ئىمارەت قىلدىكى، سامان ئورنىدا زەپەر ئىشلەتتى. شۇنداق زىننەتلەپ بۇ ئىمارەت يەتتە يىلدا تاماملىغا يەتتى. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن تۆت يۈز شەھەردىن كەلگەن ئەمىر – ۋۇزرالارنى ۋە

ئۇلارنىڭ ئاغىچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىمارەتنىڭ توي چىيىنى ئۆت-كۈزدى. بەزمە سورۇنلىرىنى تۈزۈپ نەغمىلەرنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى. ساقىيلار يۈزمىڭ تەنتەنىلەر بىلەن جاملىرىنى تولدۇرۇپ قەدەھ تۇتۇشماقتا ئىدى. پادىشاھنىڭ قەلبى دولقۇنلىنىپ:

— خەزىنىلەرنى ئېچىپ شاھانە كىيىم - كېچەكلەر كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، خادىملار نەچچە بوغچىدا سەرپاي كەلتۈرۈپ پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن سەئىدكە كىيدۈردى. ياقىسىغا كەشتە تىكىل-گەن تون ئىنئام قىلدى. سەئىد دۇئاغا تىل ئېچىپ پەگاغا چۈشۈپ تۇرۇپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

نەزمە

پادىشاھ بۇ جاھان دۆلىتىڭ ئاۋات بولسۇن،
دوستلىرىڭ شاد ئولۇبان دۈشمەنلەر بەرباد بولسۇن.
ئاجىز - پېقىر ئەھلىگە ساخاۋەت قىلساڭ،
تاڭلا مەھشەر كۈنىدە تەڭرى مەدەتكار بولسۇن.

دەپ تەزىم قىلىپ ئورنىدا تۇردى. ئاندىن پادىشاھ خەزىنىچىلەرنى چاقىرىپ:

— خەزىنەمدە پولاتتىن ياسالغان بىر ساندۇق بار. شۇ ساندۇقنى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. خەزىنىچى دەرھال ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويدى. ئالتۇن قۇلۇپنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر تون، بىر ئۈزۈك ئېلىپ شاھزادىگە ئىنئام قىلدى، شاھزادە ھەم تەزىم قىلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ شاراب ئىچتى. ئاندىن پادىشاھنىڭ رۇخستى بىلەن ھەرقايسىسى ئۆيلىرىگە تارقاشتى. شاھزادە ھەم ئۆز جايىغا چىقىپ ئۆزگە شاھزادىلەر بىلەن بىردەم شاراب ئىچىپ مەيخورلۇق قىلدى. بۇ چاغدا ھەممىسى مەست بولۇپ يىقىلىپ، ھەر تەرەپكە چىقىپ كەتتى. شاھزادە يالغۇز قېلىپ كۆڭلىدە: «ئاتام بىر تون بىلەن بىر ئۈزۈك ئىلتىپات قىل-

غانىدى. ئۇنى بىر كىيىپ باقاي » دەپ شۇنداق ئاچقانىدى، بىر سۈرەت كۆرۈنىدى، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ۋۇجۇدىغا بىر ئوت كىلىپ تۇتىشىپ، جىنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. سۈرەتكە ئاشىق بولۇپ دەرد - ئەلەم چەككىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا سەئىد ئويغىنىپ: « بۇ قىرىندىشىم نەگە كەتكەندۇ » دەپ تۇراتتى. يەنە بىر ئۆيدىن نالە ئاۋازى كەلدى. ئالدىراپ چىقىپ كۆردىكى، شاھزادە باغرىنى كۆك يەرگە يىقىپ يىغلاپ يىتىپتۇ.

ئەلقىسسە، تاڭ ئاتتى، سەئىد چىقىپ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ دەرھال كىرىپ كۆردىكى، ئوغلى گەپ - سۆز قىلالمايدۇ. ھالى تۇگەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. تىۋىپلارنى چاقىرىپ كۆر-سەتكەنىدى، ئۇلار شاھزادىنىڭ ئەھۋالى ئوبدان، كىسىلى يوق دەپ، دەردىنى تاپالمىدى. پادىشاھ سورىدى:

— بۇ ئاش - نان يىمىسە، سۇ ئىچمىسە، كۆڭلى نىمىنى خالىسا شۇ يەرگە چىقىپ كىتىپ بارسا، بۇ كىسەل ئەمەسمۇ؟

دانالار تەدبىر بىلەن ئىيتتى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، شاھزادە بىلەن سەئىدنى بىر ئۆيدە قويساق، سەئىد سەيپۇلمۇلۇكتىن سوراپ باققان بولسا، ئەلۋەتتە راستىنى ئىيتىپ بەرگەن بولاتتى. ئەگەر راستىنى ئىيتىپ بەرمىسە، سەئىد ئۇنىڭغا: « ئى سەيپۇلمۇلۇك، بىز مۇشۇ كەمگىچە ئەسرار بولۇپ بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمىدۇق. ئەمدىلىكتە بىر ئىغىز سۆزنىمۇ ئىيتماس بولدۇڭ، بۇنىڭدىن كۆپ ئىزا تارتتىم، بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگىنىم ياخشى دىسۇن » دەپ مەسلىھەت بىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد سەيپۇلمۇلۇكنىڭ قىشىغا كىرىپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەپ پىچاقنى ئىلىپ، بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگەن ياخشى، دەپ ئورنىدىن تۇرغانىدى. سەيپۇلمۇلۇك:

— ئى سەئىد، مەن كۆرگەن كۈننى سەن كۆرگەن بولساڭ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك كۈنگە قالار ئىدىڭ، — دەپ، ئاتىسى بەرگەن تونىنى كۆرسەتتى. بۇنى كۆرۈپ سەئىدمۇ بىھوش بولدى. بىر سائەتتىن كىيىن ھوشىغا كىلىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىپدۇركى، بىر مەزلۇم بار ئىدى. ۋالتىس ئەييار ئىدى. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا شاھزادىنى سۆزلەتسەم.

پادىشاھ رۇخسەت قىلدى. بۇ مەككار شاھزادىنىڭ قېشىغا كىرىپ ھەر تەرەپتىن سۆز باشلاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلىپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

مۇنچە كۆيدۇرمەك راۋامۇ دىلرەبا بولغان بىلەن،
تاشلاپ ئاتماسلار گادايىنى پادىشاھ بولغان بىلەن.
پادىشاھلىققا يەتمەس زەر نە ھۆسنۈڭگە زىيان،
دۆلىتىڭىز كەم بولۇرمۇ بىر قىيا باققان بىلەن.

چوغنى پاختا ئارىسىدا ساقلاماغلىق بەكمۇ تەس،
ئاشكارا بولغۇسىدۇر نەچچە يوشۇرغان بىلەن.
نەچچە كۈن بولدى غەرەزنى پەھىم قىلماس ھېچ كىشى،
مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇرمۇ يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن.

— كۆيمەك ئەرلەرنىڭ ئىشى، يىغلىماق مەزلۇملارنىڭ نازلىنىشىدۇر. ئىشقىسىز پىچەك، دەردسىز ئېشەكتۇر. ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ سىرىنى يوشۇرغانلىرى، زەرگەر يىگىت بىلەن خانىكەنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدۇ، — دېدى.

شاھزادىنىڭ ئۆلگەن بەدىنىگە جان كىرگەندەك بولۇپ ئورنىدىن قوپۇپ ئېيتتىكى:

— بۇ ئىمارەتنى مېنىڭ ئۈچۈن سالدۇرغانىدى، ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن ئۆي تويى ئۆتكۈزۈلدى. تويدا ماڭا بىر تون، بىر ئۈزۈك ئىنئام قىلدى. توننى تويدا كىيمەي، بەزمىدىن تارقاپ بىرىپ يالغۇز قالغاندا كىيىپ باقاي دەپ شۇنداق ئېچىشىمغا، تونغا سىزىلغان بىر نازد-

نىنىنى كۆردۇم. شۇ زامان تامام ئەزالىرىمغا ئوت تۇتاشتى، ئۆلەي دەپ قالدىم. ھالا مەن كۆرگەن چۇشنى سەن كۆرگەن بولساڭ مەندىنمۇ زىيادىرەك بولار ئىدىڭ، — دەپ تونىنى ئاچتى. بۇ مەزلۇم ھەيران قالدى.

شاھزادە ئېيتتى:

— ئى مەزلۇم، ئەمدى ئېيتقىن، زەرگەر ئوغۇل بىلەن خانىكەنىڭ ھېكايىسى قانداق ھېكايە ئىدى؟

## زەرگەر ئوغۇل بىلەن خانىكەنىڭ ھېكايىسى

ئول مەزلۇم تۇتىدەك سۆزگە كىرىپ دېدى:

— ئۆتكەن زاماندا بىر زەرگەر يىگىت بار ئىدى. ئۆزى جەۋاھىر ساتاتتى. چۆرىسىدە ئاشىقلار ئاھ ئۇرۇشۇپ يۈرەتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خوتۇنى سەراپقا بېرىپ يېنىپ كېلەشىدە، زەرگەر يىگىتنىڭ روبىروسىغا كەلگەندە بىر قارشى شامال كېلىپ، مەپىنىڭ ئىشكى ئېچىلىشى ھامان ئول مەلىكىنىڭ كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشتى ـ دە، ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇردا قىزلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. گەپ سورىسا ھېچنېمە دېمىدى. كېنىزەكلىرى:

— ئى مەلىكەم، راستىنى ئېيتقايلا، ئەگەر بىرەر كىشىگە ئاشىق بولغان بولسىلا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، — دېسىمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئاخىر بۇ قىزنىڭ ئىنىكئانىسى سورىغاندا شۇنىڭغا ئېيتتى. موماي بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلاي دەپ مەلىكىگە يۇقراچە لىباس كىيدۈرۈپ زەرگەر يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. يىگىت بىر مۇنچە جەۋاھىرنى كۆرسەتتى. مەلىكە بەزىسىنى يارىتىپ باھاغا ئالدى، بەزىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. زەرگەر يىگىتنى خەۋەردار قىلىپ مەلىكە يۈزىنى ئاچتى. زەرگەر يىگىت كۆرمەك ھامان ئەقلىدىن كەتتى. مەلىكە زەرگەر يىگىتنىڭ ئالدىدا بەش ـ ئالتە يىڭنە، بىر قاشتېشى قويۇپ دەرھال ئۆيىگە ياندى. زەرگەر بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئالدىدا بەش ـ ئالتە

يگنه ، بىر قاشتېشى تۇرۇپتۇ . ھەيران ـ ھەس بولدى .

نەزمە

دەۋاسىز دەردكە بىچارە زەرگەر مۇپتىلا بولدى ،
نازاكەت بابىدا يەكتا ئىدى ، ئاخىر ئادا بولدى .
كىشىگە بولسا ئاشىقلىق ئاڭا ھەرگىز تاپا قىلماڭ ،
چىرايى زەپىراندەك ئاشىق سادىق راسا بولدى .

بىچارە زەرگەر دۇكانىنى يىغىپ ئۆيىگە كەلدى . خوتۇنى ناھايىتى زېرەك ، دانا مەزلۇم ئىدى . بىلدىكى مۇھەببەتنىڭ ئىشق لاچىنى كۆڭۈل كەپتىرىنى ئوۋلاپتۇ . ئېيتتىكى :

— ئى كۈيۈيۈم ، ھارمىغايسىز . كىمنىڭ ئىشقي ئوتى كۆكرەك ساندۇقىڭىزدىن ئورۇن ئالدى ؟

زەرگەر يىگىت دېدى :

نەزمە

نە قىز ئەردىكى مەن بىر قىزنى كۆردۈم ،
قۇرۇق قاقشال كەبى ئوتىدا كۆيدۈم .
نە ئەيلەي نە قىلاي بىچارە بولدۇم ،
ئانىڭ دەردى ـ پىراقى بىرلە بولدۇم .

خوتۇنى ئېيتتى :

— بىرەر نامە ـ نىشان قالدۇرۇپتىمۇ ؟

— بەش ـ ئالتە تال يىگنە بىلەن بىر قاشتېشى قالدۇرۇپتۇ ، — دېدى زەرگەر .

— ئانداق بولسا ، — دېدى خوتۇنى ، — پادىشاھنىڭ خانىكەسى ئىكەن . ئەگەر سەن مەندىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولساڭ بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلۇرمەن .

زەرگەر يىگىت رازى بولدى . ئاندىن خوتۇن يول كۆرسىتىپ :

— يىڭنىنى بەرگىنى، يىڭنىپۇرۇشلار كوچىسى بىلەن ماڭساڭ ئوردىسىغا بارىسەن دېگەنلىكى؛ قاشتېشى قالدۇرغانلىقى، ئوردىنىڭ ئالدىدا قاشتېشى بىلەن ياسالغان بىر سۇپا بار، ئاشۇ سۇپىدا تۇرغىن دەپتۇ. بېرىپ خانىكەم بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى. زەرگەر يىگىت يۈزمىڭ مۇشەققەت بىلەن يىڭنىپۇرۇشلۇق كوچىسىنى تېپىپ، ئۇل كوچا بىلەن مېڭىپ مەلىكىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئېگىزلىكى راۋاق بىلەن باراۋەر، سۈزۈكلۈكى ئەينەكتەك قاشتېشى سۇپا بار ئىكەن. ئۇل سۇپىغا تەستە چىقىپ قاراپ تۇراتتى. خانىش بىر ئاپتۇۋا سۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى تۆكۈپ يېنىپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر كەمدىن كېيىن، قولىدا بىر تاغاقنى ئېلىپ چىقىپ ئۇل تاغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر كەمدە چىقىپ، بىر ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىنى، ئاندىن چەپ يۈزىنى كۆرسىتىپ كىرىپ كەتتى ۋە يەنە بىر گۈلنى كۆرسەتتى. زەرگەر يەنە بىر سائەت قاراپ تۇرغاندى، مەلىكە چىقمىدى، ئاندىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيىگە ياندى. كېلىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. خوتۇن ئېيتتى:

— ئاپتۇۋىنىڭ سۈيىنى تۆككەنلىكى چاھار باغقا سۇ كىرىدىغان ئۆرەك بىلەن كەلگىن دېگىنى؛ تاغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرغىنى سۆڭگۈچتە قاتار قوزۇق قېقىلغانلىق. ئۇنى سۇندۇرۇپ كىرگىن دېگىنى؛ ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىنى كۆرسەتكىنى كۈندۈزى كېلىپ قايتىن دېگىنى؛ ئەينەكنىڭ ئارقىسىنى كۆرسەتكىنى كېچىلىككە كەلگىن دېگىنى؛ گۈلنى كۆرسەتكىنى مەن باغچە گۈللۈكتە تۇرۇپ تۇرغىن دېگەنلىكنى بىلدۈردۇ. ئەمدى بېرىپ مەلىكە بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

بۇ بىچارە زەرگەر ئىستەپ يۈرۈپ ئۆرەكنى تېپىپ، ئۆرەكنىڭ ئىچى بىلەن باشلامغا كەلدى. باشلامغا قېقىلغان قوزۇقلارنى سۇندۇرۇپ كىرىپ گۈللۈككە كېلىپ ئولتۇردى. مەلىكە پات چىقمىدى. ئۇيقۇ لەشكىرى غالىب كېلىپ زەرگەر يىگىت ئۇخلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە پۇرسەت تېپىپ يېتىپ كەلسە، زەرگەر يىگىت بەخىرامان ئۇخلاپ يېتىپتۇ. چىققىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۈچ - تۆت تال

ياڭاقنى سىلىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. زەرگەر يىگىت ئويغىنىپ كۆر-
دىكى، تاڭ ئېتىپ ئەزان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. خورازلار قىچقىرىشماقتا
ئىدى. دەرھال قاچاي دەپ تۇرۇۋىدى، قويىندا ئۈچ - تۆت تال ياڭاق
تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خانىكەم چىققانىكەن، مېنى ئۇيقۇلۇق كۆرۈپ
قوينۇمغا ياڭاق سېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

ئى خانىكەم مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆلسەم كاشكى،
ھىجىر تىغىدا يۈرەكنى ئىككى بۆلسەم كاشكى؛
يەر ئۈزرە سەييادى يەڭلىغ كى قورۇپدۇرسەن تۇزاق،
قۇش كەبى قويغان تۇزاقىڭغا ئىلىنسام كاشكى.

دەپ ئوخلاپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى - ئۆزى مۇشتلاپ، سوغۇق سۇغا پىشىپ ئۆيگە كەلدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا مەلىكە بىلەن ئۇچراشقىنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، دەپ مۇبارەكلىگەنىدى، يىگىت بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ ئەپسۇسلاندى. خوتۇنى ئېيتتى:

— سەن مۇرادىڭغا يېتەر ئىكەنسەن، ئۇ بۇنداقمۇ ئاشىق بولامدۇ. ئاشىقلار ئوخلاپ قالۇرمۇ؟ سېنىڭ ئوخلاپ ياتقانلىقىڭنى كۆرۈپ سەن تېخى كىچىك بالىكەنسەن، كوچىغا چىقىپ ياڭاق ئوينا، دەپ ئويلاپتۇ. بۈگۈن كېچە يەنە بارغىن. ئەگەر ئوخلاپ قالساڭ ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ، قولىنى كىچىككىنە كېسىپ تۇز قويۇپ قويدى. ئاندىن، — ئەمدى بارغىن، — دېدى.

بۇ كېچىسى زەرگەر يەنە بېرىپ قولىنىڭ ئاغرىقىدا ئوخلىيالماي گۈللۈكتە ئولتۇراتتى، مەلىكە چىقىپ كەلدى. مەلىكە زەرگەرنىڭ ئوخلىماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ: «بۇ نۆۋەت ئوخلىساڭ ئۆلتۈرەتتىم» دەپ خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، شاراب ئىچىپ ئىشرەت بىلەن ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى. يېنىپ كېلىپ، ئەمدى شەھەردىن ۋە ئوردىدىن خەۋەر ئالاي دەپ پاششاپلارغا

ھۆكـۈم قىـلـدى . پاششاپ شەھەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ، ئەمدى ئوردىنى تـەكـشۈرەي دەپ خاس نۆكەرلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ ئوردىغا كىلىپ خا-نـىـكـەنـىـڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كۆردىكى ، خانىكە نامەھرەم بىلەن شاراب ئىـچـىـپ ئولـتـۇرۇپتۇ . ئۆگزىدىن چۈشۈپ مەلىكە بىلەن زەرگەر يىگىتنى تۇتۇپ باغلاپ ، زىندانغا سالدى . مەلىكە « ئەمدى قانداق قىلارمەن » دەپ ئەندىشە قىلىپ ، زەرگەردىن :

— ئى يـىگىت ، بۇ قىلغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ قىلدىڭمۇ ياكى بىركىم يول كۆرسەتكەنمىدى ، — دەپ سورىدى . زەرگەر :

— خـوتـۇنۇم يول كۆرسەتتى ، خوتۇنۇمنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋىسا-لىڭىزغا مۇيەسسەر بولالىدىم ، — دىدى .

— ئۇنـداق بـولـسـا ، — دىـدى خانىكە ، ئىنشائاللا خوتۇنىڭىزنىڭ سەۋەبى بىلەن خالاس بولىمىز ، — دەپ زىندانىۋەننى چاقىرىپ :

— بـۇ قۇلاق مۇنچاقلىرىمنى بەردىم . بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن ، قىلىپ كـەلـسـەڭ ، — دىـدى . زىـنـدانىۋەن خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلدى . مەلىكە ئۇنىڭغا :

—ئۈچ پـارچـە تـاشـنى ئېلىپ زەرگەر يىگىتنىڭ ھويلىسىغا بىرىپ بـىـرسى بىلەن دەرۋازىنى ئۇرغايسەن ، يەنە بىر پارچىنى ھويلىسىغا تاشلا ، يەنە بىرسىنى ئۆگزىسىگە تاشلاپ يېنىپ كەلگىن ، — دىدى .

ئەلـقىـسسە ، زىندانىۋەن ئۈچ پارچە تاشنى ئېلىپ زەرگەرنىڭ ئىشـ-كـىـگـە بـىـرىـپ بـىر تاشنى دەرۋازىغا ئۇردى ، بۇنىڭ ئاۋازى زەرگەرنىڭ خـوتـۇنـىغا ئاڭلاندى . « ۋاھ دەرىخ ، ئېرىم كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپ-تـۇ » دەپ ئويلاپ تۇراتتى ، يەنە بىرنى ھويلىغا تاشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ « ئېـرىـم زىـنـدانغا چۈشۈپتۇ » دەپ بىلدى . يەنە بىرنى ئۆگزىگە تـاشـلىغاندى ، « مىنى خالاس قىلسۇن دەپتۇ » دەپ ئويلاپ ، دەرھال دىـ-دەكـنـى ئويـغـىتىپ بىر قازان ھالۋا ئېتىپ دىدەككە كۆتۈرتۈپ زىنداننىڭ بويىغا كەلدى . زىندانىۋەننى چاقىرىپ :

— ئېـرىـم سودىغا كەتكەنىدى . سودىگەرچىلىككە بارغان شەھەردە ئۆلـۈپـتـۇ . بۈگۈن كىچە ئۇخلاۋاتسام بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي چۈشۈمدە :

« بۇگۈن كىچە ئۆز قولۇڭ بىلەن ھالۋا ئېتىپ زىنداندىكىلەرگە يېدۈرگىن » دەپ ئۇچۇر بەردى ، — دەپ بىر تاۋاق ھالۋىنى زىندانۋەنگە ئۇسۇپ بەردى . قالغان ھالۋىنى مەلىكە بىلەن زەرگەر يىگىتنىڭ ئالدىغا قويدى . بۇ ئىككىسى يۈزمىڭ خىجالەت بىلەن ھالۋىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ، بىر قۇر ئايالچە كىيىمنى زەرگەر يىگىتكە كىيدۈرۈپ قازان ، ئاياقنى دېدەككە كۆتۈرتۈپ زەرگەر يىگىتنى چىقىرىۋەتتى . زەرگەر يىگىت ئۆيگە كېلىپ خۇدايىتائالاغا يۈزمىڭ شۈكۈر سانالار ئېيتتى . زەرگەرنىڭ خوتۇنى مەلىكە بىلەن زىنداندا قالدى .

مەلىكىنىڭ ئەتىسى پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلىش ئادىتى بار ئىدى . پادىشاھ قارىسا ، كېنىزەكلەر بار . ئەمما خانىكە يوق . كېنىزەكلەردىن سورىغاندى ، ئۇلارمۇ بىلەلمىدى . پاشاپ ئەرز قىلدىكى :

— شەھەرنى ۋە ئوردىنى خەۋەر ئالغىن دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىلە . شەھەرنى تەكشۈرۈپ چىقىپ ، ئاندىن ئوردىنى خەۋەر ئالاي دەپ ئوردىنى چۆرۈلۈپ مەلىكەمنىڭ ئۆگزىسىگە قارىسام ، مەلىكەم بىر نامەھرەم بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئاشۇ نامەھرەم بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ زىندانغا سالدىم ، — دېدى .

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ شۇ سائەتتە ياساۋۇللارنى بۇيرۇدى . ئۇلار زىندانغا بېرىپ يېنىپ كېلىپ :

— زىنداندا ئىككى مەزلۇم ئولتۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن بۆلەك كىشى يوق ، — دەپ مەلۇم قىلدى . پادىشاھ :

— ئۇلارنى دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار ، — دەپ پەرمان قىلدى . ياساۋۇللار بېرىپ زىنداندىن چىقىرىپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ خانىكەدىن سورىغاندى ، خانىكە ئېيتتىكى :

— بۇ مەزلۇم بۇ يېقىندا ماڭا نۆكەر بولغانىدى . بۈگۈن كېچە مېنىڭ خانامدا گەپلىشىپ ئولتۇراتتۇق . پاشاپ كىرىپ : « پادىشاھنىڭ يارلىقى » دەپ ئىككىمىزنى تۇتۇپ زىندانغا سالدى . ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىمنى بىلمەيمەن ، — دەپ يىغلىدى . پاشاپ بۇ ھالدا يالغانچى بولۇپ قالدى . پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :

— سەن هارامزادە مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ تەھقىق قىلماي مېنى بەتنامغا قويدۇڭ ، — دەپ پاشىاپنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى . خانىكە يەنە ئاۋۋالقى مەرتىۋىسىگە يەتتى ، — دەپ مەككار موماي شاھزادە قېشىدىن چىقىپ پادىشاھ قېشىغا كىردى .

ئەلقىسسە ، مەككار موماي ۋەقەنى ئاسىم ئىبنى سەپۋانغا مەلۇم قىلدى . پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەستلىكتە قىلغان ئىشلىرىغا مىڭلىغان پۇشايمان قىلىپ :

— بىر كۈنى ئولتۇرغانىدىم ، ھاۋا تۇتۇلدى . ئاندىن قارا بوران پەيدا بولۇپ ، قارا بوران ئىچىدىن قۇشقا ئوخشاش تۆت نەرسە ئالدىمغا چۈشتى . مەن ئۇلاردىن : « سىلەر نېمە جان ؟ » دەپ سورىغانىدىم ، ئۇلار : « بىز دىۋەدۇرمىز . ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەۋەتتى ، ساڭا مەدھىيە ئېلىپ كەلدۇق . بىزدىن كېيىن يادنامە بولسۇن » دەپ بىر ساندۇقنى ئەكېلىپ ئالدىمدا قويدى . ئۇل ساندۇق پولاتتىن ياسالغانىكەن . قۇلۇپ ـ ئاچقۇچلىرى ئالتۇندىن ئىكەن . ئاندىن قۇلۇپنى ئاچتىم . ئىچىدە بىر تون ، بىر ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈندى . ئۇل تونىنى ئېچىپ كۆرمەك ھامان ئەقلىمدىن ئادىشىپ بىھوش بوپتىمەن . يەنە ھوشۇمغا كېلىپ : « تونغا سىزىلغان سۈرەتنى كىمنىڭ سۈرىتى » دەپ سورىغانىدىم ، ئۇلار : « ئۇ ، شەھبال ئىبنى شەررۇخنىڭ قىزى بەدىئەلجامالنىڭ سۈرىتى » دېدى . مەن : « ئىستەپ تاپقىلى بولارمۇ » دېدىم . « بۇنى ئىستەپ تاپقىلى بولماس ، سەن قىلغۇدەك ئىش ئەمەس » دەپ غايىب بولدى . ئۇن سەككىز يىل بولدى . ئۇنى خەزىنەمدە ساقلاپ كەلدىم . كۆرۈنۈشتە مېنى پادىشاھ دەيدۇ . ئەمما قەلبىم بۇ سۈرەتنىڭ بەندىسىدۇر . مەن مۇشۇنداق قېرى تۇرۇپ بىر كۆرۈش بىلەنلا بۇ ھالغا قالدىم . ئۇن تۆت ياشلىق يىگىتكە بەرسەم ئۇ نېمە بولماقچى ؟ . . . — دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىدى . لېكىن پايدىسى بولمىدى . ئۇ ئالدىراپ ئوغلىنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى ئوغلۇم ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ ، مەن خۇدادىن تىلەپ خالىس نەزىر ـ سەدىقىلەر بېرىپ يۈرۈپ سىزنى خۇدايىم بەرگەنىدى . بۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس . قېرىغان چېغىمدا مېنى پەرزەنت

پىراقىدا ئۆلتۇرمەك ، — دېدى . شاھزادە دېدىكى :

— ئى ئاتا ، بۇ ئىشقى ھەۋىسى مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈپتۇ . بۇنى تارتماسقا چارەم يوق ، ماڭا رۇخسەت بەرگەيسىز ، ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىلىمەن ، — دەپ گۈلبارنى ئۆشىنىسىگە سېلىپ چىقىپ ماڭدى . پادىشاھ ئېيتتى :

— ئى ئوغلۇم ، ئۇنداق بولسا سىز پادىشاھلىق قىلىڭ . سىز تېخى ھېچ يەرنى كۆرمىگەن ، ياخشى - يامانىنى باشتىن كەچۈرمىگەن . بۇ ئىشقا مەن باراي ، — دېدى .

— ئى ئاتا ، — دېدى شاھزادە ، — بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەنىكەن ، ئۆزۈمنىڭ بېرىشى لازىمدۇر .

دانالار تەدبىر كۆرسىتىپ ، پادىشاھقا :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىگە نەسىھەت كار قىلمايدۇ . بەلكىم ئۆزىنى زايە قىلغۇدەك ، مەسلىھەت بېرىمىزكى ، تۆت يۈز شەھەرنىڭ ھاكىملىرىغا پەرمان ئەۋەتىلسۇن ، ئۇلار شەھەرلىرىدە قانچىكى دانا بولسا دەرھال ئەۋەتسۇن . ئۇلار لازىملىقلىرىنى ئېلىۋېلىپ بىر يىلغىچە ئىستىگەي . قەيەردە ساھىبجامال مەلىكە بولسا سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ ئېلىپ كەلسۇن ، ئېھتىمال بەدىئەلجامالدىن خەۋەر چىقىپ قالار ۋە ياكى باشقا قىزلاردىن شاھزادىگە ياراپ قالسا ئۇنى ئېلىپ بەرسەك ، بىزمۇ ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولساق . ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىئەلجامالنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتۈرسەك ، — دەپ مەسلىھەت بەردى .

پادىشاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىملارغا :

— قانداقلىكى جايدا دانا ، زېرەك كىشى بولسا تېپىپ ، ھايال قىلماي مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتىڭلار ، — دەپ نامە ئەۋەتتى .

پات پۇرسەتتە دانا ، زېرەكلەردىن بەش يۈز كىشى ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئات - ئوزۇق راسلاپ بېرىپ : « بىر يىلغىچە بەدىئەلجامالنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار ، بولمىسا شاھزادىنىڭ ھالى خاراب بولىدۇ » دەپ بۇلارنى يولغا سالدى .

ئەلقىسسە ، بۇلار چىقىپ كەتتىمۇ كەنت ، شەھەرمۇ شەھەر ئىستەپ

ھېچ يەردىن بەدىئەلجامالنىڭ ياكى باغى ئېرەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى . ئەمما ، يۈز ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىنىڭ سۈرىتى ئىدى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن شاھزادىنىڭ ئون ئوتىنىڭ توققۇزى پەسەيگەنىدى . ئەيش ـ ئىشرەت سارىيىدا ئولتۇراتتى . ئىزدەپ بارغانلار كېلىپ پادىشاھقا :

ــ جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ بەدىئەلجامال ياكى باغى ئېرەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق . ئەمما يۈز قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلدۇق . بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھلارنىڭ ساھىبجامال قىزلىرىنىڭ سۈرىتىدۇر . بۇلاردىن قايسىنى ياراتسا شۇنى ئېلىپ بەرگەيلا ، ــ دېدى . پادىشاھ بۇ ئىشنى شاھزادىدىن مەخپىي تۇتتى . ئەمما شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ بولغانىدى . ئۇنىڭ بىر ئوتى ملىڭ بولۇپ ئاھ ئۇرۇپ ياتاتتى . پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ؛

ــ ئى ئوغلۇم ، بارغانلار مەلىكىنىڭ ، باغى ئېرەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي يۈز قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەپتۇ . شۇلاردىن قايسىنى خالىسىڭىز شۇنى ئېلىپ بېرەي ، ــ دېگەنىدى . شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

باۋەر ئەتكىل بۇ سۆزۈمگە ئى رەپىق دەردمەند ،
تاشقا يامغۇر كار قىلماس مۇزغا سۇ ، ئاشىققا پەند .

يىگىت :

ــ ئى پەدەر بۇزرۇكۋار ، بۇ مۇھەببەت ئىشقى مېنىڭ بېشىمغا كەپتۇ . ئۇنى تارتماسلىققا چارەم يوق ، رۇخسەت بەرگەيسىز ، ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىلاي ، ــ دەپ چىقىپ كەتتى . دانالار مەسلىھەت بەردىكى :

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىگە نەسىھەت كار قىلمايدۇ . تامام شەھەرلەرگە سېلىق سالايلى ، ياغاچچىلار جەم بولسۇن . ئۇلار كېلىپ مىڭ دانە كېمە ياسىسۇن . ھەر كېمىنىڭ مىڭ ھۇجرىسى بولسۇن .

پالۋانلاردىن ئىككى ملڭ كىشى تەيىنلەنسۇن. بىر كېمىنى مەخسۇس ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەپ، جاۋاھىر چىراغلار بېكىتىلسۇن، شاھزادىنى ئۇل كېمىگە كىرگۈزۈپ ئاندىن رۇخسەت بەرسىلە، قۇرۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق، ئەمدى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سۇ ئىچىنى ئىزدەپ باقسا خۇدايىتائالانىڭ فەزلى كەرىمىدىن ئۈمىد تۇتۇپ تۇرساق، ئىنشائاللا تېپىلۇر ياكى خەۋىرىنى ئالغىلى بولۇر.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرگە شاھزادىنى ماقۇل قىلىپ:

— ياغاچچىلارنى يىغىپ كېمە تەييارلانسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى.

پات پۇرسەتتە كېمىلەر تەييار بولدى. ھەر بىر كېمىگە پالۋانلاردىن ئىككى ملڭ كىشى تەيىنلەندى. شاھزادە ئولتۇرغان كېمىگە لەئەل ـ جاۋاھىر، ئالتۇن ـ كۈمۈش، قىممەت باھاماللاردىن سالدى. شاھزادە بىلەن بارىدىغان پالۋانلار كېمىلەرنى دەرياغا سالدى. پادىشاھ ئاسىم ئىبنى سەپۋان دەريانىڭ بويىغا كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

نەزمە

دەرىخا نېتەي سەيپۇلمۇلۇك جانىمدىن ئايرىلدىم،
تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزنىڭ نۇرى جانىمدىن ئايرىلدىم.

— ئى باراخۇدايا، ھەقسەن، راستىسەن، داناسەن، پاناھسەن، يەككە ـ يېگانىسەن، رەھمانىررەھىمسەن. يوقنى بار قىلغۇچى، بارنى يوق قىلغۇچى، بۇ پەرزەنتىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ زار ـ زار يىغلاپ، باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ھەمراھلىرى بىلەن شەھەرگە يېنىپ ئوردىسىغا كەتتى. شاھزادە قەپەستىن چىققان تۇتىدەك ئەركىن بولۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ تۆۋەنگە راۋان بولدى. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي سۇ بىلەن مېڭىپ خاقان چىن ۋىلايىتىگە يەتتى ۋە كېمىنى دەريانىڭ قىرىغا تارتىپ، مەنقۇلاتلارنى تۇشۇپ قۇرۇقلۇقتا ئارام ئالدى. بۇنى كۆرگەن چىن خەلقى خاقانغا مەلۇم قىلىپ: « مىسىر تەرەپتىن كېمە

بىلەن بىر مۇنچە لەشكەر كېلىپ دەريا بويىغا چۈشتى » دەپ ئەرز قىلدى . خاقان چىن شۇزامان يارلىق قىلىپ كەلگەنلەرنى بىلىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى . شاھزادە ئۇلارغا :

— مىسىر شەھىرىدىن كەلدىم . مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلى دۇرمەن . تاماشا ئۈچۈن چىققانىدىم ، ئۈچ كۈنگىچە مېھماندۇرمەن ، — دېدى . خاقان چىن ئاڭلاپ دەرھال ئاتلىنىپ شاھزادە بىلەن كۆرۈشتى . شاھزادە خاقان چىننى ئۈچ كۈنگىچە كېمىسىدە مېھمان قىلدى . ئاندىن خاقان چىن شاھزادە بىلەن سەئىدنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بەردى . سازەندىلەر ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى . ساقىيلار قەدەھلەر تۇتۇشۇپ تۇرۇشتى . خاقان سوئال قويۇپ ، شاھزادىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىنىڭ غەرىزىنى سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ ، مەقسىتىنى باشتىن - ئاياغ بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . خاقان بۇنى ئاڭلاپ :

— بىزنىڭ بەدىئەلجامال ياكى باغى ئېرەم دەپ ئاڭلىغىنىمىز يوق . ئەگەر خەۋىرىنى ئالاي دېسەڭلار قۇستەنتەيىندىن بىلگىلى بولىدۇ ، — دېدى . شاھزادە بىلەن سەئىد خاقاندىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا راۋان بولدى . خاقان چىن ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى . ئاندىن كېيىن ، ئۇلار قىرىق كېچە - كۈندۈز دەريادا كېمە بىلەن يول يۈردى ، قىرىق بىرىنچى كۈنى ھاۋا بۇزۇلۇپ بىر قارا بوران پەيدا بولدى .

ئەلقىسسە ، كېمىچىلەر كېمىنى توختىتالمىدى . كېمىلەر كۆزدىن غايىب بولدى . ھەممىلىرى جاندىن ئۈمىد ئۈزۈپ يىغلاشماقتا ئىدى . ئاندىن كېيىن ھاۋا سۇزۇلۇپ چاك - تۇتەكلەر يوقالدى . قۇيۇندەك بىر نەرسە پەيدا بولۇپ كېمىلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغىلى تۇردى . كېمىلەرگە سۇ چىقىپ كەتتى . سۇنى ئېلىپ تۆكتى ۋە كېمىدىكى لەئەل - جاۋاھىر ، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تاشلىۋەتتى ، ئۇنىڭغىمۇ بولمىدى . ھەممە نەرسىلەرنى تاشلىسىمۇ پايدىسى بولماي ، كېمە كېمىگە ئۇرۇلۇپ پارە - پارە بولۇپ ئادەملەر غەرق بولدى . پەقەت بىر تال شالدا يىگىرمە كىشى بىلەن شاھزادە قالدى . يەنە بىر تال شالدا سەئىد بىلەن ئون تۆت كىشى

قالدى. بىرىپ بىر يەردە دەريا ئىككىگە ئايرىلدى. شاھزادە بىر تەرەپكە، سەئىد يەنە بىر تەرەپكە ئېقىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتتى. بۇلار بىر ـ بىرلىرىنى كۆرەلمىدى. ئۇ يەردە ئادەمخور زەڭگىلەر بار بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ قولىدا بىر غولاچتىن توملۇر زىخلىرى بار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ كەمەندە تاشلاپ تارتىپ ئالدى. ئاچ قالغان زەڭگىلەر بۇلاردىن بەش ـ ئالتە كىشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى. قالغانلىرىنى پادىشاھقا كاۋاپ قىلغىلى ئاپىرىپ بەردى. پادىشاھى توت كىشىنى يەپ، ئىككى كىشى بىلەن شاھزادىنى قىزىم كاۋاپ قىلىپ يېسۇن دەپ ئەۋەتتى. قىزى شاھزادىنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدى. مۇلازىملىرىنى چاقىرىپ:

بۇ جانىۋارلار ئورۇق ئىكەن، سەمرىتىپ يەيلى. بادام، خورما، ناۋات بېرىڭلار، ئوبدان سەمرىسۇن، — دېدى.

ئەلقىسسە، مۇلازىملار ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئوبدان بېقىشقا كىرىشتى. شاھزادە كۆڭلىدە: « سەمرىسەم زەڭگىنىڭ قىزى يەيدۇ، ئۇنىڭدىن بىكار ئۆلگۈچە بەدىئەلجامالنىڭ پىراقىدا يىگەن غەملىرىم ئوبدانراقتۇر » دەپ قىرىق كۈنگىچە سۇدىن ئۆزگە تائامغا قارىمىدى.

زەڭگىنىڭ قىزى بولسا بىتاقەت بولۇپ ئولتۇرالماي ئويلىدىكى: « بۇ يەردە يېتىپ بىئەجەل ئۆلمەي، باغدىكى مەھبۇبۇمنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر نەچچىنى سۆيۈۋالاي » دەپ ئۆزىگە زىبۇ زىننەتلەر بېرىپ باغقا راۋان بولدى. شاھزادە ئولتۇراتتى، كۆردىكى بىر نەرسە كېلىۋاتىدۇ. گويا قەددى شەھىرى پىرخارنىڭ مۇنارىدەك، ئاغزى غاردەك، چىشلىرى يانتاقچىنىڭ كەتمىنىدەك، بۇرنى ھاممامنىڭ مورىسىدەك، كۆزلىرى بۆزچىنىڭ ئورىسىدەك، بۇرنىدىن ئۈنگەن تۈكلىرى جاڭگالدىكى قومۇشتەك، بېشى گۈمبەزدەك، قۇلاقلىرى گېلەمدەك، سالغان سۆكسى هاراقكەشنىڭ كوزىسىدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. بۇنى كۆرۈپ شاھزادە ھوشىدىن كېتىپ بىخۇد بولۇپ يىقىلدى.

زەڭگىنىڭ قىزى بولسا، شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ: « مەندەك چىرايلىق رەنانى كۆرۈپ مەھبۇبۇم بىھوش بولۇپ يىقىلدى » دەپ ئويلاپ، بېشىنى تىزىغا ئېلىپ لېۋىنى لېۋىگە قويۇپ سۆيۈۋىدى، بۇنىڭ

ھىدى شاھزادىنىڭ دىمىغىغا كىرىپ چۈشكۈرۈك كەلتۈردى . كۆزىنى ئاچقاندى ، زەڭگىنىڭ قىزى ئېيتتى :

— ئى مەھبۇبۇم ، ھالىڭىز نېچۇكتۇر ؟

شاھزادە كۆڭلىدە : « ئاستا گەپ قىلسام ئاڭلىماي قالمسۇن » دەپ قاتتىق تووۋلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى . زەڭگى قىز بۇنى ئاڭلاپ : « ماڭا ئاچچىقلىدى » دەپ ئويلاپ ، مۇلازىملارنى چاقىرىپ :

— مەن ئۆزۈمگە زىبۇ زىننەتلەر بېرىپ كەلسەم قىيا كۆزىنى سالمىدى ۋە قاتتىق سۆزلىدى . بۇنىڭغا جاپا قىلسام ۋاپا كۆرىمەن . بىكار قويماڭلار ، كۇندۇزى ياغىچاقنا يارما تارتسۇن ، كېچىلىرى ئات قاشلىسۇن ، — دەپ ئەمر قىلدى . مۇلازىملار ئۆيلىرىگە بېرىپ بۇغداي بىلەن ياغىچاق ئېلىپ كەلدى . شاھزادە كۇندۇزى ياغىچاقتا يارما تارتىپ ، كېچىسى ئات قاشلىدى . سەل توختاپ قالسا گەردەنلىرىگە ئۇرۇپ تۇراتتى . ھەر ئۇرغاندا ئۇ بۇ بېيتنى ئوقۇيتتى .

نەزمە

نەچچە كۇندۇز سالۇرلار يارغىچاقتا ،
ھايال بولسام ئۇرارلار شاققا ـ شۇققا .

كۇندە يارما تارتىپ ئەسلا ماجالى قالمىدى . بىلەكلىرى سىزىپ ئالىقانلىرى تېشىلدى . مۇلازىملار قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئۇنىڭ يارما تارتقۇدەك ماجالى قالمىدى ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، بىر پالتا بىلەن ئارغامچا بېرىڭلار ، ئوتۇن توشىسۇن ، — دەپ بۇيرۇدى . شاھزادە نەچچە كۈن ئوتۇن توشۇپ ، ئوتۇن توشىغۇچىلىكى قالمىدى . بىر كۈنى ئوتۇنغا بارغان يەردە سال باغلاپ قويۇپ ، مېۋىلەر تېرىپ سالغا سېلىپ قويدى . ئوتۇننى ئېلىپ باغقا ئەكېلىپ قويۇپ مۇلازىملار ئۇخلىغاندا ئىككى ھەمراھىنى ئېلىپ سالغا دەسسەپ سۇنىڭ ئېقىشىغا راۋان بولدى . ئاندىن سۇ ئۈستىدە نەچچە كۈن مېڭىپ ، ئالغان مېۋىلىرىنى تۈگىدى . ئۈستۈن باقسا كۆكتىن ، تۆۋەن

باقسا سۇدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر بىر جەزىرىگە يېتىپ كەلدى. سالنى توختىتىپ قارىغانىدى، مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن يەپ قۇۋۋەت تېپىپ كېتىپ باراتتى. بىر توپ ئىت باشلار تۇتۇۋېلىپ ئىككى ھەمراھىنى يەپ كەتتى. شاھزادىنى پادىشاھقا تۆھپە قىلغىلى ئېلىپ ماڭدى، شاھزادە قورقۇپ: «بۇنىڭ پادىشاھى قانداق نېمىدۇ؟ مېنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرەر» دەپ ماڭدى. كۆردىكى بىر پادىشاھ ئولتۇرۇپتۇكى، پىر سۈرەتلىك، كېلىپ شاھانە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇل بوۋاي سالامغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ سورىدى:

— ئى يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى ۋە قايسى ئاسماننىڭ ئايىسەن؟

شاھزادە شەھەردىن چىقىپ تارتقان مېھنەت - مۇشەققەتلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن سورىدىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ھەزرەتلىرىگە نېمە ئىش ھادىسە بولۇپ، بۇ ئىت باشلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قالدىلا؟

پادىشاھ جاۋاب بېرىپ:

— مەن ھەم سىزگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىم. تاماشا ئۈچۈن چىققانىدىم. بۇ ئىت باشلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ پادىشاھى پىر سۈرەتلىك ئىكەن. ئۆز جىنسىدىن پادىشاھ قىلغىلى نومۇس قىلىپ، پىر سۈرەتلىك ئادەمنى پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، مەن ئۇچراپ قاپتىمەن. ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي مېنى پادىشاھ قىلدى. ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن، بىرىنى ماڭا ئېلىپ بەردى. بىرى بار، — دەپ يىغلىدى. شاھزادىمۇ يىغلىدى. پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئويلىدىكى: «سىڭلىم تۇل ئىدى، خۇدايىتائالا ئەر يەتكۈزۈپتۇ» دەپ مېھمانخانىسىنى ياساپ - جابدۇپ سىڭلىسى بىلەن شاھزادىنى ئۇ ئۆيگە سولىدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇ قىز شاھزادىنى سۆيۈپ - يالاپ، بۇلۇڭدىن - بۇلۇڭغا قوغلاپ يۈردى. شاھزادە مەجنۇن كىشىدەك قاچاتتى. نەچچە كۈن ئۇل خوتۇن بىلەن نائىلاج تۇردى. بىر كۈنى ۋاقىتنى غەنىيمەت تېپىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ھەزرەتلىرى بەدىئەلجامال ، ياكى باغى ئىرەم دېگەن نامنى ئاڭلىغان يەرلىرى بارمىكىن ؟ — دەپ سورىدى . پادىشاھ جاۋاب بېرىپ :

— يوق ، — دېدى . شاھزادە يالۋۇرۇپ :

— ھەزرەتلىرىدەك ئاتا ماڭا تېپىلماس ئىدى ، ماڭا بۇ ھەۋەس تۇتتىشىپتۇ ، بۇنى تارتماسلىققا چارەم يوق ، — دەپ زار - زار يىغلىدى ۋە پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . پادىشاھنىڭ ئىختىيارسىز رەھمى كېلىپ ، شاھزادىنى ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىقتى . ئۇ يەردە سال تەييارلاپ ئۇستىگە مېۋە - چېۋىلەرنى كۆپ ئېلىپ قويۇپ يېنىپ كەلدى . ئىت باشلار ئۇخلىغاندا شاھزادىنى ئېلىپ بېرىپ سالغا ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ :

— ئى شاھزادە ، مەن ئىت باشلار ئارىسىدا يالغۇز ئىدىم ، سىزگە ئۇلىشىپ خۇش بولغانىدىم ، ئەمدى ئىلاج بولمىدى ، — دەپ خوشلىشىپ ياندى . شاھزادە يالغۇز سالنى ھەيدەپ سۇ يۈزىدە راۋان بولدى . بىرنەچچە كۈن يۈرگەندە مېۋىسى تۈگىدى . خۇداغا سىغىنىپ كېتىپ باراتتى ، ئاخىر بىر جەزىرىگە چىقتى . سالنى توختىتىپ مېۋىلەرنى يەپ يەنە سالغا چىقىپ كېتىپ باراتتى . بىر توپ مايمۇنلارغا يولۇقتى . ئۇلار تۇتۇۋېلىپ ، پادىشاھىمىزغا تۆھپە قىلىمىز دەپ ئېلىپ مېڭىشتى . « ئەمدى بۇنىڭ پادىشاھى قانداق نېمىدۇ ، ئۇ نېمە قىلاركىن » دەپ قورقۇپ ماڭدى . ئۇلار ئاخىر شەھىرىگە ئېلىپ باردى . كۆردىكى ، بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . شاھزادىنىڭ ئۆلگەن تېنىگە جان كىردى . كېلىپ پادىشاھقا تەزىم قىلدى . پادىشاھ سوراپ :

— نەدىن كەلدىڭىز ، نەگە بارىسىز ؟ — دېدى . شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى . ئاندىن پادىشاھتىن سورىغانىدى . ئۇ جاۋاب بېرىپ :

— مەن ھەم سىزگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىم . تاماشا ئۈچۈن چىقىپ بۇ مايمۇنلارنىڭ قولىغا گىرىپتار بولدۇم . بۇ مايمۇنلار قەدىمدىن ئادەملەرنى پادىشاھ قىلىپ كەلگەنىكەن . ئۆز جىنسىدىن پادىشاھ قىلمايدىكەن . ئىلگىرىكى پادىشاھى ئۆلۈپ كېتىپ ، جاكارچىلار ئورنىغا

پادىشاھلىققا ئادەم ئىزدەپ چىققانىكەن . مەن ئۇچراپتىمەن . مېنى ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىدى . كېيىنەي دېسەم كېيىنىشىنىڭ ئامالى يوق ، — دەپ يىغلىدى . شاھزادىمۇ يىغلىدى . بۇنى كۆرگەن مايمۇنلار بۇ كەلگۈچى پادىشاھىمىزنىڭ قېرىندىشى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى پادىشاھنى خالىي تېپىپ ، باغى ئېرەم ياكى بەدىئەلجامال توغرىسىدا ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىغانىدى . ئۇ جاۋاب بېرىپ :

— مۇشۇ يېقىندىكى تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر قېرى كىشى كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلارمىش ، شۇ كىشى بىلسە كېرەك ، — دەپ ئىككى مايمۇننى قوشتى . بۇ مايمۇنلار يول باشلاپ تاغ ئېتىكىگە ئېلىپ باردى . ئۇ يەردە بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ . شاھزادە سالام قىلىپ :

— ئى ۋەلى نېمەت ، ئۆزلىرىنىڭ باغى ئېرەم ياكى بەدىئەلجامال توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى بارمىكىن ، — دەپ سورىدى . ئۇل كىشى خەۋىرىم يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى . شاھزادە يەنە :

— بۇ تاغ نېمىشقا سېرىق ؟ — دېدى .

— بۇ لەئەل تېغىدۇر . كۈنىنىڭ تەپتىدىن مۇشۇنداق سېرىقتۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇل كىشى .

شاھزادە بىرمۇنچە لەئەللەرنى تاللاپ ئېلىپ ، ئاندىن يېنىپ مايمۇنلار پادىشاھىنىڭ قېشىغا كەلدى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى ۋاقتىنى غەنىيمەت تېپىپ ئېيتتىكى :

نەزمە

نى بارۇرغا قۇۋۋىتىم يوق نى تۇرارغا تاقىتىم ،
بۇ مېنى ئەندىشىگە سالغان شول گىرىپتاردۇر كۆڭۈل .

— ھەزرەتلىرىدەك ئادىل قىلغۇچى ماڭا تېپىلماس ئىدى ، ئەمما بۇ ئىشق ھەۋىسى بېشىمغا كەپتۇ ، ئۇنى تارتماسلىققا چارەم يوق ، — دەپ زار - زار يىغلاپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . پادىشاھنىڭ رەھمى

كېيىلىپ بىر ئات بەردىكى ، ئۇ ئات بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باساتتى . مايمۇنلار پادىشاھى ئېيتتىكى :

— ئى شاھزادە ، ، بۇ يول شۇنداق خەتەرلىك ئىكەنكى ، جەزىرىلەردە ھەر تۈرلۈك جانىۋارلار باردۇر . بۆلارنىڭ بەزىلىرى قارا قۇشقا ، بەزىلىرى سىرىق ئىتقا ئوخشايدۇ . ئادەمزاتنى كۆرسە ئۈچ كۈنلۈك يەرگە قوغلاپ باردۇ ، — دەپ ئىككى مايمۇننى قوشۇپ ئۆلارغا : — بۇ قىرىنىدىشىم قەيەردىن ياندۇرسا شۇ يەردىن يانىسلەر ، — دېدى . مايمۇنلار ھەمراھ بولۇپ خەتەرلىك يەرلەردىن ئۆتكۈزۈپ قويدى . ئاندىن شاھزادە ئۆزى يالغۇز راۋان بولدى . بىرقانچە بۆلەك يول ماڭغاندىن كېيىن بىر يوغان دەرەخ كۆرۈندى . دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىردەم سەگىدەپ ئولتۇرغانىدى . بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ ھەيۋەت بىلەن غارقىراپ كەلدى . بۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدى ، ئەجدىھا كېلىپ سۇمۇرغنىڭ باللىرىغا قەست قىلدى . سۇمۇرغنىڭ باللىرى نالىگە چۈشتى . شاھزادە ئويلىدىكى : « مەھبۇبەم نېسىپ بولسا ئەجدىھانى مەن ئۆلتۈرەرمەن ، بولمىسا مېنى ئۆلتۈرەر » دەپ ئۇنىڭ بىلەن روبىرو بولدى . شاھزادە شۇنداق قوپۇشىغا ئەجدىھا شاھزادىنى كۆرۈپ دەم تارتتى . شاھزادە « ئاللاھۇ ئەكبەر » دەپ قىلىچ بىلەن ئانداق ئۇردىكى ، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى . شاھزادە ئەجدىھانىڭ ئۈچىسىدىن بىر تىلىم تاسمىسىنى ئېلىپ مەھكەم باغلاپ ئولتۇرغانىدى ، بىردىنلا سۇمۇرغ چىقىپ كېلىپ ئاچچىقى بىلەن شاھزادىنى يوقاتماقچى بولدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ باللىرى ۋارقىرىشىپ :

— بۇ ئادەم بىزگە ۋاپادارلىق قىلدى ، — دېدى .

سۇمۇرغ باللىرىدىن :

— نېمە قىلدى ؟ — دەپ سورىغانىدى ، باللىرى ئېيتتى :

— بىزلەرنى يەيدىغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، بىزنى دۈشمەندىن خالاس قىلدى ، — بۇنى ئاڭلاپ سۇمۇرغنىڭ ئاچچىقى پەس بولۇپ :

— ئى ئادەمزات ، نېمە ھاجىتىڭ بار ، ئېيتقىن ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان

قىلدى. سۇمۇرغ ئاگلاپ:

— بۇ ئىش ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ، بۇنداق ھەۋەستىن يانغىن، — دېدى. شاھزادە زار - زار يىغلاپ سۇمۇرغنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. سۇمۇرغنىڭ رەھمى كېلىپ: «بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن» دەپ مارالدىن يەتتىنى ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنى تولۇمچە سويۇپ ئىچىگە سۇ ئالغىن، گۆشى ھەم لازىمدۇر، — دېدى. ئاندىن:

— ئى ئوغۇل، سەن دېگەن قىز شەھبان ئىبنى شەھرۇخنىڭ قىزىدۇر. ئىككىنچى قىزى بەدىئەلجامالنى شەھىرى زەررىندىن تاپقىلى بولىدۇ. شەھىرى زەررىن كوھىقاپنىڭ ئېتىكىدۇر. بۇ جاي جىن - شاياتۇن، دىۋىلەرنىڭ ماكانىدۇر. بۇ ئىش يا قولغا كېلۇر، يا قولغا كەلمەس، ئۇلارنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتىغا توغرى كېلىپ قالسا ئىمكان بولارمىكىن. ئى ئوغۇل، بۇ يولدا يەتتە دەريا باردۇر، ھەر بىر دەرياغا يەتكەندە ئوڭ تەرەپكە باقسام گۆش بەرگىن، سول تەرەپكە باقسام سۇ بەرگىن، — دېدى. تولۇمدىكى گۆش بىلەن سۇنى بوينىغا ئارتىپ، شاھزادىنى «چىڭ ئولتۇرغىن» دەپ شۇنداق ئىتتىك ئۇچتىكى، شاھزادىنىڭ كۆزىگە سۇدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. بىر كەمدە بىرىنچى دەرياغا يەتتى. ئوڭ تەرەپكە قارىغاندى گۆش بەردى. سول تەرەپكە قارىغاندى سۇ بەردى. ئاخىر يەتتە دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بىر تاغقا ئاپىرىپ قويۇپ:

— ئەمدى ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتەرسەن، — دەپ سۇمۇرغ ئۇچۇپ يېنىپ كەتتى. شاھزادە يولغا راۋان بولدى. شۇنداق كېتىپ باراتتى، بىر تاغ كۆرۈندى. بىر تۇرۇپ ئۆزىنى تاغدىن تاشلاش نىيىتىگە كېلىپ، يەنە بىر تۇرۇپ: «يېقىن كەلدىم، ئەمدى سەۋرى قىلاي» دەپ ئويلاپ، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ ماڭىۋەردى. يەنە بىر تاغ كۆرۈندى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندى. بىر دەرۋازا چېلىقتى. كۆردىكى، بىر گۈزەل يۇرتقا كېلىپ قاپتۇ. دەرۋازىغا كەلگەندى، ئۇ دەرۋازىنى بىلىق سۆڭىكىدىن ياساپتۇ. تاماشا قىلىپ شەھەر ئىچىگە كىردى. شەھەرنىڭ

ئىمارەتلىرى ئالتۇندىن ، سېپىللىرى قاش تېشىدىن ئىكەن . شەھەر ئىمارەتلىرى سېپىل يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تاماشا قىلىپ ئوردىغا كېلىپ قالدى . بۇ يەرنى تىلسىم بىلەن بىر شىر باقىدىكەن . ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىشىگە ، شاھزادە ئاللانى سېغىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى بىر ئۇرۇۋىدى ، بىر ئوت چاقناپلا شىر غايىب بولدى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە : « بۇ دىۋىلەرنىڭ ماكانى ئىكەن . كەلگەن شىرمۇ تىلسىم ئىكەن » دەپ ، بىر ئۆيگە كەلسە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرۇپتۇ . يېنىدا ئاچقۇچى ئېلىقلىق ئىكەن . ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى . كۆردىكى ، بىر تەخت تۇرۇپتۇ . تەختنىڭ ئۈستىدە ئاي يۈزلۈك بىر كېنىزەك يېتىپتۇ . گوياكى ئاپتاپتەك ئىدى . شاھزادە ئول مەلىكىنىڭ بېشىدا ساقلاپ ئولتۇردى . ئۇنى چاقىرغانىدى ، ئويغانمىدى . كۆڭلىدە : « شۇنچە مۇشەققەت بىلەن كېلىپ بىرسىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي چىقىپ كېتەي » دەپ ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا چىقتى . كەينىگە قارىغانىدى ، مەلىكىنىڭ بېشىدا چىرايلىق بىر تاختا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . « تاختىنى ئېلىۋالاي ، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ قالسا لازىم بولۇپ قالار » دەپ يېنىپ بېرىپ تاختىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى . يەنە ئارقىسىغا قارىغانىدى ، قىز قوپۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، يەنە ھېلىقى تاختىنى كۆتۈرۈپ بارغانىدى . قىز بىھوش بولدى . شاھزادە بىلدىكى : بۇ مەلىكە ئۇشبۇ تاختىغا بەند ئىكەن .

ئەلقىسسە ، تاختىنى ئېلىپ چىقىپ بىر پىنھان يەرگە يوشۇردى . مەلىكە ھوشىغا كېلىپ شاھزادىنى كۆرۈپ :

— ئى يىگىت ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن ؟ — دېدى . شاھزادە كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى ، مەلىكە ئېيتتىكى :

— سەن شۇنچە مۇشەققەتلەرنى تارتىپسەن ، سەن ئىزدىگەن مەلىكىنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— بەدىئەلجامال ، — دېدى شاھزادە ، مەلىكە بەدىئەلجامالنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا يەنە بىھوش بولدى . بىر كەمدە ھوشىغا كەلدى . شاھزادە دېدىكى :

— مەھبۇبەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا بىھوش بولدىڭىز. بۇ قانداق ۋەقە؟

— ئۇ مېنىڭ ئېمىلدىشىم ئىدى، — دېدى مەلىكە، — بىر كۈنى بىرقانچە كېنىزەكلەر بىلەن چاھار باغقا كىرگەنىدۇق، بىر قارا بوران پەيدا بولدى. قۇشتەك بىر نەرسە كېلىپ ماڭا چاڭگال سالدى. قورقۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم، بىركەمدە كۆزۈمنى ئاچسام بۇ سارايدا تۇرۇپتىمەن، ھەيران قالدىم، يېنىمدا بىر دىۋە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا:

— قۇلزەم پادىشاھىنىڭ ئوغلى دىۋە ئەسۋەد دېگەن مەن بولىمەن. ساڭا كىچىككىمدىن ئاشىق ئىدىم، ئەمما قولۇمغا چۈشۈرەلمىگەنىدىم. ئەمدى مەندىن قۇتۇلالمايسەن، ئاتا ـ ئاناڭنى ھەم كۆرەلمەيسەن، — دېدى. ھەر كەلگەندە تۈرلۈك تائاملارنى بېرىدۇ. ئاندىن يەنە مۇشۇ تاختىغا بەند قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق ھەر ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ ھال سورايدۇ. مەن بىلەن جۈپ بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، مەن بولسام ئايال ۋە ئاجىزدۇرمەن. يۇرتۇمدا بولغان بولسام ئىدى، بەدىئەلجامالنى ئەلۋەتتە كۆرسەتكەن بولاتتىم، دەپ زار ـ زار يىغلىدى. شاھزادە ئۈنىگدىن:

— دىۋە قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى.

— ئەتە كېلىدۇ، — دېدى. شاھزادە ئېيتتى:

— سىز تەختكە چىقىپ يېتىڭ، تاختاينى بېشىڭىزغا ئېسىپ قويۇڭ، دىۋە كەلگەندە مەن ئاتا ـ ئانامنى كۆرەلەيمەنمۇ؟ دەپ سوراڭ. كۆرسەن دېسە مەيلى، ئەگەر كۆرەلمەيسەن دېسە، سىز جېنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەن جېنىمنى سىزگە بېرەي دەڭ، مېنىڭ جېنىمنى نېمە قىلىسەن؟ دېسە، مېنىڭ جېنىمنى ئەزرائىل ئالىدۇ، سېنىڭ جېنىڭنى ئەزرائىل ئالالمايدۇ، مەنمۇ سەندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەم ئىكەن، دەڭ. ئاندىن سىزگىمۇ بىركىمنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟ دەپ سوراڭ ۋە يەنە بۇ يەرگە ئادەمزاتمۇ كېلەلەمدۇ؟ دەڭ.

شۇنداق قىلىپ دىۋە ئەتىسى كېلىپ مەلىكىدىن ھال سورىدى. مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېۋىدىن سورىدى. دېۋە:

— ئانا - ئاناڭنى كۆرەلمەيسەن. كىشىنىڭ جېنىنى كىشىگە بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەس. ئەگەر قەدىمى يەتسىمۇ، ھەرقانچە تولا لەشكەر كېلىپ ئۇمۇت ئۇرسىمۇ يانجىيالمايدۇ. ئوتقا سالسا كۆيمەيمەن. سۇدا ئاقمايمەن. ھېچ تىغ ماڭا تەسىر قىلالمايدۇ. ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن كىشىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولسا، ئەڭگۈشتەرنى دەرياغا سالسا دەريانىڭ ئاستىدىن ئالتۇن قۇلۇپلۇق ساندۇق چىقىدۇ. ئۇ ساندۇقتا بىر كۆك كەپتەر بار. مېنىڭ جېنىم شۇ كەپتەرگە نەقلى روھ ( جان ئالماشقان ) قىلىنغان. شۇ كەپتەرنى ئۆلتۈرسە مەن ئۆلىمەن، بولمىسا ھەرگىز ئۆلمەسمەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى ھېچكىم تاپالمايدۇ. ماڭا زىيان يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، — دەپ مەلىكىنى ياتقۇزۇپ، تاختاينى بېشىدا قويۇپ دېۋە ياندى. شاھزادە يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى. تاختاينى ئېلىپ بىر جايغا يوشۇرغاندى، مەلىكە ھوشىغا كەلدى ۋە شاھزادىگە سۆزلەنگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. شاھزادە مەندە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرى بار دەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مەلىكە بىلەن دەريا بويىغا باردى. غۇسلى تەرەت قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلىپ: «ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دېمى بىلەن دېۋە ئەسۋەدنىڭ جېنىنى چىقارغىن» دەپ ئەڭگۈشتەرنى دەرياغا سالغاندى، دەريانىڭ تېگىدىن بىر پولات ساندۇق چىقتى. كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ قۇلۇپىنى ئېچىپ كەپتەرنى ئۆلتۈردى. ئۈچ كۈنگىچە ھاۋا قاراڭغۇ بولۇپ بۇلۇتلار قاپلاپ، يەنە ھاۋا سۈزۈلدى. كۆردىكى، تاغدەك بىر نەرسە يەردە يېقىلىپ يېتىپتۇ. ھەرتەرەپتىن ئىبلىس - مىبلىس دېگەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى، مەلىكە كۆرسىتىپ:

— مېنى ئېلىپ قاچقان دېۋە مۇشۇ، — دېدى. بۇ شەھەرلەر تىلسىم قىلىنغاندى، ھەممىسى غايىب بولدى. بۇلار دەريا بويىغا كەلدى، سال باغلاپ سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ راۋان بولدى. نەچچە كۈن مۇشۇنداق مېڭىپ بىر كۈنى مەلىكىگە:

— نەچچە كۈندىن ئۇيقۇسىزدۇرمەن، مەن ئۇخلىۋالاي، سالنى سىز ھەيدەپ تۇرۇڭ، — دەپ ئۇيقۇغا كەتتى. مەلىكە سالنى سۇرۇپ كېتىپ باراتتى. بىر نەرسە سالنى ئاغزىغا ئېلىپ يۇتماقچى بولدى. شاھزادىنى ئويغاتتى. كۆردىكى، بىر لەھەڭ سالنى توختىتىپتۇ. دەرھال بېرىپ پالتا بىلەن چاناپ لەھەڭنى ئىككى پارە قىلدى، يەنە ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ يېگىلى ئېلىۋالغان مېۋىلىرىمۇ تۈگىدى. بىر جەزىرىگە چىقتى. ئۇ يەردىن مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ، سالغا ئېلىۋېلىپ بۇ كېچىسى شۇ يەردە ياتقانىدى. يېرىم كېچە بىر ئادەمزاتنىڭ ئاۋازى كەلدى. شاھزادە:

— مەن بېرىپ ئاڭلاپ، نەدىن كەپتۇ، نەگە بارىدىكەن، بىلىپ كېلەي، — دەپ بارسا، بىرمۇنچە كارۋانلار ئىكەن. كارۋانلاردىن سورىدىكى:

— سىلەر نەدىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر؟

— ھىندىستاندىن كەلدۇق، دېدى كارۋانلار، — سەرەندىپكە بارىمىز.

شاھزادە بېرىپ بۇنى مەلىكىگە دېدى. مەلىكە ئۇنداق بولسا ئىش ئوڭدىن كەپتۇ، دەپ كارۋانلار قېشىغا باردى. مەلىكە شاھزادىگە:

— سەرەندىپ شاھى ئاتام بىلەن بىر تۇغقان تاغام بولىدۇ. تېز بېرىپ كارۋانلار بىلەن كېتەيلى، مۇشكۇلىمىز ئاسان بولغۇسىدۇر، — دەپ كارۋانلار بىلەن بىر ئاي يول يۈرۈپ سەرەندىپ شەھىرىگە يەتتى. كارۋان سارىيىغا چۈشۈپ ئاندىن بۇ ئىككىيلەن ئوردىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادە سىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەي، كىرسۇن دېسە كىرىڭ، بولمىسا يېنىڭ، — دەپ مەلىكىنى قالدۇرۇپ ئۆزى ئوردىغا كىردى. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئولتۇرغانىدى، يىراقتىن كۆرۈپ:

— ئول ئوغۇل مۇساپىر كۆرۈنىدۇ، ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. شاھزادىنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە پادىشاھقا سالام بەجا كەل-

تۇردى . پادىشاھ جاۋاب سالام بېرىپ بولۇپ :

— نەدىن كەلدىڭىز ، نەگە بارىسىز ؟ دەپ سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— سۆزۈم ئۇزۇن ، ئېيتسىپ كەلسەم زېرىكىپ قالارلىمىكىن ، — دېدى .

پادىشاھ سورىدى :

— يۇرتىڭىزدىن چىققىلى قانچە ئۇزۇن بولدى ؟

— ئون ئۈچ يىل بولدى ، — دېدى شاھزادە . پادىشاھ :

— ئاغامنىڭ بىر قىزى يوقالغىلى ئون تۆت يىل بولدى ، ھېچبىر خەۋىرىنى ئالالمىدۇق ، — دەپ كۆز ياش قىلدى . شاھزادە ئېيتتى :

— ھۆكۈم قىلسىلا ، مەلىكىنى ھازىر قىلسام .

پادىشاھ رۇخسەت قىلىپ ئىككى كىشى قاتتى . بىر سائەتتىن كېيىن شاھزادە مەلىكىنى ئېلىپ كىردى . پادىشاھ كۆپ خۇشال بولۇپ شاھزادىگە شاھانە كىيىملەر كىيدۈرۈپ ، ئاغىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە كىشى ئەۋەتتى . چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ يەتتە كۈنگىچە ، ئويۇن تاماشا بىلەن نەغمىلەرنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى . ھاپىزلار ئاشىقانە غەزەللەر تووۋلاشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، پادىشاھ مەلىكىنى ئېلىپ ئاغىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى ، ئۇنىڭغىچە ئەلچىلەر بېرىپ پادىشاھ تاجىلمۇلۇككە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەنىدى . پادىشاھ ئەلچىلەرگە كىيىم - كېچەك ۋە ئىنئاملار بېرىپ خۇشال قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، مەلىكىنى سېغىنغانلار بىلەن قوشۇلۇپ ئات - ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ پادىشاھ تاجىلمۇلۇكمۇ قىزىنىڭ ئالدىغا ماڭدى . بۇ ئىككى پادىشاھ ئارا يولدا بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەلىكىنى كۆرۈپ پەرياد - پىغانلار قىلىپ ، ئەرسەت - قىيامەت قىلدى . ئادەمزاتلار ئاپىرىن قىلىپ ، قۇشلار ھاۋادا ئەگىپ ، دەريالار ئۆركەشلىدى .

ئەلقىسسە ، سەرەندىپ پادىشاھى ياندى ، تاجىلمۇلۇك شاھزادىنى ئېلىپ ئۆز شەھرىگە بېرىپ ئوردىسىغا چۈشتى . شاھزادىگە شاھانە كىيىم ۋە بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلدى . ئۆزى خىزمەت

كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ ۋەزىرلىك قىلدى. بەزمىلەر ئۆتكۈزۈپ نەغمە ـ ناۋالارنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، ساقىيلار قەدەھ تۇتۇشتى. شاھزادىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاتا ـ ئانىسىنى، كېمىدە غەرق بولغان پالۋانلارنى، قېرىنداشلىرى سەئىدنى، مەھبۇبىسى بەدىئەلجامالنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. مەلىكە شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ھەزرەتلىرىگە نېمە ھادىسە بولدى؟ ئاڭلاپ باقسام، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلايلى، — دېدى. شاھزادە دېدىكى:

— مەھبۇبەم بەدىئەلجامالنى ئىزدەپ بارايمۇ ياكى ئۆزى كېلەرمۇ؟

— ئىزدەپ بېرىش ھاجەت ئەمەس، يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆزى كېلىدۇ. تۆت كۈنلۈك ئوۋغا چىققايلا، ئوۋدىن يانغۇچە بىر ئىش بولار، — دېدى مەلىكە.

پادىشاھ ئوۋغا ئاتلاندى. كوچىدا كېتىپ باراتتى. بىر ئادەم ئۇچرىدى. يۈزى يورۇق، ئايىغىدا چورۇق، قولىدا تاياق، كۆرۈنۈشى ئېمىلدىشى سەئىدگە ئوخشايتتى. كىشى ئەۋەتىپ: «مەن ئوۋدىن كەلگۈچە ئوبدان ساقلاڭلار» دەپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كىشىلەر كېلىپ «پادىشاھقا نېمە قىلغان ئادەمدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇرا ـ ئۇرا ئېلىپ بېرىپ باغلاپ قويدى. سەئىد قورقۇپ جاندىن تويدى. «پادىشاھ كەلسە مېنى ئۆلتۈرۈر» دەپ ئاستا بوشىنىپ قوپۇپ قاچتى. بۇ خەلقلەر قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ ئاپىرىپ زىندانغا سالدى.

پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپ كېلىپ، نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ مەشرەپ بىلەن ئولتۇرۇپ شارابتىن كەيپ بولۇپ ئاتا ـ ئانىسى، غەرق بولغان كىشىلىرى ۋە سەئىدنى ئويلىدى. كىشىلەرگە:

— ئوردىغا ماڭغان كۈنى بىر ئادەمنى ساقلاپ تۇرۇڭلار دېگەنىدىم، نېمە قىلدىڭلار، — دېدى. پاششاپ جاۋاب بېرىپ:

— ئول كىشى نېمە گۇناھ قىلغانىدىكىن، تۇتۇپ باغلاپ قويساق بوشىنىپ قېچىپتۇ. يامان ئوغرى ئىكەن، يەنە تۇتۇپ زىندانغا سولاپ قويدۇق، — دېدى. پادىشاھ:

— بۇنى خاتا قىپسىلەر ، مەن ئۇل يىگىتنى كۆردۇم ، رەڭگى تا-تارغان ، مۇساپىر چىراي كۆرۈندۇ . يېنىپ كېلىپ سۆز سوراي دېگەن نىيەتتە تۇتۇپ تۇرۇڭلار ، دېگەنىدىم . دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى .

ئەلقىسسە ، سەئىدنى زىنداندىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ سەئىدتىن :

— نەدىن كەلدىڭ ، — دېدى . سەئىد ئېيتتىكى :

— مىسىر شەھىرىدىن كەلدىم . مىسىر پادىشاھى ئاسىم ئىبنى سەپۋاننىڭ ۋەزىرىنىڭ ئوغلى بولىمەن . سەيپۇلمۇلۇك بىلەن دەريادا كېمە بىلەن كېتىپ بارار ئىدۇق ، كېمە غەرق بولۇپ بىر تاختايدا ئون تۆت كىشى بىلەن قالدىم . يەنە بىر تاختايدا سەيپۇلمۇلۇك يىگىرمە كىشى بىلەن قالدى . دەريانىڭ ئىچىدە ئېقىپ كېتىپ باراتتۇق ، بىردىنلا دەريا ئىككىگە بۆلۈندى . مەن بىر تەرەپكە كەتتىم ، شاھزادە بىر تەرەپكە كەتتى . بىر-مۇنچە يۇرگەندىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلدى . قاراڭغۇلۇق پەيدا بولدى . بۇ چاغدا ئۆزۈم بىلەن بولۇپ ھەمراھلىرىمدىن خەۋىرىم بولماپتۇ . بىر كەمدە جاھان يورۇدى ، قارىسام ھەمراھلىرىم غەرق بوپتۇ . يالغۇز بىر جەزىرىگە چىقىپ قالدىم . كېمىدىن چۈشۈپ مېۋە تېرىپ يەپ ، ئۇنىڭدىن ھەم ئې-لىپ ، خۇداغا سىغىنىپ كېتىپ باراتتىم ، بىرمۇنچە ئىت باشلار تۇتۇۋېلىپ بىر كوزىدىكى ياغىنىڭ ئىچىدە گېلىمغىچە تۇرغۇزۇپ بادام ، نوقۇت ، ناۋات بەردى . بىر ئايدىن كېيىن كوزىدىكى ياغدىن ئالدى . شۇنداق سەمرىپ كەتتىمكىن ، ئۆزلىرى يېيىشكە كۆزى قىيماي پادىشاھىغا تەقدىم قىلىپ ئىنئام ئالماقچى بولدى . سال باغلاپ مېۋىلەردىن ئېلىپ ، ئاندىن مېنى سالغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى ، سالنى سۈرۈپ شامال چىقسا ماڭدى ، شامال توختىسا توختىدى .

ئەلقىسسە ، بىر ئاي شامال چىقماي سەرگەردان بولدى . بىر ئايدىن كېيىن شۇنداق سوغۇق ، سالقىن شامال چىقتىكى ، سالنى يانىڭ ئوقىدەك ئېلىپ ماڭدى . شۇنداق كېتىپ باراتتۇق ، ئىت باشلار : « يولدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلىمىز ، يولنى ئىزدەپ باقايلى » دەپ ھەر تەرەپكە يول

ئىزدىگىلى تارقىدى. مەن دەرھال سال بىلەن شۇنداق قاچتىمكى يانىڭ ئوقىيدەك كېتىپ باراتتىم. شۇنداق مېڭىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر جەزىرىگە كەلدىم. سالنى قويۇپ جەزىرىگە چىقتىم. مېۋىلەر تولا ئىكەن، ئۈنىڭدىن ئېلىپ يەپ خۇداغا شۈكۈر قىلىپ ماڭدىم. كۈن كەچ بولدى. بىر دەرەخ كۆرۈندى، دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ دەرخكە چىقىپ ئولتۇرسام ئول دەرەخنىڭ ياپراقلىرى ۋاق ـ ۋاق دەپ ئاۋاز چىقاردى. كېچىسى دەرەختىن چۈشۈپ تاڭ ئاتقۇچە يەردە يۈرۈپ ھەقتەئالاغا ھەمدۇ سانا قىلدىم. كۈن يورۇسا دەرەخكە چىقار ئىدىم، يەنە بىر دەرەخ بار ئىكەن. كېچىسى ئوت كۆيگەندەك كۆرۈنىدىكەن. تاڭ ئاتتى ئەسلىگە كېلىدىكەن. كەركىدانلار بىلەن پىللار سۇ ئىچكىلى كېلىدىكەن. كەركىدانلارنى پىللار چىشلەپ ئىلىشىدىكەن. كەركىدانلار پىللارنى مۈڭگۈزىگە ئېلىپ تاشلايدىكەن، پىللار دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپ قالىدىكەن.

بۇ تاماشىلارنى كۆرۈپ بۇ خەتەرلىك يەر ئىكەن، دەپ مېۋىلەردىن ئېلىپ سالغا كىرىپ يەنە ماڭدىم. نەچچە كۈن ماڭغاندا يەنە بىر جەزىرىگە چىقتىم. ئۇ يەردە مېۋە تېرىپ يۈرسەم بىرمۇنچە مايمۇنلار تۇتۇۋېلىپ قەپەسكە سولاپ قويىدى. مايمۇنلار بادام، خورما يەيدىكەن، ماڭا گىياھ سېلىپ بەردى. نەچچە كۈن ئۇنىڭ قولىدا گىرىپتار بولدۇم. بىر كۈنى قولۇمنى قەپەستىن چىقىرىپ بىر تال خورما ئېلىپ يېگەنىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن خورما يەيدىغان جانىۋار ئىكەن، دەپ خورما بېرىدىغان بولدى.

ئەلقىسسە، غېرىبلىقتىن يىغلىسام مايمۇنلار مېنى ياخشى سايرايدىغان جانىۋاركەن، دەپ باشلىرىنى لىڭشىتاتتى. يىغلىماي ئولتۇرسام ئۈرۈپ يىغلىتىپ تىڭشايتتى. بىر كۈنى مايمۇنلار مەسلىھەتلىشىپ: «بۇ ياخشى سايرايدىكەن، پادىشاھقا ئاپىرىپ ئىنئام قىلايلى» دەپ قەپەس بىلەن ئېلىپ ماڭدى، بىرنەچچە پەرسەڭ ماڭغاندا بوران چىقتى. بۇ بوراندا يولدىن ئېزىپتىمىز، — دەپ مېنى قەپەس بىلەن قويۇپ يول تاپقىلى كەتتى، مەن قەپەسنى سۇندۇرۇپ بوشىنىپ كېتىپ باراتتىم. رودۇپاي دەپ بىر نەرسىگە ئۇچراپ قالدىم. مېنى تۇتۇپ ئېلىپ: «مېنىڭ ئېشىكىم يوق ئىدى. ئوبدان ئېشەك تاپتىم» دەپ بوينۇمغا مىندى. ئۆيمۇ

ئۆي ، دۆگمىمۇ دۆڭ مىنىپ يۈردى . كېچىلىرى چىرمىشىپ ياتتى . نەچچە كۈن ئۆتىنىڭ قولىدا تۇردۇم . بىر كۈنى خۇداغا مۇناجات قىلىپ : « ئى باراخۇدايا ، داناسەن ، پاناھسەن ، يەككە - يېگانىسەن ، مەن بىر غېرىب بولدۇم ، بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرغايسەن » دەپ دۇئا قىلسام ، تەلىيىم ئىجاۋەت بولۇپ رودۇپايىنىڭ پۇتلىرى بوشىدى . ئاستا يەم بىلەن ئۆتىنىگدىن ئاجراپ پۇتىغا تاش قويۇپ بېرىپ ئانداق قاچتىمكى ، قۇيۇنمۇ ماڭا يېتىشەلمەيتتى .

ئەلقىسسە ، ئاندىن نەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندىم ، بۇ شەھەرگە كەلدىم . تونۇش - بىلىش يوق ، ئۈچ كۈن بولدى . مەسچىتتە ئاچ ياتتىم . ئاخىر بىر نەرسە تېپىپ يەي دەپ كوچىغا چىققاندىم ، ھەزرەتلىرىگە ئۇچرىدىم . قىلغان گۇناھىم نېمىكىن بىلەلمىدىم . بىرمۇنچە كىشىلەر كېلىپ ئۇرۇپ باغلىدى ، بۇ ئادەملىرى شۇنچە ئۇرىدۇ ، پادىشاھى كەلسە ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ قورقۇپ باغلاقتىن بوشاپ قاچسام ، ئارقامدىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ زىندانغا تاشلىدى ، — دەپ يىغلىدى . بۇلار بىر - بىرسىگە تونۇشلۇق بېرىشىپ ، يىغا - زارە قىلىشىپ ، ھوشلىرىدىن كېتىپ ، ھوشلىرىغا كېلىشتى . تامام شەھەر خەلقى خۇشال بولۇپ مۇبارەكلىدى . سەئىدنى ھاماممىغا ئەكىرىپ چاڭ - توزانلارنى پاكىزلاپ ، كىيىم - كېچەكلەر كىيدۈرۈپ ، تەختكە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزدى . زىياپەت قىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇردى .

شاھزادە ئولتۇرۇپ ئاتا - ئانىسى ۋە كېمىدە غەرق بولغانلارنى ئەسلەپ قاتتىق ئاھ ئۇردى . مەلىكە چىقىپ :

— نېمە مۇنداق ئاھ ئۇرىسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئى مەلىكە ، دېدى شاھزادە ، — مەھبۇبەم مېنى ئىزدەپ كېلەرمۇ ياكى مەن بارىمەنمۇ بىلەلمەي ئاھ ئۇردۇم ، — مەلىكە سۇلتان :

— ئى پادىشاھىم ، ئۆزلىرى جەبىر تارتمىغايلا ، بۇگۈن ياكى ئەتە كېلىدۇ ، — دەپ تۇراتتى ، بىرقانچە دېۋىلەر ۋە پەرىلەر بىلەن بىرگە بەدىئەلجامال كېلىپ چۈشتى ، دەپ خەۋەر كەلدى . مەلىكە ئاندىن ، — ئى شاھزادە ، چاھار باغقا كىرىپ چېدىر تىكىپ ، بەزمە بىلەن ئولتۇرۇشسىلا ، مەن بىر پۇرسەتنى تېپىپ ھەزرەتلىرىنى تەرىپلەپ ئانداق كۆرسىتەيكى

بىر خۇدا بىلسۇن ، بىر مەن بىلەي ، — دەپ مەلىكە قىشىغا چىقتى . كۆردىكى ، دىۋە ـ پەرىلەر زەررىن شەھىرىدىن ھېسابسىز كەپتۇ . مەلىكە بەدىئەلجامال بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىردى . بەدىئەلجامال :

— دىۋە ئەسۋەدنى ئۆلتۈرۈپ سىزنى قۇتقۇزغۇچى قانداق ئالىي ھىممەت كىشى ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئى مەلىكەم ، — دېدى مەلىكە سۇلتان ، — ھېلىلا ھەزرەتلىرىگە كۆرسىتىمەنكى ، ھەيران قالىلا .

ئەلقىسسە ، شاھزادە چاھار باغقا كىرىپ چېدىر تىكتى . ھەممە سۆھبەت ۋە مەي جاملىرى بىلەن ئولتۇردى . كۈن كەچ بولغاندا مەلىكە سۇلتان بىلەن بەدىئەلجامال چاھار باغقا كىرىپ كەلدى . بۇ ۋاقىتتا شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

بېشىم قوياي قەدىمىڭدە ئەجەل ئامان بەرسە ،
كېيىن قىيچىپ ئۇنىماسمەن ئەگەر ئامان بەرسە .

بەدىئەلجامال بۇ بېيىتنى ئاڭلاپ :

— بۇ كىمنىڭ ئاۋازى ؟ — دېدى . مەلىكە سۇلتان دېدىكى :

— دىۋە ئەسۋەدنى ئۆلتۈرۈپ مېنى ئاجرىتىپ كەلگەن ئالىي ھىممەت شاھزادىنىڭ ئاۋازىدۇر .

بەدىئەلجامال بۇنى ئاڭلاپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى ۋە شۇ ھالدا سارايغا يېنىپ كېلىپ :

— ئى مەلىكە سۇلتان ، مېنىڭ بەدەنلىرىمگە قىچىشقاق چىقىپ ، بېشىمغا ئاغرىق پەيدا بولدى . مەنپەئەت قىلىدىغان دورىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭىز بارمۇ ؟ داۋاسىنى قىلىپ باقسام ، — دېدى . مەلىكە ئېيتتىكى :

— « غەزنىڭ غەزلىكى تۇتسا ياكى نەپسى تەشنا بولسا قىز بالىغا

ئاغرىق پەيدا بولۇر » دېگەن گەپ بار ، — دەپ ، شاھزادىنىڭ بېشىغا كەلگەن سەرگۈزەشتىلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . بەدىئەلجامال ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ، شۇنچە مېھنەت ـ مۇشەققەت تارتىپ كۆيگەن مەھبۇبىسىنىڭ ئىتى نېمىكەن ، — دەپ سورىدى . مەلىكە سۇلتان جاۋاب بېرىپ :

— بەدىئەلجامالدۇر ، — دېدى . بەدىئەلجامال مەلىكىگە :

— سەھبار ئىسىملىك شەررۇخنىڭ قىزى بەدىئەلجامال مەندۇرمەن . بۇنداق تېتىقسىز سۆزلىرىڭىز ئۇچۇن ئۆلتۈرۈشكە لايىق ئىدىڭىز ، سىزنى كەچۈردۇم ، — دېدى . كۆرۈنۈشتە بۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە يىلاندەك تولغىنىپ ، ئۇزاققىچە مۇگدىشىپ ئولتۇرۇشتى . ئاخىر ئۇيقۇ لەشكىرى غالىب كېلىپ مەلىكە ئۇخلاپ قالدى . بەدىئەلجامالنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي قوپۇپ چاھار باغقا كىردى .

ئەلقىسسە ، بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ھەممە سۆھبەت ساقىيلىرى مەست بولۇپ يىقىلىپ قالغاندى . شاھزادە يالغۇز ئولتۇراتتى . چېدىرلارنىڭ ئىشكى ئوچۇق ، مەشئەللەر كۆيۈپ تۇراتتى . بەدىئەلجامال شاھزادىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ ، تاقەتسىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشتى . شاھزادە تالاغا چىققاندى ، بىر ئاي يۈزلۈك قىز يېتىپتۇ . ئۇنىڭ چىرايلىرىدىن چۈشكەن نۇردا باغنىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ . شاھزادە دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ لەۋ لەئلىدىن نەچچىنى تېتىتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

پىراق ئىچىدە مېنىڭكى رەۋزە ـ شەب ۋەيرانەدۇر كۆڭلۈم ،
بالا دەشتىدە مەجنۇندەك ئەجەب ئاۋارەدۇر كۆڭلۈم .

شاھزادىنىڭ بۇ بېيىتى بەدىئەلجامالنىڭ دىمىغىغا قىچىق ئۇلاشتۇرۇپ چۈشكۈرۈك كەلتۈردى . بىرنى چۈشكۈرۈپلا ھوشىغا كېلىپ شاھزادىگە :

— سەن نېمە جانسەن ؟ نېمشقا بىئەدەپلىك قىلىپ بىشمنى تىـ
زىڭغا ئىلىپ ئولتۇرىسەن ، — دېدى .

شاھزادە تەزىم قىلىپ ، بىشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىنى باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلدى . بەدىئەلجامال ئاڭلاپ :

— شۇنچە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ مىنى دەپ كەپسەن . ئادەمزاتلار بىۋاپادۇر . قولغا چۈشۈرگۈچە ۋاپادار بولىدۇ ، قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ . ئۆز جىنسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلارنىڭ باشقا جىنسقا قانداقمۇ ۋاپاسى يەتسۇن . مەن بولسام پەرى تۇرسام ، مەن قانداق ۋاپا كۆرەي ، — دېگەندى ، شاھزادە خىجىللىقتىن باش كۆتۈرەلمەي يەرگە قاراپ تۇردى . مەلىكە بۇنىڭدىن « بۇ يىگىت راست ئاشىق ئىكەن » دەپ ئويلاپ ، شاھزادىدىن قەسەم تەلەپ قىلدى . شاھزادە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ھەقتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدى ، بەدىئەلجامال قوپۇپ چېدىرغا كىردى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە بەدىئەلجامالنىڭ قولىنى تۇتتى . ئىككىسى كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى . بۇلارنىڭ دىماغلىرى قىزىپ ، بەدىئەلجامال شاھزادىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ بىرنى سۆيدى . ئاندىن كېيىن :

— ئى شاھزادە ، مەلىكە سىزنى تەرىپلەپ بىر كۆرسىلە دېگەندە ئۇنىمىغاندىم ، تەقدىر بىلەن چاھار باغقا كىرىپ سىز بىلەن تېپىشىپ قالدىم . ئەمدى مەن چىقىپ ئورنۇمدا ياتاي ، سىزمۇ كۆرمىگەن بولۇڭ ، مەلىكە سۇلتاننى مىننەتدار قىلايلى ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

ئەتىسى مەلىكە سۇلتان ئورنىدىن قوپۇپ يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ ، قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى ، بەدىئەلجامال ئېيتتى :

— نېمە يىغلايسەن ؟

— ئى قېرىندىشىم ، — دېدى مەلىكە ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

يالغانچى بولدۇم ۋاھ ئىگەم مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ،
يا چىقمىدى تەندىن جانىم مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ؛

ۋەدە بېرىپ ئەردىم ئاڭا كۆرسەتكىلى ئايدەك يۈزۈڭ ،
مەن يىغلىسام كۆيۈنمىدىڭ مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن .

دېگەنىدى . بەدىئەلجامال دېدىكى :

— ئى قېرىنـدىشـىم ، دوستۇڭنىڭ كۆڭلى قالغۇچە شەيتاننىڭ بـويـنـى سۇنـسـۇن . سـەن خـۇش بـولـىدىغان بولساڭ كۆرۈشۈشكە رازى بـولاي ، بـېـرىـپ ئۇنـى ئەكەلگىن ، — دەپ ئەۋەتتى . مەلىكە سۇلتان ئال-دىـراپ بـېرىـپ شـاھزادىـگـە خـەۋەر بـەردى . شاھزادە دەرھال ئورنىدىن قـوپـتى . شاھانە كـيـيـملىرىنى كـيـيـپ ، ئالتۇن كەمىرىنى باغلاپ ، شاھلىق تاجىنى كىيىپ چېدىردىن چىقتى . بەدىئەلجامالنىڭ سارىيىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى . مەلىكە سالامنى ئىلىك ئېلىپ ئورۇن كۆرسەتتى . ئاندىن كـېـيـىـن بـەزمـە قـۇرۇپ سازەندىلەرنى تېپىپ كەلدى . ئۇلار نەغمىلەرنى ئەۋجـىـگـە يەتكۈزدى ، ساقىيلار قەدەھ تۇتۇشتى . بۇلار مەيـىـنىڭ كۈچـى-دىـن ئۆزىـنـى تـۇتـالـمـاي بىر - بـىرىـگە نـازلـىـنىپ ، ئىشـقـىـۋازلـىـق قـىـلـىـشـتى . ئـانـدىـن بەدىئەلجامال :

— بـۇنـداق ئولـتۇرۇپ ئىش پۈتمەس . « بوستان زېمىن » دېگەن بىـر يەر بار . ئۇ يەردە بىر ھامام بار . شەھرى بانۇ شۇ يەردە تۇرىدۇ . ئۇ نـاھايـىـتـى دۆلەتمەن ھەم بەكمۇ گۈزەل ، سىزنى شۇ يەرگە ئەۋەتەي ، — دېدى . شاھزادە دېدىكى :

— ئۇ يەرگە بارسام مېنىڭ ھالىم نېچۈك بولىدۇ ؟

— ئۇ يـەرنـىـڭ يـولـى شـۇنـداق خـەتـەرلـىـكـكـى ، — دېـدى بـەدىئەلـجـامـال ، — تاغلىق ، جاڭگال باياۋانلاردۇر . ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەل-مـەيـدۇ . « گـىـلـەم گـىـرەشـلـەر » بـار . بۇلار بىر قۇلىقىنى يېيىنچا ، بىر قـۇلـىقىنى سېلىنچا قىلىپ ياتىدۇ . ئەگەر ئادەمزاتنى كۆرسە ئۇچ كۈنلۈك يـەرگـە قوغلاپ بارىدۇ . بۇنىڭ ئارىلىقى دېۋىلەرنىڭ ئۇچۇشىغا بىر ئايلىق بولىدۇر .

— مـېـنـىـڭـدەك بىر ئىنتىگنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆلتۈرگىلى نومۇس قىلىپ ، شۇ تەرەپتە ئۆلسۇن دەمسەن ، — دېدى شاھزادە .

— ئى شاھزادە ، — دېدى بەدىئەلجامال ، — سەندىن بۆلەكنى دەيدىغان بولسام ، — دەپ ئاللا نامىدا قەسەم قىلدى .

شاھزادە دېدىكى :

— ئانداق بولسا تېزرەك ئەۋەتكىن ، دەرھال ئېلىپ بارسۇن . ئە-شىمىز پاتراق تامام بولغاي .

شۇ زامان بەدىئەلجامال بىر دىۋىنى قىچقىرىپ نامە پۈتۈپ بەردى . شاھزادىنى ئۇل دىۋىگە تاپىلاپ يولغا سالدى . بۇ شاھزادە دىۋىنىڭ بويىنىغا مىنىپ ، « بوستانى زېمىن » تەرەپكە ئۇچتى . شۇنداق ئۇچۇپ بىر ئايدا مەنزىلگە يېتىپ ، دىۋە شاھزادىنى شەھرى بانۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . شەھرى بانۇ بۇ يىگىتنى كۆرۈپ بىر قاراپلا ئاشىق بولدى . شەھرى بانۇ دىۋىگە قاراپ :

— بۇ يىگىتنى نېمە سەۋەبتىن ئېلىپ كەلدىڭ ؟ مېنىڭدىن قورق-مىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى . دىۋە جاۋاب بېرىپ نامىنى تۇتۇپ بەردى . شەھرى بانۇ ئوقۇپ كۆرۈپ : « بۇ يىگىت قىزىمغا ئاشىق بولۇپ كەلگەنە-كەن . بولمىسا ، بىر مۇنچە ئىشرەت قىلار ئىكەنمەن » دەپ ئويلاپ ، ھەسرەت چەكتى ۋە شۇ زامان كىيىملىرىنى كىيىپ شاھزادىنى بىر دىۋىگە كۆتۈرتۈپ شەھرى بانۇ باغى ئېرەمگە راۋان بولدى . بىر سائەتتە يېتىپ كېلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا شاھزادىنى يەرگە قويدى . شەھرى بانۇ شاھزادىگە :

— سىزنى ئوغلۇم قېشىغا بىللە ئېلىپ كىرسەم ئوبدان بولماس . تۇرۇپ تۇرۇڭ ، رۇخسەت ئېلىپ چاقىرتىمەن ، — دەپ بىر دىۋىنى مۇ-ئەككەل قىلدى . شەھرى بانۇ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ ماقۇل قىلدى . شەھبال ئېيتتى :

— ئى ۋالىدە ، قۇلزەمنىڭ جاسۇسلىرى دىۋە ئەسۋەدنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئىزدەپ تاغمۇ تاغ يۈرمەكتە . كۆرۈپ قالسا تۇتۇپ كېتىدۇ .

ئەلقىسسە ، شاھزادە ئۇل دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى ، ئۇچ دىۋە پەيدا بولۇپ :

— بەدىئەلجامالنىڭ پىراقىدا بۇ دىيارغا كېلىپ دىۋە ئەسۋەدنى

ئۆلتۈرۈپ، مەلىكە سۇلتاننى ئېلىپ كەتكەن يىگىت سىزمۇ؟ بەدىئەلجامال سىغىنىپ كەتتىم، ئېلىپ كەلگىن دەپ ئەۋەتتى، — دېدى. شاھزادە ئىشىنىپ «مەن» دېيىش بىلەن تەڭلا دىۋىلەر كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۆرلە-دى. ئاپىرىپ قۇلزەمگە تاپشۇردى. قۇلزەم دېدىكى:

— ئى بەتبەخت! ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگەن سەنمۇ؟

— راست دېدىڭ، مەن، — دېدى شاھزادە.

قۇلزەم غەزەپلىنىپ:

— پارچە - پارچە قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. جاللاتلار ئولاشتى.

ئەلقىسسە، قۇلزەمنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئول قىز كۆرۈپ شاھزادىگە ئاشىق بولدى. ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئى ئاتا، بۇ ئوغۇلنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئاكام تىرىلمەس، قۇدۇقتا سېلىپ قويساق ھەركۈنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدۇ، — دېدى.

قۇلزەم پەرمان قىلىپ:

— دەريانى توختىتىپ ئاستىغا قۇدۇق كولاڭلار، بۇ بەتبەختنى ئول قۇدۇققا سېلىپ تۆپىسىگە تاش تىزىپ مەھكەم ئېتىپ، ئاندىن كېيىن دەريانى قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى. دىۋىلەر دەرھال شۇنداق قىلدى.

ئەمدى ئىشىتمەك كېرەككى، شەھبال ئىبنى شەررۇخ دىۋە ئەس-ۋەدنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى تاپىمىز دەپ يۈرۈپتۇ، ئول ئوغۇلنى ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ كىشى چىقاردى. كۆردىكى، ئىزى بار ئۆزى يوق. خەۋەرچى كىرىپ شەھبال ئىبنى پەررۇخقا مەلۇم قىلدى. شەھبال پەرد-لەرگە ئەمر قىلىپ:

— سىلەر بېرىپ، يىگىتنى نەدە بولسا ئىزدەپ تېپىڭلار، — دەپ ئەۋەتتى. پەرىلەر ئالەمنىڭ تۆت ئەتراپىغىچە ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپال-مىدى. ئۇنىڭغىچە بۇ شۇم خەۋەر بەدىئەلجامالغا يەتتى. بەدىئەلجامال غەزەپلىنىپ: «ئەگەر شاھزادىنى ئاتام تاپسا تاپتى. ئەگەر تېپىپ بەرمىسە ئۆزۈمنى يوقىتىمەن» دەپ نامە ئەۋەتتى. نامىنى ئېلىپ شەھبال دەرغەزەپ

بىلەن « ئۇل ئادەم نەگە كەتتى، خەۋىرى ئېلىپ كېلىنسۇن » دەپ پەر-
مان قىلدى. بىر ئاقساق پەرى كېلىپ:

— بىر كۈنى قۇلزەمنىڭ جاسۇسلىرى كېلىپ، ئۇ ئادەم دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغانىكەن، تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى، — دېدى. شەھبال ئېيتتىكى:

— قۇلزەمنىڭ كېلىپ مېنىڭ مەملىكىتىمدىن باغدىكى دەرەخ تۈۋىدە ياتقان ئادەمنى ئېلىپ كېتىشكە نېمە هەددىكەن، — دەپ قۇلزەمگە كىشى ئەۋەتىپ: « يۇرتۇمغا كېلىپ ئادەمزاتنى ئېلىپ كەتكەن ئۇچ دىۋىنى تاپشۇرسۇن » دېدى. قۇلزەم « مەن ئادەمزات كۆرمىدىم » دەپ تاندى. بۇ هالدا شەھبال غەزەپلىنىپ، دىۋە - پەرى لەشكىرى بىلەن قۇلزەم شەھرىگە راۋان بولۇپ، يات پۇرسەتتە يېتىپ باردى ۋە قۇلزەمگە كىشى ئەۋەتىپ: « ئۇل ئادەم مېنىڭ كىشىمدۇر. قايتۇرۇپ بەرسۇن » دېدى. قۇلزەم: « ئەكەلگىنىم راست، ئەمما ئوغلۇمنىڭ قىساسى بار بول-غاچقا ئۆلتۈردۈم » دەپ جاۋاب بەردى. شەھبال دەرغەزەپ بولۇپ: « شەھرىڭنى ۋەيران قىلىپ توپىسىنى كۆككە سورۇيمەن، با-لىۋاقاڭنى يېسىر قىلىپ هالىڭنى خاراب قىلمىسام ئېتىمنى شەھبال ئىبنى شەررۇخ ئاتىماسمەن » دەپ قەسەم قىلدى. دىۋە - پەرى، جىن - شايا-تۇنلارنى بۇيرۇپ ئانداق جەڭ بولدىكى، هەددى هېسابسىز دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكى سايىنىڭ تېشىدەك ياتتى. ئاخىر دىۋە قۇلزەمنى تىرىك تۇتۇپ، قالغانلارنى ئەسىر قىلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن ئۆز شەھرىگە يېنىپ كەلدى. قۇلزەمنى هەرقانچە قىينىسىمۇ ئىقرار قىلمىدى، ئاخىر دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇچىسىدىن تاسما قىلىپ ئورنىغا تۇز قۇيدى. ئاخىر ئۇ ئازابقا چىدىيالماي: « شاهزادىنى قۇلزەم دەرياسىنىڭ ئىچىدە قۇدۇق كولاپ شۇ جايغا سولاپ قويدۇم » دېدى. شەھبال دىۋىلەرنى بۇيرۇپ دەريانىڭ سۈيىنى باشقا تەرەپكە باشلاپ، دېگەن جايدىن شاهزادىنى تاپتى. كۆردىكى، شاهزادە بىهوش يېتىپتۇ. نەپەسلىرى ئاران بىلىنەتتى. بىردەم كەلمىگەن بولسا ئۆلەر ئىكەن. نەچچە كۈن كېپەك سۈيى بىلەن يارما بەردى. ئاخىر قۇۋۋەت كىرىپ سۆزلىگۈدەك بولدى.

شەھبال سورىدىكى :

— ئى ئوغلۇم ، بۇ ئالەمدە ئادەمگە نېمە يېقىن ؟

— ئۆلۈم يېقىن ، — دېدى شاھزادە ، يەنە سورىدى :

— بۇ ئالەمدە ئۆلۈك تولىمۇ ، تىرىك تولىمۇ ؟

— ئۆلۈك تولا ، — دېدى . شەھبال سورىدى :

— نېمە دەلىلىڭ بار ؟

— ئول كىشى خۇدانى تونۇمىسا ۋە ياكى ئالەمدە خارلىق ، موھتاجلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزسە ئول ئادەم ئۆلۈكتۇر ، — دېدى . يەنە سورىدى :

— ئالەمدە خوتۇن كۆپمۇ ياكى ئەرمۇ ؟

— خوتۇن تولا ، — دېدى شاھزادە ، — چۈنكى ، خوتۇنمۇ خوتۇن ، خوتۇننىڭ سۆزىگە كىرگەنمۇ خوتۇن .

شەھبال قۇلزەمگە قاراپ :

— ئى بەتبەخت ، مۇشۇنداق يىگىتنىمۇ يوق قىلاتتىڭمۇ ؟ — دەپ سوئال قويدى . قۇلزەم خىجالەتتىن يەرگە قاراپ تۇردى . ئاندىن قۇلزەمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ ئۆز يۇرتىغا ياندۇردى . قىزىغا كىشى ئەۋەتىپ : « شاھزادىنى تاپتۇرۇپ كەلدىم ، يېنىپ كەلسۇن » دېدى . بەدىئەلجامال ئاتىسىنىڭ بارگاھىغا كىردى . ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

كىشى فۇرقەتدە رەنجۇر ئولدى كۆپ ئانى شاراپەت بىل ،
ئانىڭ ۋەيرانە كۆڭلىنى سەبرى قىلماقنى لەتافەت بىل ؛
ھىۋادىس بىرلە ئېلىڭدىن جۇدا بولغاندا ئى مەجنۇن ،
ئۆزۈڭ جەننەتتە بولساڭ ئانى سەھرايى قىيامەت بىل .

شۇنداق قىلىپ بەدىئەلجامال ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى .

ئەلقىسسە ، « شاھزادىنىڭ تويىغا تەييارلىق قىلىڭلار » دەپ

شەھبال خەزىنىچىلەرگە بۇيرۇدى. توي جابدۇقنى تەييار قىلدى. شەھبال كىچە - كۈندۈز ئالىي توي قىلىپ بەدىئەلجامالنى شاھزادىگە ئەقدە نىكاھ قىلىپ بەردى. بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرى بىلەن ۋىسال شارابىنى سۇمۇرۇپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەچچە مەزگىل ئۇ يەردە تۇرۇپ بىر كۈنى شاھزادە ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ يۇرتىغا بېرىشقا پادىشاھقا ئەرز قىلدى. شەھبال ئېيتتى:

— ئى ئوغلۇم، سىزلەرگە بېرىپ - كېلىش مۈشكۈل بولغان بىلەن بىزلەرگە ھېچ گەپ ئەمەس. دىۋىلەرگە بىر ئايلىق يولدۇر. يۇرتىڭىزدىن خەۋەر ئالدۇرۇپ بېرەي.

ئەلقىسسە، شاھزادە نەچچە ئاي تۇرۇپ، ئاخىر ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنىپ، بىتاقەت بولۇپ يۈزمىڭ ئۆزرىلەر بىلەن شەھبالدىن رۇخسەت تىلىدى. شەھبال نائىلاج شاھزادىگە رۇخسەت بەردى. نەچچە مىڭ ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر بىلەن بەدىئەلجامالنىمۇ قوشۇپ بەردى. نەچچە دىۋىلەرگە كۆتۈرتۈپ تاجىلمۇلۇكنىڭ شەھىرىگە كەلدى. سەئىد بىلەن مەلىكە سۇلتان كۆڭۈل بېرىشىپ قالغانىكەن. بەدىئەلجامال دېدىكى:

— سەئىد مەلىكە سۇلتانغا ئاشىق ئىكەن، مەلىكە سۇلتان مېنىڭ بىلەن ئېمىلداشتۇر. سەئىد ئۆزلىرى بىلەن ئېمىلداش ئىكەن. سەئىدكە مەلىكە سۇلتاننى ئېلىپ بېرەيلى. مەن مىسىرغا بارسام يالغۇزلۇق تارتىپ تاقەت قىلالماسمەن.

بۇ تەكلىپكە ھەممىلەر ماقۇل بولۇپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ سەئىدكە مەلىكە سۇلتاننى ئېلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن تاجىلمۇلۇكنىڭ شەھىرىدىن بىرمۇنچە زامانلار يۈرۈپ مىسىرغا يېقىن كېلىپ، شاھزادىنىڭ كەلگىنىنى ئاسىم ئىبنى سەپۋانغا خەۋەر قىلدى.

ئەلقىسسە، ئاسىم ئىبنى سەپۋان ئوغلىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ كۆزلىرى ناكار بولغانىدى. «خۇدايا خۇداۋەندە، ھەقسەن، يېگانىسەن، داناسەن، كۆزلىرىم پەرزەنت پىراقىدا يىغلاپ كۆرمەس بولدى، يەنە روشەنلىك بەرسەڭ» دەپ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. ھەقسۇبھانە ۋەتەئالا دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ كۆزلىرى روشەن بولدى. شەھەرنىڭ ئەمىر -

ئەمرا خالايىقلىرى، چوڭ - كىچىك ئاكابىرلىرى بىلەن شاھزادىنىڭ ئال- دىغا چىقىپ يولدا ئۇچراشتى. شاھزادە بىلەن سەئىد ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قىيامەت قايىم قىلدى. نالە - پىغان پەلەككە يەتتى. ئاندىن كېيىن ئاسىم ئىبنى سەپۋان شاھزادىنى تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە تەختكە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئاتا - ئانىسىغا ئۆتكەن سەرگۈزەشت- لىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئاتىسى ھەسرەت بارمىقىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى. ئاسىم ئىبنى سەپۋان يەنە ئۈچ يىل تەختتە ئولتۇرۇپ بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. شاھزادە باشلىرىغا تۇپراق چېچىپ زار - زار يىغلاپ، باھار يامغۇرىدەك ياش تۆ- كۈپ ماتەمدار بولدى. شەھبال ئىبنى شەررۇخ زەررىن شەھەردىن كېلىپ تەزىيەت قىلىپ، كۆيئوغلىنى تەزىيەدىن چىقىرىپ، ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى. شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك ئاتىسىنىڭ ئورنىدا مەملىكەتنى قولىغا ئېلىپ سەئىدنى ئومۇمىي ئىشلارغا ۋەزىر قىلدى. ئۇ شۇنداق ئادىل پادىشاھ بولدىكى، تەرىپلەپ بولغۇسىز ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدا بۆرە قوي بىلەن يۈ- رەتتى. زۇلۇمنىڭ ئىسمىنى ھېچ كىشى ئاڭلىمايتتى. ئاندىن كېيىن قىرىق يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. بەدىئەلجامالدىن بىر قىز پەرزەنت تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا رابىئەلجامال دەپ ئات قويدى. ئاخىر پەلەك ئالدامچىلىرى شاھزادە سەيپۇلمۇلۇككە ئەجەل شەربىتىنى تۇتتى.

•

# سۇلتان سەنجىرى مازى ھېكايىسى

ھېكايىلەر ئارىسىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇكى: كابىل شەھرىدە «سۇلتان سەنجىرى مازى» دەپ بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئادىل، ساۋابلىق ئىزدەيدىغان ھەم پاك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ شەھرى ناھايىتى مەمۇر ۋە ئاۋات ئىدى. ھېچ كىشىدىن مەككارلىق ئۆتمەيتتى. ئۇل پادىشاھنىڭ ئادىتى — كېچىنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ بىرھەسسىنى زىكرى تەسبىھ بىلەن، بىر ھەسسىنى كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ سۆز تىڭشاش بىلەن، بىر ھەسسىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇل شەھەردە بىر تۇل خوتۇن بار ئىدى. ئۇ شۇنداق نامرات ئىدىكى، دۇنيادا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئەمما بىر پۇلى بار ئىدى. بۇ پۇلغا پاختا ئېلىپ ئېگىرىپ ئىككى پۇلغا سېتىپ، بىر پۇلنى غىزاغا سەرپ قىلىپ، بىر پۇلنى دەسمايە قىلاتتى.

بىر كۈنى، ئىككى پۇللۇق يىپ ئېگىرىپ بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇراتتى. بىر سېرىق چىراي ياساۋۇل كېلىپ، پادىشاھنىڭ شامدانىغا يىپ لازىم بولدى، دەپ يىپنى تارتىۋالدى. بۇ مەزلۇم زار - زار يىغلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. «پادىشاھنى ئادىل دەيدۇ، ئەگەر ئادىل بولسا ماڭا ئوخشاش نامرات يوقسۇزنىڭ ئىككى پۇللۇق يىپىنى تارتىۋالامدۇ، مېنىڭدىن شۇنى ئالغاندا بايلاردىن نېمە ئالىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، قورسىقىغا غىزا ئېلىپ يەيدىغان بىر پۇلغا يەنە پاختا ئېلىپ ئېگىرىپ بازارغا ئېلىپ چىققانىدى، يەنە ھېلىقى ياساۋۇل كېلىپ، پادىشاھنىڭ شامدانىغا يىپ لازىم بولۇپتۇ، دەپ تارتىۋالدى.

موماي زار - زار يىغلاپ، ئۆيىگە كېلىپ تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئى بارا خۇدايا، پادىشاھ پاتراق ئۆلسە، ئىمامنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا، مەزىننىڭ ئۆمرى كۆتە بولسا» دەپ ئولتۇرار ئىدى، پادىشاھ كېچىنىڭ ئىككىنچى

ھەسسسسسدە قەلەندەرچە ياسىنىپ كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ بىر ئۆيدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھ: «خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە كېچىلىرى كۆز يۇماي ئۆتىدىغان مۇشۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدىكىنا» دەپ ئويلاپ ئىشىكنىڭ يورۇقىدىن قارىغانىدى، بىر قېرى موماي قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئى پەرۋەردىگارا، پادىشاھ تېزرەك ئۆلسە، ئىمامىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا، مەزىنىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسا» دەپ نالە قىلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. بىردەمدىن كېيىن پادىشاھ مومايىنى قىچقىردى. موماي ئىشىكنى ئېچىۋىدى، پادىشاھ كىرىپ ئولتۇردى. موماي قارىسا، بۇ سائىلغا بەرگىلى ھېچ نەرسىسى يوق، ئاخىر خالتىسىنىڭ بۇرجىكىدە بىر كاپام كەلگۈدەك تالقىنى بارئىكەن، ئۇنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە: «ئى سائىل، يېسلە، ھالالدۇر» دېدى. پادىشاھ يەپ خۇداغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى. ئاندىن پادىشاھ چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇنىڭ ئۇچىنچى ھەسسىسىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، پالانى كوچىدا بىر موماي بار، شۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ياساۋۇللار بېرىپ مومايىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ سورىدىكى:

— ئى موما، كېچىدىن نېمە دەپ ئىبادەت قىلدىڭ؟

— غەزەپلىرىدىن قورقىمەن، — دېدى موماي، پادىشاھ دېدىكى:

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۇم، راستىنى ئېيت!

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دېدى موماي، — مېنىڭدەك كەمبەغەل يوقسۇز بۇ شەھەردە يوق بولسا كېرەك. دۇنيالىقتا بىر پۇللۇق ۋەجىم بارئىدى. ئۇنىڭغا پاختا ئېلىپ يىپ ئېگىرىپ سېتىپ ئىككى پۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىر پۇلىغا يەنە پاختا ئېلىپ، يەنە بىر پۇلغا يېمەكلىك ئالاتتىم. مەن ئىككى پۇللۇق يىپنى بازارغا ئېلىپ چىقسام، بىر سېرىق چىراي ياساۋۇل كېلىپ: «پادىشاھنىڭ شامدانىغا يىپ لازىم بولۇپ قالدى» دەپ ئېلىپ كەتتى. دۇنيالىقتا بىر پۇلدىن بۆلەك ھېچ نەرسەم يوق ئىدى. شۇ جەھەتتىن بۇنداق دەپ دۇئا قىلدىم.

پادىشاھ سورىدى:

— ئىمامنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ، دەپ دۇئا قىلدىڭىز ، ئۇ نېمە ۋەجىدىن ؟

— ئىمام بولغان كىشى شەرىئەتنى ، ھەقىقەتنى خالايىققا تەلىم بې-رىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ، دېدىم . مەزىننىڭ ئۆمرى قىسقا بولسۇن ، دېگىنىمنىڭ سەۋەبى بولسا ، مەزىنلىك قېرى كىشى بو-لىدۇ . مەزىن ئۆلسە يەنە بىر كىشى مەزىن بولىمەن دەپ سالاغا كېلىدۇ . ئول ۋەجىدىن شۇنداق دۇئا قىلدىم ، — دېدى موماي .

پادىشاھ سورىدىكى :

— شول ياساۋۇلنى كۆرسەڭ تونۇمسەن ؟

— تونۇيمەن ، — دېدى موماي . پادىشاھ يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغىلسۇن ، دەپ يارلىق قىلدى . تامام خەلقنى جەم قىلىپ مومايىنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى . ئەمما ئول ياساۋۇل كۆرۈنمىدى . موماي ئېيتتىكى :

— پادىشاھى ئالەم ، ئول ياساۋۇل يوق .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى پادىشاھ ، يەنە يىپ ئېگىرىپ بازارغا ئېلىپ چىق . مەن بىر پېقىرانە لىباس كىيىپ بىر سۇپىدا ئولتۇراي ، ياساۋۇل كېلىپ يىپنى تالاشسا پېشىدىن مەھكەم تۇتۇپ ۋارقىرىغىن . ئو-لىشىپ تۇتۇۋالايلى .

موماي « پاختا ئالغىلى پۇلۇم يوق » دېگەندى ، پادىشاھ يانچۇقىدىن بىر تەڭگە ئېلىپ بېرىپ : « بۇ دىنارغا خېلى جىق پاختا كې-لىدۇ » دېدى .

ئەلقىسسە ، موماي بۇ پۇلنى بىر دۇنيادارغا بېرىپ يەتتە تاغار پاختا ئالدى . بىر پۇللۇق پاختىدىن جىڭلاپ ئېلىپ يىپ ئېگىرىپ بازارغا ئېلىپ چىقتى . پادىشاھ بىر سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردى ، مومايىنى بىر سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى . بىر كەمدە يەنە ھېلىقى سېرىق چىراي ياساۋۇل كېلىپ : « پادىشاھنىڭ شامدانىغا لازىم بولدى » دەپ يىپنى تارتىۋالدى . موماي ۋارقىراپ ئورنىدىن قوپتى ، ياساۋۇل قاچتى . پادىشاھ قوغلاپ ماڭدى . يوشۇرۇنغانلار ھەم قوغلاپ تۇتالمىدى . ياساۋۇل بىر يەرگە كې-

لىپ بىر تاشنى كۆتۈرۈپ ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى .
پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر سىر باردۇر ، مەن چۈشەي ، دېدى . ئولۇغ قول ۋەزىرى :
— ئى پادىشاھى ئالەم ، رۇخسەت بەرسىلە ، مەن چۈشۈپ باقسام ، — دېدى . پادىشاھ رۇخسەت بەردى . ۋەزىر چۈشۈپ كەتتى . ۋەزىر كۆردىكى ، بىر يول تۇرۇپتۇ . ئۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر گۈزەل جايغا چىقىپ قالدى . ئۇ يەرنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . بىر ئالىي ئوردا نامايان بولدى . ئول ئوردىنى ئالتۇن - كۈمۈش ، لەئەل - جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەپتۇ ، قاشتېشىدىن سېپىل ياساپ ، فىروزا، ھېقىق ، مارجان بىلەن سېپىل تاملىرىغا كۆز قويۇپتۇ . بۇ جاينى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ ئوردىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى . بۇ يەردە بىر تەخت قۇرۇپ بىر كېنىزەك ئولتۇرۇپتىكى ، گويا ئاپتاپتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى . يەنە بىر كېنىزەك ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپتۇ ، ئۇ كېنىزەك كېلىپ مەلىكىگە :
— پادىشاھنىڭ ئولۇغ قول ۋەزىرى كەپتۇ ، — دېدى .
— ئىچكىرى ئېلىپ كىرىڭلار ، — دېدى مەلىكە .
ئۇلار چىقىپ : « سىزنى مەلىكەم چاقىرىدۇ » دەپ ئېلىپ كىردى . مەلىكە كۆرۈپ ئورۇن كۆرسىتىپ بەردى . ۋەزىر بېرىپ ئولتۇردى . ۋەزىرنى قارشى ئېلىپ ئويۇن - بەزمىلەر ئۇيۇشتۇردى . سازەندىلەر سازلىرىنى ئەۋجىگە كەلتۈرۈپ ، ھاپىزلار مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ياڭراتتى . بۇلارنىڭ دىماغلىرى قىزىپ قالدى . مەلىكە ئېيتتىكى :
— بۇ مېڭىپ يۈرگەن بەش يۈز كېنىزەكنىڭ ھەممىسى مېنىڭدۇر . بۇلاردىن قايسىنى خالىساڭ بۈگۈن كېچە شۇ قوندۇرسۇن ، — دېدى . ۋەزىر ئېيتتىكى :
— مېنىڭ مەقسىتىم كېنىزەكتە ئەمەس ، ھەزرەتلىرىدىدۇر .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى مەلىكە ، مېنىڭ ئۈچ ئۇيقۇم بار ، ئاشۇ ئۇيقۇمنى ھېكايە بىلەن ئويغاتساڭ ، سەن مېنىڭ ، مەن سېنىڭ ، بولمىسا ، بىر كاچات ئۇرىمەن ، ئۆلىسەن .

ۋەزىر قوبۇل قىلدى، مەلىكە بىر سائەت ئولتۇرۇپ كېنىزەكلەرگە رۇخسەت بەردى، كېنىزەكلەر چىقىپ كېتىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە ئۇيقۇغا كەتتى. ۋەزىر بىرمۇنچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە ھېچ سۆز كەلمەي «تۇپراق ئالساڭ دۆڭدىن ئال» دەپتۇ، بىر سۆيۈۋېلىپ چىقىپ كېتەي دەپ ئويلاپ، ئاغزىنى يېقىن ئاپارغاندى، مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغاندى، ۋەزىرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى.

تاڭ ئاتقۇچە پادىشاھ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى. لېكىن ۋەزىر چىقمىدى. پادىشاھ ئۆزى چۈشەكچى بولدى. بۇ ھالدا چەپ قول ۋەزىرى تۇرۇپ:

— بۇنىڭدا بىر سىر باردۇر، ياكى خەتەر ۋە ياكى زەپەردۇر. ھەزرەتلىرىگە بىرەر زەرەر بولسا ئوبدان ئەمەس. مەن كىرەي، — دەپ رۇخسەت تىلىدى. پادىشاھ ۋەزىرگە رۇخسەت بەردى. ئاندىن ۋەزىر كىرىپ كەتتى.

ۋەزىر كىرىپمۇ يۇقىرىقى بايان قىلىنغان تاماشىلارنى كۆرۈپ ساراسىمە ۋە سەرگەردان بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇردى. بىر كېنىزەك كىرىپ مەلىكىگە:

— پادىشاھنىڭ چەپ قول ۋەزىرى ئىشىكتە تۇرىدۇ، — دېدى. مەلىكە ئىككى كېنىزەكنى بۇيرۇپ:

— تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى. كېنىزەكلەر چىقىپ تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىردى. بۇنىڭغىمۇ زىياپەتلەر قىلىپ بەزمە تۈزدى. نەغمە ـ ناۋانى ئەۋجىگە چىقاردى. مەلىكە ئېيتتىكى:

— ئى ۋەزىر، بۇ بەش يۈز كېنىزەك مېنىڭدۇر، بۇلاردىن قايسىنى خالىساڭ بۇگۇن كېچە شۇ قوندۇرسۇن.

— ھەزرەتلىرى تۇرغان يەردە، باشقىلارنى قانداقمۇ كۆڭلۈم تارتسۇن، مېنىڭ غەرىزىم ھەزرەتلىرىدىدۇر، — دېدى ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەلىكە، — مېنىڭ ئۈچ ئۇيقۇم بار. شۇنى ئويغىتالىساڭ سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ، بولمىسا ئوڭ قول ۋەزىر كۆرگەننى كۆرىسەن.

ۋەزىر قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېنىزەكلەرگە رۇخسەت بەردى. ئۇلار تارقاشتى. مەلىكە:

— ئى ۋەزىر، ئەمسە مېنىڭ ئۈچ ئۇيقۇمنى رەمزە (سىرلىق سۆز) بىلەن ئېچىپ ئويغاتساڭ، مۇرادىڭغا يېتەرسەن، بولمىسا ئۆلتۈرىمەن، — دەپ ئۇيقۇغا كەتتى. ۋەزىر تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ باقتى. كۆڭلىگە ھېچ نەرسە كەلمىدى. ئاخىر «سۆيۈۋېلىپ چىقىپ كېتەي» دەپ ئاغزىنى يېقىن قىلىش ھامان مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ، ۋەزىرنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرۇۋىدى، بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى.

پادىشاھ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپ خىيال قىلىپ: «ۋەزىرلەردىن ھېچقايسىسى چىقمىدى. ئەمدى ئۆزۈم كىرەي» دەپ، كىرىپ بىر گۈزەل جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئوردىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ تاماشا قىلىۋېتىپ كۆردىكى، ئوردا ئىچىدە بىرقانچە ئاي يۈزلۈك گۈزەل يۈرۈپتۇ. سارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەنىدى. ئاپتاپتەك چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ كېلىپ ئىشىكتە تۇردى. بىر كېنىزەك بېرىپ مەلىكىگە:

— ئەمدى پادىشاھ ئۆزى كەپتۇ. ئىشىك تۈۋىدە تۇرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. مەلىكە كېنىزەكلەرنى بۇيرۇپ: تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىڭلار، دەپ ئەۋەتتى. يەتتە كېنىزەك چىقىپ ئېلىپ كىردى. پادىشاھقا ئالاھىدە بەزمىلەر ئۇيۇشتۇردى. ئاخىردا ھەر ئىككىسى قىزىپ قالدى. مەلىكە:

— بۇ يۈرگەن بەش يۈز كېنىزەك مېنىڭكىدۇر. قايسىنى ياراتساڭ بۈگۈن كېچە شۇ قۇندۇرسۇن، — دېدى. پادىشاھ دېدى:

— مېنىڭ كۆڭلۈم بۇ كېنىزەكلەردە ئەمەس، ھەزرەتلىرىدە.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەلىكە، — مېنىڭ ئۈچ ئۇيقۇم بار. ئاشۇ ئۇيقۇمنى سىرلىق سۆزلەر بىلەن ئېچىپ، بىر - بىرلەپ ئويغىتالىساڭ، سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ بولۇپ مۇرادىڭغا يېتەلەيسەن. بولمىسا ۋەزىرلەرنىڭ كۈرگىنىنى كۆرىسەن.

پادىشاھ بۇ ئۈچ شەرتنى قوبۇل قىلدى، مەلىكە كېنىزەكلەرگە

رۇخسەت بېرىپ چىقىرىۋېتىپ ئۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

سىرلىق سۆزلەردىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ھېچنېمە كەلمىدى . ئاخىر تالاغا چىقىپ تەرەت ئالدى . ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ، مۇناجاتتا قول كۆتۈرۈپ ، ھەقتائالادىن مەقسىتىنى تەلەپ قىلدى . بىر كەمدە سەللىلىك ئۇلۇغۋار بىر نۇرانە كىشى قولىدا ھاسىسىنى تۇتۇپ بېشىدا پەيدا بولدى ۋە سورىدى :

— ئى سەنجەر ، مېنى تونۇمسەن ؟

— تونۇيالمىدىم ، — دېدى پادىشاھ . ئۇل كىشى ئېيتتى :

— مەن خىزىر بولىمەن ، ئى سۇلتان سەنجىرى ، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن ؟

پادىشاھ بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى . خىزىر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى :

— مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ ئىككى كۆل باردۇر . بىرىنىڭ سۈيى كۆك ، بىرىنىڭ سۈيى ئاق . سۈيى كۆك كۆلدە قولۇڭنى يۇيۇپ ، سۈيى ئاق كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچكىن . ئاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئاۋۋال شامدانغا سالام قىلغىن ، ئاندىن كېيىن تەختكە سالام قىلغىن ، مەن سېنىڭدىن ئۈچ نۆۋەت سوئال سورايمەن . ھەممىگە خاتا جاۋاب بېرىسەن . مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇر ، — دەپ غايىب بولدى . پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۇ يەرگە بارغاندى ، ئىككى كۆل نامايان بولدى . سۈيى كۆك كۆلدە قولىنى يۇيۇپ ، سۈيى ئاق كۆلدىن ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ ئىچتى . يېنىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىدىكى چىراغقا سالام قىلدى . چىراغدىن ئاۋاز كېلىپ :

— ئى پادىشاھ ، سەندىن بىر مەسىلە سورايمەن . راستلىق بىلەن جاۋاب بەرگىن ، — دېدى . پادىشاھ قوبۇل قىلدى . ئاندىن چىراغ سوئال سوراپ :

قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە بىر ئوغرى بىلەن بىر قاراقچى بارئىدى . ئىككىسىنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى . بۇ سىرنى ئۇل خوتۇنلا بىلەتتى . ئەمما ئوغرى ۋە قاراقچى بۇ سىردىن بىخەۋەر ئىدى . بىر كۈنى ،

ئوغرىنىڭ غەلۋىسى بولۇپ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۈگۈن ئوغرىلارنىڭ گەپ - سۆزى بولغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ «پۈتۈن ئوغرىلارنى تۇتۇپ جازاغا تارتىمەن» دەپ ھۆكۈم چۈشۈرۈپتۇ. يېگىلى نەرسەڭ بولسا بەرگىن، ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ تۇراي دەيمەن، — دېدى. خوتۇنى جاۋاب بېرىپ:

— بىر كۆمەچلىك ئۇن بار، — دېدى. ئوغرى:

— ئۇنداق بولسا، بىر كۆمەچ پىشۇرغىن، مەن بېرىپ ئەتراپتىن خەۋەر ئېلىپ كېرەي، — دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خوتۇن ناننى پىشۇرۇپ يېرىمىنى پەتنۇسقا قويدى. ئوغرى كىرىپ نان پىشتىمۇ، — دېدى. خوتۇن يېرىم ناننى ئېلىپ بەردى. ئوغرى:

— نانىنىڭ يېرىمى قېنى دېگەنىدى، ئۆزۈم يېدىم، — دەپ تۈگەتتى. بۇ ئوغرى ناننى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئاندىن كېيىن يەنە بىر قاراقچى كىرىپ خوتۇنغا:

— بۈگۈن شەھەردە قاراقچىلارنىڭ غەلۋىسى بوپتۇ. يېگۈدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. خوتۇنى:

— بىر نان پىشۇرغانىدىم، يېرىمىنى ئۆزۈم يېدىم. يېرىمى بار ئىدى، — دەپ يېرىم ناننى ئاچىقىپ بەردى. بۇنى قاراقچى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. كېتىۋېتىپ ئوغرى بىلەن قاراقچى بىر بولۇپ قېلىپ ھەمراھ بولدى. بۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر ئېقىنغا كەلگەندە، بۇ يەردە تائام يەپ ئاندىن ماڭايلى دېيىشىپ، نانلىرىنى ئېلىشىپ ھەيران قېلىشتى. بۇ ئىككى پارچە نان ئەجەب بىر نانغا ئوخشايدىكەن، دەپ جۈپلەپ باققانىدى. ئىككىسى راست بىر نان ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان پەيدا بولدى. ئوغرى سورىدىكى:

— ئى قاراقچى، ئۆيۈڭ قايدادۇر؟ — قاراقچى ئېيتتى:

—ئۆيۈم شەھەردە، ئىشىكىم مەشرىق تەرەپكە بېقىشلىق، خوتۇنۇمنىڭ ئېتى يەفچان بېكە، — ئوغرى ئېيتتى:

— ئى نابىكار، تولا يالغان سۆزلىمە، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، ئۇ ئۆي مېنىڭ ئۆيۈم، — دەپ كۆپ جېدەللەر قىلىشتى. ئاخىر بۇلار ئۇرۇشۇپ

ھېرىپ : بىز ئىككىمىز ئۇرۇشقان بىلەن بۇ يەردە ئايرىپ قويغىلى ئادەم يوق . بىز تالاشقان شۇ ئۆيگە بېرىپ بىر تەرەپ قىلايلى ، دېگەن يەرگە يېتىپ ، ماڭغان يولدىن يېنىپ كەلدى . كەلسە ئۆيدە يەفچان بېكە ئولتۇرۇپتۇ . بۇلار سورىدى :

— سەن قايسىمىزنىڭ خوتۇنى ؟

— مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ خوتۇنى ،— دېدى يەفچان بېكە .

ئوغرىلار ئېيتتى :

— بىر كىشى ئىككى كىشىگە تەگكەن نەدە بار ؟ — خوتۇنى ئېيتتى :

— سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوغرى ، بىرىڭلار قاراقچى ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ پەرقى يوق . شۇ سەۋەبتىن ئىككىڭلارنى بىر كىشى ھېساب-لىدىم . ئوغرى كېچىسى ھۈنەر قىلىدۇ ، كۈندۈزى بار . قاراقچى كۈندۈزى ھۈنەر قىلىدۇ ، كېچىسى بار ، شۇ سەۋەبتىن كۈندۈزى ئوغرىغا خوتۇن بولىمەن ، كېچىسى قاراقچىغا خوتۇن بولىمەن . بۇ بىرگە ھېسابتۇر .

بۇ ئىككىسى ئېيتتىكى :

— بىز پەيلىڭدىن يانغىن . ئىككىمىزدىن بىرىمىزگە خوتۇن بول ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى خوتۇن ، — ھەر ئىككىڭلار ھۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىپ بېقىڭلار ، قايسىڭلارنىڭ ھۈنىرى سىلىق بولسا شۇنىڭغا خوتۇن بولاي .

بۇلار خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولدى . ئالدى بىلەن قاراقچى ھۈنەر كۆرسەتمەكچى بولۇپ ، يەفچان بېكە بىلەن ئوغرىنى ئېلىپ بازارغا چىقتى . بۇلار قاراپ تۇراتتى ، بىر موللا بىر توپاقنى يەتتە تەڭگە ئون پۇلغا ساتتى . پۇلنى ئېلىپ ، قوينىغا سالدى . يانچۇقچى بېرىپ بىر سۈر-كەلگەن بولۇپ پۇلنى ئېلىپ ، موللىنىڭ قوينىغا تاش سېلىپ قويدى . موللا نېرىراق بېرىپ ئول پۇلنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ : « جادۇگەرگە سېتىپتىمەن ئەمەسمۇ ، پۇل بەرمەي تاش بېرىپتۇ » دەپ ئويلاپ ، توپاق ئالغۇچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ باردى . يانچۇقچى

نىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ بىر سۇركىلىپلا پۇلنى قوينىغا سېلىپ قويۇپ تاشنى ئېلىۋالدى. موللا توپاق ئالغۇچى كىشىنى تېپىپ:

— سىز جادۇگەر ئىكەنسىز. پۇل بەرمەي تاش بېرىپسىز، — دېدى. ئۇ ئادەم مەن پۇل بەردىم، تاش بەرمىدىم، — دېدى. ئاخىر موللام قولىنى قوينىغا تىققانىدى، پۇل چىقتى. توپاق ئالغۇچى:

— بۇ پۇل بولماي نېمە؟ — دەپ مەسخىرە قىلدى. موللا يېنىپ كېتىپ باراتتى، يانچۇقچى يەنە بىر سۇركىلىپ تاش سېلىپ قويدى. موللا يەنە يىراقراق بېرىپ پۇلنى ئالسا، يەنە تاش چىقتى. بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. بۇ ئۇچەيلەن ئۆيگە يېنىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، كەچ بولدى. ئوغرى ئەمدى مېنىڭ ۋاقتىم كەلدى، ھۈنىرىمنى كۆرسىتەي، دەپ يەفچان بېكە بىلەن يانچۇقچىنى ئارقىسىغا سېلىپ يولغا راۋان بولدى. پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ئاشخانىغا كىردى. ئاشپەز ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇلاردىن بىرسىنىڭ بېشىنى كەستى. يەف-چان بېكەنى ئۇن يايغىلى، يانچۇقچىنى ئوت قالىغىلى قويدى. ئۆزى پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كىرىپ كۆردىكى، پادىشاھ ياتىدۇ. بىر تاز خادىمى بار ئىكەن، خادىملىق قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇگدەپ قاپتۇ. ئوغرى بىر سائەت تۇرغانىدى، بۇ تاز تاشقىرى چىقتى. ئوغرى تاز خادىمنىڭ گېلىدىن سى-قىپ بېشىنى كېسىپ كىرىپ، خادىملىق قىلدى. بۇنىڭ قوللىرى پادىشاھقا خۇش كېلىپ:

— ئى تاز، قوللىرىڭ يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ، — دېدى. ئوغرى دېدىكى:

— مېنىڭ پىكىر - خىياللىرىم پۇت - قوللىرىنى سىلىقراق تۇتماق.

پادىشاھ دېدىكى:

— ئى تاز، بىر ھېكايە ئېيتقىن.

ئوغرى: «مەن ھېكايە بىلمەيتتىم. ئول تاز ھېكايە بىلىدىكەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق» دەپ ئويلاپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، كۆرگەننى دەيمۇ، ئاڭلىغاننىمۇ، — دەپ

سورىدى . پادىشاھ :

— كۆرگەننى ئېيت ، — دېدى . ئوغرى دېدىكى :

— مەن ئوغرى ئىدىم . ئوغرىلارنىڭ غەلۋىسى بولدى . قېچىپ كېتەي دەپ خوتۇنۇمنىڭ قېشىغا كىرىپ يېگۈدەك نەرسەڭ بارمۇ دېسەم ، بىر كۆمەچ بولغۇدەك ئۇن بار ، دېدى . دەرھال ناننى پىشۇرغىن ، مەن چىقىپ ئەتراپنى تىڭشاپ كىرەي ، دەپ تالاغا چىقىپ كەتسەم ناننى پىشۇرۇپ يېرىمنى ماڭا قويۇپتۇ . يەنە يېرىمنى سورىسام ئۆزۈم يېدىم ، دېدى . مەن ئاشۇ يېرىم نان بىلەن يولغا راۋان بولدۇم . كېتىپ باراتتىم ، بىر ئادەم يېتىپ كەلدى . ئىككىيلەن ھەمراھ بولۇپ بىرمۇنچە يول يۈردۇق . بىر كەمدە سۇ بار يەرگە كېلىپ ، نان يەيلى دەپ ئولتۇرۇپ ناننى ئالساق ، ئىككىمىزنىڭ نېنى بىر ناننىڭ ئىككى يېرىمى ئىكەن . خوتۇنلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرسەك ئىككىمىزنىڭ خوتۇنى بىر خوتۇن ئىكەن . ئۇل خوتۇننى قايسىمىزغا بولساڭ بىرىمىزگە خوتۇن بول دېسەك ، ھۇنەر كۆرسىتىڭلار ، قايسىڭلارنىڭ ھۇنىرى سىلىق بولسا شۇنىڭغا خوتۇن بولاي ، دېدى . ھەر ئىككىمىز ھۇنىرىمىزنى كۆرسەتتۇق ، — دېۋىدى ، پادىشاھ :

ھەي تاز ، ھېكايەڭ ئەجەب ياخشىكىنا ، — دېدى . ئوغرى دەرھال پىچاقنى دېۋەيلەپ :

— ئى نادان ، مەن ئاشۇ ئوغرىنىڭ ئۆزىدۇرمەن . مانا بۇ يەردىكى خوتۇنۇم ، — دېدى . پادىشاھ سورىدى :

— غەرىزىڭلار نېمە ؟ ئى ئوغرى ، مېنىڭ خەزىنەمدە بارلىكى نەرسىنى ئايىماي ئېلىۋەرگىن .

ئوغرى دېدى :

— ئى پادىشاھ ، ئەمدى سىزنى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك . بولمىسا ئەتە سىز بىزنى ئۆلتۈرىسىز .

پادىشاھ قەسەم قىلدى . ئوغرىلار خەزىنىگە كىرىپ خەزىنىنى يىغىشتۇردى . ئەمدى يەفچان بىكە يانچۇقچىغا تېگەرمۇ ياكى ئوغرىغا تېگەرمۇ ؟ — دېدى . مەلىكە تەختتە يېتىپ

— يانچۇقچىغا تىگەر، — دېدى.

پادىشاھ مەلىكىگە:

— سىز ماڭا تېگەمسىز، — دېدى. مەلىكە ئېيتتىكى:

— مەن ئويغانماس ئىدىم. نەدىكى ئەپسانىلەرنى قىلىپ ئۇيقۇمدىن ئويغىتىۋەتتىڭلار، — دەپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئىككىنچى نۆۋەتتە شامدانغا بېقىپ سالام قىلدى. شامداندىن ئاۋاز كەلدى:

— ئى پادىشاھ، سەندىن بىر مەسىلە سورايمەن، راستلىق بىلەن جاۋاب ئېيتقايسەن! پادىشاھ:

— خوپ بولغاي، — دەپ تۇردى. شامدان ئېيتتىكى:

— ئۆتكەن زاماندا بىر ماشىنچى، بىر ياغاچچى، بىر زاھىد دوست ئىدى. بىر كۈنى بۇلار: بىزنىڭ شۇنداق ھۈنىرىمىز تۇرۇقلۇق قەدرىمىزگە يەتمىدى. باشقا بىر يۇرتقا بارساق قەدرىمىز بولارمىكىن، دەپ ئۈچەيلەن بىر تەرەپكە راۋان بولدى. يولدا بىر يەرگە بېرىپ شۇ يەردە ياتماقچى بولۇشتى. بۇ يەر قاراقچىلارنىڭ ماكانى ئىدى. بۇلار نۆۋەت بىلەن ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزايلى دەپ، دەسلەپ قىلىپ ياغاچچى ئولتۇردى. قالغان ئىككىسى ئۇخلىدى. ياغاچچى ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، بىر ياغاچنى ئېلىپ ئادەم سۈرىتىدە ياسىدى. ئاندىن ماشىنچىنى ئويغاتتى. ماشىنچى ئولتۇرۇپ بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ: ياغاچچى بۇ ئادەمنى سىلىقلىق بىلەن ياساپتۇ. مەنمۇ بىر ئىش قىلايكى دەپ، ئېگىن كىيدۈرۈپ قويدى. ئاندىن زاھىدنى ئويغاتتى. زاھىد بۇلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرۈپ ئەندىشە قىلدىكى: «بۇلارغۇ قولىدىن كەلگەننى قىپتۇ. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەپتۇ. مېنىڭ ئىشىم ئاللاغا مۇناجات قىلماقتۇر» دەپ غۇسۇل تەرەت قىلىپ، ئىككى رەكەت ھاجەت نامىزىنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ: «ئى باراخۇدايا، بۇ ئىككىسى ھۈنىرىنى ئىشلىتىپتۇ. مېنى شۇلارنىڭ ئارىسىدا رەسۋا قىلمىساڭ. بۇ سۈرەتكە جان ئاتا قىلغىن» دەپ يىغلىدى. بۇ زاھىدنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ بۇ سۈرەتكە خۇدايىتائالا جان ئاتا قىلدى. ئۇ شۇنداق بىر ساھىبجامال قىز بولدىكى، ئۇنىڭ جامالىدىن ئاپ-

تاپمۇ خىجىل بولاتتى. بۇلار ئويغىنىپ بۇ نازىنىن قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى. ياغاچچى:

— ئۇنىڭ سۈرىتىنى مەن ياسىغان، قىز مېنىڭ، — دېدى. ماشىنىچى:

— كىيىملەر بىلەن مەن زىننەتلىگەن، قىز مېنىڭ ھەققىمدۇر، — دېدى. زاھىد:

— مېنىڭ دۇئايىم بىلەن خۇدايىم جان ئاتا قىلدى. ئۇ قىز مېنىڭ ھەققىمدۇر، — دېدى. بۇ قىز ياغاچچىغا تېگەرمۇ ياكى ماشىنىچىغا تېگەرمۇ ۋە ياكى زاھىدقا تېگەرمۇ؟ — دېدى. مەلىكە ئويغىنىپ:

— زاھىدقا تېگەر، — دېدى. پادىشاھ:

— قىز زاھىدقا تەگسە، سىز ماڭا تېگەرسىز، — دېدى. مەلىكە:

— مەن ئويغانماس ئىدىم. نەدىكى ئەپسانىلەرنى قىلىپ ئويغىتىۋەتتىڭلار، — دەپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەمدى ئىشتىمەك كېرەككى: پادىشاھ ئۇچىنچى قېتىمدا تەختكە سالام قىلغانىدى. تەختتىن ئاۋاز كەلدى:

— ئى پادىشاھ، مەن سوئال سورايمەن، جاۋابىنى بەرگىن. پادىشاھ:

— خوپ بولغاي، — دەپ تۇردى. تەختتىن ئاۋاز كەلدى:

— ئۆتكەن زاماندا بىر ئوغۇل بار ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال ئىدىكى، تەرىپتىن تاشقىرى ئىدى، ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى، ئۇنىڭ رەنالىقى تەرىپكە سىغمايتتى. ھەركىم كۆرسە ئاشىق شەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئېتى جۇۋان بەتنامزادە دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئېرى «بۇنداق بەتنامنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە بىر تەرەپكە كەتكىنىمىز تۈزۈك» دەپ يول جابدۇقىنى قىلىپ باشقا يۇرتقا راۋان بولدى. بىر ئىنىسى بارئىدى، ئۇل ھەم ئاغىچىسىغا ئاشىق ئىدى. مەنمۇ خىزمىتىدە بولۇپ بارىمەن، دەپ بۇلارغا ھەمراھ بولدى. بۇ ئۈچەيلەن كېتىپ باراتتى. بۇ جۇۋانغا كۆيۈپ ئىشتىياق تارتقانلار: «بىزنىڭ ئارىمىزدىن شۇنداقلا ئېلىپ كېتەمدۇ؟ ئارقىسىدىن بېرىپ ئىشنى قىلىپ يانايلى» دەپ يولغا كىرىپ قوغلىدى.

بۇلارنىڭ قونغان يېرىگە كېلىپ تەدبىر بىلەن ئۇخلىتىپ قويۇپ ئاغا-ئىنى ئىككىسىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن: «ئەمدى بىزنىڭ ئۆلتۈرگىنىمىزنى مەھبۇبىمىز بىلمىسۇن، ئارقىمىزغا يېنىپ بىر يەردە يوشۇرۇنايلى، بۇ يالغۇز ھېچ يەرگە بارالماي يېنىپ كېلىدۇ» دەپ ئارقىلىرىغا ياندى. بۇ ئايال ئورنىدىن قوپۇپ كۆردىكى، ئىككىسىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ، ئايال دەرھال تەرەت ئېلىپ خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى، باراخۇدايا، مەن مەزلۇم ئاجىزدۇرمەن. بارار - كېلەر يېرىم يوق. بۇلارغا جان ئاتا قىلىپ مېنى بۇ تەڭلىكتىن چىقارغىن» دەپ ئالدىراپ، ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئىنىسىنىڭ تېنىگە، ئىنىسىنىڭ بېشىنى ئاكىسىنىڭ تېنىگە چاپلاپ كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ خۇدايىتائالا بۇلارغا يېڭىۋاشتىن جان ئاتا قىلدى. بۇلار ئورنىدىن قوپۇپ، ئىنىسى ئېيتتى:

— باش مەندە بولغاندىكىن، خوتۇن مېنىڭ، — دېدى. ئاكىسى:

— تەن مەندە بولغاندىكىن، خوتۇن مېنىڭ، — دېدى. ئەمدى بۇ خوتۇن باشقا تېگەرمۇ، تەنگە تېگەرمۇ؟

پادىشاھ سەنجىرى ئېيتتىكى:

— تەنگە تېگەر. مەلىكە قوپۇپ:

— باشقا تېگەر، — دېدى. ئاندىن:

— مېنىڭ ئۇيقۇمنى ھېچكىم ئويغىتالماس ئىدى. سىز ئويغاتتىڭىز. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم، — دېدى. پادىشاھ بىلەن مەلىكە ئۆز شەھىرىگە كېلىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، ئاندىن كېيىن بىر يەردە ئۆمۈر ئۆتكۈزدىلەر.

# زەكىرى يوق خاقان ھېكايىسى

ھېكايىلەردە ئانداق رىۋايەت قىلىپتۇلەركى: باغدات شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ناھايىتى دانىشمەن ۋە بەك پاراسەتلىك ئىدى. ئۇل پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى بارئىدى. بۇ قىز تولىمۇ گۈزەل ئىدى. پادىشاھ بۇ قىزغا ئاشىق بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇل ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— ئى ۋەزىر، سىزنىڭ نومۇس پەردىسى ئىچىدە بىر قىزىڭىز بار ئىمىش، قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى. ۋەزىر ئېيتتى:

— خوپ بولىدۇ. لېكىن، سىزگە بەرگىلى بولماس.

— نېمە ئۈچۈن، — دەپ سورىدى پادىشاھ، — مەندىن ئۆزگە كىمگە بەرمەكچى؟

— ئى پادىشاھىم، راست ئېيتتىڭىز، — دېدى ۋەزىر، — سىزدىن ئالىيراق كىمگە بېرەرمەن. غەرىزىم شۇكى، ئۆزۈمنىڭ باراۋېرىدىن رەك بىر كىمگە بەرگەيمەن. سىز بولسىڭىز پادىشاھ، مەن پېقىرنىڭ قولى سىزگە يەتمەيدۇ، سۆھبىتىڭىزدە مەن سىزگە تەڭ كېلەلمەيمەن. ئەگەر قىزىمنى ساقلىسىڭىزغۇ ياخشى، ساقلىمىسىڭىز بىئىززەت ۋە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ياكى بىر كىشىگە تېگەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلارغا بەرمەيمەن، — دېدى.

بۇ سۆز پادىشاھقا ئېغىر كېلىپ جىم بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ ۋەزىرنى يەنە چاقىرىپ:

— ئى ۋەزىرىم، بىر سوئالىم بار سەندىن سورايمەن، راست بىلەن جاۋاب بەرگىن. بولمىسا، پارە ـ پارە قىلىمەن، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دېدى ۋەزىر، ئەگەر ئەقلىمگە يەتسە راست بىلەن جاۋاب بېرىمەن. خىلاپ سۆز قىلىشقا ھەددىم يوقتۇر، — دېدى. پادىشاھ:

— ئى ۋەزىر، بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى بارمۇ؟ — دېدى.

— خۇدايىتائالا ئۆزى دانادۇركى، ھەربىر مەخلۇقنى يارىتىپتۇ. ھەرقايىسىسى بىر غەمگە مۇپتىلا بوپتۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدىغان تۇپراققا بىر كەم قىرىق كۈن غەم يامغۇرى ياغدۇردى. بىر كۈن شادلىق يامغۇرى ياغدۇردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم پەرزەنتىنىڭ غېمى كۆپ، شادلىق ئازدۇر، — دېدى ۋەزىر. پادىشاھ:

— مۇبادا غەمسىز كىشىنى تاپسام سېنى ئۆلتۈرەيمۇ، — دېدى.

— ئەگەر غېمى يوق ئادەم تېپىلسا، مېنى ئۆلتۈرسىلە، — دېدى ۋەزىر. پادىشاھ ئېيتتىكى:

— ئەگەر سۆزۈڭدە گۇمان بولمىسا، ئۆز ئىقرارىڭدىن شەرئەت ئەرباپلىرىنىڭ مۆھرىنى بېسىپ ھۆججەتلىك خەت بەرگىن، — دېدى. ۋەزىر دەرھال خەت بەردى. بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتتى. بىر كۈنى ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— ئى ۋەزىر، ئەمدى مەن غەمسىز كىشىنى ئىزدەپ ئون ئىككى يىللىق شىكارغا چىقىمەن. سېنى ئۆز ئورنۇمدا قويۇپ كېتىمەن. مەن كەلگۈچە پۇقرالارنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىغا يېتىپ زۇلۇم قىلمىغايسەن. مەن جابدۇق قىلىپ شىكارغا ئاتلىنىپ بولغۇچىلىك نومۇس پەردىسى ئىچىدىكى قىزىڭنى ئۈچ شەرت بىلەن مېنىڭ راۋىقىمغا ئېلىپ كەلگەيسەن، ئۇ شەرت شۇكى: قىزىڭغا ئېگىن كىيدۈرۈپ كەلمىگەيسەن، يالىڭاچ ھەم ئېلىپ كەلمىگەيسەن. ئۇلاغقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلمىگەيسەن، پىيادە ھەم ئېلىپ كەلمىگەيسەن. يولچە ھەم كەلمىسۇن، تالادا ھەم تۇرمىسۇن. مۇبادا بۇ شەرتلەرنىڭ بىردە بىرى جايىغا كەلمىسە، قىزىڭ بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىغۇمدۇر، — دېدى. ۋەزىر بىچارە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت تىلىدى. پادىشاھ ھەم مۆھلەت بەردى. بۇ قىرىق كۈن بولغۇچە ۋەزىر قانچىكى پىكىر قىلدى، ئەسلا ئىلاج قىلالماي ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىدىن قورقۇپ كۈندىن ـ كۈنگە چىرايلىرى سارغىيىپ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قالدى. قىزى بىر خادىمنى چاقىرىپ:

— دادامغا نېمە ئەندىشە يۈز كەلتۈرۈپتۇ. چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ. سەن بېرىپ راستىنى ئۇقۇپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. بۇ خادىم بېرىپ قىزنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ئاندىن قىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى. ۋەزىر يىغلاپ تۇرۇپ دېدىكى:

— مېنىڭ غېمىم نېمە بولاتتى، ئاشۇ قىزىمنىڭ غېمىدۇر، — دەپ پادىشاھنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خادىم ئاڭلاپ بېرىپ ۋەزىرنىڭ قىزىغا يەتكۈزدى. قىز ئاڭلاپ:

— دەرھال بېرىپ ئېيتقىن، بۇنىڭغا مالال بولۇش ھاجەت ئەمەس، ئۇنىڭ تەدبىرى ئاساندۇر، — دەپ يەنە ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ ئۆلگەن تېنىگە جان كىرىپ، خۇشال ھالدا قىزىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە قىزىغا:

— ئى قىزىم، تەدبىرنى تېز قىلغايسەن. ئەتىلىككە پادىشاھ بىزنى ئاپىرىپ سىياسەت قىلىدىغان كۈندۇر، — دېدى.

— ئى دادا، — دېدى قىزى، — دەرھال ماڭغا ئۆرمەكتىن كۆڭلەك - تامبال تىكسۇن. بۇ ئېگىنىڭمۇ ھېساب ئە-مەس، يالىڭاچ يۈرگەنگىمۇ ھېساپ ئەمەس. مېنى قول مەپىسىگە سېلىپ كۆتۈرسۇن، ئادەملەر يولنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ماڭسۇن، بۇ ئۇلاغقا ھەم ھېساب ئەمەس، پىيادىگە ھەم ھېساب ئەمەس، يولسىزلىققا ھەم ھېساب ئەمەس، يولدا ماڭغانغا ھەم ھېساب ئەمەس. مېنى پادىشاھنىڭ ئولتۇرغان سارىيىغا ئېلىپ بېرىپ بوسۇغىسىدا توختىتىپ قويسۇن، بۇ ئۆيىگىمۇ ھېساب ئەمەس، تالاغىمۇ ھېساب ئەمەس، — دېدى. ۋەزىر قىزىنىڭ ئە-قىل - پاراسىتىگە تەھسىن - ئاپىرىن قىلىپ، دەرھال قىزىنىڭ دېگەنلىرىنى تەييار قىلدى. ئەتىسى قول مەپىسىگە سېلىپ، دېگەن بويىچە پادىشاھنىڭ سارىيىغا ئاپىرىپ بوسۇغىدا توختىتىپ قويدى. پادىشاھ قىزغا قاراپ بېشىنى تۇتتى. قىز تىلىنى كۆرسەتتى. پادىشاھ قورسىقىنى تۇتقا-نىدى. قىز پۇتىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدا پادىشاھنىڭ بېشىنى تۇتقىنى باش نەدىن كېتىدۇ؟ دېگىنى ئىدى. قىز ئىشارەت بىلەن تىلدىن كېتىدۇ، دېدى. قورساق قانداق تويىدۇ؟ دېگەنىدى، پۇت بىلەن دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن: «ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا»

دېگەن تەمسىل كېلىپ چىقتى. پادىشاھ كۆڭلىدە خۇرسەن بولۇپ، قىزنى ھەرەمخانىسىغا بۇيرۇدى. ئاندىن بىرنەچچە كۈن يول جابدۇقىنى راسلاپ بولۇپ، قازىنى چاقىرىپ قىزنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇردى. ۋەزىرنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، قىزغا:

— مەن ئون ئىككى يىللىق سەپەرگە چىقىمەن. ئاۋۋالقى شەرتىم پولات ساندۇقتا قۇلۇپ سېلىپ، خەت چاپلاپ مۆھرۈمنى بېسىپ قويۇپ كېتىمەن. ساندۇقنىڭ ئاغزىنىمۇ ئاچماي، بىرەر يېرىنى زېدىمۇ قىلماي تۇرۇپ، ئۇنى قىزىل تىللا بىلەن توشقۇزۇپ قويىسەن. يەنە بىرسى، مېنىڭ مىندىغان بىر ئېتىم بار. ئۇنى ئۆزۈم مىنىپ كېتىمەن، مەن كەلگۈچە شۇنىڭغا ئوپمۇ ئوخشاش بىر ئات تەييار قىلىپ قويىسەن. يەنە بىرسى، مەن كەلگۈچە سەندىن بىر ئوغۇل تۇغۇلسۇن، يېشى ئون ئىككى ياش بولسۇن، مەن كەلگەندە ئەمىر نەۋائى شېئىرلىرىدىن ئوقۇپ، دادام، دەپ تىزىمدا ئولتۇرسۇن. مەن تېخى ساگا چىقىلمىدىم. مۇبادا بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىيالمىساڭ پارە-پارە قىلىمەن، — دەپ خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قىز دادىسىغا:

— ئى دادا، سىز مۇشۇ شەھەردىكى ئاكا بىرلارنىڭ قىزىدىن قىرىق قىز يىغىپ بېرىڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئون تۆت ياشلاردا بولسۇن، مەن پادىشاھقا شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، ئاقىللار كىتاب سەھىپىلىرىگە پۈتۈپ، ئاخىرقىلارغا يادىكار قىلغاي، — دېدى.

ۋەزىر دەرھال قىرىق قىز تېپىپ بەردى. قىز شۇ زامان ئۆزى ياشلىق ھەممە قىزلارغا ئەرەنچە ئېگىن كىيدۈرۈپ، قىرىق كۈنگىچە ئوقيا ئېتىپ، ئات مىنىشنى ئۆگەتتى. قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يولدا بارغۇچە ئۆزىنى شاھزادە بەدەخشى دەپ ئاتىدى. قىزلارغىمۇ تاپىلاپ: «كىشىلەر مېنىڭ ئېتىمنى سوراپ قالسا، شاھزادە بەدەخشى دەڭلار» دەپ ئۆگىتىپ قويدى. بۇلار شۇ ماڭغانچە مېڭىپ بىر يەرگە بارسا، پادىشاھ بىر تاغنىڭ ئېتىكىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپتۇ. بىر تەرىپى دەريا ئىكەن، قىز دېدى:

— چېدىر-بارگاھنى پادىشاھ ئۆتىدىغان يولغا ئېلىپ بېرىپ،

دەريا بويىغا تىكىڭلار ، — دەپ ، چېدىرلىرىنى دەريا بويىغا تىكىپ ، نەر-سىلىرىنى چۈشۈرۈپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىدى ، بۇ چاغدا بىردىنلا پادىشاھنىڭ لەشكىرىنىڭ ئارىسىغا بىرمۇنچە كېپىكلەر كىرىپ قالدى . بۇ-نىڭ ئارىسىدا سۈت رەڭلىك بىر ئاق كېپىك بار ئىكەن . پادىشاھ ئەمر قىلىپ : « ئۇشبۇ ئاق كېپىك ھەركىمنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتسە مەن ئۇنى سىياسەتكە بۇيرۇيمەن » دېدى . تەقدىر ئىلاھى بىلەن بۇ كېپىك پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى . پادىشاھ : « ئۆزۈمنىڭ ھۆكمىگە ئۆزۈم ئەمەل قىلمىسام بولماس » دەپ كېپىكنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى ، بۇ كېپىك قېچىپ بېرىپ شاھزادە بەدەخشىنىڭ چېدىرىنىڭ ئال-دىغا كېلىپ ياتتى . بۇنى قىز كۆرۈپ ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ چېدىردىن چىقماي تۇرۇپ كېپىكنى نىشانلاپ بىر ئوق ئاتقانىدى ، كېپىك يىقىلدى ، شاھزادە بەدەخشى چىقىپ كېپىكنى بوغۇزلاۋاتاتتى ، پادىشاھ يېتىپ كېلىپ :

— ئى ئەخمەق ! بىر كىشى قوغلاپ كەلگەن ئوۋنى توغرىدىن چىقىپ يەنە بىر كىشى ئوۋلىماقنى قايسى پادىشاھنىڭ رەس-مىدە كۆردۈڭ ؟ — دېدى . شاھزادە دېدىكى :

— ئى پادىشاھ ، سىز ئەخمەق بولمىسىڭىز كېپىكنى قاچۇرماي ، بىر ئوق بىلەن يىقىتاتتىڭىز . مەن ناھايىتى مەرگەنلىكىمدىن چېدىرىمدىن چىقماي تۇرۇپ چاقماقتەك قېچىپ كېتىۋاتقان كېپىكنى بىر ئوق بىلەن يىقىتتىم ، — دېدى . پادىشاھ دېگەن سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىپ يېنىپ بېرىپ ، ياساۋۇللىرىدىن بىرىگە : « پالانى دەريانىڭ بويىغا بىر يىگىت چېدىر - بارگاھ تىكىپ چۈشۈپتۇ . پادىشاھزادىلەرگە ئوخشايدۇ . بېرىپ ئۇنىڭ قايسى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگىن » دەپ ئەمر قىلدى . ياساۋۇل كېلىپ قىزلاردىن سورىغانىدى . ئۇلار :

— بۇنىڭ ئىسمى شاھزادە بەدەخشىدۇر . بۇ يەرگە شىكار ئۈچۈن كەلگەندۇر ، — دېدى . ياساۋۇل بېرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى . پادىشاھ :

— ئەجەبمۇ چىرايلىق ئوغۇل ئىكەن . ئۇنداق بولسا چىللاپ ئېلىپ كېلىڭلار ، بۇ باياۋاندا دوست بولۇپ ئۆتەيلى ، — دەپ كىشى ئەۋەتتى .

ياساۋۇللار بېرىپ :

— ئى شاھزادە ، سىزنى پادىشاھىمىز چىللايدۇ ، چۈنكى ئۇ سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ ، — دېدى . شاھزادە ھەم دەرھال ئۆزىنى تۈزەپ ، ئۈچ ـ تۆت قىزلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەدەپ ـ قائىدە بويىچە سالام قىلدى . پادىشاھ ھەم جاۋاب سالام بېرىپ ، شاھزادە بىلەن كۆرۈشۈپ ، چىقىشىپ قالدى . ھەرجەھەتتىن سۆزلىشىپ بېقىپ ئەسلا قائىدىدىن تاشقىرى ئىش كۆرمىدى . بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇل كۈنى كەچ بولدى . شاھزادە ئۆز بارگاھىغا يانغىلى رۇخسەت تىلىگەندى . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— مەن بۇ جەزىرىدە زېرىكىپ يۈرگەنىدىم . شاھمات ئوينايلى ، — دېدى . شاھزادە ماقۇل بولۇپ :

— مەن شاھمات ئوينىسام ، شەرت باغلاشماي ئوينىماس ئىدىم ، — دېدى . پادىشاھ سورىدىكى :

— نېچۈك شەرت باغلايسىز ؟

— قولىڭىزدىكى ئەڭگۈشتەرگە شەرت باغلايمەن ، — دېدى شاھزادە . پادىشاھ ھەم قوبۇل قىلدى . مەلىكە شاھمات ئويناشقا ناھايىتى كامىل ئىدى . پادىشاھنىڭ ئەڭگۈشترىنى ئۇتتۇۋالدى . دەرھال ئۆز چېدىرىغا بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ ، ئىچىنى قىزىل ئالتۇنغا توشقۇزۇپ يەنە ئاۋۋالقىدەك قۇلۇپ سېلىپ ، ئەڭگۈشتەر بېسىلغان خەتنى چاپلاپ قويۇپ ، ئەتىسى ئىككى كىشىدىن پادىشاھقا تۆھپە قىلىپ ئەڭگۈشتەرنى ئەۋەتتى . يەنە : « پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ئەڭگۈشترى بىلەندۇر ، بۇنى ئېلىۋېلىش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس دېدى ، دەڭلار » دەپ تاپشۇردى .

ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كەلگەندە پادىشاھ تولا خۇشال بولۇپ : « بۇگۈن يەنە بىر ئاخشام شاھمات ئوينىساق » دەپ كىشى ئەۋەتتى . شاھزادە كېلىپ بۇ كېچىسى پادىشاھنىڭ ئېتىنى ئۇتتۇۋالدى . ئاندىن ئۆز بارگاھىغا يېنىپ كېلىپ دەرھال بىر بايتالغا قويۇپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاتنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى . يەنە بىر كۈنى يەنە ئوينىماقچى

بولۇپ شاھزادە :

— مېنىڭ يۈزى يېقىملىق ، ساھىبجامال بىر كېنىزىكىم بار . شۇنى تىكتىم ، — دېدى . پادىشاھ ھەم قوبۇل تۇتتى . بۇ نۆۋەت شاھزادە قەستەن پادىشاھقا يول قويۇپ ئوتتۇرۇپ بەردى . شاھزادە كېنىزىكىنى بارگاھىغا بېرىپ ئەۋەتمەكچى بولۇپ ياندى . ئۇ بارگاھىغا كېلىپ ئايالچە لىباسلىرىنى كىيىپ ، قىزلارغا دېدىكى :

— سىزلەر مېنى پادىشاھنىڭ قېشىغا شاھزادە بەدەخشى ئەۋەتتى ، — دەپ ئاپىرىڭلار ، — دەپ ئۆزىنى زىبۇ زىننەت بىلەن پەردازلاپ ، مەست بولغان توزدەك ياسىنىپ ، ئوتقاشتەك تولغىنىپ ، ناھايىتى ناز - خۇلقلار بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا تەييارلاندى ، قىزلار ئۇنى ئېلىپ بېرىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىمىز ئۇشبۇ كېنىزەكنى ھەزرەتلىرىگە ئەۋەتتى ، — دەپ تۆھپە قىلدى . پادىشاھ بىر قاراپلا جان - دىل بىلەن ئاشىق بولۇپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى . قىزلار ئۆز بارگاھىغا ياندى . پادىشاھ بۇ كېچىسى مەلىكە بىلەن بىرگە يېتىپ كامدىل ھاسىل قىلدى . ئۈچ كۈنگىچە ئىلاھىنىڭ تەقدىرى بىلەن مەلىكە ھامىلدار بولدى . مەلىكە ئۆز ئادەملىرىگە مەخپىي ئېيتىپ :

— سىلەر تاڭ سەھەردە كېلىپ : « شاھزادە ياناقچى بولدى . ھەزرەتلىرىدىن جاۋاب ئېلىپ كېلىڭلار ، دەپ ئەۋەتتى » دەڭلار ، پادىشاھ سىلەرگە : نېمە ئۈچۈن ئالدىراپ ياندىكەن ، دېسە ، ھەزرەتلىرىدىن كۆڭلى ئاغرىغان ئوخشايدۇ . شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىق ئەڭگۈشترى بىلەن ئاتلىرىنى ئۇتتۇۋېلىپ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ياندۇرۇپ بەردى . سىلە بىر كېنىزەكنى ئۇتتۇۋېلىپ ياندۇرۇپ بەرمىگەنگە كۆڭلى ئاغرىغان ئوخشايدۇ ، دەپ يېنىپ بېرىپ چېدىر - بارگاھنى تەييار قىلىپ قويۇڭلار ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، قىزلار ئەتىسى كېلىپ مەلىكە تەلىم بەرگەن سۆزلەرنى دېگەندى . پادىشاھ ئۇلارغا : مەن ياندۇرۇپ بەر دەپ زورلۇق قىلمىدىم . ئۆزى ياندۇرۇپ بەردى . مېنىڭ كېنىزەككە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى ،

ياندۇرۇپ بېرەلمەيمەن، كەتسە يول بولسۇن، مەندىن سالام دەڭلار، — دەپ جاۋاب بەردى. قىزلار يېنىپ بېرىپ بارگاھنى يىغىشتۇرۇپ تەييار قىلىپ قويدى، كەچ بولۇپ ئاخشام بولدى. پادىشاھ بەزمە قۇرۇپ شارابنىڭ كۈچىدىن قىزىپ قالدى. مەلىكىگە ئىشقىۋازلىق قىلغىلى تۇردى. مەلىكە گۈلقەقەدەك ئېچىلىپ قوپۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ دېدىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، كەمىنە كېنىزەكلىرى ساقىي بولسام دەيمەن، — دېدى. پادىشاھ ئىجازەت بەردى، مەلىكە ساقىي بولۇپ بىرنەچچە قەدەھنى لىپمۇ لىپ قىلىپ پادىشاھقا تۇتتى. پادىشاھ مەينىڭ كۈچىدىن بىھوش بولۇپ مەلىكىگە بىئەدەپلىك قولنى سۇندى. مەلىكە ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، سىز مېنى تولا رەنجىتتىڭىز، بۇنداق قىلسىڭىز ئۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى. پادىشاھ:

— ئەگەر سەن ئۇرساڭ خۇشال بولاتتىم، — دەپ بوينىغا قول ئۇزاتتى. مەلىكە بىر كاچات ئۇرۇۋىدى، پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. مەلىكە دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، پادىشاھنىڭ بارگاھىدىن چىقىپ ئۆز بارگاھىغا كېلىپ، چېدىرلىرىنى ئات - قېچىرلارغا يۈكلەپ يولغا راۋان بولدى. شۇ ماڭغىنىچە چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ، ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھتىن سۆز ئىشىتمەك كېرەك.

پادىشاھ ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىغىچە بىھوش يېتىپ، ئاندىن ھوشىغا كېلىپ كۆردىكى، كېچىكى كېنىزەك ھېچ يەردە يوق. خادىملىرىنى ھەر تەرەپكە چىقاردى، خەۋىرىنى ئالالمىدى. شاھزادىنىڭ بارگاھىغا كىشى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلارمۇ كۆرۈنمىدى. پادىشاھ ئاھ ئۇرۇپ بىرنەچچە كۈنلەرگىچە يېمەك - ئىچمەكتىن، ئۇيقۇ، راھەتتىن قېلىپ، ئاخىر نائىلاج چېدىر - بارگاھلىرىنى يۈكلەپ، غەمسىز كىشىنى ئىزدەپ يولغا راۋان بولدى. ھەر جاي - ھەر ماكانغا بارسا، ھەرقانداق ئادەم ئۇچرىسا غەم - ئەندىشىدىن سۆز ئاچاتتى. بۇ ئادەملەر ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ بىرەر غەم ئەندىشىسىنى بايان قىلاتتى. ئاخىر پادىشاھ شەھەر - سەھرالارنى

كېزىپ ، چۆل باياۋان ، جاڭگال ـ جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ ، نەچچە يىل مېڭىپ ، خىتاي شەھىرىگە كەلدى . خىتاي پادىشاھىنى كۆرگەندى ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەم ـ قايغۇنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمىدى . « ئەمدى غەمسىز كىشىنى تاپتىم ، ۋەزىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم » دەپ ئويلاپ ، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى . كۆردىكى ، خىتاي پادىشاھى راستلا خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپتۇ . بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئىككىسىنىڭ دوستلۇقى زىيادە بولدى . بۇلار بۇرادەرلىك ۋە دوستلۇقتا ئەھدە قىلىشتى . بىر كۈنى ئولتۇرۇپ خىتاي پادىشاھىدىن :

— ئى خاقانى چىن ، مەن باغدات پادىشاھىدۇرمەن ، بىردىنلا ۋەزىرىمنىڭ قىزىغا ئاشىق بولدۇم . ھەرقانچە دېسەممۇ قىزنى ماڭا بەرمىدى . دېدىكى ، سەن پادىشاھ تۇرساڭ ، مەن كەمبەغەل تۇرسام . مېنىڭ قولۇم سېنىڭ پېشىڭگە يەتمەيدۇ ، مەن شۇنداق كىشىگە بېرىمەنكى ، مېنىڭ قولۇم ئۇنىڭ ياقىسىغا يېتىدىغان بولغاي ، دېدى . مەن بىر باھانە بىلەن ۋەزىرگە سوئال قويۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، قىزنى ئېلىش مەقسىتىدە غەمسىز كىشىنى تاپىدىغانغا ۋەدىلەشتۇق . ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى ئېلىش ئۈچۈن ، غەمسىز كىشى ئىزدەپ يۈرگىلى ئون يىل بولدى . سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئالەمدە غەمسىز كىشىنى تاپالمىغانىدىم ، ئەلھەمدۇلىللا ، بۈگۈن سىزنى غەمسىز كۆردۈم . مەقسىتىمنى تاپتىم ، ئەمدى مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم ، — دېدى .

خاقانى چىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ يامغۇردەك يىغلىدى . ئېيتتىكى :

— ئى خەلىپە باغدات ، دۇنيادا ھەرگىز غەمسىز كىشى بولماس ، مەندە بار غەم يەنە ھېچ كىشىدە بولماس ، ئۆزۈمنى خۇشال تۇتقان بىلەن سىرىمنى ھېچ كىشىگە ئېيتالمايمەن ، بۇ غەمگە ھېچ ئىلاجىم يوق . تەدبىرنى ھەم قىلالمايمەن . ئى خەلىپە باغدات ، قوپقىن ، — دېدى . خەلىپە ئورنىدىن قوپتى . خاقان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ بىر قەسىرگە ئېلىپ كىردى . كۆردىكى ، ئالتۇن پەردە تارتىپ قويۇپتۇ . خاقان : « پەردىدىن قاراپ باققايسىز » دېدى ، خەلىپە قارىغانىدى ، پەردە ئىچىدە

بىر بەتھەيۋەت كۆرۈمسىز زەڭگى تۆمۈر زەنجىردە باغلاقلىق تۇرىدۇ . ئۇنىڭ سەتلىكىدىن يۈزىگە قارىغىلى بولمايدۇ . قەددى گويىاكى مۇناردەك ، قوللىرى چىناردەك ، ئاغزى غاردەك ، قوللىرىدا زەنجىر ، پۇتلىرىدا ئىشكەل ئىدى . ئۇل زەڭگىنىڭ يېنىدا پەرى سۈپەت بىر نازىنىن ئولتۇرۇپتۇ . قولىدا توز قانتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ ئۇل زەڭگىنى يەلپۈ-گىلى تۇرۇپتۇ . شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن يېنىپ تۇراتتىكى ، ئۇنى شەرھلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمما ئۇ شۇنداق يالۋۇرسىمۇ ، زەڭگى ئۇنىڭغا دەشنام بەرگىلى تۇرۇپتۇ ۋە قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇپ ، تىللاپ هاقارەتلەۋېتىپتۇ . ئۇل نازىنىن يېقىن بارالماي يىراقتىن يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ . خاقان ئېيتتىكى :

— ئى خەلپە ، بۇ هالنى كۆردۇڭمۇ ؟

— ئى خاقان ، بۇنېمە ۋەقەدۇر ، بىلەلمىدىم . بۇ سىرنى روشەن قىلغايسەن ، — دېدى پادىشاھ ، خاقانى چىن يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھ ، بىر سائەت بۇ يەردە تۇرغىن ، ئاندىن مەن كۆڭ-لۈمنىڭ زارىنى ساڭا ئېيتقايمەن ، — دېدى . باغدات پادىشاھى ئولتۇردى .

— ئى خەلپە ، — دېدى خاقانى چىن ، — بۇ نازىنىن بىر ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ قىزىدۇر . مەن ئۇنىڭغا ئاشىق - شەيدا ئىدىم . غايىبانە بىر - بىرىمىزگە باغلانغانىدۇق . مەن ئۇنى بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدىم . سۈت ھەققى ئۈچۈن قىرىق تۇلۇم قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىلدى . مەن ئۇنىڭغا ئاجىز كەلدىم . قىزنىڭ ماڭا مەيلى بار ئىكەن ، نامە ئەۋەتىپ ھەر كېچىسى مېنىڭ قەسرىمنىڭ تۈۋىگە كەلسۇن ، مەن قىرىق تۇلۇم ئالتۇن بېرەي ، ئۇنى جەملەپ ئاتامغا بەرسۇن دەپتۇ . مەن ھەر كېچىسى باردىم . بىر ھەم-يان ئالتۇن تاشلار ئىدى . قولۇمغا خەنجەرنى تۇتۇپ كۆڭلەكچان باراتتىم . بىر كېچىسى پات چىقمىدى . ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ، ئۈستىدىن بىر ھەميان ئالتۇن تاشلىغانىكەن . ھەميان قولۇمدىكى خەنجەرگە تېگىپ ، خەنجەر كېلىپ زەكىرىمنى تۈۋىدىن كېسىۋېتىپتۇ . يۈزمىڭ جاپا بىلەن ئۆيۈمگە تەستە باردىم ، ئاغرىپ يېتىپ ، دورا قىلىپ يۈرۈپ بىرنەچچە زاماندىن كېيىن ئاران ياخشى بولدۇم . ئاخىر بۇ قىزنى

ئالدىم ، ئەمما تەسەررۇپ قىلالمىدىم . نەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى . سۆيۈشۈشتىن باشقا ھېچ ئىش يوق ئىدى . ئاخىر بۇ قىز دېدىكى :

— ئى خاقان ، ھالىڭ قانداقراق ؟

— ئى مەلىكە ، مەن كېسەل ، بەدىنىمدە جاراھىتىم بار . ماڭا يەنە بىرقانچە كۈن مۆھلەت بەرگىن ، — دېدىم .

— يالغان ئېيتىمىسەن ، — دېدى قىز ، — يۈزۈڭدە ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق ، راستىنى ئېيتقىن ، مەن سېنىڭ ھەرىمىڭدۇرمەن . ھەرقانداق سىرىڭ بولسا يوشۇرمىغىن .

قانچىكى ئويلاندىم ، ھېچ چارە تاپالمىدىم . ئاخىر ئۆزۈمنى توختىتالماي يىغلىۋەتتىم . قىز ئېيتتىكى :

— نېچۈك ۋەقەدۇر . ماڭا پات ئېيتقىن ، — دېدى . مەن ھوشۇمدىن كېتىپ يەنە ھوشۇمنى تېپىپ :

— ئى مەلىكە ، تەقدىر ئەزەلدىن شۇنداق بولسا كېرەك . مەن بىچارە بولدۇم . ئىلاجىنى ھەم تاپالمىدىم . ھېلىقى ۋاقىتدا سەن ۋەدە قىلىپ ھەر كېچىسى قەسىر تۈۋىگە كەل دېگەنىدە مەنمۇ ھەر كېچىسى باراتتىم ۋە بىر ھەميان ئالتۇن ئەكېلەتتىم . بىر كېچىسى قەسىر تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا بارغانىكەن . بىر ھەميان ئالتۇننى تاشلاپسەن . قولۇمدا خەنجەر تۇتۇقلۇق ئىدى . ھەميان خەنجەرگە چۈشۈپتۇ . خەنجەر ئىشتاندىن ئۆتۈپ زەكىرىمنى تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلاپتۇ . ماڭا ھېچنېمىسى قالغىنى يوق ، شۇ سەۋەبتىن سېنىڭ ئالدىڭدا شەرمەندەدۇرمەن ، — دېدىم . قىز ئىشەنمىدى . مەن راست دەپ چىڭ تۇردۇم . ئۇ ماڭا : « سېنىڭ مەيلىڭ بولمىغاچقا بۇنداق باھانە قىلىۋاتىسەن ، ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا ، ئاچقىن ، مەن كۆرەي » دەپ چىڭ تۇردى . ئىلاجىسىز ئېچىپ كۆرسەتتىم . كۆرۈپ دېدىكى : « ئى نامەرد ، پادشاھلىقىنى تاشلاپ شەھەردىن چىققىن . مەقسىتىم ھاسىل بولمايدۇ » دېدى . مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە يالۋۇرساممۇ ماڭا دەشنام بېرىپ ئازار قىلدى . دېدىكى : « ئى جاھان گۈزىلى ، مېنى رەسۋا قىلما ، تامام قول ئاستىمدىكى ھۆكۈمەت ۋە ۋىلايەتلەر سېنىڭ بولسۇن . نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن ،

ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىنىڭ بەندەڭ بولاي» قىز ئېيتتى: «ئى ئەقىل-سىز، سەندىن مۇرادىم ھاسىل بولمىسا ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق شەھەر-مەملىكەتنى نېمە قىلاي». «ئى مەلىكە، ئەگەر بۇلارنى قوبۇل قىلمىساڭ شەھەر خەلقىدىن كىمنى خالىساڭ شۇنى لازىم قىلغىن، ئۇ ئادەم كېچە-كۈندۈز سېنىڭ قېشىڭدا بولسۇن، ئەمما مېنىڭ نىكاھىمدا تۇرغىن.» بۇ سۆز قىزغا ماقۇل بولۇپ دېدىكى: «ئى خاقان، ئۇنداق بولسا تامام خالايىق، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم مېنىڭ راۋاقىمنىڭ ئاستىدىن ئۆتسۇن. مەن كىمنى خالىسام شۇنىڭغا قو-لۇمدىكى گۈلنى ئاتىمەن. شۇنى تۇتۇپ ئېلىپ ئەكىرىپ بەرگەيسەن. ئۇ كىشى ئېھتىياجىمنى قاندۇرسۇن.» مەن ئىلاجسىز قوبۇل قىلدىم. بۇ قىز راۋاقتا چىقىپ بىرتال گۈلنى تۇتۇپ ئولتۇردى. تامام ۋىلايەت خەلقىنى ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزدۇق. نۇرغۇنلىغان خۇش چىراي قامالاشقان كىشىلەرنى ياراتماي، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇشۇ زەڭگىنى ياراتتى. ندچچە يىلدىن بېرى بۇ زەڭگىنى زەنجىر، ئىشكەل بىلەن باغلاپ بەردۇق. مەلىكە يېنىدا ئولتۇرىدۇ. مەن ئىشكتە پاسىبانلىق قىلىمەن. ئى خەلپە باغدات، مەن شۇنداق بىچارىمەنكى، بۇ ئىككى پەرزەنتىمۇ مەزكۇر زەڭگە-دىن بولغاندۇر. ئەمما بۇ ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، پەرزەنتلەرمۇ بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئورۇن-تۇشەكلىرىنىمۇ ئۆزۈم سېلىپ بېرىمەن. بېشىغا سۇ قۇيۇپ بېرىمەن. ئى خەلپە باغدات، ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ غەش، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئەندىشە بولامدۇ؟ سىنىڭ ۋەزىرىڭ ناھايىتى دا-نىشمەن، ئاقىل ئىكەن، — دېدى. خەلپە:

— سەندە بار سەۋر-تاقەت سەندىن بۆلەك ھېچكىمدە يوقتۇر، — دەپ پادىشاھى خاقان بىلەن خوشلىشىپ باغداتقا راۋان بولدى. يولدا بارغۇچە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

ئالەمنى يۈرۈپ كەزدىم، كۆردۈم ھەممىدە غەم بار.
بىلمىدىم بۇ ئالەمدە غېمى يوق نە ئادەم بار؛

بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن پادىشاھ باغداتقا چۈشتى، بىرىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— سېنىڭ سۆزۈڭ راست چىقتى. ئەگەر قىزىڭ مەن دېگەن شەرتلەرنى ئورۇندىيالمىسا، يەنە مەندىن ساڭا ۋە قىزىڭغا زەرەر يەتكۈسىدۇر، — دېدى. ۋەزىر قىزىنى ھازىر قىلدى. پادىشاھ دېدىكى:

— ئى خوتۇن، بۇ سەپەرنىڭ سەۋەبى سەن ئىدىڭ، ئون ئىككى يىل سېنىڭ ئۈچۈن شەھەرمۇ شەھەر، سەھرامۇ سەھرا، كەنتمۇ كەنتلەرگە بېرىپ سەرگەردان بولدۇم. بۇ گۈن سېنىڭ ئۆلەر كۈنۈڭدۇر، ساندۇقنى كەلتۈرگىن، — دېدى. مەلىكە ساندۇقنى كەلتۈرۈپ تەزىم بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ تەكشۈرۈپ كۆرگەندى. ساندۇق ئېچىلماپتۇ ياكى مۆھرى بۇزۇلماپتۇ. لېكىن، ساندۇق ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھ پىكىر قىلدىكى: «ئېھتىمال مۆھۈر ئويدۇرغان بولغاي» دەپ، ئاندىن مەلىكىگە: — ئۆزۈم مىنگەن ئاتنىڭ ئېگەر جابدۇقىنى ئېلىپ، سەن تەييارلاپ تۇرماقچى بولغانغا ئوخشاش ئاتقا توقۇپ، مەن مىنىدىغان ئاتنىڭ ئورنىغا ئۇنى باغلاپ قويۇڭلار، — دېدى. مەلىكە بۇيرۇغاندەك قىلدى. پادىشاھ تاشقىرى چىقىپ كۆردىكى، ئۆزىنىڭ ئېتى باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— مەن بۇيرۇغان ئات قېنى، — دەپ سورىدى. مەلىكە جاۋاب بېرىپ:

— ئۆزلىرى بۇيرۇغان ئات ئۇشبۇدۇر، — دېدى. پادىشاھ دېدىكى:

— ئى مەككار! بۇ ئاتنى ھېلىلا مەن مىنگەن تۇرسام، ئۆز ئېتىمنى ئۆزۈمگە كۆرسەتمەكچىمۇ؟

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇنكى، بۇ ئاتنى مەن بېقىپ پەرۋىش قىلدىم. سىلىنىڭ ئاتلىرىدىن چۈشكەندۇر، — دەپ مەلىكە پادىشاھنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ بۇ ئىككى ئاتنى پەرق ئېتەلمىدى. «ئەمدى ئاتنىمۇ تەييار قىلدى. بالىنى قانداق تاپالايدۇ، مەن

تېخى ئۇنى ئىشلەتمىدىم. ئون ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆيدىن چىقىپ غا-يىپ بولغان تۇرسام» دەپ خىيال قىلىپ تۇراتتى، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئاپتاپ يۈزلۈك، ئون ياشلىق بىر ئوغۇل قولىدا كىتاب، ئە-مىر نەۋائىدىن غەزەللەر ئوقۇپ كىرىپ كەلدى. كىلىپ پادىشاھنىڭ تىزىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن «ئاتا» دېدى.

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— كىمنىڭ ئوغلىسەن، — دېدى. شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— ئى ئۇلۇغ ئاتا، سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز ۋە غۇلام خىزمەتكارىڭىز بولىمەن، — دېدى. پادىشاھ ھەيران قىلىپ:

— ئى گۆدەك، قېشىمدىن نېرى تۇرغىن، سەن ھارامدىن بول-غاندۇرسەن، — دېدى. مەلىكە بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھ! خۇدادىن قورقمامسەن؟ بۇ پەرزەنت سېنىڭ پۇشتۇڭدىن بولغان، بۇ ھەقتە نىشانىم ھەم بار، دېگىنىم راستۇر.

پادىشاھ ئالدىراپ:

— نىشانىڭنى پاتراق ئېيتقىن، — دېدى.

— ئى پادىشاھ، — دېدى مەلىكە، — خۇدانى ئويلا، ماڭا زۇلۇم قىلىشقا ئۇرۇنمىغىن. سەن ئون ئىككى يىللىق شىكارغا ماڭغاندا پالانى تاغ ئارىسىدا شىكار قىلىپ يۈرگەنىڭكەنسەن. بىر ئاق كېيىكنى قوغلاپ كەلدىڭ. لېكىن، سەن ئاتقۇچە بىر شاھزادە چېدىردىن چىقماي تۇرۇپ بىر ئوق بىلەن كېيىكنى يىقتتى. سەن كېلىپ ئوۋنى تەلەپ قىلدىڭ. ئۇ بەرمىدى. يۈزلىگەن يىقىملىق سۈپەت بىلەن ئۇ كىرىپ كەتتى. سەن ئۇ-نىڭ ئۇچۇن بىتاقەت بولدۇڭ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ شاھمات ئوينىدىڭ. ئاۋۋال ئەڭگۈشتەرنى ئۇتتۇردۇڭ. كېيىن ئاتنى ئۇتتۇردۇڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە قەستەن كېنىزىكنى ئۇتتۇرۇپ بەردى ۋە يەنە بۇ كېنىزەككە تېخى زەربە ئۇرۇلمىغاندۇر، دەپ ۋاقىپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچ كۈن بىرگە بولدۇڭ. ئۇچىنچى كۈنى شاراب ئىچتىڭ. كېنىزەك ساقىي بولۇپ سېنى مەست قىلدى. ئاخىردا بىر شاپىلاق بىلەن سېنى بىھوش قىلىپ چىقىپ كەتتى. سېنى ئۇرغۇچى خاتىرەڭدە بارمۇ

ياكى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ ؟ پادىشاھ :

ــ سىېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راستۇر ، ــ دەپ مەلىكىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن شاد خۇرام بولۇپ ، ۋەزىر بىلەن مەلىكىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۇپ ، تا قىرىق كۈنگىچە كېچە ـ كۈندۈز شەھەرنى يورۇ-تۇپ ، قىرىق كۈن توي بەردى . ئاندىن ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر جەم بولۇپ مەلىكىنى يېڭىۋاشتىن پادىشاھقا نىكاھ قىلدى . پادىشاھ :

ــ بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە ھەرەملىرىمنى ئۆ-زۈمگە ھارام قىلدىم . سەندىن ئۆزگىنى لازىم قىلماسمەن ، ــ دەپ ئەھدە قىلدى . مەلىكە ئەقىل ـ پاراسەت نەتىجىسىدە كۆزلى-گەن مەقسىتىگە يېتىپ ، مۇرادىنى تاپتى .

# ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن ۋاپاسىز خوتۇن ھېكايىسى

ھېكايە كىتابلىرىدا ئانداق رىۋايەت قىلىپتۇكى : ھەمەدان شەھىرىدە بىر ئوتۇنچى بار ئىدى . ھەر كۈنى بىر باغ ئوتۇننى يۈدۈپ كېلىپ بازارغا ئەكېلىپ سېتىپ ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئايال - ئۇششاقلىرىغا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە ياناتتى . نەچچە يىللار مۇشۇ تەرىقىدە كۈن كەچۈردى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى ئوتۇنغا بېرىپ كېلىۋېتىپ ، خوتۇنىنىڭ ھەسرەت سۆزلىرىنى ئويلاپ غەمكىن بولۇپ ، ئۇچىسىدىكى ئوتۇننى يەرگە قويدى . تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . نامازدىن پارىغ بولۇپ ھەزرەت قازىيۇلھاجەت ، ۋاھىبۇلئەتىيات دەرگاھىغا باش قويۇپ ، ھاجەت تىلەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرگەنىدى ، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر قۇش پەيدا بولدى . يۇزلىگەن نەقىش - گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ قۇش ھاۋادىن پەرۋاز قىلىپ بوۋاينىڭ ئوتۇنىغا قوندى . بىردەم ئۇ يەردە يېتىپ يەنە ئۇچۇپ كەتتى . بوۋاي قارىسا ، ھېلىقى جانىۋار ئوتۇننىڭ ئۈستىدە بىر تۇخۇم تۇغۇپتۇ . ئۇنى ئالدى . قويىنىغا سالدى . ئۇ بىر گۆھەر ئىدى . بازارغا بېرىپ ئوتۇننى ساتتى . ئەمدى يېمەك - ئىچمەك ئۈچۈن بىر نەرسە - كېرەكلەر ئاپاي ، دەپ ئويلىدى . قويىندىكى تۇخۇمنى باققالنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ باقاي ، باققالنىڭ جىنىڭ تېشىغا تازا لايىق ئىكەن . ماڭا ئاز - تولا نوقۇت ياكى ھېچ بولمىغاندا سەۋزە - چامغۇر بولسىمۇ بېرىپ ، ئېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ كېتىپ بېرىپ ، بىردىنلا گۆھەرپۇرۇشنىڭ دوكىنىغا كېلىپ قالدى . شۇنداق قارىغانىدى . قويىندىكى تاشقا ئوپئوخشاش بىر تاش قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ . بوۋاي قويىندىكى تاشقا ئوخشىتىپ بېقىش ئۈچۈن بىر قويىنىغا قارىدى ، بىر قەپەسكە قارىدى . مۇشۇنداق تۇراتتى ، گۆھەرپۇرۇش قۇلىغا :

— ئى زېرەك ، بېرىپ بوۋاينى ئۇرغىن ، ئۇ ئەپسۇن تىلسىم بىلەن گۆھەرنى ئالاي دەيدۇ ، قويىنىغا سالاي دەيدۇ ، — دېدى . زېرەك بېرىپ

بوۋاينىڭ گەدىنىگە ئۇردى. بوۋاي دېدىكى:

— مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسەن؟ ئۇنداق رەڭلىك نەرسە مەندىمۇ بار. بەلكى مېنىڭكى ئۇنىڭدىن ئوبدانراقتۇر.

گۆھەرپۇرۇش كۈلۈپ كېتىپ:

— ئى زېرەك، بۇ بوۋاي ساراڭ ئوخشايدۇ، يەنە ئۇرغىن، بۇنداق گۆھەر ھېچكىمدە ۋە ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق، ھېلى ئۇ مېنىڭمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاش جېنىم بار دەپ لاپ ئۇرمىسۇن، — دېدى، ئاندىن بوۋايغا:

— ئى بوۋا، گۆھىرىڭ بولسا چىقىرىپ بىزگە كۆرسەتكىن، — دېدى. بوۋاي گۆھەرنى قويندىن چىقارغاندى، تامام بازار يۈزى ئۇنىڭ تەپتىدىن يورۇپ كەتتى. ئول گۆھەرنى گۆھەرپۇرۇشنىڭ ئالدىغا قويدى. گۆھەرپۇرۇش ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ گۆھىرىنى ئۇنۇتتى. بوۋاينىڭ گۆھىرىنى مەھكەم تۇتۇپ دۇكاننى دەرھال يىغىشتۇردى. بوۋاينى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ گويا پادىشاھلاردەك زىياپەت بەردى. ئاش-تائامغا تەكلىپ قىلىپ، ئىشارەت قىلغاندى، كېنىزەكلەر دەرھال ئىككى بوغچا سەرۇپاي ئېلىپ چىقتى ۋە بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى. دېدىكى:

— ئى بوۋا، بۇ تاشنىڭ باھاسى قانچىكىن؟

بوۋاي ئېيتتىكى:

— مېنى خىجىل قىلما، ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن، — دېدى. خوجا گۆھەرپۇرۇش بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن «بۇ بوۋاي گۆھەرنى تونۇماي تاش دەپ خىيال قىلسا كېرەك. بىر ھىيلە ئىشلىتىپ باقاي» دەپ ئويلاپ:

— ئون تەڭگە بېرەي، — دېدى. بوۋاي:

— چاقچاق قىلىۋاتامسەن، — دېدى. خوجا:

— يۈز تەڭگە بېرەي، — دېدى. بوۋاي:

— ئاق ساقىلىمدىن ئۇياتقىن، مېنىڭ ساقىلىمدىن ئۇياتمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ساقىلىڭدىن ئۇياتقىن، — دېدى، خوجا ئاخىر بەش مىڭ تەڭگىگە چىقتى. بوۋاي:

— سەن بەك چاقچاقچى ئىكەنسەن، ئون تەڭگىدىن بەش مىڭ تەڭگىگە چىقتىڭ. يەنىلا ھەزىل قىلىۋاتىسەن، — دېگەنىدى، خوجا ئون مىڭ تەڭگىگە چىقتى. بوۋاي كۆڭلىدە: «ئالسا ئالار، ئالمىسا قالار، قېنى بىر دەپ باقاي» دەپ ئويلاپ، ساتتىم، دېدى. گۆھەرپۇرۇش ئالدىم، دېدى. ئۇ خوجا ئون مىڭ تەڭگە پۇلنى قۇللىرىدىن بوۋاينىڭ ئۆزىگە ئاپارغۇزۇپ بەردى. بوۋاي پۇلنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويدى. موماي:

— بۇ نېمە پۇل؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ھەقسۇبھانە ۋەتەئالانىڭ ئىنئامىدۇر. بىزنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتسىز ئۇنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بوپتۇ. تۈنۈگۈن مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسە گۆھەر ئىكەن. مەن يەنە شۇ يەرگە بېرىپ ئۇل قۇشنى تېپىپ تىرىك تۇتۇپ كېلەي، — دېدى. بوۋاي ۋە باباۋانغا ئوتۇنغا باردى. بارسا ھېلىقى جانىۋار يەنە كېلىپ يېتىپتۇ. بوۋاي ئاستا بېرىپ ئۇل قۇش چۈشىدىغان جايغا جەندىسىنى سالدى ۋە قۇشنى تۇتۇۋالدى. پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاپ، دۈمبىسىگە ئوتۇننى ئارتىپ ئۆيىگە كەلدى. بۇ جانىۋار ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ توخۇسى ئىدى. ئۆيىگە كېلىپلا يەنە بىر تۇخۇم تۇغدى. بۇ جانىۋارنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى، ھەر كۈنى كېچىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان چىراغدەك گۆھەر تۇغاتتى. بوۋاي ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ئون مىڭ تەڭگىگە ساتاتتى. شۇنداق قىلىپ بوۋاي پات پۇرسەتتە باي بولۇپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، چاھار باغ، ھويلا ـ ئارام، قۇل ـ دېدەك سېتىۋالدى. قۇببىلىك قەسىرلەر سالدى. بوۋاينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى مەكتەپكە قۇللىرى كۆتۈرۈپ ئاپىرىدىغان بولدى. بىر كۈنى بوۋاي:

— ئەمدى مەككە مۇكەررەمنى تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن، بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ساڭا قويۇپ كېتىمەن، ئەمما خوتۇن، بۇ قۇشنى ھەرگىز زايە قىلمىغىن. بىزنى بەخت ـ نۇسرەتكە يەتكۈزگەن مۇشۇ قۇشتۇر. سېنى، پەرزەنتلەرنى ھەقسۇبھانە ۋەتائالاغا تاپشۇردۇم، — دەپ ئالتۇن ـ تىللالارنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

موماي بوۋاينىڭ كەتكىنىگە سۆيۈندى. ئۆز - ئۆزىگە دېدىكى: «ئى تەن، خەزىنە، پۇل - مال، يېمەك - ئىچمەكتىن غېمىم يوق، بوۋاي كەتتى، ئەمدى ئۆزۈمگە بىر كىشى پەيدا قىلغىن، تا ئۇنىڭدىن نەپسىم قانائەت تاپقاي.» موماي ئۆزىنى لەئل - گۆھەر، ياقۇت - ئەھمەر بىلەن زىننەتلەپ، بېشىغا بەرقە يۆگەپ ئۆيدىن چىقتى. يۈزلىگەن خۇلقى بىلەن دەسسەپ بازارغا بېرىپ كۆردىكى، خوجا گۆھەر پۇرۇش ئولتۇرۇپتۇ. قۇللىرى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. موماي كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، بىر گۆھەر تۇخۇمنى ئۇنىڭغا ساتتى. دېدىكى:

— ئى خوجا، بۇنداق گۆھەر بىزنىڭ ئۆيدە تولىدۇر. چىرايلىق گۈللۈك بىر توخۇيىمىز بار. ھەر كۈنى مۇشۇنداق گۆھەر تۇخۇم تۇغىدۇ، — دېدى. خوجا گۆھەرپۇرۇش مومايدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ گۆھەرپۇرۇش تەۋرات ئوقۇيدىغان كىشى ئىدى. تەۋرات كىتابلىرىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ خىلدىكى توخۇلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ توخۇنىڭ قەستىدە مومايىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ توخۇسى كاتەكتە يېتىپتۇ. «ئەمدى مۇراد - مەقسىتىمگە يەتتىم» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمما بۇ توخۇدا ئىككى خىل خاسىيەت بار ئىدى. بىرى، كىم بېشىنى يېسە پادىشاھ بولۇر ئىدى. يەنە بىرى، كىم ئۇنىڭ قانىتىنى يېسە ئۇنىڭغا ئۇچ خاسىيەت نېسىپ بولاتتى.

ئەلقىسسە، گۆھەرپۇرۇش جوھۇت دېدىكى:

— سەن ماڭا ئاشىق بولغان بولساڭ، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ مەقسىتىڭ مەندىن ھاسىل بولىدۇ.

موماي قوبۇل قىلدى. جوھۇت ئاندىن توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قازانغا سالدى. كېنىزەكلەرگە:

— ئەمدى ئوت قالاڭلار، مەن ئۇخلىۋالاي، توخۇ پىشقاندىن كېيىن مېنى ئويغىتىڭلار، — دېدى. كېنىزەكلەر توخۇنى پىشۇرۇپ ئولتۇراتتى، بوۋاينىڭ ئىككى ئوغلى مەكتەپتىن يېنىپ كەلدى. كېنىزەكتىن:

— نېمە پىشۇرۇۋاتىسەن ؟ — دېگەنىدى ، كېنىزەك :

— بۇ توخۇنى پىشۇرۇۋاتىمەن . قازاندىن تۇۋاقنىمۇ ئالما ، كىشى-گىمۇ بەرمە دەپ تاپشۇردى ، — دېدى . بۇ باللار كېلىپ تۇۋاقنى كۆتۈرگەنىدى ، توخۇنىڭ بېشى بىلەن قاناتلىرى تۆپىگە چىقىپ تۇرۇپ-تۇ . كىچىكى :

— ماڭا نېسىپ بولغىنى بۇ ئىكەن ، — دەپ بېشىنى ئېلىپ يېدى . چوڭى :

— ماڭا نېسىپ بولغىنى بۇ ئىكەن ، — دەپ قاناتلىرىنى ئېلىپ يېدى . بىر كەمدە جوھۇت ئويغاندى . مومايىنى چاقىرىپ :

— توخۇنىڭ گۆشىنى كەلتۈرگىن ، — دېدى ، خوتۇن گۆشنى قازاندىن ئېلىپ جوھۇتنىڭ ئالدىغا قويدى . جوھۇت كۆردىكى ، توخۇنىڭ ئىككى خاسىيەتلىك يېرى يوق تۇرىدۇ . جوھۇت دېدىكى :

— ئى مەككار ، ئەمدى مەندىن ئۇمىدىڭنى ئۈز ، توخۇنىڭ گۆشىنى مەندىن بۇرۇن بىرى ئېلىپ يەپتۇ ، — دەپ غەزەپ قىلدى . مو-ماي كېنىزەكلەرنى ئۇرۇپ :

— توخۇنىڭ باش ۋە قاناتلىرىنى نېمە قىلدىڭ ، — دەپ قىستاشقا باشلىدى . كېنىزەك جاۋاب بېرىپ :

— سىز مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىز ، سىزنىڭ باللىرىڭىز مەكتەپتىن كېلىپ ، بەرمىگەنگە قويماي ، بۇ بىزنىڭ نېسىۋىمىز دەپ ئېلىپ يېدى ، — دېدى . جوھۇت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ ئۆيىگە يې-نىپ كەتتى . يەتتە كۈنگىچە ئۇ خوتۇننىڭ قېشىغا بارمىدى . ئاندىن كېيىن خوتۇنغا كىشى ئەۋەتىپ :

— ئى خوتۇن ، ئەگەر مەن ساڭا كېرەك بولسام ، ھەر ئىككى ئو-غۇللىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەكلىرىنى ماڭا كاۋاپ قىلىپ بەرگىن ، — دېدى . جوھۇت تەۋرات كىتابلىرىدا : « ئەگەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ توخۇسىنى يېگەن كىشىنىڭ يۈرىكىنى يېسىمۇ توخۇنىڭ باش ، قانىتىنى يېگەن كىشىگە ئوخشاشلا نېسىپ بولۇشقا تېگىشلىك ئۈچ خاسىيەتنى بېرىدۇ » دەپ كۆرگەنىدى . شۇڭا ئۇ ، ئىككى ئوغۇلنىڭ يۈرىكىنى يې-مەكچى بولدى . ئەمما ، بوۋاينىڭ بىر قولى بار ئىدى . خوجىلارنى

پەرۋىش قىلىپ باقاتتى. خوتۇن ئۇنى چاقىرتىپ:

— ئى ئاكا، سىنى ئازاد قىلدىم. بۇ ئىككى بالامنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرەكلىرىنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. بۇ قۇل خۇشال بولۇپ دەرھال مەكتەپكە باردى ۋە باللارنى مەكتەپتىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنى ئاناڭلار چاقىرىدۇ، دەپ گۈللاپ شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ، يىراق بىر يەرگە ئېلىپ باردى. ئۇ باللار دېدىكى:

— ئى ئاكا، نەگە ئېلىپ بارىسىز؟ ئۇ قۇل دېدىكى:

— ئى ئەزىز جانلىرىم، ئاناڭلارغا لەنەت، سىزلەرنى نېمشقا مۇنداق قىلىدۇ؟ — ئۇلار ئېيتتى:

— بىزلەرنى نېمە قىلماقچى؟ ئى يارا خۇدايا، بىزنى ساقلاپ قالساڭ، بىزلەر بىچارەدۇرمىز، — دەپ تەلەپ قىلدى. بۇلارنى بىر يارغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. چوڭى دېدىكى:

— ئى ئاكا، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن. ئىنىمنىڭ ئۆلگىنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، — كىچىكى دېدى:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئاكامنىڭ ئۆلگىنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. — ئۇلار ناللەر قىلىپ يىغلاشماقتا ئىدى. قۇلغا دېدىكى:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسەن؟ سەن بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا ئاتا ئىدىڭ، بىزنى بوينۇڭغا مىندۈرۈپ يۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟

قۇل ھەم يىغلىدى. ئەمما:

— ئى باللار، ماڭا نېمە چارە، سىلەرنى ئۆلتۈرسەم ئاناڭلار مېنى ئازاد قىلماقچى، — دېدى. باللار:

— بىزلەرگە رەھىم قىلغىن، ساڭا خۇدايىتائالا رەھىم قىلغاي، — دەپ تۇراتتى، بىر نۇرانە كىشى پەيدا بولۇپ قۇلغا ھەيۋەت بىلەن ۋارقىراپ:

— ئى ئاكا، قولۇڭنى يىغ! مەن يېتىمدۇرمەن، — دېدى. ئۇل قۇل ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ھەزرىتى خىزىر نەبىيۇللاھ ھازىر بولدى. ئۇ:

— ئى غۇلام، بۇ گۇناھسىز باللارنى قويۇپ بەر، پالانى يەردە ئىت كۇچۇكلەپتۇ. ئىككى كۇچۇكنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى. غۇلام ھەرئىككى خوجىنى قويۇپ بەردى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. بىر يولغا ئەكېلىپ قويۇپ:

— ئى جان باللىرىم، سىزلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم، — دەپ شول سائەت كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، بۇلار يىغلا ـ يىغلا كېتىپ باراتتى. بۇلار ئىككى ئاچا- ماق بىر يولغا كېلىپ قالدى. چوگى ئوڭ تەرەپتىكى يولغا كىردى. كىچىكى سول تەرەپتىكى يولغا كىردى.

ئەلقىسسە، چوڭ ئاكىسى تىنماي يول يۈرۈپ، بىردىنلا تاغ ئارد- سىغا كېلىپ قالدى. بۇ يەردە بىر جانىۋارنى كۆردىكى، كۆرۈنۈشى قويىغا ئوخشايتتى. قامىتى مۇناردەك، ئاغزى غاردەك ئىدى، بەدەنلىرى ئىتتەك تۈكلۈك ئىدى. ئۇ بىر توپ كېپىكلەرنى قوغلاپ يۈرمەكتە ئىدى. بۇ بالا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھەيۋەت سالاپىتىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ ھايۋان با- لىنى كۆرۈپ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى. بۇ يىگىت دەرھال ئۆزىنى كېپىكلەر ئارىسىغا ئالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ قاتارىدا يۈردى. شۇنداق مېڭىپ بىر غارغا يېتىپ باردى. يىگىت كۆردىكى، غارنىڭ ئاغزىغا يوغان بىر تاشنى قويۇپتۇ. ئول ھايۋان ئالدىدا بېرىپ ھېلىقى تاشنى تۇتۇپ ئېلىپ تاشلىدى. ئاندىن بۇغا ـ كېپىكلەرنى ئاشۇ ئېغىزدىن غارغا سولىدى. ئاندىن ھېلىقى تاشنى ئېلىپ يەنە غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويدى. خوجا يىگىت بولسا ھايۋانلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى.

ھېلىقى ھەيۋەتلىك ھايۋان ئورنىدىن قوپۇپ ئوت قالىدى. ئاندىن بىرمۇنچە ھايۋانلارنى زىخقا تارتىپ يېدى. ئۇستىگە بىر خۇم شارابنى ئىچتى. ئاندىن بېشىنى يەرگە قويدى ـ دە، خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. خوجا يىگىت ئۇنىڭ خورىكىنى ئىشىتىپ دەرھال ئورنىدىن قوپتى ۋە كېپىكلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ھېلىقى ھايۋاننىڭ قېشىغا باردى. كۆردىكى، ئۇخلاۋېتىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ يېنىدىكى زىخنى ئوتقا قويدى.

قىپقىزىل قىزارغاندىن كېيىن، ئۇل ھايۋاننىڭ كۆزىگە شۇنداق ئۇردىكى، زىخ كۆزدىن كىرىپ ئارقىسىدىن چىقتى. بۇ يول ئاشۇ ھايۋاننىڭ سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالغانىدى، بۇ يولدىن ھېچقانداق نەرسە ئۆتەلمەيتتى. يىگىت ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇچىسىدىن تاسما تىلىپ بېلىگە باغلاپ يولغا راۋان بولدى. ئاندىن كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ بىر بوستانلىققا يەتتى. ئۇ يەرگە كەلسە ئۈچ كىشى گەپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ:

— ئەمدى گەپ تالاشمايلى. مۇشۇ يىگىت بىر نېمە دېسە، شۇنى قوبۇل قىلايلى، — دەپ تۇردى. يىگىت يېتىپ كېلىپ:

— ئى يىگىتلەر، نېمىنى تالىشىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار دېدىكى:

— ئى يىگىت، سەن قازى بولۇپ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشلارغا ھۆكۈم قىلساڭ، ئاتىمىز ئۆلۈپ كەتكىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ نەرسە مىراس قالغانىدى، ھەرقايسىسىنىڭ بىر خاسىيىتى بار ئىدى. بىرىنچىسى، تاجدۇر، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىسمى ئەزەم پۈتۈكلۈك. ھەركىم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ بۇ تاجنى بېشىغا كىيسە، ھەممە ئادەمنى ئۇ كۆرەلەيدۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ. ئىككىنچىسى، ھاسىدۇر، ئۇنىڭغىمۇ ئىسمى ئەزەم پۈتۈكلۈك. ھەركىم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھاسىنى قولىغا ئالسا، ھەرقانداق دەرياغا كەلسە كۆۋرۈك بولىدۇ، يول يۈرسە ئات بولىدۇ، ھەرگىز ھارمايدۇ. ئەگەر ھاسىنىڭ ئۇچىنى يۇقىرى تۇتسا ئاسمانغا يېتىدۇ. ئۈچىنچىسى، زىلچىدۇر، ئۇنىڭغىمۇ ئەتراپىغا ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەندۇر. ھەركىم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ زىلچىدا ئولتۇرسا، مېنى پالان يەرگە ئاپىرىسەن دېسە، ئۇ زىلچا شول سائەتتە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەكېلىپ قويغىن دېسە ئەكېلىپ قويىدۇ. نېمىنى بۇيرۇساڭ شۇنى قىلىدۇ. بىزنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرىمىزنىڭ سەۋەبى تاجدۇر. ھەرقايسىمىز تاجنى ئالىمىز، دەپ تالىشىۋاتىمىز.

خوجا يىگىت:

— ئوقيا كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. دەرھال ئوقيا ئېلىپ كەلدى.

ئاندىن دېدىكى :

— ئۈچ تەرەپكە ئوق ئاتىمەن ، ئۇنى كىم ئالدىدا ئېلىپ كەلسە تاج شۇنىڭ بولسا قانداق ؟ — دەپ سورىدى . ئۇلار قوبۇل قىلدى . خوجا يىگىت قولىغا ئوقيانى ئېلىپ ئۈچ تەرەپكە ئاتتى . ئۈچەيلەن ئوققا يۈگۈردى . خوجا يىگىت دەرھال زىلچىنى يەرگە سالدى . ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ : « ئى زىلچا ، مېنى ئىسمى ئەزەمنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن پالان بوستانغا يەتكۈزگىن » دېگەندى ، پەرمان؛ ئىلاھى بىلەن زىلچا يىگىتنى تاج ، ھاسا بىلەن دېگەن يەرگە ئەكېلىپ قويدى . ئول ئۈچ كىشى ھەيران قالدى ۋە ئاتىسىنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم قالدى . ئەمدى گەپنى كىچىك يىگىتتىن ئاڭلايلى .

كىچىك يىگىت چەپ يولغا كىرىپ ماڭدى . بارا ـ بارا بىر شەھەر نامايان بولدى . يىگىت ھېرىپ كېتىپ بىر سائەت بېشىنى يەردە قويدى ـ دە ، ئۇيقۇغا كەتتى .

ئول شەھەرنىڭ پادىشاھى قازا قىلغانىدى . ئوغۇل پەرزەنتى يوق بولغاچقا ، ۋاپات بولىدىغان ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىپ :

— ئى قىزىم ، بۇ قۇشۇمنى ئۇچۇرۇڭلار ، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا ئۇنى پادىشاھ قىلىڭلار ، سىز شۇ كىشىنىڭ نىكاھىدا بولغايسىز ، — دېگەنىدى .

ئەلقىسسە ، قۇشنى ئۇچۇرغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى . ئول قۇش ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى . قۇش قارىسا بىر يىگىت يېتىپتۇ . دەرھال ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قوندى . پادىشاھنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ يىگىتكە سەلتەنەت تەخت تاجىنى بېرىپ مۇبارەكلىدى ، ئاپىرىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ ، پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى .

ئەلقىسسە ، چوڭ يىگىت نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر چاھار باغقا يەتتى . كۆردىكى ، ئول چاھار باغنىڭ ئىچىگە بىر مۇنار سېلىپتۇ . ئول مۇنارنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇل قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ۋەزىپە تەيىن قىلىپتۇ . يەنە بىر نۇرانە شەيخ ئولتۇرۇپتۇ . شەيخ يىگىتنى كۆرۈپ مۇناردىن چۈشتى ۋە

سالام قىلىپ دېدىكى :

— ئى خوجىزادە ، بۇ خەتەرلىك يولدىن قانداق ئۆتتۈڭ ؟ بۇ يولدىن ھەرگىز كىشىلەر ئۆتەلمەيتتى ، پادىشاھ لەشكەر ئېلىپ كېلىپمۇ ئىلاج قىلالماي ، ئۇل دىۋە لەشكەرلەرنىمۇ كاۋاپ قىلىپ يېگەنىدى .

— ئى بوۋا ، — دېدى يىگىت ، — خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم ، — دەپ دىۋىنىڭ ئۇچىسىدىن تىلىۋالغان تاسمىنى بوۋايغا كۆرسەتتى . بوۋاي كۆرۈپ ، خوجىزادىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ چاھار باغقا ئېلىپ كىردى . ئاندىن :

— ئى پەرزەنت ، مەلۇم بولدىكى ، ماڭا ئەجەل يېقىن كەپتۇ . چۈشۈمدە ئاگاھلاندۇرۇشچە مېنىڭ ئەجىلىم ساڭا باغلىق ئىدى . ئەمدى سەن مېنى يۇيۇپ نامىزىمنى ئۆتەپ دەپنە قىلغايسەن ، ئۈچ ئامانەت باردۇركى ، ھەركىم ئۇل ھايۋاننى ئۆلتۈرسە شۇنىڭغا تەئەللۇقتۇر . مېنى شۇ كىشى نامىزىمنى ئۆتەپ دەپنە قىلىدۇ . ئۇنىڭ بىرىنچىسى تاج ، ئىككىنچىسى زىلچا ، ئۈچىنچىسى ھاسىدۇر . ھەر ئۈچىنىڭ ئايرىم - ئايرىمدىن خاسىيەتلىرى بار ، — دېدى . خوجا ئېيتتىكى :

— بۇ ئۈچ نەرسىنى قولۇمغا كەلتۈردۈم ، — دېيىش بىلەن بوۋاي يەرگە يىقىلىپ جان تەسلىم قىلدى . يىگىت بوۋاينى يۇيۇپ كېپەنلەپ ، نامىزىنى ئۆتەپ دەپنە قىلدى . ئاندىن كېيىن ، ئىككى رەكەت نامازنى ئۆتەپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ زىلچىغا كىرىپ ئولتۇردى . پەرمان قىلىپ :

— ئى زىلچا ، مېنى شۇنداق بىر شەھەرگە يەتكۈزگىنكى ، دۇنيادا ئۇنىڭ تاقابىلىدە ھېچقانداق شەھەر بولمىغاي ، — دېدى . پەرمان ئىلاھى بىلەن زىلچا ئۇچۇپ بىر شەھەرگە چۈشتى . يىگىت زىلچىنى بېلىگە باغلاپ ، ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ، تاجنى بېشىغا كىيدى . يىگىتنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى . ناۋايىنىڭ ئالدىدىن نان ئالدى . قاسساپنىڭ كانارىسىدىن گۆش ئالدى . ئاشپەزنىڭ قازىنىدىن ئاش ئالدى . سارايغا كىردى ، پۇل ئالدى . يىگىت ھەممە كىشىنى كۆرەر ئىدى ، ئەمما يىگىتنى ھېچ كىشى كۆرمەيتتى . ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نان ، گۆش ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى . بۇنى كۆرۈپ شەھەر ئىچىدە غوۋغا - غۇلغۇلا چىقتى . يىگىت

شەھەردىن چىقىپ بىر چاھار باغقا كەلدى . بۇنداق باغ ئالەمدە تېخى مۇشۇ بىرلا ئىدى . بۇ باغدا بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇردى . زىلچىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى . بىرمۇنچە قىزلار پەيدا بولدى . ئاندىن كېيىن ، بىر مەپىنىڭ ئىچىدە بىر مەلىكىنىڭ تەختىنى كۆردى . بۇ ، ئۇل شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى . باغ شۇ مەلىكىنىڭ چاھار بېغى ئىدى . مەلىكە ھەر جۈمە كۈنى مۇشۇ باغقا تاماشا قىلغىلى كېلەتتى .

ئەلقىسسە ، مەلىكە باغنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆلنىڭ بويىغا كەلسە كۆل بويىدا زىلچا سېلىقلىق تۇرۇپتۇ . مەلىكە زىلچىنى كۆردى ، ئەمما يىگىت كۆزىگە كۆرۈنمىدى . مەلىكە : « بۇ زىلچىنى كىم سالغاندۇ ؟ ئەگەر بىر سى سېلىپ ئولتۇرغان بولسا مېنى كۆرۈپ قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، ئاستا بېرىپ زىلچىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇردى . يىگىت ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ : « ئى زىلچا ، مېنى مەلىكە بىلەن بىر بوستانلىققا ئاپارغىنكى ، ئۇ يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرسۇن ، دەرەخ شاخلىرىدا خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار ناۋا قىلىپ تۇرغان بولسۇن » دېدى . زىلچا يىگىت بىلەن مەلىكىنى كۆتۈرۈپ پەرۋاز قىلدى . قىزلار بولسا : « ۋاي مەلىكەمنى زىلچا كۆتۈرۈپ كەتتى » دەپ پەرياد ـ پىغانلار قىلىشىپ ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ماڭدى . بېرىپ پادىشاھقا :

— مەلىكەمنى بىر زىلچا ئېلىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى ، — دېدى . پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ تامام ئوردا ئەھلى بىلەن ئاتلاندى . ئۇلارغا ئەتراپ ـ ئالەمنى تەكشۈرۈشكە پەرمان قىلدى . ئەمما ھېچ ئۇچۇر ئالالمىدى .

يىگىت مەلىكە بىلەن بىر بوستانلىققا يېتىپ باردى . بۇ يەرگە كېلىپ يىگىت ئۆزىنى ئاشكارىلىدى . مەلىكە كۆردىكى ، زىلچا ئۈستىدە شۇنداق قاملاشقان بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . مەلىكە بۇ ھالدىن ھەيران قالدى . يىگىت مەلىكىگە ھەزىل ـ چاقچاقلار قىلىپ ، كامدىل ھاسىل قىلىپ مەقسەتلىرىگە يەتتى . بۇلار نەچچە زامان مۇشۇ بوستانلىقتا تۇردى . يىگىت ھەر كۈنى بۇغا ـ ماراللارنى شىكار قىلىپ كېلەتتى . مۇشۇنداق نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ ، بىر كۈنلۈكى مەلىكە يىگىتتىن مۇلايىملىق بىلەن

يالۋۇرۇپ تۇرۇپ :

ــ ئى يىگىت ، بۇ زىلچىنىڭ خاسىيىتى نېمە ، مەندىن يوشۇرماي ئېيتىپ بەرگىن ، سەن مېنى تەسەررۇپ قىلدىڭ ، مەن سېنىڭ ، سەن مېنىڭ بولۇپ ، ھەربىمىڭگە ئايلاندىم ، ــ دېدى . يىگىت ئىشتىپ ، ئۇ. نىڭغا سىرنى ئېيتتى ۋە زىلچىدىن پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى روشەن قىلىپ ئۆگەتتى . مەلىكە بۇنىڭدىن خۇشال بولدى . يىگىت شىكارغا كەتكەندى . مەلىكە دەرھال قوپۇپ غۇسۇل تەرەت ئالدى . ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . زىلچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ : « ئى زىلچا ، ئىسمى ئەزەمنىڭ ھۆرمىتىدىن مېنى چاھار بېغىمغا يەتكۈزگىن » دېدى . زىلچا دەرھال ئۇچۇپ مەلىكىنى چاھار باغقا يەتكۈزدى . بۇ خەۋەرنى باغۋەنلەر كېلىپ پادىشاھقا يەتكۈزدى . پادىشاھ شاد ـ خۇرام بولۇپ شەھەرلەرنى بېزىدى . شەھەر ئەھلى مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى .

ئەلقىسسە ، يىگىت شىكاردىن يېنىپ كۆردىكى ، مەلىكە زىلچا بىلەن كېتىپتۇ . چاھار باغقا يېتىپتۇ . مەلىكىگە سىرىنى ئېيتقانىغا پۇشايمان قىلدى . ئەمما ئىزىغا كەلمىدى . يىگىت يالغۇز قالدى . ئول بوستانلىقتىن چىقىپ بىر دەريا بويىغا كەلدى . بۇ دەريا پايانسىز كەڭرى ئىدى . ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەرياغا كىردى . ھاسا كۆۋرۈك بولۇپ دەريادىن بىخەتەر ئۆتكۈزدى . نەچچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكىنىڭ چاھار بېغىغا يەتتى . مەلىكە ئۇ كۈنى زىلچىنى چاھار باغدىكى كۆل بويىغا سې. لىپ قويغاندى . يىگىت تاجدىكى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ، بېرىپ زىلچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە : « ئى زىلچا ، مېھنەت ـ مۇشەققەتنى كۆپ تارتتىم . ئەمدى بىر شەھەرگە يەتكۈزگىنكى ، ئۇكام ئول شەھەردە بولغاي » دېدى . گىلەم پەرمان بىلەن دېگەن جايغا يەتكۈزدى . تاجنى بېشىغا كىيىپ كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ ، شەھەرگە كىرىپ بازار كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈردى . بىر پارچە گۆش ، نان ئېلىپ چىقىپ بىر باغقا كىرىپ ئولتۇرۇپ يېدى . بۇ كېچە شۇ باغدا قوندى . ئە. تىسى يەنە شەھەرنى ئايلانماقچى بولۇپ ، شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىپ

يۈرەتتى . بىردىنلا ئۇكىسى پەيدا بولدى . كۆردىكى ، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ۋە شان ـ شەۋكەتلىك پادىشاھ بولۇپتۇ . يىگىت ئۇكىسغا يېقىنراق بېرىپ شاھادەت بارمىقى بىلەن كۆزىنى تۇتتى . ئۇكىسى ئاكىسىنى تونۇماي ، يەنە بىر قاراپ نەزەر سېلىپ ، ئۇچىنچى قېتىمدا تونۇپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى . ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرسى بىلەن كۆرۈشتى . ئاكىسى ئېيتتى .

— ئى ئۇكام ، ئاتىمىزدىن بىرەر خەۋەر بارمۇ ؟

— خەۋىرىنى بىلەلمىدىم ، — دېدى ئۇكىسى . ئاكىسى :

—ئۇنداق بولسا ، بېرىپ ئاتىمىزنىڭ خەۋىرىنى ئالساق ، — دېدى . ئاندىن ئۇ يەنە :

— ئى ئۇكام ، خۇدايىتائالا ماڭا بىر زىلچا ، بىر تاج ، بىر ھاسا ئەۋەتىپتۇ . زىلچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەغرىبتە تۇرۇپ مەشرىققە ھازىر يەتكۈز ، دەپ پەرمان قىلسا شۇ ھامان يەتكۈزىدۇ ، — دېدى . ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى زىلچىغا ئولتۇرۇپ : « ئى زىلچا ، بىزنى ئاتىمىزنىڭ قېشىغا يەتكۈزگىن » دېدى . زىلچا شۇ سائەتتە ئۇچۇپ بوۋاينىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى . بوۋاينىڭ كۆزى پەرزەنتلىرىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى . ئانىسى ھويلىنىڭ ئىچىگە ئىككى قەبرە ياساپ قويۇپتۇ . بوۋاي ھەجدىن كەلگەندە باللىرىمىز ئۆلدى ، ئۇلارنى ھويلىنىڭ ئىچىدە قويدۇم دەپ ئاشۇ قەبرىلەرنى كۆرسەتكەنىكەن . بوۋاي شۇ جەھەتتىن كۆزدىن ئايرىلىپتۇ . باللار دادىسىغا تونۇشلۇق بېرىپ پەرياد ـ پىغان قىلىشتى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . ئانىسى شەرمەندە بولۇپ ئوغۇللىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى . شۇنداقتىمۇ باللار ئانىسىنىڭ گۇناھىنى دادىسىدىن تىلىدى . قولدا بار گۆھەر ـ يۇللىرىنى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىنى گىلەمگە سېلىپ ، شۇ ئۇچقانچە مەملىكىتىگە كېلىپ ئاتىسىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى . ئىككىسى شاھزادە بولدى . نەچچە يىللاردىن كېيىن ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتتى ، باللىرى پادىشاھلىق قىلىپ ، ياخشى نام بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى ، دەرلەر .

# شەپقەتلىك شاھ ھېكايىسى

گازرۇن شەھىرىدە بىر يىگىت بار ئىدى، ئېتى شاپۇر ئىدى، قىلالايدىغان ھۈنىرى خىش قۇيۇش ئىدى.

قەزا ۋە قەدەر ئىرادىسى بىلەن شەھىرى باغداتقا باردى. ئۆزى بىلەن ئېلىۋالغان خىراجەتلىرى تامام بولۇپ، ئاچلىقتىن كۆپ مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئاخىر بىر مەسچىتكە كىرىپ ھۇجرىسىدا تۇردى. مەسچىت ئەھلى كۆردىكى، شاپۇرنىڭ خەجلىگىلى ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ جامائەت ئۇنىڭغا كۈندە تۆت نان بېرەتتى. شاپۇر ئول مەسچىتنى ۋەتەن تۇتتى. بىر خىرجا بار ئىدى. كۈنلەردە بىر كۈن ئۇنىڭ كۆزى مەسچىتكە چۈشۈپ شاپۇرنى كۆردى. سورىدىكى:

— ئى يىگىت، غېرىبتەك تۇرىسەن، قايسى شەھەردىن كەلدىڭ، ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى. شاپۇر: «كىشى غېرىبلىقتا تولا يالغانچى بولىدۇ. مەنمۇ بىر يالغان ئېيتىپ باقاي. بۇ كىشى چوڭ ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. كۆرۈنۈشتىنمۇ مېھرىبانلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر مەدەت بېرىپ قالسا يۇرتۇمغا بېرىۋالارمەن» دەپ ئويلاپ:

— مەن بىر سودىگەر زات ئىدىم. ئېتىم شاپۇر، گازرۇن شەھىرىدىن بولىمەن. ئاتام ئول شەھەردە مەشھۇر كىشىدۇر. ئاتامنىڭ ئېتىنى ئابدۇللا تاجىر (سودىگەر) دەيدۇ. ماڭا ھەرەمنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئىرادىسى پەيدا بولدى. ئاتامغا ئەرزىمنى ئىزھار قىلغانىدىم، ئاتام ئېيتتىكى:

— ئى ئوبدان ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ياش، سەپەر مۇشەققىتىنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئۆزۈمنىڭ ھەم پەرزەنت پىراقىغا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم يوق، دېدى. تولا يالۋۇرۇپ دېدىم، ئاخىر ئاتام ئىجازەت بېرىپ نەچچە غۇلام ۋە نەچچە قاتار تۆگىدە … — دۇنيالارنى بېرىپ، بۇنى بار-

غوچە سودا قىلىپ پايدىسىنى خىراجەت قىل ، دېدى . مەن يولغا راۋان بولۇپ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ شەھىرى باغداتقا كېلىۋاتسام ، قاراقچىلار يولىمىزنى توسۇپ مال ـ دۇنيايىمنى بۇلاپ كەتتى . قۇللىرىم قاراقچىلارنىڭ قولىدا ھالاك بولدى ، پۇل ـ ماللىرىم تالاڭغا كەتتى . مەن ئاران بۇ شەھەرگە جېنىمنى سالامەت ئېلىپ كەلدىم . نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن سەل ئىدىم . ئەمدى سەل ساقىيىپ قالدىم . ئەگەر خۇدا نېسىپ قىلسا ئۆز شەھىرىمگە يېنىپ كېتەرمەن ، ـــ دېدى .

ئەلقىسسە ، سودىگەر شاپۇرغا تولا ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بېرىپ ، ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى . ئوبدان تائاملارنى ئېتىپ يېدۈردى . ئاندىن كېيىن شەھەرنىڭ قازىسىنى قىچقاردى . قازىنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ، قازى :

ـــ ئى شاپۇر ، بۇ سودىگەرنىڭ ئىسمى خوجا مۇزەپپەردۇر . بۇ شەھەردە بۇنىڭدىن يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئادەم يوقتۇر . پادىشاھنىڭ قېشىدا ھەم بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرى يوقتۇر . ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقەت قىلىشتىكى مەقسىتى شۇكى ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىدا تەڭداشسىز بىر قىزى بار ئىدى . ئول قىزنى خوجا مۇزەپپەرنىڭ بۇرادىرىنىڭ ئوغلىغا نامزات قىلىپ قويغانىدى . ئەمما بۇرادەرنىڭ ئوغلى ناھايىتى تەلۋە مىجەز ، بەتخۇي ئىدى . بىر كۈنى ئاچچىقىدا ئاغزىدىن « ئۈچ تالاق » لەۋزى چىقىپ كېتىپتۇ . شەرىئەتتە خوتۇننى تەلى قىلدۇرماي تۇرۇپ ئېرىگە نىكاھ قىلغان بىلەن ھالال بولمايدۇ . سىز بولسىڭىز غېرىب ھەم ھۆسن ـ جامالدا قاملاشقان ئىكەنسىز . يەنە كېلىپ بۇ يۇرتلۇق ئەمەس ئىكەنسىز . بۇ دىياردىن بىر كىشىگە تەلى قىلدۇراي ، دېسە خوجا مۇزەپپەرگە نومۇس ھەم نىكاھلاپ بەرگەندىن كېيىن ، ئەتراپقا تارقاپ گەپ ـ سۆز بولىدۇ . خوجا مۇزەپپەر بۇ قىزغا سىزنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ . بىز سىزگە نىكاھ قىلساق ، سىز بىر سائەت بىر يەردە بولۇپ ، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىۋەتسىڭىز ، سىزگە يۈز تىللا ، بىر كېنىزەك بېرىدۇ . ئەمما ئۇنى ئېلىپ بۇ شەھەردە تۇرماي كېتىسىز ، ـــ دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، شاپۇر مەقسەتنى قازىدىن ئاڭلاپ كۆڭلىدە : « بۇ

ئوڭۇمۇ ياكى چۈشۈمۇ » دەپ خۇشاللىقىدىن كىيگەن كىيىملىرى تەنلىرىگە سىغماي قالدى ۋە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ھەزرەتلىرى نېمە بۇيرۇسىلا شۇنى قىلىشقا رازىمەن، — دېدى. قازى خاتىرجەم بولۇپ خوجا مۇزەپپەرگە مەلۇم قىلدى. خوجا مۇزەپپەر قازىغا دەرھال نىكاھ قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. قازى نىكاھ قىلىپ قويدى. شاپۇر چوكاننىڭ قېشىغا كىرىپ كۆردىكى، ئۆيىنى ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن زىننەتلەپتۇ. ئالتۇن كۇرسىلار قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. قىزغا قارىغاندى، ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئاپتاپتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئالتۇن كۇرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، شاپۇرغا ئانداق بىر ھال روي بەردىكى، جېنى تېنىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. يەنە مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى توختىتىپ دەرھال قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئول مەشۇقنىڭ كۇرسىسىنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ سۆيدى. جاننىڭ ئارزۇسىدا كامىدىل ھاسىل قىلدى. شاپۇر ناھايىتى نازۇك ۋە چىرايلىق يىگىت ئىدى. قىز شاپۇرنىڭ جامالىنى ۋە تەقى - تۇرقىنىڭ قاملاشقانلىقىنى كۆرۈپ جان - دىل بىلەن ئاشىق بولدى. چۈنكى، قىزنىڭ ئېرى ئاتىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ گېپى يامان، مىجەزى ئەسكى، قىلىقى سەت، يېقىمسىز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراشتىن بىزار ئىدى. شاپۇر خۇشخۇي، چىرايلىق ئىدى. قىزنىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى تولا مايىل بولۇپ، توختىماي بىر - بىرىگە سۆز قېتىشىپ، سۆيۈشۈپ، مۇراد ھاسىل قىلىۋەرگەنسېرى ئىشقى تېخىمۇ كۈچەيدى. قىز قولىنى شاپۇرنىڭ بويىنىغا سېلىپ تۇرۇپ زار - زار يىغلاپ چىن ئەقىدىسىنى بىلدۈردى.

ئەلقىسسە، شاپۇر ئول پەرى سۈپەت گۈزەلنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ئى مەلىكە خۇبان، ئى ئاپتاپ تابان، ئەگەر ئۆزلىرى مەندىن رازى بولغان بولسىلا ئۆزلىرىنى مەن تالاق قىلغىلى ئۇنىمىسام، ھېچكىم ئايرىۋالالمايدۇ، — دېدى.

— مېنىڭ جېنىم سېنىڭ يولۇڭدا پىدا بولسۇنكى ، ئەگەر شۇنداق قىلالايدىغان بولساڭ ھەرگىز تەخىر قىلمىغايمەن . سېنىڭدىن ئايرىلىپ تىرىك يۈرگۈچە ئۆلگىنىم خوپتۇر ، — دەپ مەلىكە شاپۇرغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ تۇرغاندا ، قازى پەردىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ شاپۇرنى قىچقاردى ، شاپۇر پەردىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ :

— ئادالەتلىك قازى ، ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە يېنىپ كەتسىلە ، ئۆز جۈپتۈم بىلەن ئولتۇرۇپ ، بىر - بىرىمىز بىلەن سۆھبەت قىلىشىمىز ، بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە كاشىلا بولۇپ ئىشىمىزنى بىھۇزۇر ۋە بىھالاۋەت قويمىسىلا ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازىنىڭ غەزەپ ئوتى بېشىغا ئۆرلىدى . خوجا مۇزەپپەرنى چاقىرىپ ئىشىككە كېلىپ كۆردىكى ، ئىش باشقىچە بولۇپتۇ . ھەرقانچە چاقىرسىمۇ بىر قېتىم بولسىمۇ تاشقىرى چىقمىدى ، ئەمما قىزنىڭ ئاتىسى تولا يىغلاپ كەتتى . ئاخىر شاپۇر تاشقىرى چىقتى . قازى ئېيتتى :

— ئى ئوغۇل ، ساڭا ۋەدە قىلغان تىللا بىلەن كېنىزەك تەيياردۇر . ئۇلارنى ئېلىپ تاڭ ئاتقۇچە بۇ شەھەردىن چىقىپ ئۆز شەھىرىڭگە قايتىپ كەت . ھەممىمىزنى بەتنامغا قويۇپ ، بۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىغا سەۋەب بولمىغىن .

— ئى قازى ، — دېدى شاپۇر ، — سىلەرنىڭ شەھىرىڭلاردا ئاجايىپ قائىدەڭلار بار ئىكەن . كېچىسى نىكاھنى ئۆزۈڭلار قىلىپ ، ئارقىدىنلا تالاقنى تەلەپ قىلىدىكەنسىلەر ، مەن بۇنداق قائىدىگە ئۇنىمايمەن . تىرىكلا بولىدىكەنمەن ، ھالال جۈپتۈمدىن ئايرىلمايمەن .

قازى ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، سەھەرالىق ھاممامغا كىرسە چىققىلى ئۇنىمىغاندەك ، سەنمۇ ئۆيگە كىرىپلا خۇش ياقتىمۇ ؟ چىقماي ، يەنە بۇنداق سۆزلەرنى قىلامتىڭ ؟ ئۆزۈڭ غېرىب كىشى ، بۇ خوجىغا تەڭ كېلەلمەيسەن ، بۇنداق ئۆتمەيدىغان دەۋانى قىلما ، — دېدى .

— ئى قازى ، سىلەر مېنىڭ سالاھىيىتىمنى بىلمەي تۇرۇپ بۇنداق سۆزنى قىلماڭلار ، مېنىڭ ئاتام ئابدۇللا سودىگەر خوجا مۇزەپپەردەك ئون

باراۋەر كېلىدۇ. شەھىرى گازرۇندا ئىززەت - ئابرۇيلۇق ۋە مالدار، دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ئانامنىڭ ئېتى ناسىھەخاتۇندۇر. قازى روكىنىددىن مەسئۇد گازرۇننىڭ قىزىدۇر. مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلماق ئارزۇسى بىلەن ۋەتىنىمىزدىن جۇدا بولدۇم. مېنىڭ بىلەن قانچىلىگەن غۇلام خادىملار بار ئىدى. ئەمما قاراقچىلار ماڭا زۇلۇم - سەتەملەرنى قىلدى. مەن ئاتامنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتتىم، يات يېقىندا ئاتام ماڭا نۇرغۇن مال ئەۋەتىدۇركى، ھېسابتىن تاشقىرىدۇر، — دېدى شاپۇر.

قازى بۇنىڭغىمۇ يۇمشىماي:

— بىز ساڭا ۋەدە قىلىپ بەرمەكچى بولغانلارغا يەنە بىر ھەسسە قوشۇپ بېرەيلى، قىزنى تالاق قىلىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئەتىلىككە مۇزەپپەرنىڭ رەسۋا بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىسەن. ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، — دەپ يالۋۇردى. ئەمما شاپۇر قوبۇل قىلماي:

— ھەرگىز جۈپتۈمنىڭ رۇخسىتىنى بەرمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەلقىسسە، قىز ئانىسىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ:

— مەن تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ شۇم دىدارىدىن بىزاردۇرمەن. بۇ ئوغۇل ھەم چىرايلىق، ھەم قابىلىيەت بىلەن تولغانىكەن. ئاتىسى خوجا ئابدۇللا سودىگەر، ئانىسى قازىنىڭ قىزى ئىكەن. ئاتا - ئانىسى دۆلەتمەن كىشىلەردىن ئىكەن. ئەڭ ئوبدىنى مېنى بۇ ئوغۇلدىن ئايرىمىغىنىڭلار ياخشىدۇر. ئەگەر مېنى ئايرىۋالىمىز دېسەڭلار، مېنىڭ ھاياتلىقىمدىن ئۈمىد كۈتمەڭلار، تېخى رەسۋالىق دەرىجىسىگە يەتمىدى، كېچەش قىلىپ چارىسىنى قىلىڭلار، — دېدى.

ئانىسى بۇ سۆزدىن بىلدىكى، قىزى يىگىتكە كۆڭۈل بېرىپ ھەسرەتكە قاپتۇ. ئۇ خوتۇن قازى بىلەن ئېرىنى چاقىرىپ:

— دەرھال تەدبىر قىلىڭلار، ئىش رەسۋالىققا يۈزلىنىپتۇ. گەپ بىلەن تۈگىمەيدۇ. مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلماق لازىم، — دېدى. قازى بىلەن ئېرى:

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ھېچ ئىش يەتمەيۋاتىدۇ، سىز بىر نېمە دېسىڭىز، بىز ئاڭلىساق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى خوتۇن، — قىز بالا دېگەن غەيرىيدۇر. ئاخىر بىر كىشىگە بەرمەي بولماس. ئىلاجىسىز قېرىنداشىمىزنىڭ ئوغلىغا بەرگەنىدۇق. بۇلار ھېچ سازاۋەرچىلىك قىلالمىدى. ئەگەر ئىككىنچى مەرتىۋە يېنىشتۇرۇپ قويساق، يەنە ئاز كۈندە جېدەل قىلىپ قۇلىقىمىز تىنچىماس. شاپۇرنىڭ ئاتىسىمۇ گازرۇندا مالدار، ئابرۇيلۇق كىشى ئىكەن. بىر كىشىنى گازرۇنغا ئەۋەتەيلى. راست شاپۇر دېگەندەك ئەجدادى باي كىشىلەردىن بولسا، نىكاھىغا مۇبارەك بولسۇن. شاپۇرنى كۈيئوغۇل قىلايلى، يالغان ئېيتقان بولسا، ھەيدەپ چىقىرىۋېتەرمىز. بۇ ھەقتە شاپۇردىن ھۆججەت ئالايلى.

ئەلقىسسە، مۇزەپپەر بىلەن قازى بۇ گەپلەرنى قىزنىڭ ئانىسىدىن ئاڭلاپ بىلدىكى، ئىش ئۆزگىچە بولۇپتۇ. چارىسىز بۇ سۆزگە رازى بولدى، قازى:

— گازرۇنغا كىشى ئەۋەتەيلى، — دېدى. قىز ئانىسى ئېيتتىكى:

— شاپۇر قىزىمىزغا گازرۇنغا كىشى ئەۋەتتىم دېگەنىكەن، ئەمدى سۆزنى شاپۇردىن ئاڭلايلى، — دېدى. مۇزەپپەر بىلەن قازى دەرۋازىغا كېلىپ شاپۇرنى قىچقىرىپ سورىدىكى:

— سەن ئاتامنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتتىم دېگەنىدىڭ؟ بارغان كىشى قاچان كېلىدۇ؟

— كەتكىلى يىگىرمە كۈن بولدى. يەنە ئۇزاق قالسا ئوتتۇز كۈندە كېلىدۇ. ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق. مېنى جاندىن ئەزىز بىلىدۇ، — دېدى شاپۇر.

— ئى شاپۇر، — دېدى قازى، ئەگەر بىر ئايدا كەلمەي، سۆزلىگەن سۆزلىرىڭ يالغان چىقسا، گازرۇننىڭ ئەڭ پەس ئادەملىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىسەن. ئۇ چاغدا سېنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايمىز.

شاپۇر:

— ئەگەر بىر ئايدا مال - دۇنيالارنى ئېلىپ خىزمەتكارلىرىم

كەلمىسە، مېنى ھەر نېمە قىلساڭلار ئۆز گۇناھىم ئۆزۈمگە رازىدۇرمەن، — دېدى. شاپۇرنىڭ ئۆز ئىقرارىدىن خەت ئېلىپ قازى مۆھرىنى باستى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى باغدات دەرياسىنىڭ بويىدىكى خوجا مۇزەپپەرنىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ قەسىرگە چىقىرىپ قويدى. بۇ ھويلا دەجلە دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق جاي ئىدى. قىز بىلەن شاپۇر كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەتتە بىر ـ بىرىگە تەشنا ۋە مەشغۇل ئىدى. ئاخىر شاپۇر دېگەن سۆزلىرىنىڭ يالغانلىقىنى قىزغا ئېيتىپ:

— مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغاندۇر، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك، — دېدى. قىز:

— نېمە بولسا بولسۇن، پۇرسەت غەنىيمەتتۇر ۋە سۆھبىتىمىز غەنىيمەتتۇر. ئەگەر سېنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن. سەندىن جۇدا بولۇپ تاقەت قىلالمايمەن، قېنى بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزەيلى، غايىب پەردىسىدىن نېمە سادالار كېلىدۇ. كەلگەننى كۆرەرمىز، — دەپ گاھى زوق، گاھى گۇدرەت ھالەتتە ئەيش-ئىشرەت قىلىشتى. شاپۇر بەربادچى ئىدى. ئۇ شۇنداق خۇش ئاۋاز بىلەن بەرباد چېلىپ غەزەل ئوقۇيتتى. گاھىدا ئىككىلىسى يىغلايتتى. خۇدادىن ھەمىشە: «ئارىمىزغا جۇدالىق چۈشۈرمىسەڭ» دەپ تىلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ ئارىلىقتا يىگىرمە يەتتە كۈن ئۆتتى. ۋەدىلەشكەن قارار يېقىنلاشتى. بۇ ئىككىسى گاھى بىر ـ بىرىنىڭ گەدىنىگە قول سېلىپ سۆيۈشۈپ قۇچاقلىشاتتى. گاھىدا قىلغان ۋەدىنى ئەسلەپ پەرياد ـ پىغانلار قىلىشاتتى. مۇشۇنداق ئۆتكەن بىر كېچىسى، ئەمىرۇلمۆمىن ھارۇن رەشىت ۋەزىرلىرىگە:

— بىر كېمىدە ئولتۇرۇپ دەريانى تاماشا قىلايلى، دەريا بويلىردىكى ئىمارەتلەرگە بېرىپ خالايىقلار نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ ۋە نېمە دېيىشىۋېتىپتۇ ئاڭلاپ باقايلى، قاراڭغۇ كېچىدە كىشىلەر بىزنى تونۇمغاچقا ئىشىمىز ئوبدان بولىدۇ، — دەپ ئۆيلىرىدىن چىقتى. بۇ كۈنى شاپۇرنىڭ ۋەدىسىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەن كۈنلەر ئىدى.

ئەلقىسسە، ھارۇن رەشىت ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىپ، ماڭا - ماڭا خوجا مۇزەپپەرنىڭ قەسرىگە يېقىن كېلىپ قالدى. بۇ يەردە شاپۇر بىلەن قىز بار ئىدى. ئۇلار كېلىپ قارىغانىدى. بىر مەزلۇم بىلەن بىر يىگىت بىر - بىرىنىڭ بويىنىغا قول سېلىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ، ئەمما گاھىدا كۈلۈپ، گاھىدا ھەر ئىككىسى تەڭ يىغلارمىش. ھارۇن رەشىت بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىكى: « بۇلارنى بىرەر ئەندىشە باستىمىكىن دېسەم كۈلگىنى نېمىسى، ئەگەر ئەندىشىسىزمىكىن دېسەم يىغلىغىنى نېمىسىدۇر؟ تاكى بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنگىچە بىلمەيدىغان بولسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. مەن كەتمەيمەن » دەپ ئويلىدى. پادىشاھ ھارۇن رەشىت ئىككى ۋەزىرى بىلەن كېمىدىن چۈشۈپ كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. شاپۇر قەسىردىن چۈشسە شاھانە لىباسلار كىيگەن پۈزۈر - سالاپەتلىك ئۈچ ئەزىز تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقتى. شىرنە - شەربەت تائاملارنى ئالدىغا قويۇپ، شاپۇر تەمبۇرنى ئېلىپ شۇنداق مۇڭلۇق چېلىپ، ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇغاندى، ھەممەيلەنگە بىغايەت تەسىر قىلدى. شاپۇر زار - زار يىغلاپ تۇراتتى. ئايالمۇ تەڭ يىغلىماقتا ئىدى. بىر كەمدە سورۇن ئاخىرىغا يەتتى. ۋەزىر سورىدىكى:

— ئى يىگىت، سەن ناھايىتى خۇشخۇي، چىرايلىق ئىكەنسەن، ھۈنىرىڭ بار ئىكەن. ئاۋازىڭ ھەم بەك ياخشى ئىكەن. لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە مۇنچە يىغلايسەن. بۇنداق يىغلىماقنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ نېمە ۋەجىدىن بۇنداق بولدۇڭ؟

— ئى ئۇلۇغلار، — دېدى شاپۇر، — بۇ تەلەپتىن كېچىڭلار، مېنىڭ قىسسەم بەك ئۇزۇندۇر. ئەھۋالىمنى ئاڭلىساڭلار كۆڭلۈڭلەرگە بەرھەم يېتىدۇ.

ئەلقىسسە، ھارۇن رەشىت شاپۇردىن بۇ مۇقەددىمە سۆزنى ئاڭلاپ ھەقىقىي ھالىنى بىلىشكە ھېرىس بولدى. ۋەزىرگە ئىشارەت قىلىپ: « بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگىن، قىسسە ئاشكارا بولسۇن » دېدى. ۋەزىرى شاپۇرغا ئېيتتىكى: « ئى ئوغۇل، ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى: 〈 ئۆزۈڭنىڭ

هالنى ئىككى كىشىدىن، بىرى ئۇستا تېۋىپتىن، يەنە بىرى ئۆزۈڭنىڭ يار-
بۇرادىرىڭدىن پىنھان تۇتما. » بىز ئۈچ كىشى گەرچە سېنىڭ يار-
بۇرادەرلىرىڭ بولمىساقمۇ، ئەمما ئۇستا تېۋىپدۇرمىز، ھەقتائالا بىزنى سې-
نىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىپتۇ. دەرد - ھالىڭنى بىزگە ئىزھار قىلغىن. ئېھتىمال
سېنىڭ دەردىڭگە بىزدىن داۋا تېپىلغۇسى. »
شاپۇر كۆڭلىدە: « يالغان سۆزلىگەنىدىم. ئاخىر سىرىم پاش بو-
لىدىغان بولدى. بەرگەن ئىقرار خېتىم جاندىن جۇدا قىلىپ، سىرىم
ئالەمدە پاش بولىدىغان بولدى، ئەمدى يالغان سۆزلىگەنىنىڭ ھېچ پايدىسى
يوق، قىسسىنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلاي » دەپ ئويلىدى.
— مەن يالغان سۆزلەپ قازىغا مۆھۈر باستۇرۇپ، بىر ئايلىققا
ھۆججەت بەرگەنىدىم. بۈگۈن يىگىرمە سەككىز كۈن توشۇپ، يەنە
ئىككى كۈن قالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن يالغانچىلىقىم ئاشكارىلىنىپ
قىزنى مېنىڭدىن جۇدا قىلىدۇ. مېنى باغلاپ قەسىردىن دەرياغا تاشلاپ
ئۆلتۈرىدۇ. ئى ئەزىزلەر، ئەگەر ئۆلمىگەنىدىمۇ، قايسى ئۆلۈم بۇنىڭدىن
ئېغىردۇركى، ۋەسلىمىنىڭ شەربىتىنى قولۇمدىن ئالغاي، پىراقىنىڭ
شەربىتىنى ھەلقۇمغا قۇيغاي، — دېدى.
ئەلقىسسە، شۇنداق قىلىپ شاپۇر ئۆز قىسسىسىنى بايان قىلدى.
ھارۇن رەشىت بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ دىلى كۆيدى. ئەمما ھارۇن
رەشىت ئۆز كۆڭلىدە: « ئىنشائاللا، بۇ ئىككى بۇلبۇلنىڭ كارىنى مەن
قىلاي ۋە بۇلارنى ۋەسلى شارابىغا قاندۇرۇپ قوياي » دەپ ئۇ يەردىن
چىقىپ، كېمىدە ئولتۇرۇپ ئوردىسىغا كەلدى. بۇ كېچە ئول ئىككى مەھ-
بۇبنىڭ پىكرىدە تاڭنى ئاتقۇزدى. تاڭ ئاتقاندا ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ:
— قىرىق قىزىل تۇكلۇك تۆگىگە قىممەت باھالىق ماللار ئارتىلغان
بولسۇن، بەش قاتار قېچىرغا خەزىنىدىن ئالتۇن - تىللا تەييارلاپ
يۈكلەڭلار، بۇلار شەھىرى گازرۇن تەرەپتىن چىقىپ كەلسۇن. تۆگە يې-
تىلەشكە غۇلامدىن سەككىزنى تەيىنلەڭلار، — دېدى. ۋەزىرلەر ھەممىنى
تەييارلاپ جەۋھەر ئىسملىك بىر قېرى ھەبەش غۇلامغا تاپشۇردى. ئاب-
دۇللا تاجىر نامىدا ئىككى پارچە خەت پۈتۈپ بىرىنى پادىشاھى باغدات

يەنى ھارۇن رەشىتكە، يەنە بىرىنى شاپۇرغا قاراتتى. خەتنىڭ مەزمۇنىدا: «ئى ئوغلۇم شاپۇر، سەن نى كۈنى گازرۇندىن چىقىپ كەتتىڭ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتاڭ ئابدۇللا تاجىر بىلەن ئاناڭ ناسىھە سېنىڭ پىراقىڭدا يىغلاپ ھەرئىككىلىسىنىڭ كۆزى كور بولدى. ئاڭلىشىمچە باغداتتا ئولتۇرۇپسەن، مەلۇمكى، جەۋھەر ئاتلىق بىر ھەبەشلىك غۇلام سېنى كىچىكىڭدىن دۈمبىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ يول ئوزۇقلىرىنى تەييارلاپ، دەرھال بېرىپ پەرزەنتىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، دەپ ئەۋەتتۇق. يەنە بىر پارچە ئەرزنى خەلىپىگە ئەۋەتتىم. ئۇنى سەن پادىشاھ ھارۇن رەشىتكە يەتكۈزسەڭ، ئۇ ساڭا مېھرىبانلىق بىلەن شەپقەت قىلغۇسىدۇر. مېنىڭ ئۆمرۈم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۆزۈڭ دەرھال كەلگەيسەن، ئەگەر تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن كېلەلمىسەڭ جەۋھەر غۇلامغا رۇخسەت بەر، دەرھال كېلىپ سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن بىزلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەي. بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز ئارام تېپىپ خاتىرجەم بولغاي» دېيىلگەنىدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ جەۋھەر ھەبەشكە بۇيرۇدىكى: «قاراڭغۇ چۈشكەندە تامام ماللارنى تۆگىلەرگە، تىللانى بەش قاتار قېچىرغا يۈكلەپ شەھەردىن چىقىپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپ يىراق بىر يەرگە يېتىپ بېرىڭلار. ئەمما بۇنىڭدىن ھېچ كىشى خەۋەر تاپمىسۇن. تۆگە يېتىلىگەن ۋە قېچىر يېتىلىگەنلەرگە قاتتىق نەسىھەت قىلغىنىكى، بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچقانداق كىشىگە ئېغىزدىن چىقارمىغاي، تاڭ ئاتقاندا شەھەرگە قاراپ يول ئېلىپ شەھەرگە كەلگەندە شاپۇرنى سوراپ يۈرۈپ، ئاخىر خوجا مۇزەپپەرنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ: شاپۇرنىڭ ئاتىسى خوجا ئابدۇللا تاجىر بۇ تۆگە، قېچىرلاردىكى مال - دۇنيالارنى ئوغلى شاپۇرغا ئەۋەتكەنىدى. مەن بولسام شاپۇرنى كىچىكىدىن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باققان قۇلىدۇرمەن، دېگىن. شاپۇرنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئايىغىغا يىقىلىپ يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ، بەندىچىلىك ئىزھار قىلىپ يىغلىغىن. ھەممەيلەن كۆرۈپ شاپۇرنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن، دېگەي» دەپ ماڭدۇرغان يولنى، شاپۇرنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى ئېيتىپ بەردى. غۇلام جەۋھەر

ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى . ئىشنى ناھايىتى پەم بىلەن قىلدى . كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تۆگە ـ قېچىرلارنى يېتىلەپ شەھەردىن چىقتى . ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپ شەھەردىن يىراق بىر جايغا يېتىپ بېرىپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، غوۋغا قىلىپ شەھەرگە يول ئالدى . شەھەرگە كىرىپ كۆرگەنلا كىشىدىن شاپۇرنى سورىدى، ئاخىر بىرىپ مۇزەپپەرنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى .

ئەلقىسسە ، خوجا مۇزەپپەرگە شەھىرى گازرۇندىن ئابدۇللا تاجىر ئوغلى شاپۇرغا ھەبەش جەۋھەر ئىسىملىك غۇلام باشلىق سەككىز غۇلامدىن قىرىق تۆگە مال ، بەش قۇر قېچىردا تىللا ئەۋەتىپتۇ ، ـــ دەپ خەۋەر بەردى .

خوجا مۇزەپپەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولا خۇش بولۇپ ، غۇلامنى چاقىرىپ :

ـــ ھەبەش جەۋھەرنى باشلاپ شاپۇرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ سالىمىنى شاپۇرغا يەتكۈزۈڭلار ، ـــ دېدى . بۇ ۋاقىتتا شاپۇر بىلەن قىز مۇددەت ئاخىرىغا يەتتى ، جۇدالىق كۈنلىرى يېتىپ كەلدى ، دەپ بىر ـ بىرىنىڭ گەدىنىگە قولىنى سېلىپ زار ـ زار يىغلىشىپ ، بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ تۇراتتى . بىر غۇلام ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە شەھىرى گازرۇندىن كەلگەنلەرنىڭ قىسسىسىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى .

شاپۇر بۇنى ئاڭلاپ : « ئەمدى بېشىمغا يەنە بىر بالا كېلىدىغانغا ئوخشىمامدۇ . گازرۇندىن كەلگەن غۇلام بۇ يەرگە كەلسە مېنى تونۇپ ، مەن خاتا كېلىپتىمەن ، مېنىڭ خوجام بۇ ئەمەس دەپ يانىدۇ . مېنىڭ گازرۇندا ۋاقتىمدا قاغىغا ئاتاي دېسەم بىر تېشىم يوق ئىدى ، بار ـ يوقى ئىككى خىش قېلىپىم بار ئىدى . ئۇنىمۇ سېتىپ يەپ بولغان تۇرسام ، مېنىڭ نەدىمۇ ھەبەش جەۋھەر دېگەن غۇلامىم بولسۇن ۋە نەدىمۇ قىرىق تۆگە ، بەش قېچىرلىق مال ـ دۇنيالىرىم بولسۇن ، ئادەمزات ئەۋلادى مەندەكمۇ شەرمىسار رەسۋا بولۇرمۇ » دەپ ئويلاپ ، تاشقىرىغا چىققۇدەكمۇ قۇۋۋەت قالمىدى . شۇنداق ھەيران بولۇپ تۇراتتى ، غۇلام ھەبەش جەۋ-

ھەر ئۆيگە كىرىپ ، يۇگۇرۇپ كەلگەن پېتى باش ـ كۆزىنى شاپۇرنىڭ ئايىغىغا سۈرتۈپ زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى مېنىڭ خوجىزادەم ، غېرىبلىق مۇشەققىتىنى كۆپ تارتىپلا ، باشلىرىغا نېمە دەر ـ ئەلەملەر كەلگەندۇ . ئاتا ـ ئانىلىرى ئوغلۇم شاپۇر بۇگۇن كېلىدۇ ، ئەتە كېلىدۇ ، دەپ ئىنتىزار بولۇپ يىغلاپ ھەرئىككىلە-سىنىڭ كۆزلىرى قارىغۇ بولدى . ئۆزلىرى بۇ غېرىبلىقتا ھەيران ـ سەرگەردان بولۇپلا ، شەھىرى باغداتقا كېلىمەن دەپ قاراقچىلارنىڭ قولىدا بۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتىلا . خەلپىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئالىي نەسەبلىرىنى ئېيتىسىلا بولماسمىدى . ئەگەر دېگەن بولسىلا ئۇ تونۇپ مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپاتلار قىلغان بولاتتى ، — دېدى . شاپۇر : « مېنى تونۇپ سۆزلەۋا-تامدىغاندۇ ياكى تونۇماي دەۋاتامدۇ ، بۇ نېمە ۋەقەدۇر » دەپ ئويلاپ نەپسى ئىچىگە چۈشۈپ ، گەپ قىلماي تۇردى . ئاخىر قىز ئېغىز ئېچىپ :

— ئى جەۋھەر ، خۇش كەپسەن ، قېيناتام بىلەن قېينانام سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى . غۇلام جەۋھەر پەگاغا چۈشۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ، ئاندىن كېيىن قىز بىر غۇلامنى چاقىرىپ :

— مالنى ئاپىرىپ بىزنىڭ پالانى ھويلىغا چۈشۈرۈپ ، مېھماندارچىلىق ئەسۋابلىرىنى تەييارلاڭلار . جەۋھەرنىڭ كۆڭلى خۇش بولغۇدەك تەييارلىق قىلىپ مېھمان قىلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . ئۇلار بېرىپ مال ـ دۇنيا ، ئالتۇن ـ تىللالارنى خوجا مۇزەپپەرنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆيلەرگە كىرگۈزدى . خوجا مۇزەپپەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن شۇنداق خۇش بولۇشۇپ كەتتىكى ، گويا ئۇلارنىڭ ھېيتى بولدى .

ئەلقىسسە ، يەنە بىر كۈنى بىر سىپاھ ئالتۇن ئېگەر ـ توقۇملۇق بىر ئەرەب ئېتىنى غۇلامغا يېتىلىتىپ ، شاھانە لىباسلارنى ئېلىپ كېلىپ :

— بىزلەر خەلپە قېشىدىن كەلدۇق ، سىزنى مېھمان قىلماقچى ئې-كەن . پادىشاھ بىزگە : شاپۇر خوجا ئابدۇللا تاجىرنىڭ ئوغلى ئىكەن . نەچچە ۋاقىتتىن باغداتتا غۇربەتچىلىك تارتىپ يۈرۈپتۇ . ئۆزىنىڭ ئەھۋا-لىدىن بىزگە خەۋەر بەرمەپتۇ . شاپۇرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا تاجىرنىڭ بىزگە قىلغان خىزمىتى كۆپ ، دوستلۇقىمىز قويۇق ئىدى ، دەپ بىزنى

ئەۋەتتى . بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئاتقا مىنىپ ، بىز بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىڭ . — دېدى . شاپۇر كۆڭلىدە : « بۇ نېمىدېگەن قاباھەتلىك ئىشتۇر ، مېنىڭ ئىشىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا قارار تاپتى . پادىشاھ مېنى تونۇمايدۇ ، بەلكىم مېنى كۆرمەك بىلەن تەڭ پارە ـ پارە قىلىپ تاشلايدۇ . نېمە ئىلاج قىلارمەن . يالغان سۆزلەپ ئاخىر ئۆزۈمنى ئۆزۈم خاراب قىلىدىغان بولدۇم » دەپ ئويلاپ تۇرغانىدى ، پادىشاھ قېشىدىن كەلگەن سىپاھ ئەكەلگەن كىيىملەرنى قويماي كىيدۇرۇپ ئاتقا مىندۇرۇپ خەلپە قېشىغا ئېلىپ كەلدى . شاپۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ كۆردىكى ، ئول كېچىسى ئۈچ ئادەم كىرگەندە شاپۇر ئۇلارغا ئۆزىنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى ئىزھار قىلغانىدى . شۇلارنىڭ بىرسى تەختتە ئولتۇرۇپ پادىشاھلىق تاجىنى بېشىغا كىيىۋاپتۇ . ئىككىسى خىزمىتىدە ئۆرە تۇرۇپتۇ . « بۇ راست تىبابەتچىلىكنىڭ ئۇستىلىرىدىن ئىكەن » دەپ ئويلاپ خاتىرىنى جەم قىلدى ۋە پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى . دۇئالار قىلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، پۇقراپەرۋەرلىك ۋە غېرىبلارغا ئاتىدارلىق قىلدىلا ، ئەگەر مەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسەممۇ سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن ، — دېدى . خەلپە شاپۇرغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىپ كۆپ مېھرىبانلىقلىرىنى يەتكۈزدى . شەھەرنىڭ كىشىلىرى شاپۇرغا غۇلام بولدى . ئاندىن كېيىن مۇزەپپەر شاپۇرنىڭ كۈيئوغۇللۇقىدىن ماختىنىپ يۈردى .

# بىر ساختىپەز ، ئىككى پادىشاھ ھېكايىسى

سەئىد ئىبنى سالىمدىن رىۋايەت قىلىپتۇلاركى ، يەھيا ئىبنى خالىد بەرمەكى مىرۋانىنىڭ ۋەزىرى ئىدى . ئابدۇللا مالىكە مىرۋانىنىڭ ئادىمى ئىدى . بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئىدى . مىرۋانىنىڭ ئابدۇللاغا دوستلۇقى زىيادە ئىدى . كىشىلەر يەھياغا : ئابدۇللا سېھىر قىلىدۇ ، شۇ ۋەجىدىن پادىشاھ ئابدۇللاغا ئامراق ، دەيتتى . شۇ سەۋەبتىن يەھيا ئابدۇللاغا ئۆچ ۋە دۈشمەن بولغانىدى .

بىر كۈنلەردە ، ئابدۇللا فەرەنگىسكە مالىك بولدى . يەھيانىڭ شەھىرىدىن بىر كىشى تەگچىلىك تارتىپ ، تۇرمۇش كەچۈرەلمەي يەھيانىڭ نامىدىن يالغان خەت ياساپ ، ياردەم تىلەپ ئابدۇللاغا تۇتۇپ بەردى . ئابدۇللا خەتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ : « يەھيا ماڭا قانداقمۇ خەت ئەۋەتسۇن ، ئېھتىمال بۇ كىشى يالغاندىن مىكىر قىلىپ مەندىن پۇل ـ مال ئالماقچى بولسا كېرەك » دەپ ئويلاپ ، ئۇل كىشىنى بىر ئۆيگە چۈشۈرۈپ بىرنەچچە ئادەمنى مۇئەككەل قىلىپ قويدى ، خىيال قىلدىكى : « شامدىكى ۋەكىلىمگە خەت ئەۋەتەيكى ، ئۇ بېرىپ يەھيا ئىبنى خالىدتىن سوراپ باقىاي ، خەتنى يەھيا ئەۋەتكەن بولسا ئىنئام ـ ئېھسان بىلەن خۇش قىلايكى ، بۇ ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى يەنە بىر ئادەمگە موھتاج بولمىغاي ، ئەگەر يالغان ئېيتىپ خەتنى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بولسا ، شۇنداق تەنبىھ بېرەيكى ، ئۆزگىلەر ئىبرەت ئالغاي » . ئۇل كىشىگە :

— سىز بىرنەچچە كۈن بىزگە مېھمان بولۇڭ . ئىنشائاللا ئىشىڭىز ھەققىقىتىنى بىلىپ ئاندىن يېنىشقا ئىجازەت بېرەيلى ، — دېدى . ئۆزىنىڭ ۋەكىلىگە : « بىر كىشى يەھيا ئىبنى خالىدتىن ھاۋالە خەت ئېلىپ كەپتۇ . يالغاندەك قىلىدۇ . سەن يەھيادىن سوراپ خەتنىڭ ھەققىتىنى بىلىپ دەرھال ماڭا خەت ئەۋەتكىن . ئۇنى بىلىپ ئاندىن ئەمەل قىلغۇچى بولاي » دەپ خەت ئەۋەتتى . خەت ياساپ كەلگۈچى بىلدىكى ، ئىش ياشقىچىدۇر .

قاچاي دېسە قاچالمىدى . بۇ بىچارە ئۆزىنى ئۆلۈمگە تەييارلاپ تۇردى .
ئەۋەتكەن خەت ئابدۇللانىڭ ۋەكىلىگە تەگدى . ۋەكىل خەتنىڭ مەزمۇنىنى كۆرۈپ يەھيانىڭ قېشىغا بېرىپ ، مەقسەتنى ئىزھار قىلدى . يەھيا كۆڭلىدە : « ئابدۇللاغا خەت ئەۋەتمىگەنىدىم . ئېھتىمال بىرەر موھتاج كىشى خىجالەتچىلىكتىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك . بۇنداق كىشىنى شەرمەندە قىلىش ئوبدان ئەمەس . يەنە بىرى ئول كىشى ، بىر ئىشنى قىلىپتۇكى ، مېنىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ئېغىر ئىدى . بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە خەت ئەۋەتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ كىشى يالغان خەت بىلەن ئارىمىزدىكى نەچچە يىللىق ئاداۋەتنى كۆتۈرۈپتۇ . شۇڭا ماڭمۇ ۋاجىبدۇركى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغايمەن » دەپ ئويلاپ ، ئابدۇللانىڭ ۋەكىلىگە :

— ئول خەت ئېلىپ بارغۇچى مېنىڭ يار ـ بۇرادىرىم ئىدى . خېتىمنى ئېلىپ كەتكەن ، — دېدى . ئاندىن ئابدۇللاغا ئۆزى بىر پارچە خەت پۈتۈپ :

« يەھيا ئىبنى خالىدتىن ئابدۇللاغا دۇئا بىلەن سالام سۆز ئولكى ، پالانى ئېلىپ بارغان خەت مېنىڭ خېتىم ئېردى . مىكىر قىلغىنى يوق ، بۇ ھەقتە ئول كىشىدىن گۇمان قىلماڭ . ئۈمىد ئولدۇركى ، خەت ئاپارغۇچىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ، ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئايىمىغايسىز . . . » دېدى .

ئەلقىسسە ، خەت ئابدۇللاغا يەتكەندە ، بەغايەت خۇش بولۇپ ئول كىشىنى چاقىرىپ تولا ئۆزرىلەر قىلىپ ، يەھيانىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئول كىشىگە كۆرسەتتى . ئاندىن ئىككى يۈزمىڭ كۈمۈش پۇل ، ئون ئارغىماق ، يىگىرمە قۇل ، ئون كېنىزەك ، ھەرخىل قىممەت باھالىق نەرسىلەردىن ۋە جاۋاھىرلاردىن بېرىپ رۇخسەت بەردى . ئول كىشى : « بۇ ھەممە بايلىقلار بالامدىن ـ بالامغا يېتىدۇ . بۇ يەھيانىڭ ياخشىلىق ئىنايىتىدىندۇر . ئاۋۋال بېرىپ يەھياغا تەزىم قىلىپ ، ئاندىن ئۆز شەھىرىمگە كىرەي » دەپ ئويلاپ مال ـ دۇنيالىرى بىلەن يەھيانىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز قىسسەسىنى ئىزھار قىلىپ ، يەھيانىڭ مېھرىبانلىقىغا

شۇكرانىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ دۇئا قىلدى. يەنە:

— ئى ۋەزىر، بىلگىنكى سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇنداق غېنىي بولدۇمكى، قالغان ئۆمرۈمدە كىشىگە موھتاج بولمىغايمەن. بەلكى بۇ مېنىڭدىن كېيىن پەرزەنتلىرىمگە ھەم كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى.

— سېنى مېھمان قىلماق ماڭا ھەم زۆرۈركى، — دېدى يەھيا، — مېنىڭ ئابدۇللا بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى ئارىمىزدا ئاداۋىتىمىز بارئىدى. سەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى كۆتۈرۈپ مۇھەببەتكە يول ئېچىپ بەردىڭ، گەدىنىمگە سەنمۇ ھەق ئۆتكۈزدۇڭ، — دېدى. «ئابدۇللا بۇ كىشىگە نېمە بەرگەن بولسا، كېنىزەك ۋە غۇلاملىرى بىلەن قوشۇپ مال - دۇنيانى يەنە ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئىنئاملار بىلە ماڭدۇردى. بۇ كىشى ھاياتلىقىدا دۇئا قىلۇر، ئەۋلادلىرى ھەم دۇئا قىلغۇسىدۇر.

# پىخسىق بىلەن تادان ھېكايىسى

مەككىنىڭ تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە بىر ئەرابى بار ئىدى. ئول ئەرابى ئوۋ قىلماق مەقسىتىدە شىكارغا چىقتى. ئەمما، شىكاردا ھېچ نەرسە مۇيەسسەر بولمىدى. قورساق ئاچ ۋە ئۇسسۇز يۈرۈپ ئاچ - زېرىنلىق ئوتى يالقۇنجاپ كېتىپ باراتتى، بىر تۆگە مىنگەن ئەرەبكە يولۇقتى. بىر كەمدە ئول ئەرەب تۆگىسىدىن چۈشۈپ بىر دەرەخ تۈۋىدە سايىدەپ ئولتۇرۇپ تائام يېگىلى تۇردى. بىرمۇنچە گۆش، ناننى ئېلىپ ئولتۇراتتى، ئول ئەرابى گۆش، ناننىڭ تەمەيىدە بېرىپ سالام قىلدى. ئەرەب:

— نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەرابى:

— مەككە تاغدىن كېلۇرمەن، — دېدى.

— مېنىڭ ئىمارەتلىرىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەرەب، ئەرابى ئېيتتى:

— كۆردۈم، ناھايىتى ياخشى ئىمارەت ئىكەن. كۈنگۈرىسى پەلەككە باش تارتىپ تۇرىدۇ.

— لىقا ئاتلىق بىر ئىتىم بار ئىدى. كۆردىڭىزمۇ؟

— ئۇنىمۇ كۆردۈم. ئۇنداق ئىت ھېچ يەردە يوق، تۈكلىرى گوياكى تۆگۈزنىڭكىگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئەرابى. ئەرەب يەنە سورىدى:

— يۈك توشۇيدىغان بىر تۆگەم بار، ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، ئانداق سەمرىپ كېتىپتۇكى، ئىككى لوكىسى گوياكى سېپىل بىلەن باراۋەر بولۇپتۇ، — دېدى.

— بىر ئوغلۇم بار ئىدى، كۆردىڭىزمۇ؟

— ۋاي كۆردۈم. ئانداق خۇشخۇي، خۇش ئاۋاز ھاپىز بولۇپتۇكى، ئەسلا تەڭدىشى يوق، — دەپ كۆپ تەسۋىرلىدى. ئەمما ئول ئەرەب بۇ ئارىلىقتا گۆش بىلەن ناننى يەپ قورساقنى تويغۇزۇپ، قالغاننى

خۇرجۇنىغا سېلىپ، ئۆستىخانلىرىنى تاشلىۋېتىپ ماڭغىلى قوپتى. بۇ بىچارىگە ھېچ نەرسە بەرمىدى.

ئەلقىسسە، ئۇل ئەرابى خاپا بولۇپ:

— ئىسسىت، سىزنىڭ ئاشۇ لىقا ئىتىڭىز تىرىك بولسا ئىدى، ئۇشبۇ سۆڭەكلەرنى يەپ بولغان بولار ئىدى، — دېدى. ئۇل ئەرەب ئېيتتىكى:

— ئىتىمغا نېمە بولغانىكەن؟

— ئىتىڭىز تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى يەپ كور بولۇپتۇ.

— تۆگە نېمە بولۇپتۇ؟

— ئوغلىڭىزنىڭ يەتتە نەزىرىگە ئۆلتۈرۈپتۇ.

— ئوغلۇم نېمە بولۇپتۇ؟

— بىر كۈنى قاتتىق يەر تەۋرەپ ئىمارەتلىرىڭىز يىقىلىپ ئوغلىڭىزنى تام بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېگەندى، ئۇل ئەرەب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ داد - پەرياد قىلىپ، باشلىرىغا مۇشتلاپ، خۇرجۇن - قاچىسىنى تاشلاپ يولغا راۋان بولدى. ھېلىقى ئەرابى دەرھال بېرىپ خۇرجۇنلاردىن گۆش، نانلارنى ئېلىپ يەپ قورساقنى تويغۇزۇپ، ئاچ - تەشنالىقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرىلەر قىلىپ ئۆيىگە ياندى، دەپتۇلەر.

# ئەخمەقنىڭ ھېكايىسى

ھېكايىلەردە كەلتۈرۈلۈپتۇلاركى، بىر نادان ھەزرىتى مەۋلىۋىنىڭ قېشىغا كىرىپ چاقچاق قىلىپ:

— يا ئىمام، مېنىڭ تۆت پۇلۇم بار ئىدى، ئۇنىڭغا تۆت پۇللۇق تائام ئالسام قورسىقىم تويغۇچە يەپ، قالغانىنى يەنە تۆت پۇلغا ساتسام بولاتتى، — دېدى. ھەزرىتى مەۋلىۋى دېدىكى:

— ئى ئەخمەق، قاسساپ بازىرىغا بېرىپ تۆت پۇلغا قوينىڭ قېرىنىنى ئېلىپ، ئىچىدىكىنى يەپ تېشىدىكىنى ساتساڭ يەنە تۆت پۇلغا ئالدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ ئادەم دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ياندى.

# قارىغۇ بىلەن ساقنىڭ ھېكايىسى

ھېكايىلەردە كەلتۈرۈپتۈلاركى، بىر قارىغۇ كىشى قاراڭغۇ كېچىدە بىر قولىدا چىراغ، بىر قولىدا قاپاقنى دۈمبىسىگە ئارتىپ يولدا كېتىۋاتقانىدى، بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئۇچراپ:

— ئى نادان، سېنىڭ ئالدىڭدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى بولمىسا، ئايدىڭ بىلەن قاراڭغۇنى بىلمىسەڭ، شۇنداق تۇرۇپ ساڭا چىراغ كۆتۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى. قارىغۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ، دېدىكى:

— ئى ئەخمەق، بۇ چىراغنى ئۆزۈم ئۈچۈن كۆتۈرمىدىم. كېچىسى ساڭا ئوخشاش ئەقىلسىزلەر ئۇرۇلۇپ كېتىپ قاپىقىمنى چېقىۋەتمىسۇن دەپ ئېلىۋالدىم.

ساق ئادەم دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ يولىغا كەتتى.

## تۆھمەتخورنىڭ ھېكايىسى

بىر تۈركمەن بار ئىدى. ھەمىشە ھامامغا باراتتى. ھەر بارغاندا ئۇ نېمەم يوق، بۇ نېمەم يوق دەپ، ھامامچىغا تۆھمەت قىلىپ بىرەر نەرسىنى ئېلىپ جاپا قىلاتتى. بەزىدە ھامامام ھەققىنى ئاشۇنداق سەۋەب بىلەن بەرمەيتتى. پۈتۈن شەھەردىكى ھامامچىلار بۇنىڭ تۆھمەت قىلىپلا ھەق بەرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھېچقايسىسى ھامامغا كىر گۈزمەس بولدى. بىر كۈنى ئۇ ھامامغا بارغاندى، ھامامچى كىرگۈزمىدى. تۈركمەن يالۋۇرۇپ:

— ئەمدى بىر نەرسەم يوق دېمىسەم، ھامامنىڭ ھەققىنى ھەم بەرسەم، — دەپ شۇنچە خالايىق ئارىسىدا: «مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق» دەپ قەسەم قىلدى. بۇنىڭغا ھەممە خالايىق گۇۋاھ بولدى. تۈركمەننى ھامامغا كىرگۈزدى. ئۇ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھامامچى تۈركمەنـ نىڭ بىر كونا ساغداق، بەش تال ئوق، بىر قالپىقنى قويۇپ قويۇپ، قالغان ئېگىن ـ ئايغىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. خالايىققا:

— تۈركمەن نەچچە قېتىم جازا سالغانىدى، بۈگۈن مەن ھەم جازا بېرىپ قوياي، — دەپ تۇراتتى، تۈركمەن غۇسۇل قىلىپ چىقىپ كۆر- دىكى، بىر كونا ساغداق بىلەن قالپاقتىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق. ئىشنى بىلدى ـ دە، يالىڭاچ قوڭىغا ساغداقنى باغلاپ، قالپاقنى چېكىسىگە قو- يۇپ، ھامامچى ۋە گۇۋاھچىلار ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ:

— ئى مۇسۇلمانلار! مېنىڭ ھېچ كىشىگە دەۋايىم يوق. چۈنكى مەن ھېچ نەرسەم يوق، دېمەسلىككە قەسەم بەرگەنىدىم. سىلەر كۆرۈپ قويۇڭلاركى، مەن ئۆيۈمدىن ئەسكى ساغداقنى قوڭۇمغا ئېسىپ مۇشۇنداق يالىڭاچ كەلگەنمىدىم؟ — دېدى.

ھامامچى تۈركمەننىڭ كىيىمىنى قولىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولغانىغا مىننەتدار بولدى.

# چۆلدىكى بوۋاق ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بارئىدى. ئىتنى پادىشاھ ئازادە بەخت دەر ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ شىكارنى ھەۋەس قىلىپ بىر قانچە كۈن شىكار قىلىپ يەنە ئۆز شەھىرىگە يېنىپ كەلدى. كېتىۋېتىپ بىر دىلبەرنى كۆرۈپ سىپاھلىرىدىن سورىدى:

— بۇ ساھىبجامال قايسى باغنىڭ گۈلىدۇر؟ سىپاھلار ئېيتتىكى:

— بۇ، سىپەسالانىڭ قىزىدۇر. ئازادە بەخت ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— ئۇنى نىكاھىمغا ئالىمەن، — دېدى.

— خوپ بولىدۇ، — دېدى ۋەزىر، — لېكىن ئۇ يامانراق، ئاچچىقى كەلسە تەختىڭىزنى تابۇتقا تارتارمىكىن، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس.

— ماڭا نېمە ئۇچۇن مۇنداق دەيسەن، — دېدى ئازادە بەخت. ۋەزىر ئېيتتى:

— ئول مېنىڭ سىپاھىمدۇر، — دېدى. پادىشاھ شەھەرنى زىننەتلەپ، سىپاھنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئېلىپ نەچچە ۋاقىت بىرگە ئۆتتى.

ئەلقىسسە، مەھدۇد دېگەن پادىشاھ بىر نامە ئەۋەتىپ: «ئى پادىشاھ ئازادە بەخت، ئاگاھ ۋە دانا بولغىنكى، بىر سىپاھىڭ بارئىمىش. ئۇنى مېنىڭ خىزمىتىمگە ئەۋەتكىن. يۇرتۇمغا كۈچلۈك دۈشمەن كېلىپ قالدى، ئول دۈشمەننى ئارىدىن كۆتۈرگەيسەن» دەپتۇ. بۇ نامىنى كۆرۈپ سىپەسالاغا ئەۋەتتى. سىپەسالا خەتنى كۆرۈپ ئۇ قىزىمنى تارتىۋالغانىنى ئاز دەپ، يەنە مىنى ئۆلۈمگە ئەۋەتمەكچىمۇ، دەپ ئازادە بەختكە قاتتىق غەزەپلەندى. ئول پادىشاھنى باشلاپ كېلىپ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى. پادىشاھقا «سىپەسالا ھەددى — ھېسابسىز لەشكەر باشلاپ كېلىپ شەھەرگە چۈشتى» دەپ خەۋەر بولدى.

پادىشاھ خوتۇنى قىشىغا كىرىپ :

— ئى مېھرىبان مۇگدىشىم ، نۇرغۇن لەشكەر كېلىپ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپتۇ . مەن ئول لەشكەرگە ئاجىزلىق قىلىمەن . خەلقنىڭ ھەم ئۇرۇشقىلى رازىلىقى يوقتۇر . بۇ ئىش ماڭا مۇشكۇل بولدى ، مەن بىر تەرەپكە كېتەي دەيمەن ، سىز نىمە دەيسىزكىن ، — دېدى . مەلىكە ئېيتتى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، مېنىڭ ئۇچۇن ئاتام سىزگە لەشكەر ئېلىپ كېلىپتۇ . سىز نەگە بارسىڭىز مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن ، — دېدى . ئىككىيلەن شەھەرنى تاشلاپ بىر تەرەپكە راۋان بولدى ، بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بىر چۆللۈككە يەتتى . ئۇ يەردە بىر بۇلاق بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ . گۇللەر ئېچىلىپ بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇراتتى . مەلىكە ھامىلدار ئىدى . بۇ يەرگە كېلىپ بىر سائەت ئۆتمەي ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغدى . پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن مەلىكە ئول ئوغۇلنى كۆرۈپ يىغلىشىپ ، جانلىرىنى پىراق ئوتى بىلەن داغلاشتى ، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ : « بۇ باياۋاندا ئۆزىمىزنىڭ چارىسىنى قىلالمايۋاتساق ، بۇ بالىنى قانداق قىلارمىز . بۇنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارغا تاپشۇرايلى . ئۇنىڭ بەندىلىرىگە مېھىر ـ شەپقىتى كۆپتۇر . بەندىلىرىدىن ياخشىلىقنى ئايىمايدۇ » دەپ بالىنى چاپانغا يۆگەپ ، ئىككى مۇرىسىگە ئۈن تالدىن يۇملاق مەرۋايىتنى باغلاپ چۆل باياۋاندا قويۇپ ، ئۆزلىرى يىغلا ـ يىغلا كىرمان تەرىپىگە راۋان بولدى . مەلىكە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئول پەرزەنتىنىڭ پىراقىدا بۇ نەزمىنى ئوقۇيتتى :

نەزمە

سەنسىزىن ئى يۇسۇف كەنئان كۆزۈمدىن قان ئاقار ،
كۆرمىگەچ يۈزۈڭنى توق كۆزدىن دۇرغىلتان ئاقار .

دەپ ھەسرەتلىك يىغلايتتى .

بىرنەچچە زاماندىن كېيىن كىرمان ۋىلايىتىگە يەتتى . كىرمان پادىشاھىغا :

— پادىشاھ ئازادە بەخت كېلىپتۇر ، — دېگەن خەۋەر يەتتى . كىرمان پادىشاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەركان دۆلىتى بىلەن تامام ئەمىر ۋە پەزلا ، بارچە ئاما خاسلار ئالدىغا چىقىپ ، پادىشاھ ئازادە بەختنى ناھايىتى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئاندىن مەملىكەتنىڭ سەلتەنەت قەسرىگە چۈشۈردى . دەرھال ئالىي لىباس ، ئېسىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ دۇئا - تەكبىردىن كېيىن بەزمە - زىياپەت ئۇيۇشتۇردى . نەغمىچىلەر ناۋالىرىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ ، ساقىيلار تەنتەنە بىلەن قەدەھلەر تۇتۇشتى . بەزمە ئەھلى تەڭشىلىپ قالدى . ئەمما ئازادە بەخت پەرزەنت پىراقىدا يىغلار ئىدى . كىرمان پادىشاھى :

— ئى جانابى پادىشاھ ، نېمە ئۈچۈن خۇشال ئولتۇرمايسىز ؟ — دەپ سورىدى . پادىشاھ ئازادە بەخت خۇش تەبىئەتلىك كىشى ئىدى . بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

بۇ لەھزە قىلۇرمەن يۈز ھېكايەت ،
بىر يەرگە يېتىشسە بۇ رىۋايەت .
قىلدى مېنى خار خۇرۇجى غەددار ،
زارى ئەتتى زامانە سەتەمكار .

سەرگەشتە ئى خارى زار بولدۇم ،
گۈل ئەردىمۇ ئەمدى خار بولدۇم .
نىلاي بۇ زامان غۇسسەسىدىن ،
كىمگە دېگەيمەن قىسسەسىدىن .

ئۆزۈمگە نەمەرد مەن نەزەررە ،
ئەيلەرمەن ئۆزۈم ، ئۆزۈمگە خەندە .

دەپ ئازادە بەخت سەپەسالانىڭ ئىشلىرىنى ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى كىرمان پادىشاھىغا بايان قىلدى . كىرمان پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، غەم يېمەڭ ، شاراب ئىچىڭ ، بۈگۈن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ ، تاڭلا لەشكەر ئېلىپ ئول سىپەسالانىڭ ئۈستىگە بارايلى ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

سۇلتان چۇ ئاتىشى بۇ رىسالە ،
دىدىكى ھېچ ئەمدى بۇ پىيالە .
تاڭلا قىلايلى بۇ ئىشقا تەدبىر ،
ھەر نۆئىكى بار قازادۇ تەقدىر .

ھەمراھ قىلايلى ساڭا بۇ لەشكەر ،
بۈگۈن ساڭا يار بارچە ۋە ياۋەر .
تاڭلا بۇ سىپاھ بىرلەسەن بارغىل ،
شەھرىڭنى ئېلىپ ئۇنى چىقارغىل .

ئەماكى بۈگۈن چۇ باردۇر پۇرسەت ،
بىزلەر بىلەن ئىچ ، شارابى ئىشرەت .

ئەلقىسسە ، ئول كۈننى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى . كىرمان پادىشاھى پادىشاھقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن لەشكەر توپلاپ ، شەھرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى .

بۇ خەۋەر سىپەسالاغا يەتتى : پەھلىۋانى ئالەم ، ناھايىتى كۆپ لەشكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ ، دەپ ئېيتىشتى . سىپەسالا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاچماقچى بولدى . ئەمما ، پادىشاھ ئازادە بەخت ئول سىپەسالانىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . ئاندىن كېيىن شەھەرگەكىرىپ تەختىدە ئولتۇردى . كىرمان پادىشاھىنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆز شەھىرىگە ياندۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن پاراغەت بىلەن ئۆتتى . ئەمما كېچە ـ كۈندۈز پەرزەنت غېمىدىن كۆڭلى مالال ئىدى . ھەردائىم : « بىز ئۇ پەرزەنتنى تاشلىدۇق ، بىرەر يىرتقۇچ كېلىپ يەپ كەتكەندۇر »

دەپ يىغلار ئىدى. ئەمما ئۇل پەرزەنتىنى ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇل شاھزادىگە كەلسەك، ئازادە بەخت كېتىپ تۇرۇشىغا، ئۇ جايغا قاراقچىلار تائىپىسى يېتىپ كەلدى ۋە ئۇل بۇلاق بويىغا چۈشتى. ئوغرىلارنىڭ پەررۇخ سەۋار ئىسىملىك بىر سەردارى بار ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى شاھزادىگە چۈشتى. «بۇ يەرگە ھەرگىز ئادەم قەدىمى يەتكەن ئەمەس ئىدى. قانداق بولۇپ بۇ ئوغۇل بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلاپ ھەيران بولۇپ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ شاھزادىنى قۇچىقىغا ئالدى. يۈز - كۆزىگە شەپقەت مەرھەمەت بىلەن سۆيدى. ئاندىن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ: «ئېھتىمال بۇ ئوغۇل پادىشاھ زاتلىرىدىن بولسا كېرەك، بولمىسا مۇنداق گۆھەرلەر ھەركىمدە بولماس» دەپ ئويلاپ، شاھزادىنى پەرزەنتلىككە ساقلىدى ۋە ئۇنىڭغا بىر دايە تەيىنلەپ پەرۋىشلەر قىلدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئوغۇل تۆت ياشقا كىردى. سۈتتىن ئايرىپ مەكتەپكە بەردى. ئۈچ - تۆت يىلدا خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ سەۋىيە ھاسىل قىلدى. ئاندىن كېيىن سىپاھگەرلىك، ئەدەپ، ئەركاندىن تەلىم ئالدى. ئانداق باھادىر بولدىكى، شىجائەت مەيدانىدا زامانىنىڭ رۇستەمى ئىدى. ئوغرىلار سەردارى ھەر سائەت ئۇنى كۆرمىسە تاقەت قىلالماس ئىدى ۋە ھەر يەرگە بارسا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار قەيەردە بىرەر سودىگەر، مۇساپىر ۋە مۇجاۋىر بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مال - مۈلكىنى ئالاتتى. بۇ شاھزادىگە « خۇدايى دات » دەپ ئىسىم قويغانىدى.

خۇدايى داتقا بۇلارنىڭ بۇ ئىشى يامان كۆرۈنەتتى ۋە ئۇلارنى مەنئى قىلاتتى. ئۇ داۋاملىق ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ:

— بۇنداق ئىشنى قىلماڭلار، ئۆلگەنلەرنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىڭلار، — دەپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارغا بۇ نەسىھەت خۇش ياقمايتتى.

كۈنلەردە بىر كۈنى پەررۇخ سەۋار قاراقچىلار بىلەن بىر تەرەپكە ماڭغانىدى. خۇدايى دات ئېيتتىكى:

— ئى ئاتا ، قاراقچىلىقتا بارسىڭىز ، سىز بېرىڭ ، مەن ئۆيگە قاراپ تۇراي ، — دېدى .

— ئى جان ئوغلۇم ، — دېدى پەررۇخ سەۋار ، — سىزنىڭ جامالىڭىزدىن يىراق بولسام يورۇق جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ . سىزنىڭ قۇۋۋىتىڭىز بىلەن ھەر يەرگە بارساق كارۋان ئەھلىگە غالىب كېلىۋاتىمىز . ئەگەر بارغۇڭىز كەلمىسىمۇ بىرگە بېرىپ ، يىراقتىن قاراپ تاماشا قىلىپ تۇرغايسىز .

ئاخىر شۇنداق قىلماقچى بولۇپ يولغا راۋان بولدى ، بۇلار مېڭىپ بىر كارۋان ئەھلىگە يەتتى . ئەمما كارۋانلار تولا ئىدى . پەررۇخ سەۋار ھەرقانچە قىلىپمۇ كارۋانلارنى يېڭەلمىدى . بەلكى كارۋانلار يېڭىپ ، پەررۇخ سەۋار زەخىملەندى . قاراقچىلار قېچىشقا تەييارلاندى . خۇدايى دات كۆردىكى ، كارۋانلار غالىب كەپتۇ . بۇ ھالنى كۆرۈپ خۇدايى داتنىڭ ھەممىتى دولقۇنلىنىپ ئۆزىنى كارۋان ئەھلىگە ئۇردى . بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈردى . بىر نەچچىسىنى قاچۇردى . شۇنداق جەڭ قىلىۋاتقانىدى ، ئاتنىڭ پۇتى چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ قېلىپ ئات مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدى . كارۋان ئەھلى ئۇنى كۆرۈپ دەرھال كېلىپ تۇتۇۋېلىپ ، باغلاپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا ئەكەلدى . كارۋانلار پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ شەھىرىدىن ئىدى . خۇدايى داتنى ئازادە بەخت كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى چۈشتى ، بىر خىل ئانىلىق مېھرى سېزىمى ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغاندەك قىلاتتى . كۆڭلىدە : « مېنىڭ ئوغلۇم بولغان بولسىمۇ ، مۇشۇنداق بولاتتى » دەپ كۆڭلى پەرىشان بولدى . ئەمما ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى .

پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدى :

— ئېتىڭ نېمە ؟

— ئېتىم خۇدايى دات ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

ئى شاھى كېرىم بەندە ئى پەرۋەر ،

خۇدايىم ئاگاھ سىرىمدىن خەۋەر .
بۇ ئىشقا ئەسلا رازى ئەمەسمەن ،
تەقدىر ئىشنى مەن ھەم بىلمەسمەن .

تەقدىر ئاسمىنى بۇ ئىشقا سىلىپتۇ ، دەپ خۇدايى دات سايراۋاتقان بۇلبۇلدەك سۆزگە كىردى . دېدىكى :
— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ ئىشتىن ئاگاھ بولغىنكى ، خۇداۋەندە ئالەم ۋە جەپپارئەئزەم گۇۋاھدۇركى بىر لوقما چاغلىق گۇمانلىق تائام يېگەن ئەمەسمەن .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئازادە بەخت ، — سۆزلىرىڭ راست بولسا ، مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ خىزمىتىمنى قىلساڭ قانداق ؟
خۇدايى دات بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەپ تۇپرىقىنى سۆيدى . ئازادە بەخت خۇش تەبئەتلىك كىشى ئىدى ، خۇدايى دات بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

تەلىيىم مەيمۇنى بەختىم بولدى يار ،
كەلدى بارغان دۆلىتىم باشتىن يېنىپ .

دەپ پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ ئالدىدا كەمتەرلىك بىلەن ئولتۇردى .
پادىشاھ ئازادە بەخت :
— ئى ئوغۇل ، سىنىڭ ئىتىڭ بەختىيار بولسۇن ، سىنى خاس ئاتلارنى بېقىشقا تەيىنلىدىم ، — دەپ ، بەختىيارنى ئات باققۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزدى ، بەختىيار ئېيتتىكى :
— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئەمرلىرىگە پەرمانبەرداردۇرمەن ، — دەپ ئات بېقىشقا مەشغۇل بولدى . ئاتنى شۇنداق ياخشى باقتىكى ، ھەممە كىشى ئۇنى ماختاپ ئاپىرىنلار قىلىشتى . ئۇ پادىشاھنىڭ باشقا مىرا قۇللىرىدىن ئىلگىرى تۇردى . باشقا مىراخورلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشاتتى . بىر كۈنى

پادىشاھ ئاتلىرىنى كۆرگىلى كەلگەنىدى. بەختىيار خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلەپتۇ. ئاتلارنى ياخشى بېقىپ سەمرىتىپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە: «بۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلگۈدەك» دەپ ئويلىدى ـ دە:

ــ بەختىيارنى خەزىنىدار قىلدىم. خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار، ــ دەپ يارلىق قىلدى. خەزىنىنىڭ قۇلۇپ ـ ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا بەردى. بىر بوغچا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى. بەختىيار خەزىنىدار بولۇپ شۇنداق تىرىشىپ ئىشلىدىكى، خىزمەتنى جايى ـ جايىدا قىلىپ كۈندىن ـ كۈنگە مەرتىۋىسى زىيادە بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار شۇنداق يېقىنلىشىپ كەتتىكى، پادىشاھ ئازادە بەخت نېمە ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلاتتى. بەختىيار نېمە دېسە ئۇنىڭ سۆزىنى يېرمايتتى. پادىشاھنىڭ ئون ۋەزىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇلۇكدار ۋە چارە ـ تەدبىر ئۈستىدە ئەپلاتۇن ۋە جالىنۇسقا دەرس بېرەلەيتتى. بۇلار بەختىيارغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدى، بۇلار ئۇنىڭ قەستىدە يۈرۈپ ھەمىشە ئۇنى پادىشاھتىن يىراقلاشتۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈش پىكرىدە يۈردى.

بىر كۈنى بەختىيار خەزىنىخانىدا شاراب ئىچىپ ئولتۇردى. كۈن كەچ بولۇپ ئۆيىگە ياناماقچى بولدى ـ دە، ناھايىتى مەستلىكىدىن قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ چىقتى. ئاندىن يىقىلىپ قوپۇپ ماڭدى. ئەمما نەگە ماڭغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر كەمدە پادىشاھنىڭ بارگاھىغا يەتتى. مەستلىكتە بىلمەي پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ قالدى. قارىسا، بىر تەخت تۇرۇپتۇ. ئۈستىگە يىپەكتىن بىساتلار سېلىقلىق تۇرۇپتۇ. بىخۇدلۇقتىن كېلىپ قولىدا قىلىچ تۇتۇقلۇق ئول تەختكە چىقىپ يېتىپ قالدى. بىر سائەتتىن كېيىن پادىشاھ ھەرەمگە كىردى. تەختكە چىقىپ ياتاي دەپ بارسا بەختىيار قىلىچ تۇتۇپ يېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ ۋارقىراپ:

ــ ئى بەتبەخت! بۇ تەخت ئۈستىدە نېمە قىلىسەن، قوپ! ــ دېدى. بەختىيار بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى، ئەمما مەستلىكتىن تونۇمىدى ۋە پادىشاھنىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت سالدى، ئاندىن يەنە ياتتى. پادىشاھ

دەرغەزەپ بولۇپ :

— بەختىيارنى تۇتۇپ باغلاڭلار ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى . پادىشاھ ئۇ يەردىن چىقىپ مەلىكە قېشىغا كىردى ، ئېيتتىكى :

— ئى مەلىكە ، ماڭا نېمە ئىشلار كەلدى ؟ راستىنى ئېيتقىن ، بولمىسا مىلىڭ جېنىڭ بولسىمۇ بىرى ئامان قالمايدۇ ، بەختىيار بۇ ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ نېمىشقا تەختكە چىقىپ قىلىچ تۇتۇپ ياتىدۇ ؟

مەلىكە بۇ سۆزنى پادىشاھتىن ئاڭلاپ ئەقلى ھەيران بولۇپ « مەن بۇنىڭدىن بىخەۋەردۇرمەن » دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

ھەق بىلۇر بۇ مەئنىدىن مەن بىخەۋەر ،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرى رادىگەر .
ئالدىراپ ئۆلتۈرمە جاننى بول ئاگاھ ،
كىم مەنۇ بىچارىدە يوقتۇر گۇناھ .

— ئى پادىشاھ ، ماڭا ئامانلىق بەرگىن ، تاڭ ئاتسۇن ، بۇ مەئنىنى مەن تەھقىق قىلاي ، — دەپ مەلىكە يىغلىدى . پادىشاھ غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى ، تاڭ ئاتقۇچە پىكىر قىلىپ : « بۇ سىرنى كىشىگە قانداق ئېيتماق كېرەك ، قانداقمۇ ئاماخاسىنىڭ قولىقىغا سالماق كېرەك » دەپ ئويلاندى . مۇشۇ تەقلىدتە تاڭنى ئاتقۇزۇپ ، ھەرىمىگە كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى . ھېلىقى مەككار ، ھەسەتخور ۋەزىرلەردىن بىرسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . بۇ ۋەزىر ھەممە ۋەزىرلەرنىڭ چوڭى ئىدى . كېلىپ ھەمدۇ ساناغا تىل ئېچىپ :

— مەن بۇگۇن ھەزرەتلىرىنى خاپا كۆرىمەن ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى نېمىكىن ؟ كۆڭۈللىرىدە نېمە بولسا ئېيتىپ بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەيلا . ئەگەر قولىمىزدىن كەلگۈدەك بولسا تەدبىر قىلساق ، — دېدى .

— ئى ۋەزىرلەر ، — دېدى پادىشاھ ، ماڭا ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەردى . ئۇنى ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ .

ۋەزىرلەر بىلدىكى ، بەختىياردىن بىر گۇناھ يۈز بېرىپتۇ . « بەختىـ

يارنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ ئەمدى بىر جېنىنى قويمايمىز » دەپ ئويلاپ، ۋەزىر ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئول كىشى بولسا باياۋاندا ئوغرىلىق. قاراقچىلىق قىلىپ ناھەق قان تۆككەن لەنتى. ئۇ ھەرگىزمۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، بىزلەر ئېيتالمىدۇق، ئەمدى ئوغرى يىگىتنىڭ خىيانىتى ئاشكارا بولۇپتۇ. ئەگەر پەرمان بەرسىلە، ئۇنى يۈزلىگەن قىيىن ـ قىستاق ئازاب بىلەن ئۆلتۈرسەك، بۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تامام خەلق ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي ۋە مۇندىن كېيىن ھېچكىم بىئەدەپلىك قىلالمىغاي.

پادىشاھ :

— بەختىيارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. بەختىيارنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئى بەختىيار، مەن سېنىڭ جېنىڭغا ئامانلىق بەردىم. ئۆزۈمگە يېقىن قىلدىم، تامام بەگلەر ئارىسىدا ئەزىز ۋە مۆتىۋەر قىلدىم ھەم ئۆزۈمگە سىرداش قىلدىم. ئەمما سەن بۇ ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە يامانلىق قىلدىڭ ۋە يامان نىيەتتە بولدۇڭ، ئى بەختىيار، كېچە كېلىپ قىلىچ تۇتۇپ تەخت ئۈستىدە يېتىپسەن، مېنى ئۆلتۈرگىلى قەست قىلىپسەن، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، سىلى دېگەن بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەردۇرمەن. ھەزرەتلىرى بۇنداق دېسىلە پەرمانبەرداردۇرمەن، — دەپ بەختىيار بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

نەزمە

ھەررەڭ خالىساڭ رىزامەن،
بىچارە تابىئەل قازامەن.

— ئى پادىشاھى ئالەم، مەستىلەردە مۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇلۇغلارمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەندى. ئېھتىمالى باركىن، ئۆيۈمگە بارغۇچە كىشىلەر زەرەر يەتكۈزمىسۇن دەپ قولۇمغا قىلىچ ئالغان بولسام

كىرەك . ئەمما بىلگىنىم يوق ، بۇ ھالدىن بىخەۋەردۇرمەن ، — دېدى .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، — دېدى ۋەزىر ، ئىجازەت بەرسىلە ، مەن كىرىپ بۇ ۋەقەنى مەلىكەمدىن ئېنىقلاپ باقسام .

پادىشاھ ئىجازەت بەردى . ۋەزىر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ دېدىكى :

— ئى مەلىكە ، سېنىڭ ئۇستۈڭدە دېيىلگەن نېمىدېگەن ئېغىر گەپ بۇ ؟

مەلىكە بېشىنى تۆۋەن سالدى . ئاندىن :

— ئى ۋەزىر ، بۇ ئىشتىن بىگۇناھدۇرمەن ، بۇنداق ئىشتىن خەۋەرىم يوق ، — دېدى .

— ئى مەلىكە ، — دېدى ۋەزىر ، — بۇ سۆزگە يۈز گۇۋاھچى بولسىمۇ پادىشاھ تىڭشىمايدۇ ، بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەمكىن ۋە پەرىشان . ئۇنىڭغا بىرلا گەپ ياقىدۇ . ماقۇل بولساڭ بۇ تۆھمەت سەن بىلەن تۈگەيدۇ . مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەيكى ، مەن نېمە دېسەم پادىشاھقا شۇنى دېگەيسەن ، چۈنكى مەن سېنى پەرزەنتىم دەپ كۆرىمەن ، مېنىڭ كۆڭلۈم ھەم بۇ ئىشتىن پەرىشاندۇر . ئەگەر سەندىن پادىشاھ سورىسا : « ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ ئوغرى يىگىتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭ ، ئۇنىڭغا بەختىيار دەپ ئات قويۇپ ، خەزىنىدار قىلدىڭ ۋە ھەرەمگە مەھرەم قىلدىڭ ، ئەمما ئۇ يامان نىيەت بىلەن نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتىپ ماڭا دوست بولسۇن ، بولمىسا پادىشاھنى ئۆلتۈرىمەن دېگەنىدى » دېگىن . پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىسا ئەلۋەتتە ئول ئوغرى يىگىتنى ئۆلتۈرىدۇ .

مەلىكە ۋەزىردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ، دېدىكى :

— ئى مەككار ۋەزىر ، خۇدادىن قورقماي ماڭا مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتامسەن ؟ بىر بىگۇناھنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ ؟ مېنىڭ بۇنداق ئىشتىن خەۋىرىم يوق . ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم قانداق تۆھمەت قىلىمەن .

ۋەزىر ئېيتتىكى :

— ئى مەلىكە ، ئول ئوغرىنى ئۆلتۈرمەك ساۋابتۇر . چۈنكى ، ئۇ نەچچە يىل ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ناھەق قان تۆككەندۇر .

ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ھەر گۇناھ كەلسە ماڭا بولسۇن ، — دېدى .

— ئى ۋەزىر ، قانداق قىلساڭ ئۆزۈڭ قىل . قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تۆمۈر تىرنىقى سېنىڭ ياقاڭدا بولۇر ، — دېدى مەلىكە . ۋەزىر ھارامزادە بۇ سۆزنى ئىشتىپ خۇشال - خۇرام بولۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى .

نەزمە

دۇشمەن ئۆزرە قولۇم ئۇزۇن بولدى بۇگۈن ،
ھەسەت ئوتى يۈرىكىمدە ئىدى تۈگۈن .
كەلدى پۇرسەت پادىشاھقا مەلۇم قىلاي ،
مىڭ گۇناھلار يۈكلەپ ئاڭا جانىنى ئالاي .

ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا چىقىپ ، مەلىكىگە ئۆگەتكەن سۆزلىرىنى مەلىكە نامىدىن بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ مەلىكىنى ئېلىپ چىقتى . پادىشاھ سورىغاندى ، ۋەزىرنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى دېدى . پادىشاھ مەلىكىنى زىندانغا بۇيرۇدى . ئاندىن پەرمان قىلىپ :

— جاكارلانسۇنكى ، ئەتە پۈتۈن خالايىق يىغىلىپ جەم بولسۇن ، بەختىيارنى ئۆلتۈرۈپ ئىبرەت قىلىنغايكى ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە بۇنداق يامان نىيەتتە بولمىغاي ، — دېدى . بۇنىڭدىن ۋەزىرلەر خۇشال بولۇپ ياندى .

ئەلقىسسە ، بىرىنچى كۈنى بىرىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ ھەمدۇسانادىن كېيىن تىل ئېچىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى :

نەزمە

دۆلىتىڭ يارى ۋە ياۋەرى بولسۇن ،
دۇشمىنىڭ كۆزى كۆرمەس كور بولسۇن .
دۆلىتى نازىلە جاھاننى كەچۈر ،
دۇئايىڭ مۇستەجاب تەگرى ئەيلىسۇن .

— ئى پادىشاھ ، بۇ ئوغرى يىگىتنىڭ ئىشىنى پاتراق تامام قىلماق كېرەك . چۈنكى ، بۇ ۋەقەنى خالايىقلار ۋە باشقا پادىشاھلار ئاڭلاشتىن بۇرۇن بېسىقتۇرۇش زۆرۈردۇر . ئەگەر ئۇنداق قىلماي ، بۇ ئىش كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئىشىتىلسە سىزنى ۋە مەلىكىنى نېمە دەيدۇ ، — دېدى .

پادىشاھ ئازادە بەخت ۋەزىردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ، بەختىيارنى كەلتۈردى . ئۇنىڭغا قەھرى غەزەپ بىلەن بېقىپ :

— ئى بەختىيار ، سېنى بۈگۈن شۇنداق ئۆلتۈرسۇنكى ، تامام خەلقى ئالەم ئىبرەت ئالغاي ، — دېدى . بەختىيار دۇئا ۋە ساناغا ئېغىز ئېچىپ دېدى :

— پادىشاھىم ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ، دۆلىتىڭ زىيادە بولغايكى . خۇداۋەندى ئالەم ئۆزى گۇۋاھدۇركى ، بۇ ئىشتا مەن گۇناھسىزدۇرمەن . بۇ ئىشمۇ خۇددى ئاقىل پادىشاھنىڭ قۇشىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاشتۇر . ئاقىل پادىشاھمۇ قۇشنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى . ئاخىر پۇشايمان قىلدى . پۇشايمان ئورنىغا كەلمىدى .

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ .

## ۋاپادار قۇش ھېكايىسى

بەختىيار ئېيتتى :

— تارىخ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بىر پادىشاھ بار ئىدى-كى ، ناھايىتى خەلقپەرۋەر ئىدى . بىر كۈنى ئول پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە شىكار ھەۋىسى كېلىپ ، تامام لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قىرىق كۈن-لۈك سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ شىكارغا ئاتلاندى . بىر باياۋاندا بىرقانچە كېيىكلەرنى قورشىۋالدى . پادىشاھ يارلىق قىلىپ :

— ھەر كىمنىڭ ئالدىدىن بىر كېيىك چىقىپ كېتىدىغان بولسا ، ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ يوقىتىۋېتىمەن ، — دېدى ، لەشكەرلەر ھەممە كېيىكلەرنى تۇتتى . ئەمما بىر كېيىك پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە ، بىر سەكرەپلا پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قاچتى . پادىشاھنىڭ قولىدا قۇش بار ئىدى . لەشكەرلەرگە : « ھېچكىم مېنىڭ ئارقامدىن كەلمىسۇن ، كېيىكنى ئۆزۈم قوغلايمەن » دەپ پەرمان

قىلىپ ، ئۆزى كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى . ئالتە پەرسەڭ يول يۈرگەندە ، ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ كېتىپ باراتتى ، بىر تاغقا يەتتى . كېيىك بېرىپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . پادىشاھ كېيىكنىمۇ تۇتالماي ، ئۇسسۇزلۇقتىن ھەرقانچە ئىزدەپ باقسىمۇ سۇ تاپالمىدى . يىقىلاي دەپ قالغاندا بىردىنلا كۆردىكى ، تاغنىڭ كامىرىدىن سۇ تامچىغىلى تۇرۇپتۇ . دەرھال يېنىدىن ئالتۇن جامنى ئېلىپ سۇغا تۇتتى . بىردەمدىن كېيىن جام تولدى . ئەمدى ئىچەي دەپ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشكە قۇش قانىتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ سۇنى ئۆرۈۋەتتى . پادىشاھ جامنى يەنە تۇتتى . ئوتتۇرا بولدى . يەنە ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا قۇش قانىتىنى ئاچتى ، جامدىكى سۇنى چاچتى . شۇنداق قىلىپ پادىشاھ جامنى ئۈچ نۆۋەت توشقۇزغاندى ، قۇش ئۈچ نۆۋەت تۆكۈۋەتتى . پادىشاھ تولىمۇ ئۇسساپ كەتكەندى . ئول قۇشنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرغاندى ، قۇش ئۆلدى . پادىشاھ پىيادە بولۇپ تاغ بېشىغا چىقىپ كۆردىكى ، بىر ئەجدىھا تاغ تېكىسىنى يۇتقانىكەن ، مۇڭگۈزى ئاغزىغا پاتماي ئۆلۈپتۇ . ھېلىقى تېمىپ چۈشكەن سۇ ئەجدىھانىڭ زەھىرى ئىكەن .

پادىشاھ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ياقىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ يىرتىپ ، قۇشنى ئۆلتۈرگىنىگە ھەسرەت ـ نادامەتلەر قىلدى . ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى . ئاخىر يېنىپ بېرىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى لەشكىرىگە باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى . پادىشاھ شۇنىڭدىن باشلاپ قۇشنى كۆڭلىدىن چىقىرالماي ، ئۆلگۈچە ئول قۇشنىڭ ھەسرىتىدە يىغلاپ ئۆتتى .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، مېنىمۇ ئالدىراپ ئۆلتۈرسىڭىز ، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ۋاقىتتا مىڭ نادامەت قىلغان بىلەنمۇ پايدا بەرمەيدۇ ، — دېدى . بۇ سۆز پادىشاھقا خۇش كېلىپ بەختىيارنى ئەتە ئۆلتۈرسۇن ، دەپ زىندانغا سالدى .

ئەلقىسسە ، ئىككىنچى كۈنى ، ئىككىنچى ۋەزىر نوزۇر شاھ پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ بارگاھىغا ھەمدۇ سانالارغا تىل ئېچىپ :

— ئى پادىشاھ ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇنكى ، بۇ ئوغرى يىگىتنىڭ ئىشنى پاتراق تامام قىلماق كېرەككى ، ئۇنىڭ خىيانىتى

ئالەمگە پاش بولمىغاي ، ئۆزگە پادىشاھلار ھەم ئىشتىپ قالمىغاي ، — دەپ ئالدىراتتى . پادىشاھ بەختىيارنى كەلتۈرۈپ :

— ئى بەختىيار ، بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، پۈتۈن سىپاھلارغا پەندىيات بولسۇن ، — دېدى .

— ئى پادىشاھىم ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ، دۆلىتىڭ ئۇزۇن بولسۇن ، — دېدى بەختىيار ، — رۇخسەت بەرسەڭ بىر سۆزۈم بارئىدى ، شۇنى دەۋالاي ، خۇدايىتائالا گۇۋاھدۇركى ، مەن بۇ ئىشتا گۇناھسىزدۇرمەن . مېنىڭ ئىشىم بەختى يانغان سودىگەرنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭمۇ بەختى يېنىپ مېھنەت - مۇشەققەت يۈزلەنگەنىدى .

نەزمە

سال قۇلاق ئى شاھى سۇلايمان پىر ،
ئېيتايىن مەن ساڭا شىكەستە خەبەر .
بىر مالدار بار ئىدى گويا قارۇندەك ،
يانغانىدى بەختى كەتتى پۇل ھەم زەر .

پادىشاھ :

— ئول بەختى يانغان سودىگەرنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

## بەختى يانغان سودىگەرنىڭ ھېكايىسى

تارىخ سەھىپىلىرىدە كەلتۈرۈپتۇلاركى ، ھەررە شەھىرىدە بىر سودىگەر بار ئىدى . مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى . ئاخىر ئول كىشىدىن ئامەت ياندى ۋە مېھنەت يۈزلەندى . ھەرقانچە قىلسىمۇ ئوقتى قولىدىن چىقىپ كېتىۋەردى . نېمىلا قىلسا زىيان تارتتى . ئۇ ئاشلىق ئالدى - دە ، سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئاشلىقنى ئامبارغا توپلاۋەردى . پايدا ئالىمەن دەپ ساقلىغانىدى . كېلەركى يىلى ئاشلىقنى ھېچ كىشى پۇلغا ئالمىدى . ئۇنىڭ ئاشلىقى تامامەن سېسىپ كەتتى . مە-

ھەللە خەلقى سېسىقچىلىقتا تۇرالماي، ئاشلىقىڭنى يوقات. بولمىسا ئۆزۈڭ بىر تەرەپكە يوقالغىن، دەپ غوۋغا قىلدى. سودىگەر بار پۇلىغا مەدىكار ئېلىپ ئاشلىقنى باغقا تۆكۈپ ئاران قۇتۇلدى. سودىگەر: «ئەمدى ھېچنېمەم قالمىدى. ھويلا - ھەرەملىرىمنى سېتىپ پۇل قىلىپ رەخت ئالاي، ئۇنى بىر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تاپاي» دەپ ئويلاپ، ھەممە نەرسىسىنى سېتىپ پۇلىغا مال ئېلىپ كارۋانلار بىلەن راۋان بولدى. ئۇ بىر دەرياغا يېتىپ كېلىپ نەچچە كۈن كېمە بىلەن يۈردى. بىر كۈنى كېمە غەرق بولدى - دە، تامام خەلق ھالاك بولدى، ئەمما بۇ سودىگەر تۆت كىشى بىلەن كېمىنىڭ بىر تال شېلىغا ئېسىلىۋېلىپ سۇ ئىچىدە ئون كۈن يۈردى. ئون بىرىنچى كۈنى دەريانىڭ قېشىغا چىقتى. قالغان ھەمراھلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە كەتتى. سودىگەر بىر كەنتكە چىقىپ قېلىپ بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدى. دەرۋازىغا: «بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى مۇساپىرلارغا دوست، غېرىبلارغا غەمخوردۇر» دەپ خەت پۈتۈلگەنىكەن، خەتكە قاراپ تۇرغانىدى، بىر كىشى چىقتى - دە:

— ئى يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن؟ — دېدى.

سودىگەر ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. ئول كىشى كىرىپ خوجا دېھقانغا ئېيتتى. خوجا دېھقاننىڭ رەھمى كېلىپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن دېدىكى:

— سەن مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىن. مەن ساڭا دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرىنى بېرەي، دېھقانچىلىق قىلساڭ، ئەلۋەتتە، بىر نەرسە ھاسىل بولۇپ قالار.

سودىگەر بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

نەزمە

ئى ساخاۋەتچى كەرىم بەھرى بولسۇن،
ئۆمرۈڭ ئەزىز كۆڭلۈڭ شاد - خۇرام بولسۇن.
لۇتفىلەرنى ھەممە ئەلگە ئەيلىدىڭ،
قايغۇلارنى ھەم بېشىدىن ھەيدىدىڭ.

خوجا دېھقان ئامبارنىڭ قۇلۇپ، ئاچقۇچلىرىنى سودىگەرگە بەردى ۋە يەنە:

— ئى سودىگەر، ئەمدى دېھقانچىلىق ئىشىغا كىرىشكىن، خامان ۋاقتى بولغاندا، مەن ساڭا كۆكلۈك سۆيۈنگۈدەك ئاشلىق بېرەي، ئۇنى سېلىۋالغىن، — دېدى.

خوجا سودىگەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. خامان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاشلىقلارنى ئامبارغا توشۇدى. خوجا سودىگەر ئويلىدىكى: «مەنمۇ ئازراق ئاشلىق ئېلىپ بۇ يەرگە قويۇپ قوياي، ئەگەر دېھقان ئەجرىمنى بەرسە ياخشى بولغىنى، بەرمەي قالسا شۇنى ئېلىپ ئىشلەتمەيمەنمۇ» دەپ بىر مۇنچە ئاشلىقنى ئورا كولاپ بىر يەرگە كۆمۈپ قويدى.

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى ئوغرى كېلىپ بۇ يەردە ئورا بارلىقىنى بىلىپ قالدى ـ دە، كۆمگەن ئاشلىقنى ئوغرىلار ئېلىپ كەتتى. بۇنى سودىگەر بىلمىدى. ئەتىسى خوجا دېھقان سودىگەرنىڭ ئەجرىنى بەردى. بەلكى زىيادىرەك ھەم بەردى. سودىگەر خاتا قىلغانىدى. بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلىپ دېھقانغا:

— ئى خوجا، بىر يامان ئىش قىلىپ قويدۇم. مېنى كەچۈرگىن، — دېدى.

— نېمە قىلغانىدىڭ؟ — دېدى دېھقان.

— ئى خوجا، — دېدى سودىگەر، — مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بىرنەچچە تاغار ئاشلىقنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىدىم. ئەمدى ئەجرىمنى زىيادىرەك بەردىڭ. سەندە ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى. كىشى قوشقىن، مەن ئۇ ئاشلىقنى ئېلىپ كېلەي.

دېھقان بىرنەچچە كىشىنى قوشتى. بۇلار تاغارلىرىنى ئېلىپ كەلسە ئاشلىقنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە ئىستەپ باقتى، ئەمما ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. سودىگەر بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، بۇ ماڭا كەلگەن نېمە پېشكەللىك، دەپ ئاھ ـ نادامەتلەر چەكسىمۇ پايدا بەرمىدى. ئاخىر

خىجالەت بولۇپ دېھقاننىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. دېھقان سودىگەرنىڭ بۇ ئىشنى ئوبدان كۆرمىدى ۋە ئېيتتىكى:

— بۇرادەر، ئەمدى يەنە بىر يەرگە بېرىپ بېقىڭ، — دەپ رۇخسەت بەردى. سودىگەر يۈزلىگەن خارلىق بىلەن يەنە بىر تەرەپكە راۋان بولدى. بىرنەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندە بىر دەريا بويىغا يەتتى. ئۇ يەردە دەريا ئاستىدىن گۆھەر ئىزدىگۈچى بىرقانچە غەۋۋاسلار ئۇنىڭ ھالىنى سورىغاندى، سودىگەر ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىنى بايان قىلدى. غەۋۋاسلارنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ: «ھەممىمىز دەرياغا كىرەيلى، قايسىمىزنىڭ قولىغا نېمە چىقسا ئۇنىڭغا بېرەيلى» دەپ دەرياغا چۆمۈلدى. ھەممىسى بىرەر پارچىدىن مەرۋايىت ئېلىپ چىقتى، لېكىن بۇنداق مەرۋايىت ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق ئىدى. ھەممىسى بۇ مەرۋايىتلارنى سودىگەرگە بەردى.

ئەلقىسسە، خوجا سودىگەر جاۋاھىرلارنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. يولدا بىرنەچچە ئوغرىلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. سودىگەر ئۇلاردىن قورقۇپ ئەندىشە قىلىپ: «ئۈچ دانە مەرۋايىتنى ئاغزىمغا سالاي، ئۈچ دانە مەرۋايىتنى ئاستىمدىن ئىچىمگە سالاي، ئوغرىلار بىلىپ قېلىپ يەنە ئېلىۋالمىغاي» دەپ شۇنداق قىلدى. بىردەم يول ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا سودىگەر سۆزلەشكە توغرى كەلدى ـ دە، شۇنداق سۆزلەش بىلەنلا ئاغزىدىن بىر تال مەرۋايىت يەرگە چۈشتى. ئوغرىلار بۇنى كۆرۈپ سودىگەردىن بار نەرسىلىرىڭنى بىزگە بەرگىن، بولمىسا ئۆزىمىز ئالىمىز، دەپ تۇتۇشتى. سودىگەر بەرمىگەنىدى، ئوغرىلار ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرۇپ ئاغزىدىكى يەنە ئىككى تال مەرۋايىتنىمۇ ئېلىپ كەتتى. سودىگەر قولىدىكى مەرۋايىتلار كەتسىمۇ قوڭىغا يوشۇرغانلىرى ئۆزىگە قالغانىدى. بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ يولىغا ماڭدى. يەنە بىر قانچە كۈن مېڭىپ بىر شەھەرگە يەتتى. بۇ يەردە قونۇپ ئەتىسى بازارغا كىردى. ئېلىپ ـ ساتقۇچىلار سودىگەرنىڭ قولىدىكى مەرۋايىتنى كۆرۈپ بىلدىكى، بۇنداق مەرۋايىت ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق. جاۋاھىرپۇرۇشلار مەسلىھەتلىشىپ سودىگەرنى ئوغرى دەپ تۆھمەت قىلىشماقچى

بولۇشتى . سودىگەرگە :

— بۇ مەرۋايىت بىزنىڭ ئىدى ، سەن نەدىن ئالدىڭ ؟ سەن دەر-ەقتىقەت ئوغرى ، ياكى بولمىسا لەشكەر بولساڭ كېرەك ، — دېدى . سودىگەر :

— ھەي خوجىلار ، نېمىدەپ ماڭا مۇنداق بوھتان قىلىسىلەر ، — دېيىشكە ئۇلار غوۋغا قىلىپ :

— بۇ جاۋاھىرلارنى بىز يىتتۈرۈپ قويغانىدۇق ، سەن نەدىن ئالدىڭ ؟ — دەپ ئېسىلىۋالدى . ئادەملەر تاماشا كۆرگىلى يىغىلدى . شۇنداق قىلىپ سودىگەرنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى . كۆرۈنۈشتە جاۋاھىرپۇرۇشلار خالايىق ئالدىدىمۇ ، پادىشاھ ئالدىدىمۇ ئىشەنچلىك ئىدى . بۇلار دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بىرنەچچە زامان بولغانىدى . بىر ساندۇق جاۋاھىرىمىزنى يىتتۈرۈپ قويغانىدۇق . شۇ جاۋاھىرلارنىڭ ئۈچ دانىسىنى ئۇشبۇ كىشىدىن تاپتۇق . باشقىلىرىنى بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ ، — دېدى . پادىشاھ سودىگەردىن سورىدى . سودىگەر ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . ئەمما ، پادىشاھنىڭ نەزىرىدە سودىگەرنى يالغانچى دەپ قارايتتى . پادىشاھ سودىگەرگە جاۋاھىرلارنىڭ باشقىلىرىنىمۇ تاپسەن ، دەپ ھۆكۈم قىلدى . سودىگەر بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ ، مەن ئوغرى ئەمەس ، دەپ ھەرقانچە نالە - پىغانلار قىلسىمۇ ئۇنىماي زىندانغا تاشلىدى . مەرۋايىتلىرىنى ئېلىۋالدى .

سودىگەر بىچارە ھەقتائالاغا نالە - زار قىلاتتى . بىر كۈنى ئول غەۋۋاسلاردىن بىر نەچچىسى بىر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىپ يۈرگەنىدى . بىردىنلا كۆڭلىگە : « زىندان بېشىغا بېرىپ ، ئۇلارغا نەزىر بېرىپ ئۆتكەچ ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ كېتەيلى » دېگەن نىيەت كەلدى - دە ، زىندان بېشىغا بېرىپ زىندانچىدىن ئىجازەت تىلىدى . زىندانچىدىن رۇخسەت ئېلىپ زىندانغا چۈشتى ۋە زىندان ئەھلى بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇرۇپ بىردىنلا سودىگەرنى كۆرۈپ قالدى - دە ، سورىدى :

— ئى خوجا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟

سودىگەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. غەۋۋاسلار ئىچ ئاغرىتىپ :

— ئى سودىگەر، غەم قىلمىغىن، ئەته پادىشاه بىلەن كۆرۈشۈپ گۇناهىڭنى تىلەيمىز، — دەپ زىنداندىن چىقىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، غەۋۋاسلار پادىشاهنىڭ قېشىغا باردى. غەۋۋاسلارنىڭ باشلىقى پادىشاه بىلەن ئىناق ئىدى. ئۇل غەۋۋاس سودىگەرنىڭ هالىنى پادىشاهقا مەلۇم قىلىپ :

— ئى پادىشاهى ئالەم، بۇ كەمبەغەلگە بىز ئالتە دانە مەرۋايىت بەرگەنىدۇق. جاۋاهىرپۇرۇشلار ئۇل كەمبەغەلگە تۆهمەت قىلىپ مەرۋايىتلىرىنى تارتىۋېلىپ زىندانغا سولتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە ؟ — دېدى. پادىشاه بۇ سۆزنى ئاڭلاپ هەيران قالدى، پۇشايماندىن بارماقلىرىنى چىشلەپ دەرهال بۇيرۇپ سودىگەرنى زىنداندىن چىقىرىپ كەلدى. جاۋاهىرپۇرۇشلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار سودىگەرنى كۆرۈپ هىيلە - مىكىرلىرىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى بىلىپ هوش - باشلىرىدىن كەتتى. پادىشاه جاۋاهىرپۇرۇشلارغا قاتتىق ئازار قىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. جاۋاهىرنى سودىگەرگە ئېلىپ بەردى ئۇنىڭغا قوشۇپ جاۋاهىرپۇرۇشلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنىمۇ ئېلىپ بەردى.

— ئى پادىشاهى ئالەم، مېنى ئالدىراپ ئۆلتۈرسىلە ئېهتىمال سودىگەردەك گۇناهسىزلىقىم ئىسپاتلانسا ئۇ چاغدا پۇشايمان پايدا بەرمەسمىكىن، — دېدى بەختىيار.

پادىشاه ئازادە بەختكە بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ :

— بەختىيارنى بۈگۈن ئۆلتۈرۈشنى كېچىكتۈرۈپ، زىندانغا سېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۈچىنچى كۈنى، ئۈچىنچى ۋەزىر مىرانشاه پادىشاه ئازادە بەختنىڭ بارگاهىغا كېلىپ هەمدۇسانالاردىن كېيىن، ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاهى ئالەمپاناه، بۇ خەۋەر ئالەمگە پاش بولۇپ كەتسە بەتنامغا قېلىشتىن قورقماقتىمەن. ئۆزگە پادىشاهلارغا ئاڭلىنىشتىن بۇرۇن

بەختىيارنى ئۆلتۈرمەك كېرەك . — پادىشاھ :
— بەختىيارنى ئېلىپ كېلىڭلار ، — دەپ كەلتۈردى .
پادىشاھ ئۇنىڭغا :
— ئى بەختىيار ، بىگۇناھلىق دەۋاسىنى قىلىسەن . ئەمما بىگۇناھلىقىڭ مەلۇم بولمىدى . ئەمدى نېمە دەيسەن ؟ — دېدى . بەختىيار شېكەر سۆزلۈك تۇتىلاردەك سۆزگە كىرىپ دېدىكى :
— ئى پادىشاھى ئالەم ، بىر سۆزۈم بار ئىدى . ئىجازەت بولسا ئېيتىۋالسام ؟
پادىشاھ ئازادە بەخت ئىجازەت بېرىپ :
— قېنى ئېيتقىن ، — دېدى .

## ھەلەب شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى

— ئى پادىشاھى ئالەم ، — دەپ باشلىدى بەختىيار ، — ئۆتكەن پادىشاھلار زىندانىنى بىر ھېكمەت بىرلە بەرپا قىلىپدۇركى ، كىمنىڭ گۇناھكار ، كىمنىڭ گۇناھسىزلىقى ئاندا مەلۇم بولىدۇ ، بىر ئىشتا سەۋر قىلماق كېرەك ، سەۋرسىزلىك ئىش ئاخىر نادامەت كەلتۈرىدۇ .
ئى پادىشاھى ئالەم ، تارىخ سەھىپىلىرىدە ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى ، ھەلەب شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئادىل ، خەلقپەرۋەر ئىدى . پادىشاھنىڭ بەھزات ئاتلىق بىر ئوغلى بارئىدى . ئۇ ھەممە ئىلىم - بىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى . ئەمما ئالدىراڭغۇ ئىدى . بىر كۈنى شاھزادە خاس بەگلەر ، ۋەزىرلەر بىلەن ئولتۇراتتى . بىر ۋەزىر ئېيتتىكى :
— ئىككى يىل بۇرۇن ، بىر شەھەرگە سودا قىلغىلى بارغانىدىم ، ئوغرىلارغا ئۇچراپ قالدىم . ئۇلار بار - يوقۇمنى ئالدى . مېنى غەمگە سالدى . بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . كەچ بولغانىدى ، قورقتۇم ، ئورنۇمدىن دەرھال قوپتۇم ، بىر يوغان دەرەخنى كۆردۈم ، ئۇنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئولتۇردۇم . بىر سائەتتىن كېيىن قۇلىقىمغا چاڭ ۋە راۋاب ئاۋازى كەلدى . چىراغنىڭ شولىسى چۈشتى ، كۆردۈمكى ، خۇش قامەت ئوغۇللار ، چىرايلىق قىزلار ئوينىشىپ

ئۆتۈشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كېنىزەكلەر كېلىپ ئىپار ـ زەپەر-لەر بىلەن بۇي سېلىپ كەتتى . بىر كەمدە ، بىر مەپە ئىچىدە بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتىكى ، ئايمۇ ئۇنىڭ جامالىغا رەشك قىلىدۇ . شائىرلار ئېيتىپتۇكى :

يۇزى ئانداغ يۇز ئىدىكى تۇردى چاقناپ ،
ئول ئەمەس ئىنسان يۇزىدۇر بەلكى ئاپتاپ .

بەھزات ۋەزىردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئول قىزغا جان ـ دىل بىلەن غايىبانە ئاشىق بولۇپ سورىدىكى :

— ئول قىز كىمنىڭ قىزى ئىكەن ؟

— بىر كىشىدىن بۇ قايسى شەھەردۇر ، — دەپ سورىغانىدىم ، بۇ رۇم شەھىرىدۇر ، دەپ جاۋاب بەردى . ئول قىز پادىشاھ قەيسەرنىڭ قىزىدۇر . باغ تاماشىسىغا كەلگەنىكەن . ئىسمى نىگارىندۇر ، — دەپ ۋەزىر سۆزىنى تامام قىلدى . بەھزات :

— ئى ۋەزىر ، قوپقىن ، پادىشاھ قېشىغا بارايلى . سەن بۇ سۆز-لەرنى ئۇنىڭغىمۇ ئېيتقىن . مەن پادىشاھقا ئەرز قىلغايمەنكى ، پادىشاھ ئول قىزنى ماڭا ئېلىپ بەرگەي ، — دەپ پادىشاھ قېشىغا كەلدى . بۇلارنىڭ كەلگىنىنى پادىشاھقا خەۋەر بولدى . ۋەزىر دەرھال پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ تۇردى . پادىشاھ سورىدىكى :

— ئى ۋەزىر ، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟ نېمە سەۋەب بولدى ؟

ۋەزىر بەھزاتنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئوغلۇم ئوبدان دەپتۇ . ئۇنى ئۆيلەش ۋاقتى بولغانىدى . ئەمما لايىق كىشى يوق ئۈچۈن تۇرۇپ قالغانىدىم . ئەمدى مەلۇم بولدى ، بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى مەن قىلىمەن ، — دەپ ۋەزىرنى ياندۇردى .

ۋەزىر خۇشال بولۇپ بەھزاتنىڭ قېشىغا باردى ۋە :

— ئى شاھزادە ، پادىشاھىم بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلسۇن دەيدۇ ، — دېدى . بەھزات ۋەزىرگە :

— مالڭ بارغىن ، ئەلچى ئەۋەتسۇن ، — دەپ تورۇۋالدى . ۋەزىر يەنە باردى ، بەھزاتنىڭ سۆزىنى پادىشاھقا يەتكۈزگەندى ، پادىشاھ :

— ئى ۋەزىر ، ئەلچى بارغان بىلەن قىزنى بەرمەيدۇ . چۈنكى ئۇ ، باشقا ۋىلايەتنىڭ قىزى ، — دەپ ياندۇردى . ۋەزىر كېلىپ بەھزاتقا ئېيتقاندى :

— سەن يەنە بارغىن ، ئەلچى ئەۋەتمىسە ئۆزۈم بارىمەن ، — دەپ ۋەزىرنى يەنە ئەۋەتتى . پادىشاھ ۋەزىردىن بەھزاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ « بەھزات سەۋر قىلالماپتۇ » دەپ ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولدى . چۈنكى ، پادىشاھنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى . بەھزات بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى .

ئەلقىسسە ، ئەتىسى ئەلچىلەر ماڭدۇرۇلدى . نەچچە زامان يول يۈرۈپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ باردى . قەيسەر رۇمنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھەلەب پادىشاھىنىڭ سۆزىنى مەلۇم قىلدى . قەيسەرگە بۇ سۆز ياقمىدى . ئېيتتىكى :

— ئانداق بولسا ، مىڭ تۆگە قىزىل ئالتۇن ئېلىپ كەلسە قىزىمنى بېرىمەن ، — دېدى . ئەلچى كېلىپ بۇ سۆزلەرنى ھەلەب پادىشاھىغا يەتكۈزدى . پادىشاھ ئاڭلاپ :

— مەن ئېيتمىدىممۇ ، قەيسەر قىزىنى بەرمەيدۇ دەپ ، — دېگەندى . بەھزات :

— ئاتا ، قەيسەرنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغىن ، بولمىسا ئۆزۈم بارىمەن ، — دەپ تورۇۋالدى . پادىشاھ ئىلاجسىز قوبۇل قىلدى . پۈتۈن خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيانى چىقارسىمۇ ئازلىق قىلدى . بەھزات دېدىكى :

— ئى ئاتا ، پۇل چىقىشمىسا پۈتۈن ئەسۋاب ـ تەئەللۇقاتنى ، قول ، دېدەكلەرنى ساتقىن ، — دەپ تۇردى . بەھزاتنىڭ سۆزى بويىچە ھەممىنى ساتقاندى . ئۇمۇ ئازلىق قىلدى . بەھزات ئاندىن :

— ئى ئاتا ! قالغان كېمىنى پۈتۈن شەھەر خەلقىدىن سېلىق قىلىپ ئالغىن ، — دېدى . پادىشاھ :

— شەھەر خەلقى ئاز ، ئۇنداق قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ ، — دەپ

تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇنىماي « ئۆزۈم بارىمەن » دەپ تۇرۇۋالدى، ئاخىر تەڭچىلىكتە شەھەر خەلقىغە سېلىق سالغانىدى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ توشمىدى. بەھزات مۇشۇنى بولسىمۇ ئەۋەتمەك كېرەك، دەپ بۇ ماللارنى ئەۋەتكەنىدى، قەيسەر « يەنە قالغىنىنىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار » دېدى. بەھزات ئاتىسىغا « بۇ ماللارنىڭ كېمىنى تاپقىن » دەپ تۇرۇۋالدى. ئاتىسى:

— ئى ئوغلۇم، سەۋرى قىلغىن، بىرنەچچە كۈندە جەم قىلايلى، — دېدى. بەھزات پادىشاھ قېشىدىن غەمكىن يېنىپ چىقتى، ئۆزۈم تەدبىر قىلاي، دەپ بىرنەچچە قۇللار بىلەن ئاتلارغا مىنىپ رۇم تەرىپىگە راۋان بولدى، بۇلار مەسلىھەتلىشىپ، يولدا كارۋان ئۇچرىسا بۇلاپ پۇلىنىڭ كېمىنى شۇ يول بىلەن تولۇقلىماقچى بولدى، كېتىپ باراتتى، بىر تەرەپتىن كارۋانلار كەلدى. بەھزات كارۋانلار بىلەن ئانداق جەڭ قىلدىكى، كارۋانلار كۆپ ئىدى، ئۇلار بەھزاتنى تۇتۇپ كارۋان باشلىقىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. كارۋان باشلىقى قارىسا بىر ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ پەرزەنتىدەك كۆرۈندى. ئۇ سوراپ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ، كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسەن؟ — دېگەنىدى، بەھزات:

— ھەلەب پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. كارۋان بېشىنىڭ رەھمى كېلىپ:

— ئى شاھزادە، غەم يېمىگىن، مالنىڭ كېمىنى مەن راسلاپ بېرەي ۋە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، ئەمما مالنىڭ ئۆتىنىسىنى يەنە بېرىسەن، — دېدى. بەھزات جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلدى. كارۋان بەھزاتنى رۇمغا ئېلىپ باردى. ئەتىسى قەيسەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. قەيسەر بەھزاتنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەقسىتىنى سورىغانىدى، « مەقسىتىم نىگارىنىدۇر » دېدى. قەيسەر قوبۇل قىلدى. چاھار باغقا چۈشۈردى. ئالىي زىياپەتلەر بېرىپ: « بەھزاتنى زېرىكتۈرۈپ قويماڭلار » دېدى. دەرھال سازچى، ئۇسسۇلچىلارنى يىغىپ نەغمە-ناۋالارنى باشلىۋەتتى. ئەمما بەھزاتنىڭ

بۇلار بىلەن كارى يوق، نىگارىنىڭ پىراقىدا بىقارار ئىدى. بەھزات
بەزمىدىن چىقىپ نىگارىنىڭ سارىيىنىڭ قېشىغا كەلدى. نىگارىنى كۆ-
رۈش ئۈچۈن بىر تۆشۈكتىن قارىغانىدى. نىگارىنى كۆردى. نىگارىمۇ
بەھزاتنى تونۇدى. بىر كېنىزەككە بۇيرۇپ:

— ئۇل بىئەدەپنىڭ يۈزىگە دۈشاخە ( قۇش مۈڭگۈز ) ئۇر-
غىن، — دېدى. كېنىزەك دەرھال دۈشاخە بىلەن بەھزاتنىڭ كۆزىگە
ئانداق ئۇردىكى، بەھزاتنىڭ كۆزى قارىغۇ بولدى. بەھزات پەرياد - پىغان
قىلدى. سورۇن ئەھلى تامام ھازىر بولدى. ئەھۋالدىن قەيسەرگە خەۋەر
يەتتى. قەيسەر ئاڭلاپ ھوش - كاللىسىدىن كەتتى، جېنى ئايىغىغا
يەتتى. دېدىكى:

— نېمە ئىلاج كېرەك، قازاغا چارە يوقتۇر. بەھزات سەۋرسىز ئو-
غۇل ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن كۆزدىن ئايرىلدى. ئەمدى ئاتىسىنىڭ قېشىغا
ئاپىرىپ قويۇڭلار، ۋەقەنى ئاتىسىغا ئېيتىڭلار، — دەپ قايتۇردى.
كارۋانلار بەھزاتنى ئېلىپ ئاتىسى قېشىغا ئېلىپ كىردى. ئەھۋالنى بايان
قىلغانىدى، ھەلەب پادىشاھى ئوغلىنىڭ غېمىدە دۇنيادىن كەتتى. پادى-
شاھلىق نۆۋىتى بەھزاتقا يەتتى. ئەمما شەھەر خەلقى: « بىزگە كور
پادىشاھنىڭ كېرىكى يوق » دېدى.

ئى پادىشاھى ئالەم، بەھزات سەۋر قىلغان بولسا، رۇم پادىشاھىنىڭ
قىزىنى ئېلىپ مۇرادىغا يەتكەن بولاتتى، دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەزمە

سەبرى گەر قىلسا يېتەر ئەردى مىراد،
قىلمىدى كۆز بولدى ئاخىر بەرباد.
ھەركىشى قىلسا سەبرى كام تاپار،
ھەممە غۇسسە ۋە غەمدىن ئۇ ئازاد.

— ئى پادىشاھىم، سەۋر قىلغايلا، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈپ بولغان-
دىن كېيىن گۇناھسىزلىقىم مەلۇم بولسا، ئۇ چاغدا نادامەت پايدا

قىلماس ، — دەپ بەختىيار ھېكايىنى تۈگەتتى .

بۇ سۆز پادىشاھقا خۇش كېلىپ :

— بەختىيارنى زىندانغا سېلىڭلار ، — دەپ ئەمر قىلدى . شۇنداق قىلىپ ئول كۈن كەچ بولدى .

ئەلقىسسە ، تۆتىنچى كۈنى ، تۆتىنچى ۋەزىر گەردۇس شاھ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ ھەمدۇساناغا تىل ئاچتى . ئاندىن كېيىن :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، پادىشاھلارغا سەۋرى قىلماق ياخشىدۇر ، ئەمما تولا بولۇپ كەتسە بەتناملىققا تارتىدۇ . چۈنكى ، ھەسەل ئۆزى شىرىن پادىدۇر . ئەمما تولا يېسە جاراھەت كەلتۈرىدۇ . بۇ بەختىيارنىڭ ئىشىدا تولۇق سەۋر قىلدىلا ، قورقىمەنكى ، بۇ ئىش ئەتىگە قالسا ، ئاما خاس ۋە بارچىگە نادامەت كەلتۈرگۇسىدۇر . پادىشاھ :

— بەختىيار دەرھال كەلتۈرۈلسۇن ، — دەپ سورىدى . جاللاتلار تەييار بولۇپ تۇردى . پادىشاھ ئازادە بەخت دېدىكى :

— ئى بەختىيار ، سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭ ئىسپاتلانمىدى . بۇگۈن سېنى ئانداق ئۆلتۈرەيكى ، بارچە خەلق سېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، — دېدى بەختىيار ، — ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ، دۆلىتىڭ ئۇزۇن بولسۇن ، ھەرگىز جېنىڭ تېنىڭدىن خالىي بولمىسۇن ، ئەمما سەۋر قىلماق ياخشىدۇركى ، بۇ ھەقتە شائىرلار مۇنداق دېگەن :

نەزمە

سەبرى ئېرۇر بارچە ئەلگە ئاسايىش ،
سەبرى قىلساڭ تەھقىقلەشكە ئاسان ئىش .
پادىشاھلار سەبرى بىلەن ياشارمىش ،
سەبرىسىزلىك بىئادالەت يامان ئىش .

سەبرىسىزدىن كېلىپ چىقار ئازار ئىش ،
ئازار بېرىش سۇلتانلارغا ناچار ئىش .
ئادىل شاھلار ئۆلگەندىمۇ ھاياتتۇر ،

بولسا ناھەق نەپرەتلەرگە قالارمىش .

— شاھىمۇ ، گادايىمۇ سەۋرى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ . ئەبۇ سابىرمۇ سەۋر بىلەن مۇرادىغا يەتكەنىدى .
پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدىكى :
— ئۇ قانداق بولغانىكەن ؟ . . .

## تاقەتلىك شاھ ئەبۇسابىر ھېكايىسى

بەختىيار شېرىن سۆزلۈك تۇتىلاردەك سۆزگە كىرىپ ئېيتتىلاركى : ئۆتكەن زاماندا بىر كىشى بارئىدى ، ئېتى ئەبۇ سابىر ئىدى . پۈتۈن خالايىقلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى . بىر كۈنى كەنتكە بىر ئەلەمدار كەلدى . ئۇ كېلىپ خەلققە زۇلۇم - ستەملەر قىلىشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردىن قېچىشقا باشلىدى . بىرنەچچە ياشلار قالغانىدى . ئۇلار ئۇ ئەلەمدارنىڭ زۇلمىغا پايلىيالماي ئېتىپاقلىشىپ ئۇل زالىمنى ئۆلتۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن قېچىپ كەتكەن خالايىقلار بىر كۈنى يىغىلىپ كېلىپ ئەبۇسابىرنىڭ قېشىغا باردى .
— بىرنەچچە قارا يامانلار ئول ئەلەمدارنى ئۆلتۈرۈپتۇ . بۇ ئىشتىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ئىدى . پادىشاھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا بىزگە زىيان يېتىپ قالارمۇ ؟ — دەپ سورىغانىدى .
— بۇنىڭدىن سىزلەرگە زىيان يەتمەيدۇ ، — دېدى .

نەزمە

بارچە ئىشلار بىناسى سەبرى ئېرۇر ،
قىل تەھەممۇل ھەر ئىشتا ئەندىشە .

خەلقلەر ئەبۇسابىردىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ياندى . بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى . پادىشاھ ئول خەلقنى تۇتۇپ خۇن باھاسىنى ئالدى . بىردىنلا پادىشاھنىڭ كۆزى بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئەبۇسابىرغا

چۈشتى ـ دە : « ئول كىشنى ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ ئىشارەت قىلدى . ئۇلار ئەبۇسابىرنى تۇتۇپ كەلدى . ئەبۇسابىر پادىشاھقا سالام قىلغاندى ، پادىشاھ جاۋاب سالامۇ بەرمەستىن ، ئۇنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى . ئەبۇسابىر زەخمەتلەر تارتىپ ئىشلىدى . ئۇ يەردە يەنە بىر كىشمۇ ئىشلەۋاتاتتى ، ئەبۇسابىر ئۇنىڭدىن :

— بۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندا ساڭا نېمە بېرىدۇ ؟ — دەپ سورىغاندى ، ئول كىشى جاۋاب بېرىپ :

— ئىشلەۋاتىمەن ، نېمە بېرىشنى بىلمەيمەن ، — دېدى . ئەبۇسابىر ئول كىشىگە :

— ئى بۇرادەر ، سەۋر قىلغىن . خۇدايىتائالا خالاس قىلىدۇ . — دەۋېتىپ تۇيۇقسىز تامدىن يىقىلىپ پۇتى سۇندى . پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ :

— سەن ئالدامچىكەنسەن ، باشقىلارنى سەۋر قىل ، دەپ ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمايدىكەنسەن ، پۇتۇڭ سۇنغان بولسا سەنمۇ سەۋر قىلساڭ ساقىيىپ قالىدۇ ، — دېدى .

— ئى پادىشاھىم ، — دېدى ئەبۇسابىر ، — بارچە ئىشتا سەۋر قىلغان ياخشىراقتۇر ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

سەبرى قىلغىلكى بولغايسەن سابىر ،
بارچە مۇشكۈل مۇھىملىرىڭ ئاسان .
نەچچە كۈنلەر ئىچىدە ياغقىسىدۇر ،
مېھنەت خەلق زەخمەتى سۇلتان .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ ئەبۇسابىردىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئۇنى باغلاتتى ۋە مىرغەزەپلەرگە بۇيرۇپ زىندانغا سالدى . شۇنداقتىمۇ خۇدايىتائالانىڭ قازاسىغا رىزا بېرىپ سەۋرى قىلدى ، بىر كۈنلەردە پادىشاھ ئۆلدى . ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى ، شەھەر خەلقى مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھ بولغۇدەك بىرەر يەزىلەتلىك كىشى تېپىش قارارىغا كېلىپ ، زىندانغا بېرىپ

زىندان ئەھلىدىن بىرقانچە سوئاللار سوراپ، ھەركىم شۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسە شۇنى پادشاھ قىلماقچى بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار زىندانغا كەلدى. زىندان خەلقىدىن سورىدىكى:

— كورى راۋان قايسى ئېرۇر؟

— ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتقان بېلىق ئېرۇر، — دېدى ئەبۇسابىر.

بۇ سۆز ھەممىگە ياردى. دەرھال زىنداندىن چىقىرىپ سەراپقا ئېلىپ باردى. سەراپتىن چىقىرىپ شاھانە سەرۇ پايلارنى كيدۈرۈپ ئارغىماققا مىندۈرۈپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. تامام خەلق ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولدى.

ئەلقىسسە، ئەبۇسابىر پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، تامام خەلققە ئادىل ـ ئادالەتلىك قىلىشقا باشلىدى، خەلقلەر ئۇنىڭدىن رازى بولدى، بۇ ھەقتە شائىرلار مۇنداق دېگەنىكەن.

نەزمە

ئەدلى بىلەن تولدى ئالەم ھەممە،
ئول شەبان ئەردى جاھان ئەھلى رەمە.

بىر كۈنى، ئىككى خوتۇن كىرىپ ئەبۇسابىر شاھقا داد ئېيتتى. ئەبۇسابىر ئۇلارنىڭ دادىنى سورىغانىدى. بىرى ئېيتتىكى:

— مەن بۇ كىشىدىن ئىككى بالا سېتىۋالغانىدىم. بۇ باللار:

— بىزنى ئوغرىلاپ ساتتى. بىزنىڭ ئەبۇسابىر دەپ ئاتىمىز بار ئىدى دەيدۇ، — دېدى. ئەبۇسابىرغا مەلۇم بولدىكى، بۇ باللار ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. باللارنى كەلتۈرگەنىدى، ئۆزىنىڭ باللىرى ئىكەن، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

نەزمە

ھەقغە ئېيتتىم سەنا يەنە،

كۆردۈم كەلدى بۇ نۆردىدە .

ئەمما ، بۇ ئوغۇللار ئەبۇسابىرنى تونۇمىدى . چۈنكى ، ئەبۇسابىر كەمبەغەل ئىدى . بۇگۈن ئۇ پادىشاھلىق سەلتەنەت تەختىدە تۇرغاچقا ئەلۋەتتە تونۇيالمايتتى . ئەبۇسابىر قۇشلاردىن :

— ئى باللار ، نېمە سەۋەبتىن ئازادلىق دەۋاسى قىلىسىزلەر ؟ — دېدى .

— ئى پادىشاھىم ، — دېدى باللار ، — ئەبۇسابىر ئاتلىق بىر ئاتىمىز بار ئىدى . بىر كۈنى ئاتا - ئانىمىز بىلەن سەپەرگە باردۇق . كېتىۋېتىپ بىر كىشىگە يەتتۇق . ئانىمىزنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ، بىزنى ھەم تارتىۋېلىپ ئېلىپ كەتتى .

ئەبۇسابىر بۇ باللار ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ئاشكارىلىمىدى . ئوغرىلاردىن سورىدىكى :

— راستىنى ئېيتقىن ، بۇ باللارنى قايدىن ئالدىڭ ؟

— بۇ باللار يالغان سۆزلەۋاتىدۇ . ھەرئىككىسى ئۆز پەرزەنتلىرىمدۇر ، — دېدى ئوغرى . بۇنىڭدىن ئەبۇسابىرغا ئەھۋال ئېنىق بولدى . ئاندىن ئوغرىنى زىندانغا بۇيرۇدى . باللارنى سېتىۋالغۇچىغا سېتىۋالغان پۇلنى خەزىنىدىن بەردى . ئاندىن پەرزەنتلىرىنى ھەرەمگە ئېلىپ كېلىپ : « مەن سىلەرنىڭ داداڭلار » دەپ تونۇشلۇق بەردى . باللار ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، جۇدا بولغاندىن تارتىپ يۈز بەرگەن ، كۆرگەن - ئىشتكەن ئىشلىرىنى بايان قىلىپ يىغلىشىپ ، ئاندىن خۇشال بولۇشتى .

نەزمە

ئاتاسى كۆردىكى پەرزەنت يۈزىنى ،
خۇدانىڭ شۈكرىگە ئاچتى سۆزىنى .
مەگەر يۇسۇپ يۈزىنى كۆردى يەئقۇب ،
چۇ يۇسۇپ كۆردى يەئقۇبنىڭ يۈزىنى .

ئەبۇسابىر پەرزەنتلىرىنى تېپىپ خۇشال ـ خۇرام بولدى ، ئەمما خـ ـنىنىڭ پىراقىدا يۈرەتتى . بىر كۈنى بىر ئەركىشى بىر خوتۇن بىلەن دەۋالىشىپ كىرىپ :

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ خوتۇن ماڭا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھۆرمەت قىلمايدۇ ، ــ دېدى . ئەبۇسابىر ئېيتتى :

ــ نېمە سەۋەبتىن پەرمان تۇتمايسەن ؟

ــ ئى پادىشاھى ئالەمپاناھ ، مېنىڭ ۋەقەيىم تولىدۇر ، ــ دېدى خوتۇن ، پادىشاھ ئېيتتى :

ــ ئى خوتۇن ، ئۇياتماستىن ھەممىنى ئېيت ، ــ دەپ ئىجازەت قىلدى . خوتۇن سۆز باشلاپ :

ــ ئى پادىشاھىم ، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىنىكى ، بۇ كىشى ماڭا دائىم زۇلۇم ـ سەتەملەر سالىدۇ . مەن بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئەمەس . شۇڭا بۇنىڭغا ئىززەت قىلمايمەن . زۇلۇم بىلەن مېنى خوتۇنۇم دەپ ئۆيدە ساقلاۋاتىدۇ . بۈگۈن پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كېلىش پۇرسىتى كەپتۇ . نېمە بولىدۇ ، مەندەك بىچارىنىڭ دەردىگە يەتسىڭىز ، ــ دېدى . بۇ ئايال يۈزىگە پەردە تارتقانىدى ، شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ تونۇمىدى . پادىشاھ دېدىكى :

ــ ئى ئايال ، ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىل .

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، مېنىڭ ئەبۇسابىر ئاتلىق بىر ئېرىم بارئىدى . ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغلىمىز بار ئىدى . بىز ئۇلارنى بىر سەپەرگە ئېلىپ كېتىپ باراتتۇق ، ــ دەپ ئايال تامام ۋەقەنى ئېيتتى . ئەبۇسابىر بۇنى ئاڭلاپ ئايالىنى تونۇپ ئوغرىنى زىندانغا سالدى . خوتۇنىنى پەر-زەنتلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى . ئاتا ـ ئانا ۋە باللار بىر ـ بىرسى بىلەن كۆرۈشۈپ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتى ، دەپ بەختىيار ھېكايىسىنى تاماملىدى ، ئاندىن يەنە :

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، ئەبۇسابىر ئاشۇ جاپالارغا چىداپ يەنە سەۋرچانلىق بىلەن تۇرمىغان بولسا ئىدى ، مۇنداق دۆلەتكە يەتمىگەن بولاتتى . مېنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ سەۋرى قىلغايسىز . كېيىنكى نادامەت پايدا

بەرمەيدۇ، — دېدى. پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ بەختىيارنى زىندانغا سالدى.

ئەلقىسسە، بەشىنچى كۈنى، بەشىنچى ۋەزىر نوخىل شاھ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ بارگاھىغا كېلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئەمدى بۇ ۋىلايەتتە ھەركىم ھەرقانداق گۇناھ قىلسا بولۇۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. بەختىيار شۇنچە گۇناھ قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ شاھىمىزنى گەپكە تۇتۇپ ھېچ ئىش يوق يۈرىدۇ. ئەمدى بىزمۇ چوڭراق گۇناھ قىلساقمۇ كەچۈرىدىغان ئوخشايلا، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەختىيارنى كەلتۈردى ۋە:

— ئى ئوغرى يىگىت، سەن مېنى گەپكە تۇتۇپ گۈللاپ يۈردۈڭ، ئەمما گۇناھسىزلىقىڭ ئىسپاتلانمىدى. بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى، بارچە ئوغرىلار سەندىن ئىبرەت ئالسۇن، — دېدى.

بەختىيار شېرىن سۆزلۈك تۇتىلاردەك سۆزگە كىرىپ:

— ئى پادىشاھى كەرىم، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

نەزمە

ئى شەھى دىل نەۋازدىن پەرۋەر،
سەندە باردۇركى جىملەئى ئەركان.
جانىمە قەست قىلمىغىل زىنھار،
كەرىمى لۇتفى بىرلە بەرگىل ئامان.

بىگۇناھ مەن خۇدا دانادۇر،
ئول بىلۇر جىملە ئاشكار پىنھان.
ساڭا روشەن ئېرۇر شەھا ھالىم،
كى ئېرۇرمەن خۇرشىد گەردان.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆز ماقۇل كەلدى. بەختىيارنىڭ بۇ پاساھىتىگە تەھسىن ـ ئاپىرىنلەر

قىلدى . بەختىيار ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بەندىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا شادىمانلىق بولغۇسىدۇر . يەمەن پادىشاھى ئەبرىھىيەنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ، خۇدايتائالا ئول پادشاھقا شاد ـ خۇراملىق نېسىپ قىلدى . — پادىشاھ :

— ئۇ نېچۈك بولغانىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

## يەمەن پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى

بەختىيار ھېكايىسىنى باشلاپ دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ، دۆلىتىڭ فۇزۇنە بولسۇن ، جېنىڭ تېنىڭدىن ھەرگىز جۇدا بولمىغاي ، تارىخ ھېسابىدا ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى : ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىدى ، ناھايىتى زالىم ئىدى ، ئانچىكىم گۇناھ ئۇچۇنمۇ خەلققە قاتتىق غەزەپ قىلاتتى . پادىشاھ پەردە باز ئىدى ، بىر كۈنى پەردە بازدىن بىر بالىنى ئالدى . بۇ بالىنىڭ ئېتى ئەبرىھىيە بولۇپ ، ئۇ ھەبەش پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدى . بىر كۈنى پادىشاھ شىكار ھەۋىسى كېلىپ شىكارغا چىقتى . كېيىكلەرنى ئارىغا ئېلىپ ھەر تەرەپكە قوغلاپ ئوق ئاتماقتا ئىدى . ئەبرىھىيەمۇ بىر ئوق ئاتقانىدى ، ئوق كېيىكتىن ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا تېگىپ ، قۇلىقى چورت كېسىلىپ يەرگە چۈشتى . شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھنىڭ قۇلىقى چولاق بولدى . پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئەبرىھىيەنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولغانىدى ، ئەبرىھىيە ئېيتتى :

— ئى پادىشاھىم ، مەلۇمدۇركى بىگۇناھدۇرمەن ، مەن قەستلەپ ئاتمىدىم ، ھەزرەتلىرى كېيىككە ئوق ئات دەپ پەرمان قىلدىلا ، ئاتسام خاتا مېڭىپ كېيىكتىن ئۆتۈپ قۇلاقلىرىغا تەگدى . ئى پادىشاھىم ، بەندىدىن بىر گۇناھنى ئەپۇ قىلسا ساۋابتۇر . شائىرلار ئېيتۇركى :

نەزمە

ھېممەت ئەھلىنىڭ خۇدا بىلەن ئىشى بار ،
گەر ھەممە شاھ گەر ۋەزىر ئېرۇر .

سەھى بىلمەك كېرەك بۇ ئالەمدە ئول ،
گۇناھى كى ھەر كەبىرە ئېرۇر .

يەمەن پادىشاھى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەبرەھىيەنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ۋە خۇشال - خۇرام بولدى .

ئەلقىسسە ، ئەبرەھىيەنىڭ ئاتىسى ئەبرەھىيەنى ئىستەپ ئەتراپ - ئالەمنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، بىر كۈنلەردە ئەبرەھىيەنىڭ يەمەن پادىشاھىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . ئەمىر - ۋەزىرلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىدىن مەسلىھەت سورىغانىدى . ۋەزىرلەر مەسلىھەت بېرىپ :

— بۇ ئىشتىن يەمەن پادىشاھى خەۋەر تاپسا بىزگە ئوبدان ئەمەس ، ئەڭ ئوبدىنى بىر كىشى ئۇ يەرگە بېرىپ تەدبىر بىلەن ئېلىپ كەلگەي .

شاھ ئەگەر تاپسا بۇ ھالدىن خەبەر ،
ئەبرەھىيەنى تونۇر گويا مەگەر .
بىزنىڭ ئاسانىمىز خۇشال بولۇر ،
يەتكۈسىدۇ بىزگە ئاندىن كۆپ زەرەر .

دېيىشتى . بىر ئاقىل كىشى بار ئىدى . ئۇنىڭغا پۇل - مال بېرىپ سودىگەر يوسۇنىدا يولغا راۋان قىلدى . ئۇ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ يەمەن شەھىرىگە يەتتى . بىر جايغا چۈشۈپ بۇ سىرنى ھېچكىمگە پاش قىلمىدى . ئەبرەھىيەنى ئىزدەپ تېپىپ : « ئى ئەبرەھىيە ، ئاتاڭ سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ » دېدى . ئەبرەھىيە ئاتىسىنىڭ ئىتتىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئى خوجا ، سەن نەلىك ، قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭ ؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار ؟ — دەپ سورىدى . ئول كىشى :

— مەن سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم ، — دېدى . ئەبرەھىيە :

— ئۇنداق بولسا شەھەردىن چىقىپ كەتمەك كېرەك ، — دېدى . ئول كىشى ناھايىتى دانا ئىدى .

— ئى شاھزادە، ھازىر ۋاقتى ئەمەس. ئوبدان ۋاقتىنى تاللاپ ئاندىن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىسى يولغا كىرەيلى، — دەپ ئۇشبۇ سۆز بىلەن ھەبەش تەرەپكە راۋان بولدى. تاگلىسى يەمەن پادىشاھىغا «ئەبرىھىيە قېچىپتۇ» دەپ خەۋەر يەتتى.

پادىشاھ غەزەپلىنىپ ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى. شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماي يېنىپ كەلدى. پادىشاھ بۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلىپ يۈردى.

ئەلقىسسە، ھېلىقى كىشى بىلەن ئەبرىھىيە كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي يول يۈرۈپ، شەھىرى ھەبەشكە يەتتى. «ئەبرىھىيە يېنىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئىشىتىپ پادىشاھ ئەركان دۆلىتى بىلەن ئەبرىھىيەنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى.

بىر كۈنى پادىشاھى يەمەن بارگاھىغا كېلىپ:

— كېمىچىلەر دەرياغا كېمە سېلىڭلار، — دەپ بىرنەچچە خاس ئادەملىرى بىلەن كېمىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەندى، كۈن كەچ بولۇپ كەتتى. تۈن كېچە بىلەن ئۇلار دەرياغا غەرق بولدى. كېمىچىلەر ئۆلدى، يەمەن پادىشاھى بىر تاختاي ئۈستىدە قېپقالدى ـ دە، بىر تال تاختايدا ئالتە كېچە ـ كۈندۈز دەريادا يالغۇز يۈردى. ئۇنىڭغا سۇ بىلەن بوراندىن باشقا ھەمراھ يوق ئىدى. ئالتە كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن بوران تاختاينى دەريانىڭ قىرىغا چىقاردى. ئەمما، پادىشاھ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا خاراب بولغانىدى. بىرقانچە غەۋۋاسلار (مەرۋايىت سۈزگۈچىلەر) بىر تەرەپكە ماڭغانىدى، كۆردىكى، بىر ئادەم يېتىپتۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى قۇرۇپتۇ. ئۇلار كېلىپ بېشىنى يۆلەپ ئوبدان سۆزلەر قىلدى. لېكىن، پادىشاھ بىھوش ئىدى. دەرھال گېلىغا ياغ تامغۇزدى. ئاندىن پادىشاھ كۆزىنى ئاچتى. غەۋۋاسلاردىن «بۇ نە؟» دەپ سورىغانىدى، «بۇ ھەبەش شەھىرى» دېدى. پادىشاھ ھەبەش شەھىرىگە راۋان بولۇپ ناماز شام بىلەن شەھەرگە يەتتى. ئاندىن بىر سوپىغا بېرىپ ياتتى. بۇ كېچىسى بىرنەچچە ئوغرى بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىگە قەست قىلدى. ئول خوجىنى ئۆلتۈرۈپ پۇل ـ ماللىرىنى ئالدى.

ئول سودىگەرنى ئۆلتۈرگۈچە ئۇنىڭ قېنى ئوغرىلارغا چاچرىغانىدى ، ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يەمەن پادىشاھىنىڭ ئەگلىگە سۇۋشىپ قالدى .

تاڭ ئېتىش بىلەنلا سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن پەرياد - پىغانلار چىقتى . مەھەللە خەلقى سودىگەرنى بۇلاپ ئۆلتۈرگەن ئوغرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، بىردىنلا يەمەن شاھىنى كۆردى . ئۇنىڭ تونىدا قان تۇرۇپتۇ . دەرھال تۇتۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ ئۇنىڭدىن :

— ھەي ئوغرى ، سودىگەرنى نېمىدەپ ئۆلتۈردۈڭ ؟ — دېدى .

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق . مەن بۇ شەھەرگە غېرىبتۇرمەن . تېخى ئاخشام يېتىپ كېلىپ بىر بۇلۇڭدا ياتتىم . ئۇنىڭدىن ئۆزگە گۇناھىم يوق ، — دېدى يەمەن شاھى .

پادىشاھى ھەبەش ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي :

— ئى ئوغرى ، يالغان ئېيتىۋاتىسەن . ساڭا شۇنداق سىياسەت قىلايكى ، ھەممىگە پەندىيات بولسۇن ، — دېگەنىدى ، يەمەن شاھى بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

شاھ ئەگەر بىلمەس ئەرسە سىرىمنى ،
شاھ كەبى مەن پادىشاھدۇرمەن .
ئوغرىلار قاتارىدا يوق ئەردىم ،
بالادۇر ، ھەقكە بىگۇناھدۇرمەن .

پادىشاھى ھەبەش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ : « بۇ ناھايىتى پازىل ، كامىل كىشىدەك قىلىدۇ . بۇنى ئالدىراپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا بولماس . پۇتلىرىغا زەنجىر سېلىپ زىندانغا سېلىڭلار » دەپ بۇيرۇدى .

ئەلقىسسە ، يەمەن پادىشاھى ھەمىشە بۇ زىنداندا خۇدايىتائالاغا نالە قىلىپ يىغلايتتى . بۇ زىندانىنىڭ ئىچىدە بىر ئېرىق سۇ ئاقاتتى . مەھبۇسلار ئىچى پۇشسا ئول سۇغا قاراپ ئولتۇراتتى . بىر كۈنى پادىشاھى ھەبەش ئوغلى ئەبرىھىيە ، تامام ئەركان دۆلەت ، بارچە خاس ئام بىلەن زىندان

بېشىغا كەلدى . بۇ ۋاقىتتا زىندانغا بىر قاغا قوندى . پادىشاھ يەمەن ئۆزىگە پال سېلىپ : « ئەگەر مۇشۇ قاغىنى سوقالىسام زىنداندىن چىقىمەن . ئەگەر سوقالمىسام چىقالمايمەن » دەپ بىر تاشنى ئېلىپ ئاتقاندى ، ئول تاش قاغىغا تېگىپ ، ئاندىن ئۆتۈپ ئەبرەھىيەنىڭ قولىغا تەگدى . ئۇنىڭ بىر قولىنى ئۇچۇرۇپ يەرگە چۈشتى . ئەبرەھىيە « بۇ تاشنى كىم ئاتتى ؟ » دەپ ۋارقىرىغاندى ، بارچە ئادەملەر « مۇشۇ كىشى ئاتتى » دەپ ، يەمەن شاھنى كۆرسىتىپ قويدى . « ئۇنى زىنداندىن ئېلىپ چىق » دەپ ئەمر قىلدى . چىقىرىپ پادىشاھ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ كۆردىكى ، ئەبرەھىيەنىڭ بىر قولىقى چولاق بولۇپتۇ .

— ئى ئوغلۇم ، قولىقىڭ نەگە كەتتى ، — دەپ سورىغاندى .

— بۇ كىشى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۇچۇردى ، — دېدى .

— نېمە ئۇچۇن ئۆلتۈرمىدىڭ ؟ — دېگەندى .

— سىزدىن پەرمانسىز ئۆلتۈرمىدىم ، — دېدى .

پادىشاھ يەمەن پادىشاھىغا قاراپ دېدىكى :

— ھەي ئوغرى ، سودىگەرنى ئۆلتۈرگەننى يالغان دېسەڭ ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ ئەمدى سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، ھەممە ئادەمگە پەندىيات بولسۇن .

— ئى پادىشاھى ئادىل ، — دېدى يەمەن شاھى ، — بەزى تاسا-دىپىي ئىشلارمۇ بالا - قازا ئېلىپ كېلىدۇ . تاشنى قاغىغا ئاتسام شاھزادىنىڭ قولىقىغا تېگىپ كېتىپتۇ . ئەگەر كەرىملىرى كەڭ بولسا ، ئۆ-لۇمگە گۇناھىم يوق ئىدى .

ھەبەش پادىشاھى بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ تەستىقلاپ ، جاللاتلارغا :

— بۇ كىشىنىڭ قولىقىنى ئۇچۇرغىن ، — دېدى . جاللاتلار بېرىپ كۆردىكى ، ئۇنىڭمۇ بىر قولىقى چولاق ئىكەن . جاللاتلار :

— بۇ قولىقىنى نېمە قىلدىڭ ؟ — دېگەندى .

— ئۇ قولىقىم بولمىسا بۇ قولىقىمنى ئۇچۇرغىن ، — دەپ تۇردى . پادىشاھى ھەبەش :

— ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ — دەپ سورىدى . جاللاتلار :
— ئى پادىشاھىم ، بۇنىڭ ھەم بىر قولىقى چولاق ئىكەن ، — دېدى .
پادىشاھ ھەبەش ئېيتتىكى :
— ئى ھىيلىگەر ، سەن ئوغرىلىق قىلىپ ، بۇرۇنمۇ بىرقولىقىڭ كېسىلگەنىكەنغۇ ؟
يەمەن پادىشاھى ئېيتتى :
— مېنىڭ قىسسەم ناھايىتى تولىدۇر . مەن ئوغرى ئەمەس ، يەمەن پادىشاھىدۇرمەن . مېنى پەلەكنىڭ چاقى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى . مەن بىر بالىنى سېتىۋالغانىدىم . ئېتى ئەبرىھىيە ئىدى . ئۇنى ئۆزۈمگە دوست تۇتاتتىم . بىر كۈنى قېشىمدىن غايىب بولدى . ھەر تەرەپكە كىشى ئە-ۋەتتىم ، ھېچقانداق يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدىم . ئەبرىھىيەنىڭ قايغۇسى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلەرمىكىن دەپ كېمىگە چىقىپ كېتىۋاتسام كېمە غەرق بولدى . سۇ ئىچىدە لەشكىرىمدىن جۇدا بولدۇم . بىر تاختايدا يالغۇز قې-لىپ ئالتە كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپتىمەن . بىر قولىقىمنى ئەبرىھىيە دېگەن يىگىت كېيىككە ئوق ئاتقۇچە خاتا ئېتىپ قولىقىمغا تې-گىپ كېتىپ شۇ ۋاقىتتا ئۈچۈپ كەتكەن ، — دەپ ئۆتكەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى ، ھەبەش پادىشاھى بۇ سىرلارنى ئىشىتىپ ئەبرىھىيەنى چاقىرتىپ :
— بۇ كىشىنى تونۇمسەن ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئەبرىھىيە كۆ-رۈپ تونۇدى . دەرھال يەمەن پادىشاھىنىڭ ئايىغىغا چۈشتى . بۇلار كۆرۈشۈپ ، تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كىرىپ شاھانە زىبايەتلەر بەردى . بىرنەچچە كۈن توي بېرىپ ئۆز شەھىرىگە ئۇزىتىپ قويدى ، — دەپ بەختىيار ھېكايىسىنى تۈگەتتى ، — يەمەن پادىشاھى ئەبرىھىيەنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمىگەن بولسا ئىدى ، بۇ نۆۋەت ئۆزىمۇ سالامەت يانماس ئىدى . مېنى بۈگۈن ئۆلتۈرسىلە ، كېيىن بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولۇپ پۇ-شايمانغا قالمىغايلا ، — دېدى .
پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ ، بەختىيارنى زىندانغا

سالدى .

ئەلقىسسە ، ئالتىنچى كۈنى ، ئالتىنچى ۋەزىر مەدرەكشاھ پادىشاھى ئازادە بەخت بارگاھىغا كەلدى . ھەمدۇ ساناغا تىل ئېچىپ :

— ئى پادىشاھىم ، ئۆتكەن زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەنلىرىگە قەھرى غەزەپلىك ئىدى . پادىشاھلارنىڭ دۈشمەنگە قەھرى غەزەپ قىلغىنى مۇباھ ①دۇر . ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇلاركى ، زەئىپنى ئاجىز كۆرمەسلىك كېرەك . شائىرلار مۇنداق دېگەندى .

بىل ئەگەر دۈشمەننىڭ كىچىك بولسا ،
گەرچە باردۇر زەئىپ بىچارە .
چۈشسە ناگاھ قولۇڭغا دۈشمەن ،
ئەگەر قىل ئانى تىغ بىرلە سەدپارە .

پادىشاھ ئازادە بەخت بۇنى ئاڭلاپ :

— دەرھال بەختىيارنى كەلتۈرۈڭلار ، — دەپ ئەمر قىلدى .

ئۇ بەختىيارنى ئەكەلدۈرۈپ دېدىكى :

— ئى بەختىيار ، قانچىكى تەخىر قىلدۇق ، ئەمما بىگۇناھ ئىكەنلىكىڭ مەلۇم بولمىدى . ساڭا بۈگۈن شۇنداق بىر سىياسەت قىلايكى ، خەلقى ئالەم ھەيران قالسۇن .

— ئى پادىشاھى ئالەمپاناھ ، — دېدى بەختىيار ، — بىر سۆزۈم بار ئىدى ، ئېيتىپ باقسام .

— ئېيتقىن ، — دېدى پادىشاھ .

بەختىيار بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

قىلدى مېنى سۇخەنچى گۇناھكار ،
ئەلەم ۋە غەم ئىلكىدە گىرىپتار .

① مۇباھ — قىلسا ـ قىلمىسا ساۋاب ياكى يامىنى بولمايدىغان ئىش .

سەرگەشتە خارۇ زار بولدۇم ،
ئالەمدە بىئېتىبار بولدۇم .

تىكتى يۈز پەلەك يۈز ـ كۆزۈمنى ،
لۇتفى ئەيلەپ ئىشىت مېنىڭ سۆزۈمنى .
ھەر نەچچەكى سۆزلىمەي دېسەم مەن ،
تىلىمنى خامۇش ئەيلىسەم مەن .

سۆزۈمدىن كەلمىدى نىھان پايدا ،
ئۆزى قىلىدۇر بۇ سۆزنى پەيدا .
ئى شاھى جاپاغا تىز پۈكمە ،
بىھۇدە مېنىڭ قېنىمنى تۆكمە .

پادىشاھ ئازادە بەخت دېدىكى :

— ئى ئوغرى يىگىت ، كۈندە مېنى سۆز بىلەن ئالدايسەن ، ئەمما بىگۇناھلىقىڭ مەلۇم بولمىدى . ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك ؟

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئادەم ئۆلتۈرمەككە ئالدىراپ كېتىش ئوبدان ئەمەس . ئۆلتۈرمەك ئاسان ، تىرىلدۈرمەك قىيىن ، كېيىنكى ھەسرەت ـ نادامەت پايدا بەرمەيدۇ . شاھ دادبىن كارۋار ۋەزىرىنىڭ سۆزى بىلەن كامكار ۋەزىرنى ئۆلتۈردى . كېيىن ھەرقانچە نادامەت قىلسىمۇ پايدا بەرمىدى ، — دېدى بەختىيار . پادىشاھ سورىدى :

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ؟

## پادىشاھ دادبىن بىلەن كامكار ۋەزىر ھېكايىسى

ئەلقىسسە ، بەختىيار ھېكايىسىنى باشلاپ دېدىكى :

— تارىخ ئەسھابىدا ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى : ئۆتكەن زاماندا ، بىر پادىشاھ بارئىدى ، ئېتى شاھى دادبىن ئىدى ، ئۇنىڭ كامكار ، كارۋار ئىسىملىك ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى . بۇلاردىن كامكارنىڭ بىر قىزى بار ئىدىكى ، بىغايەت ساھىبجامال ئىدى . بىر كۈنى شاھ دادبىن شىكارغا بار-

ماقچى بولۇپ ، كارۋارنى دەۋا سورىغىلى قويۇپ ، كامكارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ باردى . كارۋار بىر مۇھىم ئىش بىلەن كامكارنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى ، بىردىنلا كۆزى كامكارنىڭ قىزىغا چۈشتى ۋە ئۇل قىزغا ئاشىق بولدى ، ئەمما ھىچ چارە تاپالماي : « بۇ قىزنى پادىشاھقا ئېيتاي ، پادىشاھ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر تۆھمەت قىلسام پادىشاھ ئۇنىڭغا سىياسەت قىلىدۇ . ئۇ ۋاقىتتا گۇناھىنى تىلىۋالسام ماڭا يېقىنلىشىدۇ . شۇ ۋاقىتتا مۇرادىمغا يېتەلەيمەن » دەپ شۇم ئويلارنى قىلدى . پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپ كېلىپ كارۋاردىن :

— نېمە ئىشلارنى كۆردۈڭ ؟ دەپ سورىغانىدى :

— ئەلھەمدۇلىللا بىر نەرسە كۆردۈمكى ، بۇنداق نېمىنى ھېچكىم كۆرمىگەن بولغىيدى ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— نېمىنى كۆرگەن بولساڭ بايان قىل ، — دېگەنىدى ، كارۋار بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

كۆردۈم سەنەمنى جانىدىن ئارتۇق ،
يۈز مەرتىبە سەن ئاندىن ئارتۇق .
نەرگەس كەبى كۆزلىرى ئېرۇر مەست ،
ھەركىم كۆرسە باردۇر ئۆزىدىن دەست .

زىناقى ئېرۇركى دەستە ئى گۇل ،
زۇلفىدۇر ئانىڭكى مۇشك ، سۇنبۇل
شەكلىدۇر ئانىڭ قۇمرى غىلايى ،
رەپتارىدا تىز خۇشخۇرامى .

ئەلقىسسە ، شاھ دادىبىن كارۋاردىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئۇل قىزغا غايىبانە ئاشىق بولدى . دېدىكى :

— ئى ۋەزىر ، بۇ ئىشنىڭ چارىسى نەدۇر ؟

— بۇ ئىش ئاساندۇر ، كامكارنى چاقىرتىپ ئېيتسىلا ، — دېدى كارۋار .

— ئۇنداق بولسا سەن بارغىن ، — دەپ پادىشاھ كارۋار ۋەزىرنى ئەۋەتتى . كارۋار بېرىپ كامكارغا مەلۇم قىلدى ۋە كامكارنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى ۋە :

— ئى كامكار ، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟ — دېگەندى ، كامكار :

— ھەزرەتلىرىنىڭ قېشىغا كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— ئى كامكار ، سېنىڭ بىر قىزىڭ بارئىمش ، ئۇنى ماڭا بەرگەن بولساڭ ، — دېدى . كامكار ئېيتتى :

— بۇ ماڭا سائادەتتۇر ، ئەمما قىزىم بالاغەتكە يەتتى ، ئۆزى رازىلىق بەرسە مەن بېرىمەن .

— ياخشى ئېيتتىڭ ، — دېدى پادىشاھ .

پادىشاھ قېشىدىن چىقىپ كامكار ئۆيىگە كەلدى . بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى قىزغا ئىزھار قىلغانىدى ، قىز ئېيتتىكى :

— ئى ئۇلۇغ ئاتا ، مەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە لايىق ئەمەس . ھۆكۈمالار پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى ئوت بىلەن سۇغا مىسال قىلىدۇ . بۇ ھەقتە شائىرلار ئېيتىدۇكى :

نەزمە

ئاسان دېمىگىن شاھلارغا خىزمەت قىلماق ،
دىشۋار ئېرۇر شاھلار بىلەن سۆھبەت قىلماق .
سۇدەك ئاققۇزۇر كۆيدۇرۇپ ئوت يەگىلىغكىم ،
بەسى مۇشكۇل ئېرۇر ئۇلارغا ئىلپەت قىلماق .

— ئى قىزىم ، — دېدى كامكار ، — بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نېمىدۇر . ئەگەر قوبۇل قىلمىساق بىزنى ئۆلتۈرۈر ؟

— ئى ئاتا ، تەدبىر شۇكى ، بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ مۆھلەت تىلىمەك كېرەك . ئون كۈنلۈك مۆھلەت تىلەپ ، ئاشۇ ئون كۈن ئىچىدە بىر تەرەپكە چىقىپ كېتەيلى ، — دېدى قىزى . كامكار بۇ مەسلىھەتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ، شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدى . ئاندىن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئون كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە ، كەم - كۈسىمىزنى تەييارلىۋالساق ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەرمانبەردار دۇرمەن ، — دېدى . پادىشاھ خۇشال - خۇرام بولۇپ :

— ئون كۈنگىچە كەم نەرسىلىرىڭنى تەييارلاپ پاتراق كۆڭلۈمگە ئارام بەرگەيسەن ، — دەپ كامكارغا رۇخسەت بەردى . كامكار پادىشاھنىڭ قېشىدىن يېنىپ كېلىپ قېچىش جابدۇقىنى قىلدى . بىر كۈنى نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا راۋان بولدى . كارۋار ۋەزىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ پادىشاھقا خەۋەر قىلدى . پادىشاھ كامكارنى تۇتۇپ كېلىشكە دەرھال ئىككى يۈز كىشى ئەۋەتكەندى . كارۋار مەنمۇ بارسام دەپ تەلەپ قىلىپ ئىككى يۈز كىشى بىلەن بىللە ماڭدى . ئىككىنچى كۈنى بىر دەريا-نىڭ بويىغا بارغاندا ، ئۇلارغا يېتىشىپ كامكار بىلەن قىزنى باغلاپ ئېلىپ باردى . پادىشاھ كامكارنى كۆرۈپ :

— ئى بەتبەخت ! مېنى گوللاپ نەگە بارماقچى ئىدىڭ ؟ — دەپ قولىدىكى گۇرزە بىلەن ئانداق ئۇردىكى ، كامكار ۋەزىر شۇ ئورنىدىلا ئۆلدى . ئاندىن پادىشاھ قىزغا سىياسەت قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىغا-نىدى ، بىغايەت گۈزەل ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن يۇرت خەلقى جەم بولۇپ كامكارنىڭ قىزىنى پادىشاھقا نىكاھ قىلدى . ئەمما قىزنىڭ خىزمىتىدە بىر ئاغۋات بار ئىدى . ئۇنىڭ ھېچبىر ھەقداسى يوق ئىدى ، ئاجىز ئىدى . بىر كۈنى مەلىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ئى مەلىكەم ، مېنى پادىشاھقا دەپ خىزمىتىڭگە سالساڭ نېمە بو-لىدۇ ، مەن يوقسۇزلۇققا دۇچار بولدۇم ، — دېگەنىدى . قىزنىڭ خىزمەتكارغا رەھمى كېلىپ ئەرزنى پادىشاھقا يەتكۈزدى . پادىشاھ قوبۇل قىلدى .

ئەلقىسسە، ئىشتىمەك كېرەككى، كارۋار هارامزادە كېچە ـ كۈندۈز قىزنىڭ پىراقىدا بىقارار ئىدى. بىر خالىي يەر تاپسام. ئەرز ـ هالىمنى ئېيتىپ كامدىل هاسىل قىلسام، دەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پادىشاهقا بىر تەرەپتىن يېغا كەلدى ـ دە، كارۋارنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يېغىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

بىر كۈنى كامكارنىڭ قىزى باغ ئىچىدە ئولتۇرغانىدى. كارۋار ئۆگزىدىن سەكرەي دەپ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىزغا بىر چالما تاشلىدى. قارىسا، كارۋار ئىكەن. قىز ئۇيىلىپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. كارۋار كۆردىكى، قىز شۈك تۇرىدۇ. كېلىپ قىزغا سالام قىلدى. قىز ئىلاجسىز ئىلىك ئالدى. بۇنىڭدىن كارۋار ئۈمىدۋار بولۇپ:

— ئى جان جاهانىم، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭۈل قۇشۇم سېنىڭ پىراقىڭدا پەرۋاز قىلماقتىدۇر ۋە كېچە ـ كۈندۈز سېنى ئەسلەيدۇ. سېنى مەن بارچە هەرەملەرنىڭ سەردارى قىلىمەن. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ پادىشاهقا دورا بېرىپ بىردەمدىلا ئۆلتۈرەي، ئەگەر بويسۇنمىساڭ سېنىڭ ئىشقىڭدا سەهرامۇ سەهرا چىقىپ كېتىمەن. ئى مەلىكە، پادىشاه سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلماي ئاتاڭنى ئۆلتۈردى. مەن سېنى دەردتىن چىقىراي. — دېدى. قىز ئېيتتىكى:

— ئى كارۋار، خۇدايىتائالادىن قورقمامسەن؟ پادىشاهنىڭ هەرىمىگە بۇنداق يامان نىيەتتە بولساڭ، پادىشاه كەلسە نېمە دەيسەن، قىيامەتتە نېمە دەپ جاۋاب بېرەرسەن، بۇ ئىشنىڭ غېمىنى قىلغۇچە قىيامەتنىڭ غېمىنى قىلغىن.

— ئى قىز، — دېدى كارۋار، — ئالەمدە بۇنداق بىۋاپا پادىشاه يوقتۇر. ئاتاڭغا ۋاپا قىلمىدى، ساڭا نېمە ۋاپا قىلسۇن.

— خۇدانىڭ تەقدىرىگە هېچ چارە يوقتۇر، بۇنداق سۆزۈڭنى قوي، — دېدى قىز.

كارۋارغا مەلۇم بولدىكى، قىز گەپكە كىرمىدى. ئويلىدىكى: «كۆپ سۆزلەرنى قىلدىم، لېكىن ئۇنىمىدى. مۇبادا پادىشاه كەلگەندە بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ قالسا، ئىش مۇشكۇلدۇر. ياخ-

شىسى بۇ قىزنى پادىشاھقا چېقىپ كۆزدىن يىراق قىلغايمەن. شۇنداق چېقىشتۇرايكى، ئۇنى ئۆلتۈرگەي ياكى يەنە بىر جايغا ھەيدىگەي.» پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جەڭدىن يېنىپ كەلدى. ۋەزىر باشلىق تامام يۇرتنىڭ سەردارلىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. پادىشاھ ھەم ھال-ئەھۋال سورىدى. ئاندىن شەھەرگە راۋان بولدى. كارۋار ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىدا ئات ئوينىتىپ كېلىۋاتاتتى، پادىشاھ ئۇنىڭدىن ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كارۋار جاۋاب بېرىپ:

— يۇرت ئەلھەمدۇلىللا تىنچ، ئەمما بىر ۋەقە كۆردۈمكى، ئۇنى دېيىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، — دېدى. پادىشاھ دېدىكى:

— نېمە بولسا ئېيتقايسەن، كۆڭۈلدىكى بۇ گۇدرەت بىر تەرەپ بولغاي. — ۋەزىر ھارامزادە ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇلاركى: ئەگەر يىلاننى ئۆلتۈرسەڭ بالىسىنى ھەم ئۆلتۈر. پۇرسەت تاپسا ئول ھەم چاقىدۇ، دەپ.

— ئى كارۋار، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى دادىبىن، — قېنى بۇنىڭ تەپسىلاتىنى تېزرەك بايان قىل.

— ئى پادىشاھى ئالەم، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇراتتىم، ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى سۆزلىشىۋېتىپتۇ. بىلدىمكى، ئۇنىڭ بىرسى غەيرىيى ئىكەن. ئۇ: «ئى مېھرىبانىم، نەچچە كۈن بولدى. سەندىن ئايرىلىپ سېغىنىپ كەتتىم» دېگىلى تۇرۇپتۇ. كامكارنىڭ قىزى: «ئى جېنىم، مۇڭدىشىم، نېمانچە كېچىكىپ كەلدىڭ؟ سەن كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىرلىشىپ پادىشاھقا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، كېچە-كۈندۈز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلماي ئۆتسەك دەپ يۈرەتتىم» دېدى. مەن شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆيگە كېلىپ بۇ دەرد-ئەلەمدە تۇرسام، ھەزرەتلىرى يېنىپ كەلدىلە، تىلەيمەنكى، كۆڭلۈمگە غەمدىن نىجات بەرسىلە، تاكى تامام خوتۇنلارغا ئىبرەت بولغاي، — دېدى كارۋار ۋەزىر.

پادىشاھ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ قولىغا قىلىچنى ئالدى. ھەرەمگە كىرىپ بىچارە غەيرىيىنى شۇنداق چاپتىكى، ئىككى پارە بولدى. ئاندىن

قىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا كارۋار توسۇپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، مەزلۇم كىشىنى ئۆلتۈرمەك ئانچە ئوبدان ئەمەس . ئۇنى بىر توسۇن تۆگىگە مەھكەم قىلىپ باغلاپ باياۋانغا ھەيدەۋېتەيلى . شۇ يەردە يۈرۈپ ئاچلىق ، تەشنالىقتا ئۆلۈپ قالسۇن ، — دېدى . پادىشاھ يارلىق قىلىپ بىر تۆگە كەلتۈردى . ئول بىچارىنى تۆگىگە مەھكەم باغلاپ باياۋان تەرەپكە ھەيدىۋەتتى . تۆگە ئول مەلىكىنى ئېلىپ كېتىپ باراتتى . ئاپتاپ تەسىر قىلدى . ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن ئاغزى قۇرۇدى . بۇ ھالدا ھەقتەئالاغا مۇناجات قىلىپ : ئى ياراتقۇچى ئىگەم ، بىر تامچە سۇ بەرسەڭ ، سېنى بىر مەرتىۋە يادلىنىپ ، ئاندىن سېنىڭ يولۇڭدا جان بەرسەم ، دېدى .

نەزمە

خۇدايا قىل مېنى بۇ غەمدىن ئازاد ،
گۇناھىم يوق قىلغىل مېنى شاد .
نېسىپ ئەتكىل ماڭا بىر قەترە ئى سۇ ،
سېنى ياد ئەيلەيىن بىرقاتلا ياھۇ .

دەپ مۇناجاتتا ئىدى . ئول تۆگە ياتتى . باغلىغان باغلاقنى يەشتى . مەلىكە ھەقتەئالاغا شۈكرىلەر ئېيتىپ ، دەرھال بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ ئىچتى . تەرەت ئېلىپ نامازغا تۇردى . ھەقتەئالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۆگە سايىۋەن بولۇپ بەردى . ئۇ كۈنى پادىشاھ دادىبىنىنىڭ تۆگىچىلىرى بىر قاتار تۆگىلىرىنى يېتىلەپ قويغانىدى . ئۇلار تۆگە ئىزدەپ يۈرۈپ يىراقتىن تۆگىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى . كۆردىكى ، بىر ساھىبجامال قىز ئاپتاپتا ناماز ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ . بۇ تۆگە يېنىدا سايىۋەن بولۇپ تۇرۇپتۇ . ئىلگىرى كەلگەندە بۇ يەردە سۇ يوق ئىدى ، ئەمدى بۇ يەردە بۇلاق پەيدا بولۇپتۇ . بۇ تۆگىچى ئاقىل كىشى ئىدى ، كۆردىكى ، بۇ قىز كامالىغا يېتىپتۇ . بىردەم تۇرغانىدى ، قىز نامازدىن پارىغ بولدى . قىزغا دەرھال سالام قىلدى . ئاندىن :

— ئى پەرزەنت، مېنى ئاتىلىققا قوبۇل قىلساڭ نېمە بولىدۇ، — دېدى. قىز قوبۇل قىلىپ تۆگىچىنى ئاتا تۇتتى. ئاندىن كېيىن تۆگىچى:

— ئى قىزىم، نەچچە كۈن بولدى، بىر قاتار تۆگىلىرىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، بىر دۇئا قىلساڭ، تۆگىلىرىم تېپىلىپ قالسا، — دېدى. قىز دۇئاغا قول كۆتۈردى. تۆگىچى «ئامىن» دېدى، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۆگىلىرى شۇ زامان تېپىلدى. تۆگىچى خۇشال بولۇپ ئۇل قىزنى ئۆيگە ئاپاردى. ئاندىن:

— ئى قىزىم، بۇ يەر تۇرىدىغان يەر ئەمەس. بۇ يەر شىر، يولۋاسلارنىڭ ماكانى، باياۋاندىن چىقىپ ئاۋاتراق يەرگە بارايلى، — دەپ مەلىكىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ناماز خۇپتەن بىلەن تۆگىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. كېلىپلا دەرھال قىزغا بىر ئىبادەت ئۆيى تەييارلاپ بەردى. ئۇل جايدا قىز ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى تۆگىچى پادىشاھنىڭ قېشىغا بارغىنىدى، پادىشاھ ئۇنى بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. تۆگىچى ئېيتتى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئاجايىپ ۋەقەنى كۆردۈم. ھەزرەتلىرىگە ئاشۇ كۆرگەن قىسسىنى سۆزلەپ بېرەيمىكىن، — دېدى. پادىشاھ ئىجازەت بەردى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۆگىچى، — بىر ئاي بولدى، بىر قاتار تۆگىلىرىمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، بىردىنلا باياۋاندا بىر تۆگە نامايان بولدى، يېقىن بارسام بىر قىز قىزىق ئاپتاپتا ناماز ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ. تۆگە ئۇنىڭغا مېھراب ۋە سايىۋەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە ھېچقاچان سۇ ياكى بۇلاق يوق ئىدى، چەشمە (بۇلاق) پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ماڭا مەلۇم بولدىكى، بۇ قىزنىڭ بىر ئەزىزلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بېرىپ سالام قىلدىم. ئاندىن تۆگەمنى تېپىۋالسام، ماڭا بىر دۇئا قىلساڭ، دەپ دۇئا تەلەپ قىلدىم. قىز دۇئا قىلغانىدى، تۆگىلىرىم دەرھال تېپىلدى. ئۇل قىزنى تۆگىلىرىم بىلەن ئۆيگە كەلتۈردۈم. بىر سۈمئە بىنا قىلدىم. ئۇ شۇ يەردە ئىبادەت

قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. — پادىشاھ ئاڭلاپ:
— ئانداق بولسا ماڭىمۇ دۇئا قىلسۇن، مېنى باشلاپ ئاپارغىن، — دەپ تۆگىچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كۆردىكى، بىر قىز ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ. بىردەم تۇرغانىدى، نامازدىن پارىغ بولدى. پادىشاھ تونۇدىكى، ئۆزىنىڭ ھەرىمى ئىكەن. بېرىپ ئايىغىغا يىقىلىپ:
— ئى قىز، بىلگىنىم يوق، مەندىن رازى بولغىن، — دېدى. قىز ئېيتتىكى:
— ئى پادىشاھ، مەن سەندىن شۇ ۋاقىتتا رازى بولىمەنكى، بىر سائەت بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن كارۋار ۋەزىرنى چاقىرىپ كېلىپ سۆزگە كەلتۈرەي، نېمە دەيدىكىن، — دېدى. پادىشاھ بىر چەتكە كىرىپ ئولتۇردى. تۆگىچى مەلىكىنىڭ ئەمرى بىلەن كارۋار ۋەزىرنى كەلتۈردى. كارۋار مەلىكىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە كېلىپ كامكارنىڭ قىزىغا سالام قىلدى. ئاندىن:
— ئى جېنىم، تۆگىدىن بوشىنىپ ئۇبدان كېلىپسەن، سېنى تۆگىگە باغلاپ باياۋانغا ھەيدىگەندە سېنى ئىزدىگىلى ۋاقىت تاپالمىدىم. ئەمدى ئىزدەي دەپ تۇرسام، ئۆزۈڭ كېلىپسەن. ئى جېنىمنىڭ راھىتى، كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى، ئول كۆنى سۆزۈمگە كىرگەن بولساڭ بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيتتى. ھېلىقى كۈنى مەن ئايۋاننىڭ ئۈستىدە چالما تاشلىدىم. مېنى دوست تۇتۇپ مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن، سەن پادىشاھقا ئىشەنمە، ئۇ زالىمدۇر. ئاتاڭنى ئۆلتۈردى، سېنى ھەم ئۆلتۈرۈر، دېسەم سۆزگە كىرمىدىڭ، پادىشاھقا دورا ھەل — ھەل بېرىپ ئۆلتۈرۈپ ئىككىلىلەن بىريەردە بولايلى، دېسەم قوبۇل قىلمىدىڭ. ئەمدى نادامەت پايدا قىلمايدۇ. ئى مەھبۇب، جېنىم تىرىكلا بولىدىكەن سېنىڭ چاكىرىڭ بولاي، ئەگەر خالىساڭ بۇ كېچە خىزمەتتە بولسام، — دېدى. پادىشاھ دادىبىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۆزىنى توختىتالماي، ئۆيدىن چىقىپ كارۋارنىڭ كۆكسىگە ئانداق ئۇردىكى، ئۇ جايىدا ئۆلدى. پادىشاھ خۇشال — خۇرام بولۇپ مەلىكىنى ھەرىمگە ئېلىپ كىردى. كامكارنىڭ

ئۆلگىنىگە ئىنتايىن پۇشايمان ۋە نادامەتلەر قىلدى، پايدا بەرمىدى، دەپ بەختىيار ھېكايىسىنى تاماملىدى ھەم:

— ئى پادىشاھىم، مېنى ئۆلتۈرسىلىمۇ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولسا، پۇشايمان پايدا بەرمەس، — دېدى.

پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ، بەختىيارنى زىندانغا سالدى.

## ئىراق مەلىكىسىنىڭ ھىيلە-مىكىر بىلەن مۇرادىغا يەتكىنى

ئەلقىسسە، يەتتىنچى كۈنى، يەتتىنچى ۋەزىر ئەنبەرشاھ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئەمدى بۇنىڭدىن ئۆزگە تاقەت قالمىدى. خوتۇنلار: پادىشاھ بەختىيارنى ھېچنېمە قىلمىدى، بىزمۇ ئويىنىساق ئەرلەرىمىز نېمە قىلالايتتى، دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ بەختىيارنى كەلتۈردى. ئاندىن مەلىكىدىن:

— بۇ ئوغرى يىگىتنى ئۆلتۈرسەك نېمە دەيسەن، — دەپ سورىدى. مەلىكە جاۋاب بېرىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ ئوغرىنىڭ تۇخۇمىنى ئۆلتۈرسە ھېچ ۋەقەسى يوق. ساۋابىمۇ ئەمەس، گۇناھىمۇ ئەمەستۇر، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دېدى بەختىيار، — خوتۇن كىشىنىڭ بۇنداق سۆزلىرى، ھىيلە-مىكىرلىرى تولىدۇر. شائىرلار ئېيتىدۇكى:

نەزمە

خوتۇنىنىڭ ئىشىدۇر مىكرە ئى پىتنە،
ئەر بولساڭ ئانىڭ سۆزىگە پۈتمە.
بولساڭ سەن ئەگەر زېئىپ ھوشيار،
كىرمىگىن ئۈنىڭكى سۆزىگە ئىزھار.

خوتۇن خىلۋەت ئېرۇر ساڭا بەھرى ھال،

ئۆيىدە تولا بولسا مالى ـ ئەھۋال .
بىر كۈنگە ئېرۇر ئۆيۈگدە بولمسا نان ،
يۈز نەئرە چىقدۇ ۋە ھەم يۈز ئەفغان .

خوتۇننىڭ سۆزىنى ئىشتمە بۇرادەر ،
ساڭا ئۇ پايدىسىز ھىيلە سەراسەر .

ئەلقىسسە ، بەختىيارنىڭ ئوقۇغان نەزمىسىنى پادىشاھ ئىشتىپ ، ئۇنىڭغا قىزىقتى . بەختىيار دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئىراق پادىشاھىنىڭ قىزىمۇ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن مۇرادىغا يەتكەنىدى ، — دېدى . پادىشاھ ئېيتتى :

— ئۇ قانداق بولغانىكەن ؟

بەختىيار شېكەر سۆزلۈك تۇتىلاردەك سۆزگە كىرىپ دېدىكى :

— تارىخ سەھىپىلىرىدە ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى : ھەبەش شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى ، لەشكىرى ھېسابسىز ئىدى . ئەمما ئۇنىڭ دۈشمىنى يوق ئىدى . نۆكەرلىرى زەئىپلىشىپ ، كۈنى ساختىلىق بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئاران ئۆتەر ئىدى . بىر كۈنى ۋەزىرلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ يوقسۇزلۇقتىن سۆز ئاچقانىدى ، ۋەزىرلەرنىڭ بۇلارغا رەھمى كېلىپ : « سىلەر يېنىپ تۇرۇڭلار ، بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلايلى » دەپ مەسلىھەتلەشتى . « بىزنىڭ پادىشاھىمىز خوتۇنپەرەس كىشى ، ئىراق پادىشاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بارئىمىش دەپ ئۇنىڭغا سۆز چىقارساقلا ، ئۇ دەرھال غايىبانە ئاشىق بولىدۇ . ئەمما ئىراق پادىشاھى قىزىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىش . ئەلچى بارغان بىلەن قىزنى بەرمەس . پادىشاھ بەك زوقلىنىپ ، بىزدىن سوراپ قالسا : « ئى پادىشاھى ئالەم ، ئەلچى بىلەن ئىش پۈتمەس ، نۆكەرلەرگە پۇل بېرىپ ئىراققا لەشكەر ماڭدۇرۇش لازىم . چېرىكلەر بارسا ئىراق پادىشاھى نائىلاج قىزىنى بېرىدۇ . پادىشاھ ھەم مۇرادىغا يېتىدۇ ، لەشكەرمۇ ئارام ئالىدۇ ، دەيلى » دەپ پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى . ئول قىزدىن گەپ چىقىرىپ ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

مۇلكى ئىراق ئىچىدە بار ماھ رەزى پەرىۋەش ،
ھۆسنى جامال بىرلە ئول لايىق پادىشاھ ئىرۇر ؛
گۇل يۇزىدىن خىجىل باغ باھار مەنپە ئەل .
غايەت ھۆسنى بىرلە ئول غەيرەت مىھرى ماھ ئىرۇر .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئول قىزغا غايىبانە ئاشىق ـ بىقارار بولدى . ۋەزىرلەردىن بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى سورىغاندى . ۋەزىرلەر مەسلىھەت بېرىپ : « ئەلچى ئىبەرمەك كېرەككى ، ئەگەر قوبۇل قىلسا ئۇنداقچە ، بولمىسا چېرىكلەرمۇ بارسۇن » دېيىشتى . پادىشاھ نۆكەرلىرىگە ئالتۇن ـ تىللالار تارقىتىپ تۇرمۇشنى پاراۋان قىلدى . ئاندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتتى . ئەلچىلەر بېرىپ مەقسەتنى بايان قىلغاندى . ئىراق پادىشاھى غەزەپلىنىپ :

ــ مەن زەڭگىلەرگە قىز بەرمەيمەن . ھەبەش بىلەن ئىراق ئارىلىقىدا دۇشمەنلىك كەم بولمايدۇ ، ــ دېدى . ھەبەش پادىشاھى ئەلچىلەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ، نۆكەرلىرىگە پۇل ـ مال تارقىتىپ ، ئىراققا ماڭدۇردى .

بۇ خەۋەر ئىراق پادىشاھىغا يەتتى . ئىراق پادىشاھى بەگلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ، ھەبەش پادىشاھىغا : « سۇلھى قىلغايمىز ، سىزلەر قانداق دېسىڭىزلەر شۇنداق بولسۇن » دەپ ئەلچى ئەۋەتتى . ھەبەش پادىشاھى ئەلچىلەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ : « ئەگەر ئانداق بولسا ، مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسۇن » دېدى . شۇنداق قىلىپ ئىراق پادىشاھى قىزنى ھەبەش پادىشاھىغا بەردى . ھەبەش پادىشاھى قازى ـ قۇززاتنى جەملەپ شەرىئەت بويىچە قىزنى نىكاھ قىلىپ ئالدى . ھەبەش پادىشاھى قىزنى تەرىپ قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق كۆرۈپ ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى .

نەزمە

كۆردۈم سەنەمكى جاندىن ئارتۇق ،
ھۆسنى دېگەندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق .
ھۆسنىدە ئۇنىڭكى بارا بىرى يوق ،
خوپلۇقتا ئۇنىڭكى ئىنايىتى يوق .

جان بەھرى ئالۇر ئانىڭ يۈزىدىن ،
شېكەر ساچىلۇر قىلغان سۆزىدىن .
شېرىن لەبلىرى لەئەل ۋە ياقۇت ،
جانلارغا غىزا ، كۆڭۈلگە چۈن قۇت .

ئەلقىسسە ، ھەبەش پادىشاھى ئىراق پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى . بۇلار شەھىرىگە يېتىپ كەلگۈچە بارچە خەلق ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئەمما ، ئىراق مەلىكىسىنىڭ ئاۋۋالقى ئېرىدىن بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇنى ئىراق پادىشاھى ئېلىپ قالدى ، مەلىكە ئوغلىنى يوشۇرۇپ ھەبەش پادىشاھىغا ئېيتمىدى . بىر كۈنى مەلىكە ئوغلىنى سېغىنىپ ، بىر ھىيلە بىلەن ئوغلىنى قېشىغا كەلتۈرمەكچى بولدى ـ دە ، ھەبەش پادىشاھىغا ئاتىسىنى تەرىپلەۋەردى . ھەبەش پادىشاھى دېدىكى :

— ئاتاڭنىڭ قايسى دۆلىتى مەندىن زىيادىدۇر ؟

— ئاتامنىڭ بىر توغمىسى ① بار . ئىلىم ـ بىلىمدە تەڭداشسىزدۇر ، — دېدى مەلىكە .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ھەبەش شاھى ، — ئاتاڭ ئۇ بالىنى ماڭا بەرسۇن ، مەن نېمە دېسە شۇنى بېرەي . — مەلىكە ئېيتتىكى :

— ئۇ بالىنى ئاتام بەك ياخشى كۆرىدۇ . بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىمايدۇ . پۇل بەرگەنگە بەرمەيدۇ ، ئۇنى گەپ بىلەن كەلتۈرمەك كېرەك ،

---

① توغما — باققان بالا . قۇل بالا ياكى خىزمەتكار بالا ، غۇلام ، سېتىۋالغان بالىسى قاتارلىق مەنىدە .

— دېدى. پادىشاھ سورىدىكى:

— قايسى تەرىقىدە قىلىش كېرەك؟

— بىر كىشىنى سودىگەر قىياپىتىدە ئەۋەتسىلە، ئۇل كىشى ئاتامغا لايىق سوۋغىلارنى ئېلىپ بارسۇن. مۇشۇ پۇرسەتتە بالىنىڭ قولىقىغا ئاستا ـ ئاستا گەپ يېگۈزۈپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى مەلىكە.

پادىشاھنىڭ بىر خادىمى بارئىدى، ئۇنى كەلتۈرۈپ:

— ئەگەر ئۇل تۇغمىنى ئېلىپ كەلسەڭ، مەن ساڭا ئون تۇغما بېرەي، — دەپ ئەۋەتتى. ئۇل كىشى يولغا راۋان بولۇپ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ شەھىرى ئىراققا يەتتى، ئىراق پادىشاھىغا سوۋغا ـ سالاملارنى ئاپىرىپ مۇلازىمەت ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ھېلىقى غۇلام يىگىتكە پىچىرلاپ:

— سەندەك ئىلىم ـ بىلىمدە تەڭداشسىز كىشى بىزنىڭ ھەبەش پادىشاھىمىزنىڭ قېشىدا بولىدىغان بولسا ئاجايىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ، — دەپ قۇترىتىشقا باشلىدى. بۇ بالا ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. بۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن ئانىسىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— ئى خادىم، مەنمۇ شۇنداق خىيالدا ئىدىم. ئەمما پادىشاھ مېنى بىردەممۇ قېشىدىن نېرى قىلمايدۇ، قانداق بارالايمەن، — دېدى.

— مەن شۇنداق ئېلىپ كېتەيكى، ھېچ كىشى بىلمەي قالسۇن، — دەپ خادىم بىر ساندۇق تەييارلىدى. غۇلام بەچچىنى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ يولغا راۋان بولدى. ئەتىسى ئىراق پادىشاھىغا غۇلامىڭىز قېچىپتۇ، دەپ خەۋەر يەتتى. ھەرقانچە ئىستىسىمۇ تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، خادىملار شاھزادىنى بىرنەچچە كۈندە پادىشاھى ھەبەش قېشىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ كۆردىكى، مەلىكە دېگەندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. سورىدىكى:

— ئى غۇلام، ئېتىڭ نېمە؟

— ئېتىم پەررۇخزادە، — دېدى غۇلام.

پادىشاھ پەررۇخزادىگە ياخشىلىقلار قىلىپ، شاھانە كىيىم ـ كېچەكلەر بەردى. ئاندىن مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. مەلىكە ئوغ-

لىنى كۆرۈپ شاد ـ خۇرام بولدى. ئەمما، پادىشاھتىن يوشۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شىكارغا ئاتلاندى. ھەرەم سارىيى خالىي قالدى. مەلىكە پەررۇخزادىنى قېشىغا كەلتۈردى، ئەمما پەررۇخزادىنى كۆرۈش بىلەن تاقەت قىلالمىدى. پەرزەنتىنىڭ ئوتى سەۋرىنىڭ ئىشكىنى يىرتتى. تەشنالىق بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا پەرزەنتىنى قۇچاقلاپ ئىككى قولىنى بويىنىغا سېلىپ:

— ئى جېنىم ئوغلۇم، ۋاي مۇڭدىشىم، قەدىردانىم، جۇدالىقتا چىدىيالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن سېنى ھىيلە بىلەن قېشىمغا كەلتۈردۈم، ئەمما ئامالىم يوقكى، ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمايمەن، — دەپ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغاندى، بىر ساراي خوجىسى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ۋارقىراپ:

— بۇ نېمە ۋەقەدۇر. پادىشاھقا ئېيتىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكاردىن كەلگەندە ساراي بېگى كىرىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ غۇلام يىگىتنى مەلىكە بىلەن بىر يەردە كۆردۈم. بىر ـ بىرى بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ سۆيۈشكىلى تۇرۇپتۇ، — دېدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ھەممىگە كىردى. پەررۇخزادىگە:

— ئى غۇلام يىگىت، سەن مېنىڭ ھەرىمىمگە يامان نىيەتتە بولۇپسەن، — دېدى. پەررۇخزادە دېدىكى:

— مەن ھېچقانداق يامان نىيەتتە بولمىدىم. گۇناھسىزدۇرمەن، — دېدى. پادىشاھ:

— ئى مەلىكە، ئاڭلىدىڭمۇ، غۇلام نېمە دەيدۇ، — دېدى. مەلىكە جىم تۇردى. ئەمما كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى. پادىشاھ ئىشىك باققۇچىغا:

— بۇ غۇلامنى ئاپىرىپ ئۆلتۈرگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئىشىك باقار پەررۇخزادىنى ئېلىپ چىقتى، ئۆلتۈرەي دەپراق يىگىتنىڭ يۈزىگە قاراپ: « بىر خوتۇننى دەپمۇ مۇشۇنى ئۆلتۈرەرمۇ » دەپ ئويلاپ تۇراتتى، پەررۇخزادە يالۋۇرۇپ:

— ئى جېنىم ئاكا، ماڭا ياخشىلىق قىل، قىلساڭ زايە كەتمەس. چۈنكى، مەن بىگۇناھدۇرمەن. خۇداغا مەلۇمكى، پات ـ پۇرسەتتە بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولىدۇ. مەن ئىراقتا بىر قوۋمنىڭ سەردارى ئىدىم. ۋاپاسىز ئالەم ماڭا بۇ ئىشلارنى سېلىپتۇ. ئۈمىدىم باركى، خۇدايىتائالا نىجاتلىق بېرۇر، — دېدى. ئىشىك باقار:

— قورقمىغىن، ئىنشائاللا ساڭا ياخشىلىق بولغۇسىدۇر، — دەپ پەررۇخزادىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىدى. پادىشاھقا ئۆلتۈردۈم، دەپ باردى. پادىشاھ مەلىكىگە سۆزلىمەس بولدى. مەلىكە بولسا بالىسى ئۈچۈن زار ـ زار يىغلايتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ ئىنىكئانىسى بارئىدى، ھەر مۈشكۈل ئىش بولسا ئۇنىڭدىن سورايتتى. بىر كۈنى ئول ئايال مەلىكىنىڭ قېشىغا بارغىنىدى، مەلىكە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئايال سورىدىكى:

— ئى مەلىكە، ساڭا نېمە بولدى، نېمە يىغلايسەن؟

مەلىكە جاۋاب بەرمىدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئايال:

— ئى مەلىكە، ھەسرىتىڭ بولسا يوشۇرماي ماڭا ئېيتقىن، شۇ چاغدىلا نىجاتلىق تاپالايسەن، — دېدى.

— ئى ئانا، — دېدى مەلىكە، — ماڭا بىر غەم پەيدا بولدىكى، ئۇنى ھەرگىز ئېيتالمايمەن. ئەمما سەن ئانامنىڭ ئورنىدا ئانامدۇرسەن، ئى ئانا، ئاۋۋالقى ئېرىمدىن بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدىم. ئۇنى ھىيلە بىلەن قېشىمغا ئېلىپ كەلدىم. ئەمما نېمە چارە، رەھىمسىز پەلەك ئوغلۇمنى مېنىڭدىن جۇدا قىلدى، — دەپ ئۆتكەن ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى ۋە دېدىكى:

— ئى موما، نېملا بولسا سەۋرى قىلاي، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىن بۇ كۆڭۈلسىزلىك كۆتۈرۈلگەي، — موماي دېدىكى:

— ئى مەلىكە، بۇ ئىش ئاساندۇر، ساڭا بىر نەرسە ئۆگىتەي، شۇنداق قىلساڭ بۇ غەملەر كۆڭلۈڭدىن كېتىدۇ. سەن پادىشاھتىن بۇرۇن ياتقىن، كۆزۈڭنى ئاچما، پادىشاھ كۆكسۈڭگە بىر نېمە قويىدۇ. بۇ نەرسە قەغەزگە پۈتۈلگەن ئىسمى ئەئزەمدۇر. بۇ «ياتقان كىشىنىڭ كۆڭلىدە ھەر

سىرى بولسا ماڭا مەلۇم قىل » دەيدۇ . شۇ زامان سەن دەرھال سۆزگە كىرىپ قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولسا ، ئۇنى باشتىن - ئاياغقىچە دېگەيسەن ، — موماي مەلىكە قېشىدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى . ئۇنىڭدىن :

— ئى ئوغلۇم ، نېمە ئۈچۈن غەمكىن ئولتۇرىسەن ؟ — دەپ سورىدى . پادىشاھ :

— ئى ئانا ، جاھاننىڭ بىۋاپالىقىدىن مالال بولۇپ ئولتۇرىمەن ، دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

بى مۇرۇۋۋەت سېھرى گەردىشىدىن ،
روزىگارىم ئەجەب پەرىشاندۇر .
پېقىر ھەردەم ئىشىتتى ئۇشبۇ جاۋاب ،
دېدى سىر ئېيتىپ قەزايى يەزدانىدۇر .

موماي :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم زاماندىن ۋاپا كۆرمەيتۇ ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئۈمىد مېھرى ۋاپا تۇتما پەلەكتىن ،
خەمەكلەر ئوخشىماس چۈشكەن پېلەكتىن .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ غەمنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتقىن ، مەن ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلاي . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئى ئانا ، سەندىن نېمىنى يوشۇراتتىم ، نۇرغۇن پۇل - ماللار سەرپ قىلغاندىم . ئول غۇلام يىگىت مەلىكە بىلەن دوست ئىكەن . ئۇنى ئۆلتۈردۈم . شۇ سەۋەبتىن پەرىشاندۇرمەن ، — دېدى .

— ئى ئوغلۇم، غەم قىلما، — دېدى موماي، — مەندە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزاتلىرى بار. ئەگەر ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ قويسا پەرمان ئىلاھى مۆجىزات سۇلايمانى بىلەن ھەرقانداق سىرى بولسا ئېيتىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە بېرىپ ئۇنى كەلتۈرەي. پادىشاھ:

— ئى ئانا، دەرھال بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، كۆڭلۈمدىكى غەمنى كۆتۈرگىن، — دېدى. موماي بېرىپ ئېرانى نىئمەت ۋە سۇبرىيانى ئىبادەت بىلەن پۈتۈلگەن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن:

— ئى ئوغلۇم، بۇ دۇئاغا ھۆرمەت قىل، — دېدى. پادىشاھ كۆزىگە سۈرتتى. بىر سائەتتىن كېيىن كەچ بولدى. پادىشاھ ھەرەمگە كىرسە مەلىكە يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بېرىپ ئول دۇئانى مەلىكىنىڭ كۆكسىدە قويدى. ئاندىن: «ئى باراخۇدايا، بۇ دۇئانىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن بۇ ياتقان بەندىنىڭ تىلىنى سۆزگە كىرگۈزگىنكى، ھەر قانداق سىرى بولسا ماڭا ئېيتقاي، ئۆزى بىلەن غۇلام يىگىتنىڭ ھالىدىن ماڭا خەۋەر بەرگەي» دېيىشىگە، مەلىكە سۆزگە كىرىپ: «ئۇ غۇلام يىگىت ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەپسۇسكى بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى...» دەپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر ھازا يىغلىدى. مەلىكىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— ئى مەلىكە، بۇ كەمگىچە نېمە ئۈچۈن يوشۇردۇڭ، ناھەق قان تۆكۈلدى ئەمەسمۇ، — دېدى. مەلىكە:

— شەرم - ھايا تۇتتۇم. بۇ غۇلام بەچچە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئەمدى غەم يېگەنىنىڭ پايدىسى يوق. ئىشىك باقاردىن سوراپ باقساق، ئوغلۇمنى قەيەردە ئۆلتۈرگەن بولسا شۇ يەرگە بىر ئىمارەت قىلىپ، بېرىپ ھەر كۈنى زىيارەت قىلسام، — دېدى.

پادىشاھ ئىشىك باقارنى كەلتۈرۈپ:

— سەن ئۇنى نەگە ئاپىرىپ ئۆلتۈردۇڭ؟ ئۇ مېنىڭ پەرزەنتىم ئىكەن، — دەپ سورىغانىدى، ئىشىك باقار جاۋاب بېرىپ:

— ئی پادىشاھی ئالەم، بېشىمدىن قورقمەن، — دېدی.

— ھەر گۇناھىڭ بولسا ئېيت، — دەپ ئىجازەت قىلدی پادىشاھ.

— ئی پادىشاھی ئالەم، — دېدی ئىشىك باقار، — پەررۇخزادىنی تىرىك ساقلىغانىدىم. ئۇ ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمدە بار. — پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

— دەرھال كەلتۈرگىن، — دېدی، ئىشىك باقار بېرىپ پەررۇخزادىنی ئېلىپ كەلدی. مەلىكە ئوغلىنی سالامەت كۆرۈپ خۇدايىتائالاغا شۈكۈر سانالار قىلدی. پادىشاھ مەلىككە ئۆزرە ئېيتىپ ئىشىك باقارغا كۆپ ئىنئاملار بەردی. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتی، دەپ بەختيار ھېكايىسىنی تۈگەتتی ـ دە:

— ئی پادىشاھی ئالەم، خوتۇن خەقنىڭ بۇنداق ئىشلىری تولىدۇر. بۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىش خاتادۇر. ئەگەر ئىشىك باقار پەررۇخزادىنی ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ راستی مەلۇم بولغاندىن كېيىن پۇشايمان پايدا بەرمەس ئىدی. ئی پادىشاھی ئالەم، مېنىمۇ ئالدىراپ ئۆلتۈرسىلە، مەن ئۆلگەندىن كېيىن گۇناھسىزلىقىم مەلۇم بولسا، پۇشايمان پايدا بەرمەس، — دېدی. پادىشاھ بۇ سۆزنی ئاڭلاپ خوپ كۆردی. بۇيرۇدىكی بەختيارنی زىندانغا سالدی.

ئەلقىسسە، سەككىزىنچی كۈنی، سەككىزىنچی ۋەزىر ئەنبۇرشاھ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ بارگاھىغا كېلىپ دېدىكی:

— ئی پادىشاھی ئالەم، قورقمەنكی، بۇ ئوغری يىگىتنىڭ سەۋەبىدىن سەلتەنەت دەرىخىنىڭ يىلتىزی قۇرۇپ كەتمىگەي.

پادىشاھ ئازادە بەخت بۇيرۇپ بەختيارنی زىنداندىن كەلتۈردی. بەختيار بۇ نەزمنی ئوقۇدی:

نەزمە

شاھىنشاھی ھەمىشە كامران بول،
بۇ ئىززەت بىلەن دائىم شادمان بول.

ساڭا ئىقبال دۆلەت يار بولسۇن ،
مۇراد ئېتىڭ ھەممە تەييار بولسۇن .

ھەممە ئىشتا ھەق بولغاي ساڭا يار ،
ئادالەت بولمىسا قىلما ئىشنى يار .

بۇ نەزمە پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ ، بەختىيارنى يەنە زىندانغا بۇيرۇدى . تامام ۋەزىرلەر : « بىزدە ئەمدى بۇنىڭدىن زىيادە تاقەت قالمىدى . خەلق ھەم تاپا ـ تەنە قىلماقتا » دەپ ئەرز قىلىشتى .

پادىشاھ ئازادە بەخت ئېيتتى :

ــ ئى بەختىيار ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ، ــ بەختىيار دېدىكى :

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، ئاقىللار ئېيتۇرلاركى :

نەزمە

ھەر كىشى سەرۋەرى جاھان بولدى ،
سەربەسەر ئىشلىرى زىيان بولدى .
ئول كىشى سەبرە قىلسا ئول ئىشتا ،
ئىشلىرى كام تاپتى كامران بولدى .

پادىشاھ ئېيتتى :

ــ ئى بەختىيار ، مەنغۇ سېنىڭ سۆھبىتىڭنى خالايمەن . ئەمما بۇ تائىپەلەر سېنىڭ ئۆلۈمۈڭنى خالايدۇ .

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، ــ دېدى بەختىيار ، ــ بۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس . پادىشاھلارغا ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق ياخشى ئەمەس . ئالدىراڭغۇلۇق ئاخىر نادامەت كەلتۈرىدۇ .

نەزمە

ھەر كىمگە ھەر ئىشتا ئىزتىراپ قىلۇر ،
ئاقىۋەت ئىشىنى ئۆز خاراب قىلۇر .
ئىش قىلساڭ تەھقىقلەپ سەبرىچان بولغىن .
كىشى ئاگلىغان بىلگەننى قىلغىن .

خوجا گۆھەرپۇرۇشمۇ ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويىدى . ئاخىردا شۇ سەۋەبتىن مىھنەتكە قالدى .

پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدىكى :

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ؟

## خوجا گۆھەرپۇرۇش ھېكايىسى

بەختىيار ھېكايىسىنى باشلاپ دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، تارىخ سەھىپىلىرىدە ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى ، بىر شەھەردە بىر خوجا بارئىدى . ئول كىشى گۆھەر-پۇرۇشلۇق قىلاتتى . ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بارئىدىكى ، ناھايىتى ساھىبجامال بولۇپ ، ئۇ ، ھامىلىدار ئىدى . بىر كۈنى پادىشاھ گۆھەرپۇرۇشقا كىشى ئەۋەتىپ : گۆھەرلىرىمنىڭ باخشى - يامانلىرىنى ئىلغاپ بەرسۇن ، دېدى . گۆھەرپۇرۇش خوتۇنىغا : مەن پادىشاھنىڭ قېشىغا بارىمەن . ئەگەر ئوغۇل تۇغساڭ رەۋزەبە دەپ ئات قويغىن ، دەپ قويۇپ يولغا راۋان بولدى . پادىشاھنىڭ قېشىغا بارغاندى ، پادىشاھ خوجا گۆھەرپۇرۇشقا ئىززەت - ئىكرام قىلىپ :

— ئى خوجا ، مەن سېنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى ، بىزنىڭ خەزىنىدىكى گۆھەرلەرنى قىممىتى بويىچە ئايرىپ ، ياخشى - يامانىنى تاللاپ بەرگىن ، — دېدى . گۆھەرپۇرۇش گۆھەرلەرنى تاللاپ قىممىتى بويىچە ئايرىپ بەردى . پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىلپەتچىلىك قىلدى . ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈردى . ئەمما ئۆيىگە رۇخسەت بەرمىدى .

گۆھەرپۇرۇشنىڭ خوتۇنى يەڭگىپ ئىككى ئوغۇل تۇغدى . بىرىگە

« رەۋزەبــە » ، يـەنـە بـىـرىـگـە « بـەرەۋزە » دەپ ئات قـويـدى . گـۆھەر پـۇرۇشـىـنـىڭ خوتۇنى ئېرىگە : « ئى خوجا ، خۇدايىتائالا بىزگە ئىككى ئو- غۇل بەردى . ئەمدى كېلىپ پەرزەنتلەرنى كۆرگەيسەن ، سەندىن ئايرىلىپ جۇدالىقتىن تاقىتىم قالمىدى » دەپ كىشى ئەۋەتتى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

بېيىت

ئى مۇنىس جان ناتىۋانىم ،
دەي ئەمدى يار مېھرىبانىم .
سەن بۇ كۆزۈمگە رۇشنالىق ،
چەكتىم ئاشتى بۇ جۇدالىق .

بۇ خەتنى كۆرۈش جۇۋان مەرت ،
تېز بول كېلىپ ئەمدى مەدەت .

ئەلـقـىـسـسە ، گۆھەرپۇرۇش نامە مەزمۇنىدىن خۇشال بولدى . شۇ زامـان پـادىشاھ قېشىغا كىرىپ پادىشاھقا ئەرز ـ ئىلتىماس قىلدى ، پادىشاھ ئۇنىڭغا :

ــ بـۇ يـىـل جـاۋاھـىـراتلار كۆپ كېلىدۇ . كەتمەي تۇرغىن ، يەنە بـىـرى . مـەن سـاڭـا ئامراق بولۇپ قالدىم . بالىۋاقاڭنى بېرىپ ئېلىپ كەل- سۇن ، ــ دېـدى . خـوجـا قـوبـۇل قـىـلـدى . پـادىـشـاھ كىشى ئەۋەتىپ خـوجـىـنىڭ خوتۇنىنى تەكلىپ قىلغاندى . خوتۇن : « بىز بارمايمىز ، با- لـىـلـىـرىمىزنىڭ مەيلى يوق ئىكەن . ئەگەر ياخشى بولسا ، كېيىن بارارمىز » دەپ يـانـدۇردى . ئۇلار بـېـرىـپ خـوجـىغا : « باللىرىڭىز خالىمايدىكەن ، كـەلـمـىدى » دېدى . بۇنى ئاڭلاپ گۆھەرپۇرۇش پەرىشان بولۇپ كېچە ـ كـۈنـدۈز يـىـغلاپ يـۈردى ، ئەمـما پادىشاھ رۇخسەت بەرمىدى . مۇشۇنداق بىرقانچە ۋاقىتلار ئۆتتى . بۇ ئارىلىقتا باللىرى چوڭ بولۇپ خەت ـ ساۋاتى چـىـقـتـى . ئۆزلـىـرىنىڭ خېتى بىلەن خوجىغا نامە ئەۋەتتى . خوجا خەتنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ، پادىشاھقا ئىلتىماس قىلدى . پادىشاھ خوجىغا :

— مەن سېنىڭ بىلەن ئېلىپەتلەشتىم. سېنى يېنىمدىن ئايرىغۇم يوق. يەنە بىر قېتىم كىشى ئەۋەتەيلى، ئېلىپ كەلسۇن، — دەپ ئادەم ماڭدۇردى. بۇلار بېرىپ:

— سىزلەرنى پادىشاھ ئېلىپ كېلىڭلار دېدى، — دەپ يەتكۈزدى.

بۇنى ئىشىتىپ خوجىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى خوجىنىڭ قېشىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇلار شۇنداق مېڭىپ شەھەرگە كىرگىلى ئىككى مەنزىل يول قالغانىدى، قالغان كىشىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئىلدام كەتتى. بېرىپ خوجىغا خوتۇن - بالىلىرىڭىز كەلدى، دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. خوجا شاد - خۇرام بولۇپ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئالدىغا يولغا چىقتى، ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. ئالدىغا بىر دەريا ئۇچراپ سۇنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ يەردە ناماز ئوقۇۋالاي دەپ تەرەت ئېلىپ بولۇپ ناماز ئوقۇغۇدەك بىر جاينى ئىزدەپ نامازغا تۇرغانىدى، قارىسا بېشىدا دەستارى يوق، ئىزدەپ تەرەت ئالغان يەرگە بېرىپ ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. ھەسرەت بىلەن دەستارىنى ئىزدەپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، بىردىنلا كۆزىگە يىراقتا ئويناۋاتقان ئىككى بالا كۆرۈندى. خوجا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— دەستارىمنى بۇ يەردە قويغانىدىم، كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، بالىلار:

— كۆرمىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ يەردە سىلەردىن بۆلەك كىشى يوق تۇرسا، سىلەر دەستارىمنى بېرىڭلار، — دەپ چىڭ تۇردى. بالىلار:

— ئى خوجا، بىزگە تۆھمەت قىلما، خۇدادىن قورققىن، — دېيىشىگە، خوجىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بالىلارنى تۇتۇپ ئۇلۇغ سۇغا تاشلىۋەتتى. بالىلار سۇدا ئېقىپ كەتتى.

خوجا يەنە دەستارىنى ئىزدەپ پەرىشان بولۇپ يۈرەتتى، كۈن كەچ بولغانىدى. خوجىنىڭ خوتۇنى پەرزەنتلىرىنى قىچقىرىپ:

— ئى رەۋزەبە! ۋاي بەرەۋزە! سىلەر قەيەردە يۈرىسىلەر، ئەمدى كۈن كەچ بولدى، — دەپ بۇ يەرگە كېلىۋىدى، خوجا ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆردىكى، ئۆزىنىڭ خوتۇنى. خوجا:

— ھەي خوتۇن، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى. خوتۇنى:

— ئى خوجا، بىز بۇ يەرگە ئەتىگەن كېلىپ چۈشتۇق. ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى ئالدىمىزدا كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى. خوجا ئېيتتىكى:

— ئۇلار بېرىپ ماڭا يەتكۈزگەنىدى، ئالدىراپ كېلىۋاتسام، بىردىنلا سۇ بويىغا كېلىپ قالدىم، ئەمدى تەرەت ئالاي دەپ يۇرۇپ دەستارىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. دەستارنىڭ ئارىسىغا بىرمۇنچە گۆھەرنى چىرماپ قويغانىدىم، ئىزدەپ يۇرسەم سىلەرنى كۆردۈم، قايسى رەۋزەبە بىلەن بەرەۋزىنى قىچقىرىسەن؟ — دەپ سورىدى. خوتۇن ئېيتتىكى:

— بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىزغا رەۋزەبە، بەرەۋزە دەپ ئات قويغان ئەمەسمىدىم. مەن شۇلارنى چاقىرىمەن، ئۇلار ئويۇنغىلى كەتكەنىدى. شۇ كەمگىچە كەلمىدى.

خوجا گۆھەرپۇرۇش بۇ سۆزنى ئىشىتىپلا، نەرە تارتىپ بىھوش بولدى. خوتۇنى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ:

— ئى خوجا، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى. خوجا:

— ئى خوتۇن، مەن ئۇ بالىلاردىن دەستارىمنى سورىسام توڭلۇق قىلدى. ئاچچىقىمدا دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدىم، — دەپ ئاھ ـ پىغانلار قىلىپ يىغلىدى. بالىسىنىڭ چىرىغىنى شۇ يەردە قىلىپ، ئەمدى قازاغا رىزا بەرمەكتىن ئۆزگە نېمە چارە، دەپ ئۆز شەھىرىگە يانماقچى بولدى، خوجا دېدىكى:

— ھەي خوتۇن، ئەمدى بىزدە تىرىكلىك قالمىدى، دۇنيانىڭمۇ كېرىكى يوق. بۇ شەھەردە يۈرگۈچە باشقا بىر شەھەرگە كېتەيلى، بۇ شەھەردە تۇرىۋەرسەك پادىشاھ ئارام بەرمەيدىكەن.

ئۇلار بىر تەرەپكە راۋان بولدى. شۇ ماڭغانچە نەچچە كۈنلەر مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ پىراقىدا زار ـ زار يىغلاپ يۈردى. ئارىلىقتا مۇشۇنداق نەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى.

ئەلقىسسە، ئەمدى باللاردىن ھېكايە ئىشىتمەك كېرەككى، سۇ ئە-
چىدە باللارغا خۇدايىتائالا پاناھلىق بېرىپ، ئېقىتىپ بىر يەرگە چىقاردى.
ئول ۋىلايەتنىڭ پادىشاھى شىكارغا چىققانىدى. كۆردىكى، دەريانىڭ
بويىدا بىر نارەسىدە بالا يېتىپتۇ، كىشى ئەۋەتىپ ئېلىپ كەلدى. بالىنىڭ
گۈزەل چىرايلىرى سۇنىڭ ئازابىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. پادىشاھ
سورىدىكى:

— ئى گۆدەك، بۇ باياۋاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— بىز ئىككى بۇرادەر ئىدۇق. بىز سۇنىڭ بويىدا ئويناپ يۈرگە-
نىدۇق. بۇ يەرگە بىردىنلا بىر كېمىنىڭ قەدىمى يەتتى. ئۇنىڭ بىر
دەستارى سۇ بويىدا يوقالغانىكەن. بىزدىن سورىغانىدى، بىز ئالمىدۇق
دېسەك ئىككىمىزنى تۇتۇپ دەرياغا تاشلىۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى.
پادىشاھنىڭ رەھمى كېلىپ:

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى.

— رەۋزەبە، — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ:

— سېنىڭ ئىسمىڭمۇ ياخشى ئىكەن. سېنى بالا قىلىۋالاي، —
دەپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. پادىشاھنىڭ بالىسى يوق ئىدى، بۇنى
تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن پەرۋىش قىلدى. ھەممە ئەمرا-ئەكابىرلەر ئۇ-
نىڭغا پەرمانبەردار بولدى. پادىشاھمۇ ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالدى.
كۈنلەردە بىر كۈنى، پادىشاھ بۇ ئالەمدىن كېتىپ، رەۋزەبەنى پادىشاھلىق
تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. ئول ۋىلايەتنىڭ خەلقى ئۇنى ھىمايە قىلاتتى.
رەۋزەبە ھەم ھەممە خەلققە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇپ ئادىللىق بىلەن
يۇرت سورىدى. بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، بەرەۋزە ھەم سۇدا ئېقىپ بىر يەرگە چىقىپ قالغانىدى.
بىردىنلا بىرمۇنچە ئوغرىلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆردىكى، دەريانىڭ بويىدا
بىر گۆدەك يېتىپتۇ. ئۇنى ئېلىۋېلىپ بازارغا سالدى. بۇ كۈنى بىر غۇلام
سېتىۋالغىلى خوجا گۆھەرپۇرۇش بازارغا بارغانىدى. كۆزى بىردىنلا بە-
رەۋزەگە چۈشتى ۋە ئۇنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ
كەلدى. ئانىسى كۆرۈپ ئوغلىنى تونۇپ، ھوشىدىن كېتىپ ئۇزاقتا ھو-

شىغا كەلدى. بەرەۋزەنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ: «خۇدايىم ئۆز تەقدىرى بىلەن بالىنى قايتۇرۇپ ئەۋەتىپتۇ» دەپ خۇشال بولدى. خوجىغا:

— بۇ قۇل ئەمەس، سەن دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئۆز پەرزەنتىمىزدۇر، — دېدى. خوجا گۆھەرپۇرۇش بالىنى كۆرۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يۈز ھەمدۇ ساڭا ئۇلۇغ ئىلاھىم،
لۇتفى كەرىمىڭگە ئى پادىشاھىم.
تاپتىم يېتتۈرۈپ بۇ گۆھىرىمنى،
پەرزەنت ئىلە يار ۋە ياۋىرىمنى.

خوجا ئوغلىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە ھال - ئەھۋال سوراشتى. بەرەۋزە سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. خوجا ئوغلىغا ئۆز ھۈنىرى گۆھەرپۇرۇشلۇقنى ئۆگەتتى. ئۇ يات يۇرتتا كامىل ئۇستىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

بىر كۈنى خوجا گۆھەرپۇرۇش ئوغلىغا:

— ئى ئوغلۇم، پالانى شەھەردە بىر پادىشاھ بارئىمىش. ئۇ ناھايىتى سېخىي، غېرىبپەرۋەر ئىمىش. بىرەر پارچە گۆھەر ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەدىيە قىلساڭ، بەلكىم بىرەر پايدىغا ئېرىشىپ قالارسەنمىكىن، دەپ ئويلايمەن، — دېۋىدى، بەرەۋزە ئاتىسىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن دەرھال سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ يولغا راۋان بولدى. ئاتىسى:

— ئى ئوغلۇم، نەگىلا بارساڭ ئاكاڭ رەۋزەبەنىڭ خەۋىرىنى سورىغايسەن، — دەپ جېكىلىدى.

بەرەۋزە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، نەچچە زامانلاردىن كېيىن ئول ۋىلايەتكە كەلدى. بۇ ۋىلايەتتە رەۋزەبە پادىشاھ ئىدى. بەرەۋزە كېلىپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتى. بۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇھەببىتى دولقۇنلىدى. ئەمما ئاكا - ئۇكا تونۇشمىدى. بەرەۋزەگە ئىززەت قىلىپ:

— ئى يىگىت، نەدىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن؟ — دېگە-

ندى ، بەرەۋزە :

— ئاتام بىر گۆھەرپۇرۇش كىشى ئىدى ، — دەپ ئەكەلگەن گۆھەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى . پادىشاھ خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلىپ :

— ئاتاڭ نەدىن ؟ — دەپ سورىدى . بەرەۋزە تۇرغان شەھىرىنى ئېيتىپ بەردى . پادىشاھ بەرەۋزەنى مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىن ، دېدى . بەرەۋزە ھەم قوبۇل قىلدى . رەۋزەبە بەرەۋزەنى يېنىدىن ئايرىمايتتى . بىر كۈنى پادىشاھقا باشقا بىر شەھەردىن يېغا كەلدى . پادىشاھ لەشكەر ئەۋەتتى . بىر كۈنى پادىشاھ بەرەۋزە بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇش قىلدى . خادىملارنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ كەتتى . پادىشاھمۇ مەست ياتاتتى . بەرەۋزە قولىغا قىلىچ ئېلىپ پادىشاھنى چۆرىلىپ يۇرگەندى . بىردىنلا لەشكەرگە كەتكەن خادىملار ۋە ئىشىك باقارلار يېنىپ كەلدى . كۆردىكى ، بەرەۋزە قولىغا قىلىچ ئېلىپتۇ . پادىشاھنى چۆرىدەپ يۇرىدۇ . ئۇلار ۋارقىراپ :

— ئى بەتبەخت ! پادىشاھقا قەست قىلدىڭ ، — دېدى . بەرەۋزە دېدىكى :

— سىلەر غەلەت خىياللارنى قىلىۋاتىسىلەر ، مەن ئۇنىڭغا قەست قىلىش ئەمەس ، بەلكى باشقا كىشى قەست قىلىپ قويمىسۇن ، دەپ پادىشاھنى قوغداۋاتىمەن ، — دېسىمۇ ئۇلار يەنە پاراڭ سېلىپ :

— بىز كەلمىگەن بولساق ، پادىشاھنى ئۆلتۈرەر ئىكەنسەن ، — دېدى . دەل مۇشۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا ، پادىشاھ ئويغىنىپ :

— بۇ نېمە غوۋغا ؟ — دەپ سورىغاندى . نەدىملەر :

— بەرەۋزە سىلىگە قەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن ، ئۇنىڭغىچە بىز كېلىپ قالدۇق ، — دېدى . پادىشاھ بۇنى ئىشتىپ بەرەۋزەنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندى . ۋەزىر ئېيتتىكى :

— سەۋر قىلماق كېرەك ، گۇناھى مەلۇم بولغاي .

پادىشاھ بۇيرۇپ ، بەرەۋزەنى زىندانغا سالدى . يېغا بېسىقمىغاندى . ۋەزىرلىرى ئېيتتىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرى تولا ، بىزنىڭ لەشكىرىمىز ئازدۇر . ئۆزۈڭ بارمساڭ بولمىدى . چۈنكى پاتىھە نۇسرەت پادىشاھنىڭ قەددى ئىرۇر ، — دېدى . بۇ گەپ بىلەن رەۋزەبە لەشكەرگە ئاتلاندى . لەشكەرلىرى ھەم شاد بولدى . ئەتىسى جەڭ غەلىبە قىلىپ دۈشمەننىڭ چېرىكى قاچتى . پادىشاھ يېنىپ ئوردىسىغا كەلدى . شاراب ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتتى ، بەرەۋزەنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى .

بىرنەچچە زامانلاردىن كېيىن گۆھەرپۇرۇش بۇ ھالدىن بىخەۋەر بەرەۋزەگە خەت ئەۋەتكەنىدى ، ئۇل نامە پادىشاھقا يەتتى . پادىشاھ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ خەت ئەۋەتتى . گۆھەرپۇرۇش غەمكىن بولۇپ ھېچ چارە تاپالماي ، ئەر - خوتۇن ئۇل ۋىلايەتكە باردى . پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ دۇئا - سانالار قىلدى . پادىشاھ رەۋزەبە :

— ئى ئادەم ، قەيەردىن كەلدىڭلار ، قايسى ۋىلايەتتىن بولىسىلەر ؟ — دەپ سورىغانىدى . خوجا جاۋاب بېرىپ :

— مەن پالانى شەھەردىن بولىمەن ، خىزمەت ئۈچۈن پادىشاھنىڭ قېشىغا كەتكەنىدىم ، خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى . ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ . بۇلار بىلەن يولدا ئۈچرىشىپ قېلىپ ، مەن ئۇلارنى تونۇماي ئاچچىقىمدا تۇتۇپ دەرياغا تاشلىدىم ۋە ئۇل بىگۇناھلارنىڭ ئۇۋالىغا قالدىم ، — دەپ زار - زار يىغلاپ ، ھەممە ئەھۋاللارنى بايان قىلدى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى ۋە ئېيتتى :

— سىز مېنىڭ ئاتام ، بۇ كىشى مېنىڭ ئاپام ، مەن سىلەرنىڭ بالاڭلار ئىكەنمەن . مېنىڭ ئېتىم رەۋزەبەدۇر ، ئۇل زىندانغا تاشلانغان بۇرادىرىم بەرەۋزە ئىكەن ، بىلمەپتىمەن ، — دەپ ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ سەلتەنەت سارىيىغا ئېلىپ كىردى . ئاندىن ئاتىسىنى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى . تامام خەلق ھەيران بولدى . ئاندىن كېيىن بەرەۋزەنى زىنداندىن ئېلىپ كېلىپ ، ئاكا - ئىنى تېپىشتى . ئاتا - ئانا ، باللار كۆرۈشۈپ خۇشال - خۇرام ئۆمۈر كەچۈردى ، — دەپ بەختىيار ھېكايىسىنى تۈگەتتى . دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم، گۆھەرپۇرۇش پەرزەنتلىرىنى كۆرگىلى ئالدىراپ كېتىپ بۇ جاپالارغا قالدى. ئەگەر ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا بۇنداق جاپاغا قالمىغان بولاتتى.

بۇ سۆز پادىشاھ ئازادە بەختكە ياقتى. بەختىيارنى ئۆلتۈرمەي يەنە زىندانغا سالدى.

ئەلقىسسە، توققۇزىنچى كۈنى، توققۇزىنچى ۋەزىر دۆلەتشاھ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ نېمىدېگەن سۆز، ئالەمگە مەشھۇر بولۇپتۇ. بۇ ھېكايىنى تامام خەلق ئاڭلاپ بولدى. ئەمدى يەنە بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرمەي نېمە ئۈچۈن تەخىر قىلىمىز، — دېدى. پادىشاھ ئازادە بەخت بۇيرۇپ بەختىيارنى زىنداندىن ئالدۇرۇپ كەلدى. بەختىيار ئېيتتىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، يەنە بىر كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن، بەلكىم بۇ مېھنەتتىن خالاس بولارمەن. بۇ ۋەزىرلىرىڭ ماڭا دۈشمەنلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى تىلەۋاتىدۇ. ئەبۇ نامۇ دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن بىگۇناھ ئۆلگەنىدى. مەنمۇ ئاشۇنداق چېقىمچىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئۆلۈپ كېتەر — مەنمۇ دەپ قورقىمەن.

پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدىكى:

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟

## ئەبۇنامنىڭ ھېكايىسى

بەختىيار تۈتىدەك سۆزلىرىدە شېكەر چېچىپ شېرىن تىللار بىلەن سۆز باشلىدىكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، تارىخ بەتلىرىدە ئانداق رىۋايەت قىلىپتۇلاركى، بىر شەھەردە بىر ئادەم بار بولۇپ، ئېتى ئەبۇنام ئىدى، ئۇل ماللىرى ناھايىتى كۆپ كىشى ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولسا ئاچ كۆز، زالىم كىشى بولۇپ، ئەگەر بىر كەمبەغەلنىڭ يانچۇقىدا ئون پۇل بولسا، ئۇنى زۇلۇم بىلەن تارتىۋالاتتى. ئەبۇنام ئۇل پادىشاھنىڭ ۋەھىمىسىدىن بىردەممۇ خاتىرجەم ئۆتەلمەي، ئاخىر يەنە بىر شەھەرگە كېتىش

قارارىغا كەلدى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى ۋاقىت تېپىپ ، ئوقەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر كېچىدىلا شەھەردىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى . شۇنداق مېڭىپ بىرنەچچە كۈن دېگەندە بىر شەھەرگە يەتتى . ئەبۇنام كۆردىكى ، بۇ ۋىلايەتتە :

خوبلۇق خۇراملىق بىلەن ئاراستە ،
نازى ۋە نىئمەت بىلەن پەرەستە ،
مەملىكەتنىڭ پادىشاھى كۆپ ئادىل ،
خەلقى خۇش پېئىل ھەم فازىل .

ئىكەن . ئەبۇ نامغا بۇ ۋىلايەت يېقىپ ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى .

نەزمە

سۇپەتتە بەلكى بېھىشتۇر يەنە بۇ ھەم ساراي دىلكەش ،
جاھاندا يوق ساراي بۇنداق بۇرادەرلەر كېلىڭ كۆرگەش .
بۇ جاينى قىلىمەن مەنزىل كېتىپ قالماي بولۇپ ساكىن ،
بۇنىڭدەك يۇرت يەنە بولماس قىلاي بىر ئىش كۆرۈپ يۇرگەش .

شۇنداق قىلىپ ئەبۇنام بۇ ۋىلايەتتە ماكان تۇتتى . بۇ شەھەردە نامى چىقىپ ، مەسچىتلەر بىنا قىلدى . « بۇ شەھەرگە بىر مۇساپىر كېلىپتۇ ، مۇشۇنداق ياخشى ئىشلار قىلىپتۇ » دېگەن خەۋەر پادىشاھنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى . ئەبۇنامنىڭ ئىشىدىن پادىشاھ خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكراملار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا :

ـــ سېنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىڭ ماڭا چۈشتى . كۈندە كېلىپ تۇرغىن ، ـــ دېدى . ئەبۇنام ھەم ماقۇل ، دەپ پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئۆيگە راۋان بولدى .

ئەلقىسسە ، ئەبۇنام كۈندە دېگەندەك پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى . پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەم كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلاتتى . بارغانچە

سىرداش بولدى . پادىشاھ ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن قىلىدىغان بولدى . پادىشاھنىڭ يەنە ئون ۋەزىرى بارئىدى . ئۇلار ئەبۇنامنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلغىلى تۇردى . بىر كۈنى ۋەزىرلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ھىيلە تاپماقچى بولۇشتى . چوڭ ۋەزىرى ئېيتتى :

— ئى بۇرادەرلەر ، ئەبۇنامنىڭ ئىشنى مەن قىلاي ، پادىشاھىمىز خوتۇنپەرەستۇر . خاقانى چىننىڭ بىر قىزى بارئىمىش . ئۇ ئاجايىپ ساھىبجامال ئىكەن . خاقاننىڭ بىر ئادىتى بار ئىكەنكى ، قىزىغا قەيەردىن ئەلچى كەلسە ئۆلتۈرىدىكەن ، ھەرگىز تىرىك يانمايدىكەن . پادىشاھقا ئۇل قىزنىڭ تەرىپىنى قىلساق ئۇل قىزغا غايىبانە ئاشىق بولىدۇ . ئاندىن بىزدىن تەدبىر سورايدۇ . بىز ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىش تەدبىرىنى كۆرسىتىپ : « بۇ ئىشقا مۇھەممەد ئەبۇنامدىن مۇۋاپىق كىشى يوقتۇر . ئۇنىڭ قابىلىيىتى پادىشاھقا مەلۇمدۇر » دەپ چىڭ تۇرايلى ، شۇنداق قىلساق ئەبۇنامنى خاقانى چىن تەرەپكە ئەۋەتىدۇ . ئۇ ۋاقىتتا ئەبۇنامنىڭ تىرىك قايتىشى مۇمكىن ئەمەس .

ئەلقىسسە ، ۋەزىرلەر ئاشۇ قارارغا كېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى . ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردىن پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇپ ئاخىردا قىز گېپىنى چىقىرىپ :

— خاقانى چىننىڭ بىر قىزى بارئىمىش ، ئۇنداق رەنا بۇ ئالەمدە يوق ئىمىش ، — دېدى . پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ غايىبانە ئاشىق بولدى ـ دە ، ۋەزىرلەردىن بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى سورىدى . ۋەزىرلەر ئېيتتىكى :

— بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى ، ئەلچى ئەۋەتىش كېرەك . بۇ ئەلچىلىككە ئەبۇنام ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ .

پادىشاھ ئەبۇنامنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ، بۇ ھالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى . ئەبۇنام قوبۇل قىلىپ سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ يولغا راۋان بولدى . نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ خىتاي شەھىرىگە كەلدى . ئاندىن كېيىن خاقانى چىننىڭ قېشىغا كىرىپ مۇلازىمەتلەر قىلىپ :

— ئى خاقان ، سىزنىڭ قىزىڭ ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدىم ، —

دېدى .

— مېنىڭ قىزىم پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە يارىمايدۇ . كىرىپ كۆرۈپ ، سۆزىنى ئاڭلاپ باققىن ، — دېدى خاقانى چىن .

ئەبۇنام ناھايىتى مەردانە كىشى ئىدى ، ئېيتتىكى :

— ئى خاقان ، بۇنداق بىئەدەپلىكنى مەن ھەرگىز قىلمايمەن . پادىشاھلارنىڭ ھەرىمىگە ھەم كىرمەيمەن . مەلىكە پادىشاھقا لايىق بولمىغان بولسا ئىدى ، بۇ كېڭەش ئۈنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز چۈشمەس ئىدى ۋە مېنى ئەلچىلىككىمۇ ئەۋەتمىگەن بولار ئىدى ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى . خاقانى چىن ئەبۇنامنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— ئى ئەبۇنام ، قىزىمنىڭ ئاتىدارلىقىنى قىلغىن . ئاگاھ بولغىنكى ، مەن سېنى مۇشۇ يەردىلا نابۇت قىلاي دېگەنىدىم . دۆلەت يار ئىكەن ، تىغىمدىن خالاس بولدۇڭ ، — دېدى . ئەبۇنام ئېيتتى :

— ئى خاقان ، مېنىڭ گۇناھىم نېمە ئىدى ؟

— ئى ئەبۇنام ، — دېدى خاقانى چىن ، — ھەرقانداق ئەلچى كەلسە مۇشۇ ئىشارەت بىلەن بىئەدەپلىك قىلىپ ھەرەمگە كىردى . شۇ سەۋەبتىن باشلىرى ئۆلۈمگە كەتتى . پادىشاھلارنىڭ ھەرىمىگە كىرىش ناھايىتى يامان ئىشتۇر ، — دەپ ئەبۇنامنى ھەرىمگە باشلاپ كىردى . ئاندىن :

— ئى ئەبۇنام ، بۇ دۇنيادا سەندىن ئەدەپلىك كىشى كۆرگىنىم يوق . بىئەدەپلىكتىن تۆت يۈز كىشىنىڭ قېنىنى تۆككەنىدىم . سېنىڭ ھالىڭدىن پادىشاھىڭمۇ مەلۇم بولدى . ئەمدى بىرنەچچە كۈن سەۋرى قىلغىن ، توي تەييارلىقىنى قىلىپ ئەۋەتىمەن ، — دەپ جابدۇقلىرىنى راسلاپ ، قۇل ، كېنىزەك بىلەن قوشۇپ ئات ، تۆگىلەرگە رەخت ـ ماتالارنى ئارتىپ ، پادىشاھقا لايىق نەرسىلەر بىلەن يولغا سالدى .

ئەلقىسسە ، خاقانى چىن ئەبۇنامدىن قىزىنى ئەۋەتتى . بۇ خەۋەر ئۆلار يېتىپ كەلگۈچە پادىشاھقا ئاڭلاندى . پادىشاھ خۇشال بولۇپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى . شەھەرنى زىننەتلەپ ، پۈتۈن خالايىقلارنى يىغىپ توي بېرىپ شەرئەت

قانۇنى بىلەن نىكاھ قىلدۇرۇپ مەلىكىنى ئەمرىگە ئالدى. ئەمما ۋەزىرلەر غەمگە قالدى. بۇلار يەنە مەسلىھەتلىشىپ:

— ئەبۇنامنى يوقىتىمىز، دەپ بىر ئىشنى قىلىپ ئەبۇنامنىڭ مەر-تىۋىسىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتۇق. ئەمدى يەنە بىر ئىش بىلەن ئۇنى پادىشاھنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلايلى، — دېيىشتى. پادىشاھنىڭ ئىككى قۇلى بار ئىدى. ئۇلار پاسىبانلىق قىلاتتى. ۋەزىرلەر ئول غالچىلارغا ئالتۇن-كۈمۈش بېرەيلى، پادىشاھ ياتقان ۋاقىتتا: «ئەبۇنام پادىشاھنىڭ ھەققىنى ساقلىماپتۇ. پادىشاھنى كۆزگە ئىلماپتۇ. ئۇ ھەممىشە بۇ قىز ماڭا ئاشىق بولمىغان بولسا، شەھىرى چىندىن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدى، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ» دېسۇن، دەپ پۈتۈشتى.

ئەلقىسسە، ۋەزىرلەر ئىككى غالچىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بېرىپ بۇ سۆزلەردىن تەلىم بەردى. پادىشاھ ياتقانىدى. «ئەبۇنام تۇزكورلۇق قىلىپتۇ. سېنى كۆزگە ئىلماي ھەرىمىڭگە خىيانەت قىلىپتۇ» دەپ جىم تۇردى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ يۈگۈرۈپ قوپتى ـ دە، ئەبۇنامنى كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى:

— ئى ئەبۇنام، بىر مۇشكۇل ئىش يۈز بەردى. شۇ ئىش ئۈچۈن سېنى كەلتۈردۈم. بۇ شۇبھە شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدىن كەتكەي.

— ھەرقانداق سۆز بولسا سورىغايلا، بەندىلىرى جاۋابىنى تېپىپ ئېيتقۇسىدۇر، — دېدى ئەبۇنام.

— ئى ئەبۇنام، — دېدى پادىشاھ، — خىزمەتكار خوجىسىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلسا نېمە قىلماق كېرەك؟ — ئەبۇنام ئېيتتى:

— ئۆلتۈرمەك كېرەك.

پادىشاھ كۈچەپ تۇرۇپ ئانداق ئۇردىكى، ئەبۇنام ئورنىدا مىدىرلىماي شاھادەت شەربىتى تاپتى. ئۇنى قۇللارغا كۆتۈرتۈپ سۇغا تاشلىدى. پادىشاھ ئەندىشە بىلەن ھەرەمگە كىردى. مەلىكىدىن خاپا بولۇپ سارايىنى چۆرۈلۈپ يۈرەتتى. بىردىنلا قۇللارنىڭ پارىڭى چىقتى. بېرىپ تىڭشىغانىدى، بۇ قۇللارنىڭ بىرى، مەن سەندىن چوڭ، جىقراق ئالىمەن، دېسە، يەنە بىرى، تەڭ ئالىمىز، ئىشنىمۇ تەڭ قىلدۇق، دېدى.

بىرى ، بۇ سۆزنى پادىشاھقا مەن ئېيتتىم ، دېسە ، يەنە بىرى ، بىر تۆھمەت سۆز بىلەن بىر پۇقرانى ئۆلتۈرگۈزدۇق . شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ھارام پۇل قولغا كەلدى ، دېدى . بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى تىترەك باستى . يېنىپ ھەرەمگە كىرىپ قۇللىرىنى چاقىرتىپ سورىدىكى :

— ئى غالچىلىرىم ، نېمە دەپ ئۇرۇشتۇڭلار ؟

قۇللار راست گەپ قىلماستىن باشقا چارە تاپالمىدى . ئاخىر :

— ئى پادىشاھىم ، ۋەزىرلەر بىزگە بىرنەچچە دەرەم بېرىپ : پادىشاھ ياتقاندا بۇ سۆزنى ئۇشبۇ تەرىقىدە ئېيتقىن ، دەپ ئۆگەتتى ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ بۇ سۆزدىن ناھايىتى دەرغەزەپ بولدى ، ئەمما سەۋر قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدى . پادىشاھ يارلىق قىلىپ ھەممە ۋەزىرىنى دارغا ئاستى . ئۇلار زۇلۇم بىلەن ئۆلدى . تېرىسىنى يىت ، گۆشلىرىنى ئىت يې- گۈدەك بولدى . پادىشاھ ئەبۇنامنى ئۆلتۈرگىنىگە ھەرقانچە پۇشايمان — نادامەتلەر قىلدى ، ھېچ پايدىسى بولمىدى .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسىلە ، كېيىن گۇناھ- سىزلىقىم ئىسپاتلانسا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ ، — دەپ بەختىيار ھېكايىسىنى تۈگەتتى .

پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆز تەسىر قىلىپ ، بەختىيارنى زىندانغا سالدى .

ئەلقىسسە ، ئونىنچى كۈنى ، ئونىنچى ۋەزىر شاكىر شاھ پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ بارگاھىغا كېلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەمپاناھ ، بەختىيار توغرۇلۇق رۇخسەت بەر- سەڭ ، ھەرىمىڭگە كىرىپ مەلىكىدىن تەھقىق قىلغايمەن ، — دېدى . پادىشاھ رۇخسەت بەردى . شاكىر شاھ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى مەلىكە ، بۇ گۇناھ سېنىڭ بوينۇڭدىدۇر . نومۇسقا چىدى- غۇچىلىك تاقىتىمىز قالمىدى . خەلق ئارىسىدا يامان نامىڭ تارقىلىپ كەتتى . پادىشاھقا ئېيتمىدىڭمۇ ، نېمە ئۈچۈن بەختىيارغا سىياسەت قىلى- مايدۇ ، — دېدى .

— ئى ۋەزىر ، — دېدى مەلىكە ، بۇگۈن ئۇنىڭ ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن . سەن چىقىپ پادىشاھقا : « بۇ يەرگە كىرسۇن دەيدۇ » دېگىن ، — دېدى . ۋەزىر خۇشال بولۇپ يېنىپ چىقىپ : « مەلىكە چاقىرىدۇ » دەپ مەلۇم قىلدى . پادىشاھ ھەرەمگە كىرىشىگە مەلىكە پەرياد قىلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، ئوغرى يىگىتنىڭ سۆزىگە نېمە ئۈچۈن قۇلاق سالىسەن ؟ تىلەيمەنكى ، بۇگۈن بەختىيارنى ئۆلتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىن ، بولمىسا ئاماخاسىنىڭ سۆزىگە تاقىتىم قالمىدى ، — دېگەنىدى ، پادىشاھ ئازادە بەخت بۇيرۇپ بەختىيارنى كەلتۈردى . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئى بەختىيار ، بىگۇناھلىقىنىڭ دەۋاسىنى قىلىسەن ، ئەمما گۇناھسىزلىقىڭ ھېچقانداق ئىسپاتلانمىدى . بۇگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، تامام خەلق ئىبرەت ئالغاي .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، — دېدى بەختىيار يىغلاپ تۇرۇپ ، — بۇ ئىشلار تېخى مەلۇم بولمىدى . ئىنشائاللا مەلۇم بولىدۇ . خۇدايىتائالا ئۆزى دانادۇر ، مەن گۇناھسىزدۇرمەن .

نەزمە

كۆرگەن كۆڭلىرىم قازايى ئاسمانى ،
ھۆكمى ئۇلۇغدۇر بىلگىن سەن ئانى ،
دېدىمكى نىجاد تاپاي بۇ غەمدىن ،
شاھ ھەزرىتىدە نەۋئى ئەلەمدىن .

يوقتۇر گۇناھىم ئاللا گۇۋاھدۇر ،
ھەر نەۋئىكى بار قازا قىلادۇر .
تەن بەردىم ئۇنىڭ قازاسىغا مەن ،
بولماي چارەم يوق رىزاسىغا مەن .

ھەررەڭ خالىسا شۇنداق قىلادۇر ،
بىچارەدۇرمەن ، كەلگەن قازادۇر .

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇ بالادىن قۇتۇلغۇم بار ، ئەمما قازايى ئاسمان كۆتۈرۈلمىدى . ھىجاز پادىشاھىمۇ شۇنداق تىرىشىپ قازانى ياندۇرالمىغان .

پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدىكى :

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ؟

## ھىجاز پادىشاھىنىڭ ھېكايىسى

بەختىيار تاتلىق تىللار بىلەن ھېكايىسىنى باشلاپ سۆزگە كىردىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، تارىخ كىتابلىرىدا ئانداق كەلتۈرۈپ-تۇلاركى ، ھىجاز شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى ، ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى . دائىم روزا تۇتۇپ ، خەير - سەدىقە بېرەتتى ، ئاخىر خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت كارامەت قىلدى . ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى گۈزەل ئىدى . پادىشاھ خۇشال بولۇپ مۇنەججىملەرنى جەم قىلىپ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ۋە تەلىيىنى سورىغانىدى ، مۇنەججىملەر ئۇنىڭ جاۋابىغا مۆھلەت تىلىدى . مۆھلەت تامام بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىنىڭ ھالىدىن شۇنداق مەلۇم بول-دىكى ، شاھزادە يەتتە ياشقا كىرگەندە شىردىن زەخىم يېگەي ، پادىشاھ ئۇشبۇ پەرزەنتىنىڭ قولىدا ئۆلگەي ، — دېدى . پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئىشى-تىپ ناھايىتى غەمكىن بولۇپ :

— قازانى ياندۇرىمەن ، — دېدى . ۋەزىر ئېيتتى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، قازانى ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ ، سەن قانداق ياندۇرالايسەن ، — دېگەنىدى ، پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :

— ئى ۋەزىر ، مەن قازانى ياندۇرالمايدىغان بولسام ، سېنىڭ ئالدىڭدا شەرمىسار بولۇپ بېشىمنى بېرەي ، ئەگەر قازانى ياندۇرسام سېنى ئۆلتۈرەيمۇ ؟ — دېدى . ۋەزىر :

— خوپ بولغاي ، — دېدى . ئىككىسى خەت قالدۇرۇپ خەزىنىگە

تاپشۇردى . پادىشاھ ئەتىسى تاغ تەرەپكە بىرىپ تاغ ئارىسىدا بىر زىندان قازدۇرۇپ ، بىر مەزلۇمنى ئىنىك قىلىپ شاھزادە بىلەن زىندانغا سالدى . ئۇنىڭدىن كىيىن ، ھەر كۈنى ئۇلارغا تائام يەتكۈزۈپ بىرىپ تۇردى . پەرزەنتىنى كۈندە بىرىپ كۆرۈپ كىلەر ئىدى . مۇشۇنداق قىلىپ يەتتە يىل ئۆتتى .

بىر كۈنى ، دايە پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، پەرزەنتىڭ چوڭ بولۇپ قالدى . بۇ قاراڭغۇ زىنداندىن يورۇقلۇققا چىقارغايسەن ، ئەمدى بۇنىڭدىن زىيادە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى ، — دىدى . پادىشاھ :

— ئى دايە ، بۇ كەمگىچە تۇردۇڭ ، ئەمدى يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋرى قىلغايسەن ، — دەپ ياندى . قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا بىر تاشنى تۇۋاق قىلىپ يىپىپ قويغانىدى . تەقدىر بىلەن بىر شىر بىر تۈلكىنى قوغلاپ كىلىپ ، بىردىنلا شىر تۈلكىنى تۇتۇپ تۇۋاق تاش ئۈستىگە باسقانىدى . تاش تىيىلىپ شىر بىلەن قوشۇلۇپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . شىر ئاچچىقىدا دايەنى ئىككى پارە قىلىپ يۇتتى . شاھزادىنى ئاغزىغا ئىلىپ سىلكىپ تاشلىغانىدى . تاغنىڭ ئارىسىغا چۈشتى ، شىر ئۇنى كۆرمەي يىنىپ كەتتى . شاھزادە شىرنىڭ زەخمىدىن نالە ـ زار قىلىپ ياتاتتى . پادىشاھنىڭ بىر دىۋانىبىگى ئول تەرەپكە شىكارغا بىرىپ تاغ ئارىسىغا كىردى . بىر كەمدە قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئىشىتىلدى . كىلىپ كۆردىكى ، بىر بىچارە گۆدەك يىغلاپ يىتىپتۇ . غەم ـ غۇسسىدىن بىشى قىتىپتۇ . دىۋانىبىگى قۇللىرىغا بۇيرۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى . ئاندىن ئۇنى شەھەرگە ئىلىپ كەلدى . دىۋانبىگى ئاپىرىپ شاھزادىنى ئۆيىدە ساقلىدى ، زەخمىنى داۋالاپ ساقايتىپ سەللىمازا قىلدى ، ئۇنىڭدىن كىيىن مەكتەپكە بەردى . خەت ساۋاتى چىقتى ، ئون تۆت ياشقا كىرگەندە ئانداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى ، ئالەمدە بىرلا ئىدى . بىر كۈنى دىۋانبىگى بالىنى پادىشاھنىڭ قىشىغا ئىلىپ كىرگەنىدى . پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ مىھرى تىخمۇ زىيادە بولدى . ئەمما ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . پادىشاھ دىۋانبىگىدىن :

— ئى دىۋانبېگى ، بۇ ئوغلۇڭنى ماڭا بەرگىن ، — دېگەندى ، دىۋانبېگى :

— خوپ بولىدۇ ، مەن پادىشاھنىڭ بەندىسىدۇرمەن ، — دەپ بەردى ، پادىشاھ ئايرىپ خاس كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ سەردار قىلدى .

بىرنەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن پادىشاھقا بىر تەرەپتىن يېغا كەلدى . پادىشاھ لەشكەر تارتىپ چېرىككە چىقتى . ئىككى تەرەپ جەڭ قىلدى . ھىجاز پادىشاھىنىڭ چېرىكلىرى كۆپ ئىدى . جەڭ بىلەن كۈن كەچ بولدى ، ئادەملەر بىر - بىرنى تونۇماس بولغاندا سەردار يېتىپ كېلىپ ، پادىشاھنى تونۇماي ئۆشنىسىگە بىر تىغ ئۇرغاندى ، پادىشاھنىڭ بىر بىلىكى كېسىلىپ يەرگە چۈشتى . پادىشاھ ئۈنىڭغا :

— ئى ئىت ھارامزادە ، نېمىدەپ تىغ سالدىڭ ؟ — دېگەندى . سەردار يېنىپ ، يېغا بىلەن جەڭگە كىرىپ كەتتى . ئاخىر دۈشمەن لەشكىرى مەغلۇپ بولۇپ ، بۇ لەشكەرلەر خۇشال - خۇرام يېنىپ كەلدى . پادىشاھنىڭ بىر قولى يوق ياتاتتى .

— بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سوراشقاندى ، سەردار زەخمە ئۇرۇۋىدى قولۇم كېسىلىپ يەرگە چۈشتى ، — دېدى ، شول زامان سەردارنى بەنگە سالدى . ئەمما ئىنىڭ زەخمى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولۇپ ، پادىشاھنىڭ ئۆمرى تۈگەشكە ئاز قالدى . شۇنداق ياتقاندا ۋەزىر كىرىپ كەلدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا :

— ئى ۋەزىر ، سۆزۈڭ يالغان بولدى . پەرزەنتىمنى شىر يەپ كەتتى . ماڭا باشقا بىر كىشى زەخمە ئۇردى . قازانى ياندۇرسام سېنى ئۆلتۈرىدىغان بولغان ، ئەمدى قازانى ياندۇردۇم ، سېنى ئۆلتۈرىمەن ، — دېدى . ۋەزىر دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، سەردارنى تەھقىق قىلىپ ، كىمنىڭ نەسەبى ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم ، ئاندىن بىر گەپ بولغاي .

پادىشاھ سەردارنى چاقىرىپ :

— ئى بەتبەخت ، سەن كىمنىڭ پەرزەنتى ؟ — دېدى .

— بىلمىشمچە ، بىر مەزلۇم مېنى قۇدۇق ئىچىدە تەربىيەت قىلىپ

ئېررىدى . ئېيتاتتىكى : « ئى ئوغلۇم ، سەن بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئېرۇرسەن . سېنى بىر مەسلىھەت بىلەن قۇدۇق ئىچىگە سالدى » دەپ . ھەر كۈنى بىر كىشى كېلىپ تائام كەلتۈرۇپ كېتەتتى . موماي ماڭا ئۇ ئادەمنى سېنىڭ ئاتاڭ پادىشاھى ھىجازدۇر ، دەيتتى . بىر كۈنى بىر شىر تۈلكىنى قوغلاپ كېلىپ تاشنىڭ ئۈستىگە باسقانىكەن ، تاش بىلەن بىللە قۇدۇققا چۈشۈپ ئاچچىقىدا مەزلۇمنى يەپ كەتتى . مېنى چايناپ سىلكىگەنىدى ، بىرىپ تاغنىڭ ئارىسىغا چۈشتۇم . ئۇ يەردە قاقشاپ ياتاتتىم ، ئول كۈنى ساھىبدىۋان ئوۋغا چىققانىكەن . قېشىمغا كەلدى . قۇللىرىغا بۇيرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى . زەخىملىرىمگە مەلھەم قويۇپ ساق - سالامەت بولغاندا مەكتەپكە بەردى . ئىلىم - ئەدەپ ئۆگەتتى . سەردار بولدۇم . نېمە ئىلاجكى ، زامان شەپقەتسىزلىك قىلىپ يامان ئىش قىلدى . مۇشۇ گۇناھ سەۋەبىدىن بۇ ئالىي ئورۇندىن زىندانغا چۈشتۇم ، — دەپ زار - زار يىغلاپ ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى سەردار .

پادىشاھ ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ساھىبدىۋاننى چاقىرىپ : بۇ ئوغۇلنى نەدىن تاپتىڭ ، دېگەنىدى . ساھىبدىۋان ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ ئۆتتى . پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شاھزادىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ ، بەندتىن نىجاتلىق بەردى . ئاندىن پادىشاھلىق تاجىنى ئۇنىڭ بېشىغا تاقىدى . پادىشاھ :

— قازانى ياندۇرالمسامۇ ، پەرزەنتىمنى قولۇمغا كەلتۈردۈم ، — دەپ شۈكۈر قىلىپ ، ۋەزىرگە ئۆزرىلەر ئېيتتى ، — دېدى بەختىيار ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگە يەتكۈزۈپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، روشەنكى ، قازانى ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ . ھەممە ئىش تەقدىر رەببانىنىڭ بۇيرۇغىچە بولىدۇ . ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق ياخشى ئەمەس ، — دېدى . پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ ۋەزىرلىرى پەرياد - پىغانلار قىلىشىپ :

— بەختىيارنى يەنە ئۆلتۈرمىسىلە ، رۇخسەت بەرسىلە ، ھەممىمىز بۇ يەردىن كېتىمىز ، — دەپ تۇرۇۋالدى . شاھ ئىلاجسىزلىقتىن :

— بارچە كىشى جەم بولۇپ بەختىيارنىڭ ھالنى كۆرۈپ قويسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھەرىمگە قەدەم قويۇشقا ھېچكىم جۇرئەت قىلالمايدىغان بولسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى. ھەممە خالايىق جاكارنى ئاڭلاپ يىغىلدى. بەختىيارنى باغلاپ تۆت كوچىغا ئېلىپ باردى. خالايىقنىڭ ھەممىسى بەختىيارغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆز ياش قىلىشماقتا ئىدى.

شۇ ئەسنادا، پەررۇخ سەۋار قاراقچى بەختىيارنى پادىشاھنىڭ قېشىدا چوڭ مەنسەپدار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ: «بەختىيارنىڭ قېشىغا بارسام ياخشىلىق قىلارمىكىن» دەپ تەمە بىلەن كەلگەنىدى. تۆت كوچىغا كەلسە تامام خەلقلەر جەم بولۇپتۇ. ئەمما ھەممە ئادەم يىغلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار: «ئىسسىت، بەختىيارنى دارغا ئاسىدىغان بولدى» دەپ ئاھ ئۇرۇشۇۋاتاتتى. پەررۇخ سەۋار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ دەرھال توۋلاپ:

— ئى جاللاتلار، قولۇڭلارنى تارتىڭلار! ئۇنى كىچىكىدىن مەن پەرۋىش قىلغانىدىم. مېنىڭ قولۇمدا چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق. ئۇنىڭغا دۈشمەنلەر ھىيلە-مىكىر قىلغاندۇر، — دېگەنىدى، دەرھال بۇ سۆزنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ پەررۇخ سەۋارنى كەلتۈرۈپ:

— ئى غېرىب نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ ئوغۇلنىڭ ئەسلى نەسەبى قايدىندۇر؟ — دەپ سورىدى. پەررۇخ سەۋار ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنىڭ ھالىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئاندىن:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مۇشۇنداق ئوغۇلنى تۇغقان ئانىغا ئاپىرىن، مۇشۇنداق گۆھەردەك پەرزەنتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاتىغا رەھمەت، — دېگەنىدى پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدى:

— ئى پەررۇخ سەۋار، راستىنى ئېيتقىنكى، بۇ كىمنىڭ پەرزەنتىدۇر؟

پەررۇخ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

نەزمە

شاھىنشاھ ئەدلىدىن گۈزەلدۇر ئالەم،
غەمكىندۇر لۇتفىسىز قالغۇچى ئادەم.

شاھلار شاد بولغۇسى كۆرگەندە دەرھەم ،
يوقسۇزلار بولالماس شاھلارغا ھەمدەم .

كىشىكىم شاھلارغا گەر بولسا مەھرەم ،
ئۇنىڭغا لازىمى ئەقىلدۇر ھەمدەم .
ئەدەپنىڭ يولىنى ساقلار مەرد ھوشيار ،
ئانىڭكى ھالىغا تەڭرى نىگەھدار .

دەپ بەختىيارنىڭ ھالىنى بايان قىلدى ۋە يەنە دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئالەمپاناھ ، بىر كۈنى ، پالانى شەھەرگە مېڭىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەلسەك ، بىر نارەسىدە بالا يېتىپتۇ . ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . « بۇ يەرگە ئادەم ئايىغى يەتمەس ئىدى ، قانداق بولۇپ بۇ نارەسىدە بۇ جايغا كېلىپ قالغاندۇ » دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم . قۇچىقىمغا ئېلىپ قارىسام ، بىر زەر ياقۇت ئىمچىغا يۆگەپ ، ھەر مۇرىسىگە بەش دانە گۆھەر باغلاپتۇ . مەن بۇنى كۆرۈپ « پادىشاھزادە ئىكەن » دەپ ئويلىدىم . ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە ئېلىپ باردىم . دايە تەيىنلەپ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدىم . ئىلىم - ئەدەپ ئۆگەتتىم . ئاندىن كېيىن ھەزرەتلىرىگە سۆھبەتداش بولدى . ئەمدى قانداقتۇر ئۇنى دۆلەت مەقامىدىن مېھنەت زىندانىغا تاشلاپتۇ ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى .

پادىشاھ ئازادە بەخت سورىدىكى :

— بالىنى يۆگىگەن زەر ياقۇت ئىمچا بىلەن مەرۋايىتلار بارمۇ ؟ — پەررۇخ سەۋار بۇلارنى دەرھال كەلتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى . پادىشاھ ئۇنى مەلىكە قېشىغا ئېلىپ كىردى . مەلىكە ئۇنى تونۇپ ، بىزنىڭ پەرزەنتىمىزنىڭ خەۋىرىنى كىم كەلتۈردى ، — دەپ سورىدى . پادىشاھ ئېيتتى :

— ئى مەلىكە ، بەختىيار بىزنىڭ پەرزەنتىمىز ئىكەن ، — دەپ بەختىيارنى دەرھال ھەرەمگە ئېلىپ كىردى . مەلىكىنىڭ كۆزى پەرزەنتىگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ھالىغا زار - زار يىغلىدى ۋە :

— ئى ئوغلۇم ، خۇدايىم يېڭىۋاشتىن بەردى . دۇشمەنىنىڭ سۆزى

بىلەن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىڭ، — دەپ قۇچىقىغا ئېلىپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيدى.

دۆلىتى بىدار ئېرۇر گويا كۆرۈپمەن ياخشىنى،
يا كۆرۈپتۇرمەن جامالى ئاي يۈزى ئاپتابىنى.

پادىشاھ ئازادە بەخت مەلىكىدىن نېمە ئۈچۈن تۆھمەت قىلدىڭ، دەپ سورىغانىدى، مەلىكە دېدىكى:
— ئى پادىشاھى ئالەم، ۋەزىرلەر: بەختىيارغا پادىشاھ ناھايىتى يېقىندۇر، ئۇنى ئۆلتۈرەيلى ياكى كۆزدىن يىراق يەرگە ھەيدىۋېتەيلى، دېگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئىدىم، — دەپ تۇردى.
پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ۋەزىرلەرنى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ جىمى مال-مۈلكىنى خەزىنىگە ئېلىپ، ئون ۋەزىرنى دارغا ئاستى. خالايىق ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلدى. بەختىيارنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ پەرروخ سەۋارنى ۋەزىر قىلدى. قالغان ئۆمرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدى.

# رەئنايى جاھان ھېكايىسى

رىۋايەتلەردىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى شېرىن سۆزلۈك ھېكايىچىلەر ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى: قۇدرۇن شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىدى. ھەق سۇبھانە ۋەتائالادىن بىر ئوغۇل پەرزەنت تىلىدى، ئاخىر ئۇنىڭغا خۇدايىتائالا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ئېتىنى رەئنايى جاھان قويدى. رەئنايى جاھان يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاجايىپ چىرايلىق، پەم - پاراسەتلىك بولۇپ، تەڭداشسىز، جاھاننىڭ يېگانىسى بولدى. ئاندىن مەكتەپكە بەردى. ئەمما شاھزادىنىڭ ئوقۇشقا رىغبىتى يوق ئىدى. پادىشاھ شاھزادىگە نەسىھەت قىلىپ:

— ئى ئوغلۇم، ئىلىم ئىگىلە، جاھاندا كىمكى بىلىم ئالماپتۇ، ئول كىشىنى ئاقىللار ئادەم قاتارىدا سانىمايدۇ، — دېدى. شاھزادە ئاتىسىغا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرھىز، سۈننەت، ۋاجىپلىرىنى ۋە ئىلمىي نۇجۇمدىن بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئوقۇماي تۇرۇپ بۇنداق بولغىنىغا ھەيران بولۇپ، بويىندىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئى ئوغلۇم، خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئوقۇماي تۇرۇپ بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتقىنىڭغا، — دەپ چىقىپ مۇنەججىملەرنى قىچقىرىپ شاھزادىنىڭ ھالىغا قۇرئى سالدۇردى. قۇرئىدە كېلىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرۈپ پادىشاھ بىلەن مەلىكىگە مۇنەججىملەر بايان قىلغانىدى. پادىشاھ پەرياد - پىغان قىلىپ ئۆلمەس دەردكە مۇپتىلا بولدى. ئەمما، خۇدانىڭ تەقدىرىگە ھېچ ئامال قىلالماي، شاھزادىنى قىچقىرىپ:

— ئى ئوغلۇم، مەن مۇشۇ كېسىلىم بىلەن ئالەمدىن كېتىمەن، سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدىغان ۋەقەلەر ئاجايىپلەردۇر. تەقدىرگە ھېچقانداق چارە يوق. لېكىن، ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، ئۆزۈڭدىن چوڭلار سۆزلىگەندە زىنھار ئاغزىڭنى ئاچمىغىن. چوڭلار سۆزلىگەندە سۆزلىسە ئول

كىشى رەسۋا بولۇپ، چوڭ بالاغا گىرىپتار بولىدۇ. بىر قىرغاۋۇل بارئى-
دى. ئۇل قىرغاۋۇل ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىلگىرى سۆزلىدى. بالاغا گىرىپتار
بولۇپ، ھالاك بولدى، — دېگەنىدى، شاھزادە:
— ئۇ قانداق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

## سايرىغاق قىرغاۋۇلنىڭ ھېكايىسى

پادىشاھ دېدىكى:
— ئى ئوغلۇم، بىر جاڭگالنىڭ تاغ تەرىپىدە بىر قىرغاۋۇل ماكانى
بارئىدى. ئۇل جاڭگالغا پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ ھېچنېمە شىكار قىلالمىدى.
پەرىشان بولۇپ يۈرەتتى. بايىقى قىرغاۋۇل جۈپتى بىلەن ئۇۋىسىدا ئولتۇ-
رۇپ جۈپتىگە:
— شۇڭ ئولتۇرۇڭلار جىمۇ، ئەگەر بىزنىڭ بۇ يەردە بار
ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ئوۋچىلار كېلىپ
ھالاك قىلىدۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ بىردەم شۇك ياتتى. ئاندىن
بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ: «بىر سايرىۋېتەيلىكىن،
ھەممە ئادەم ئاڭلاپ ھەيران قالسۇن» دەپ، ئۈبدان ئاۋاز بىلەن
سايرىغانىدى، ھەممە خەلققە ئىشىتىلدى. پادىشاھ دەرھال يارلىق قىلىپ:
— ھەممىڭلار جەم بولۇپ، قاچۇرماي تۇتۇپ كېلىڭلار، ئەگەر
قاچۇرۇۋەتسەڭلار تىرىك قويمايمەن، — دېدى. بارچە خەلق جەم بولۇپ
قىرغاۋۇلنى قاچۇرماي تۇتۇش ئۈچۈن قەدەم قويغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى
ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ ئۇچۇپ كەتتى، كىشىلەر بالىسىنى تۇتۇپ
پۇتىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. ئەگەر قىرغاۋۇللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
نەسىھىتىنى ئاڭلاپ شۇك تۇرغان بولسا، ئانداق بالايىئەزىمگە گىرىپتار
بولماس ئىدى. ئى ئوغلۇم، سەن ھەم چوڭلار سۆزلىگەندە زىنھار
سۆزلىمەي ئاڭلىغىن، ئۇلاردىن سۆز قىلىشنى ئۆگەنگىن. چوڭلارنىڭ
قېشىدا بىر ئېغىز سۆزلىسەڭمۇ رەسۋا بولىسەن، بىر كىشى سۆز سوراپ
قالسا ئۇنىڭغا ئاز جاۋاب بەرگىن. سۆزۈڭنىڭ لەۋزى ئاز، مەنىسى كۆپ
بولغاي، ئەگەر زىيادە جاۋاب بەرسەڭ ئىززىتىڭ قالماس. يەنە بىر

نەسىھەتىم : كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى ئاغرىت-قۇچى چىقار . چوڭلارنىڭ قارغىشى كىچىكلەرنى تۇتىدۇ . كىچىكلەرنىڭ قارغىشى چوڭلارنى تۇتالماس ، چۈنكى ئېغىر تاشنى تۆۋەنگە تاشلىماق ئاسان ، ئەمما يۇقىرى چىقارماق مۇشكۇلدۇر . ئى ئوغلۇم ، ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن . بىر ئېغىز سۆز ئۆگەتكەن كىشى ھەم ئۇستاز بو-لىدۇ . ئۇستازىڭدىن ئىلگىرى سۆزلىمە . ھەرقانچە سۆزگە قابىل بولساڭمۇ ئۇستازىڭنىڭ ئالدىدا يەنىلا قابىلىيەتسىز سەن ، ئۇستازىڭ بار يەردە بىر ئىشنى بىلىمەن دەپ سۆزلىمە ، ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىگە كېلۇر ھەم قۇرۇق تۆھمەتكە قالىسەن ، بىر شەھەردە بىر كىشى ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى ئاغ-رىتتى ، قۇرۇق تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇپ ھالاك بولدى .

## تۆھمەتكە قالغان شاگىرت ھېكايىسى

ئەلقىسسە ، پادىشاھ دېدىكى :

— ئى ئوغلۇم ، بىر شەھەردە بىلىملىك بىر ھۆكۈما بار ئىدى . بىر نادان ئول ئالىمغا شاگىرت بولدى . ئۇ نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاران ئىككى ئېغىزچە سۆز ئۆگىنىۋېلىپ ئۆزىنى ئىلىم - ھېكمەتتە ئۇستازىدىن زىيادە ھېسابلاپ ، بۇ ئالىمنىڭ قېشىدىن چىقتى . چىقىپ بىرنەچچە ۋاقىتلار ئۆتتى . خەلقلەر ئول ئالىمنى داۋاملىق ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئەسلە-شەتتى ، ئەمما بۇ نادان شاگىرت :

— مەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولغانىدىم ، ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەن . ئۇنىڭدىن ئۆزۈم ئوبدانراق بىلىدىكەنمەن ، — دەپ يۈردى . ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تارقىلىپ ، ئالىمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . بۇنىڭدىن ئالىم-نىڭ ناھايىتى كۆڭلى ئاغرىپ : « تېخى مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپ يۈرگۈدەك بولۇپتىمۇ » دەپ رەنجىدى . ئەتىسى ھېلىقى شاگىرت بولغان ئادەم ھاجەت قىلغىلى كوچىغا چىقىپ كۆردىكى ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ . قورقۇپ : « مۇبادا كىشى كۆرۈپ قالسا ، مېنى ئۆلتۈردى دېمە-سۇن » دەپ ئويلاپ ، ئۆيگە كىرىشكە پېشاب قىستىدى ، پېشابقا ئولتۇراي دېسە « قۇرۇق تۆھمەتكە قالارمەنمىكىن » دەپ ئويلىدى . ئەندىشە بىلەن

ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى يېپىپ ، يەنە بىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇراتتى ، بىردىنلا پاششاپ چىقىپ كېلىپ كۆردىكى ، بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپ بېشىنى ئىشىكتىن چىقىرىپ تۇرۇپتۇ . دەرھال جىبەكچىلەرنى بۇيرۇپ بۇ ئادەمنى تۇتۇپ ، قولىغا بەن ، پۇتىغا ئىشكەل ، بويىنىغا زەنجىر سېلىپ ئېلىپ چىقتى . بۇ ئادەم قورۇق تۆھمەتكە قالدىم دەپ ھوشىدىن كەتتى ، ئەمما نېمە ئىلاج قىلسۇن ، يۈز نالە - زار بىلەن :

— ئى خوجىلىرىم ، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم ، بىگۇناھ تۇرسام نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسىزلەر ، — دېدى . بۇلار ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىماي پادىشاھ-نىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى . ئاڭغىچە تاڭ ئاتتى . پاششاپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، كوچىدا كېتىپ بارغانىدىم . بىر ئوغرى ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ . مەن ئۇنى تۇتۇپ كەلدىم ، — دېدى . بۇ ئادەم تېنىپ تۇردى . ئاخىر زىندانغا بۇيرۇدى . بۇنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە گۇۋاھمۇ تې-پىلمىدى . ئۆلگۈچىنىڭ تاۋابىئاتلىرى تولا يىغلاپ ، دەۋا قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ، ھېلىقى ئادەم دارغا تارتىپ ئۆلتۈرۈلدى ، ئەمما ھېلىقى كوچىدا ئۆلگۈچىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئاتىسىنى ئالىمنىڭ بۇ شاگىرتى ئۆلتۈرگەنىدى ، — دەپ پادىشاھ ھېكا-يىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ :

— ئى ئوغلۇم ، ئۇستازنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۈچى قورۇق تۆھمەتكە قالىدۇ . كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايا ، كىشى سېنى رەنجىتسە رەن-جىتسۇنكى ، سەن رەنجىتمە ، كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ سەنمۇ ياخشىلىق كۆرىسەن . زىيان يەتكۈزسەڭ سەنمۇ زىيان كۆرىسەن . سۆزمەنلەر ئارى-سىدا سۆزلىمىگىن ، خاتا سۆزلىسەڭ ئابرۇيۇڭنى چۈشۈرىسەن ، تېز قۇلاقلار ئارىسىدا ئاڭلىماس بولغىن . پانىي ئالەمدە مەشھۇر بولمىغىن ، ئۇ ئالەمدە مەشھۇر بولىسەن ، بۇ دۇنيادا دۇنيادار بولما ، ئۇ دۇنيادا پۇلدار بولىسەن . دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە ، ئاخىرەتلىكنى تاپالمايسەن ، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتمىغىن ، ئاخىرەتتە ئۇلۇغ بولۇرسەن . دۇنيادا داد ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن ، ئاخىرەتتە خۇشال بولۇرسەن ، بۇ دۇنيادا تولا

ئۇخلىمىغىن، ئاخىرەتتە بىمار بولسەن. دۇنيادا كىشىنىڭ مېلىنى ئېلىۋال-مىغىن، ئاخىرەتتە ئۇچرىشىپ قالسەن. بۇ دۇنيادا قان تۆكمىگىن، ئاخىرەتتە دارغا ئېسىلسەن، بىر ئىشنى تۇگەتمەي تۇرۇپ يەنە بىر ئىشنى قىلما، ئىككىلىسىدىن قۇرۇق قالسەن. بىر موماي بار ئىدى. چاق ئېگىرىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۆشكە سېتىۋېلىپ ئۆز ئىشىدىن قۇرۇق قالدى، ئاخىرىدا قۇدۇققا چۈشۈپ ھالاك بولدى. شاھزادە ئېيتتى:

— بۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟

## موماي بىلەن بۆرە ھېكايىسى

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئېيتتىكى:

— ئى ئوغلۇم، بىر شەھەرنىڭ مەھەللىسىدە بىر چاقچى موماي بار ئىدى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان كۈنىنى چاق ئېگىرىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھال كۈنى خېلى ئادەملەردىن ئوبدان ئىدى. خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلماي: «ئەمدى خېلى بايمۇ بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئىككى تەرەپلەپ ئو-قەت قىلاي» دەپ، بازارغا بېرىپ ئىككى ئۆشكە سېتىۋالدى. «ئەمدى ئۆشكىنىڭ سۈتىنى ئىچسەم، چاق ئېگىرىپ تاپقان پۇلنى ئەگلىمگە كىي-سەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، ئىككى ئۆشكىنى باقاندى. بۇ ئۆشكىلەرنىڭ سۈتى يوق ئۆشكىلەر ئىكەن. مومايىنىڭ بار - يوقىنى يەپ بولدى. موماي «بازاردىن ئەرزان ئالدىم، سەمرىتسەم قاسساپقا كۆپ پۇلغا ساتىمەن» دەپ پىكىر قىلىپ، ئوت - بوغۇز بىلەن باقتى. بىر كۈنى ئوت ئالغىلى تالاغا كەچ چىققانىكەن، بوران چىققىلى تۇردى. بوراندا ئىككى بۆرە پەيدا بولۇپ، بىرى مومايىنىڭ ئۆشكىسى بىلەن چاقىنىڭ كىرىكىنى يېدى. بىرى مومايغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قارنىنى ياردى. بۇ سائەتتە بىر ئوغرى: «مومايىنىڭ ئوقەتلىرى بار، ئېلىپ چىقاي» دەپ بوراندا ئۆيگە كىرىپ، مومايىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرارئىدى. بۆرىلەر ئۆشكىنى يەپ بولۇپ قارىسا، بىر نەرسە مىدىرلاۋېتىپتۇ، ئىككى بۆرە بېرىپ ئېسىلىپ ئول ئوغرىنىمۇ ئۆلتۈردى، — دەپ پادىشاھ سۆزىنى تامام قىلدى، ئاندىن:

— ئى ئوغلۇم ، ھەركىم دۇنياغا مۇپتىلا بولسا ئاخىرەتتە قۇرۇق قالىدۇ ، بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ، سېخىيلىق سېنىڭ ئىشىڭدۇر . مەن ناماز ، روزىدىن نەسىھەت قىلمايمەن ، سەن ئاشىقلار لاپىنى ئۇرىسەن ، ئەمما ئاشىقلار قاتارىدا ئەمەسسەن . ئاجىز بولغىل ، ئاشىق ـ سادىقلارنىڭ ئىشقىنى بىلەلەيسەن ، ئاشىقنىڭ سادىقى ئاجىز ، خار بولىدۇ . زاھىدلارمۇ ئاشىقلارغا نىسبەت بەرسە ھايۋان قاتارىدادۇر . زاھىد بىتەمەگە نىسبەت بەرگەندە ئۆزگە ئادەملەر ھايۋان قاتارىدادۇر . ئاشىقلار ئاھىدىن ھەزەر قىل . مەزلۇملار ئاھىدىن ھەزەر قىل . مەزلۇملار ئاھى قىلىچتىن ئۆتكۈر . ئى ئوغلۇم ، دۇنيا ئىشىنى تۈگىتىمەن دەپ قەست قىلمىغىن ، دۇنيا كارى تۈگىمەيدىغان ئىش ئەمەس . بۇ پانىي دۇنيادا بىرىنى تاپسا بىرى يوق . بۇ زاھىدنىڭ ئېشەك تاپسا پالاك يوق ، پالاك تاپسا ئېشەك يوق بولغىنىدەك بىر ئىش .

شاھزادە ئېيتتى :

— ئۇ قانداق بولغانىكەن ؟

## زاھىد بىلەن ئېشەك ھېكايىسى

پادىشاھ ئېيتتىكى :

— ئى ئوغلۇم ، بىر شەھەرنىڭ تېشىدا بىر زاھىدنىڭ سۇمئەسى بارئىدى . ئۇل زاھىد كېچە ـ كۈندۈز خۇدايىتائالاغا تائەت قىلاتتى . بىر كۈنى زاھىد پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى . زاھىد ناھايىتى قېرى كىشى ئىدى ، يۈرىكى سىلىپ قالدى . پادىشاھ سورىدىكى :

— ئى زاھىد ، نېمە ئۈچۈن يۈرىكىڭىز سالدۇ ؟

— ئۇلىغىم يوق ، پىيادە ماڭسام يۈرىكىم سالدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى زاھىد . پادىشاھ :

— ئۇلاغ مىنىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدى .

— ئەگەر ئۇلىغىم بولغان بولسا مىنىپ كېلەر ئىدىم ، — دېدى زاھىد . پادىشاھ :

— ئانداق بولسا يانىدىغان ۋاقتىڭىزدا بىر ئۇلاغ بېرەيلى ، —

دېدى. زاھىد ياناقچى بولغانىدى، پادىشاھ:

— زاھىدقا ئوبدان، سىلىق ئاتتىن ئېلىپ چىقىڭلار، شەيخ پىيادە ماڭمىسۇن. بۇ يەرگە كەلسە مىنىپ كەلسۇن، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دېدى زاھىد، — قۇۋۋىتىم يوق، ئات مىنەلمەيمەن. پادىشاھ:

— تۆگە ئېلىپ چىقىڭلار، چۆكۈرۈپ مىنگىلى قېرى كىشىگە ئوبدان بولىدۇ، — دېدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، تۆگە پۇرقۇپ لىباسلىرىمنى ناپاك قىلىدۇ، — دېدى زاھىد.

— ئۇنداق بولسا قېچىر بېرىڭلار، — دېگەنىدى. مەن قېچىرنى باشقۇرۇپ مىنەلمەيمەن، مېنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئەمىسە نېمە مىنىسىز؟ — دېگەنىدى، — ئېشەك مىنەي، — دېدى زاھىد.

پادىشاھ دەرھال بىر ئېشەك بەردى. ئاندىن:

— بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسىڭىز مىنىپ كېلىڭ، — دېدى. زاھىد ئۇنى باغلىغىلى ھېچ نەرسە تاپالماي، ئاخىر دەستارىنى چۇۋۇپ باغلىدى. ئېشەكنى توقۇمسىز مىنسەم كىيىملىرىمنى ناپاك قىلىدۇ، — دەپ مىنەلمىدى، ئەمما ئېشەك باغلىغان سەللىنىڭ ناپاك بولغانلىقى بىلەن كارى بولمىدى، بۇ ئېشەكنى توقۇم تاپقاندا مىنىمەن دەپ يېتىلەپ يۈردى. ئېشەك بېقىپ نامازنى ھەم ئۇقۇيالمىدى. دەستارىدا باغلاپ يۈرۈپ بىر — ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى. پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلمەكچى بولسا، ئېشەكنى يېتىلەپ كەلدى، بىر كۈنى پادىشاھ تەرەت ئالغىلى تالاغا چىققانىدى. زاھىد ياياق ئېشەكنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى. پادىشاھ كۆرۈپ:

— ئى شەيخ، ئېشەكنىڭ توقۇمى قېنى، — دەپ سورىغانىدى، زاھىد:

— ئى پادىشاھىم، ھەزرەتلىرى ئېشەك بەردىلە، توقۇم تاپقاندا

مىنەي دەپ مىنمىدىم، — دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزگە ھەيران بولۇپ:

— ئېشەكنى بەرگىلى ئىككى يىل بولدى. شۇكەمگىچە مىنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، زاھىد:

— مىنمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى، پادىشاھ:

— كېتەر ۋاقتىڭىزدا بىر توقۇم بېرەيلى، — دەپ، يانغاندا بىر توقۇم بەردى. زاھىد:

— ئەمدى توقۇمنى توقۇپ مىنىپ كېتەي، — دەپ توقۇمنى كۆتۈرۈپ دەرۋازا تۈۋىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئەمدى باغلاقلىق يەردىن ئېشەكنى ئېلىپ كېلەي دەپ بارسا ئېشەك يوق. كۆردىكى، بۆرە يەپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن پەرياد قىلىپ: «ئېشەك تاپسام توقۇم يوق، توقۇم تاپسام ئېشەك يوق، ماڭا ئەزەلدىن پىيادە يۈرمەك پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن» دەپ توقۇمنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ سۈمەئەسىگە كەتتى، دەپ پادىشاھ سۆزىنى تامام قىلدى ۋە:

— ئى ئوغلۇم، دۇنيانىڭ ئىشىغا مەغرۇر بولمىغىن، ئاخىر پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيا يىغمىغىن، پايدىسىزدۇر. خۇدا يولىدا ئاتىغانىنى دەرھال بەرگىن. ساقلىساڭ دەرد - مېھنەت كەلتۈرىدۇ. كۆڭلۈڭدە ئاتىغانىكەنسەن بەرگىن. بولمىسا ئىللەت كەلتۈرىدۇ. قەرزدارىڭغا دۇرۇشلۇق قىلمىغىن، ئۆزۈڭ قەرزدار بولىسەن، پۇلۇڭ بار كىشىنى يول ئۈستىدە تۇتمىغىن، سەن ھەم رەسۋا بولىسەن. بۇ دۇنيادا بەرسەڭ ئاخىرەتتە ئالىسەن، ناجىنس يامانلارغا دوست بولمىغىن، ئۇلاردىن پايدا كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن مۇتلەق ۋاپا كۈتمىگىن. يامانلار ئۆزىنى ياخشىلىيالماي تۇرۇپ، ساڭا قانداق ياخشىلىق كەلتۈرسۇن. ئەگەر ۋاپا ئىزدىسەڭ روزىگارىڭدىن ئىزدە، دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق. ئەگەر ۋاپاسى بولغان بولسا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى ھاۋا ئانىمىزغا ۋاپا قىلماسمىدى؟ زىنھار كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلمىغىن، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما. بۇ دۇنيادا پۇلى يوق كىشىنى يارىماس، بىلىمسىز دەيدۇ. بۇنداق سۆزگە زىنھار ئىشەنمە، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزىگە كىرمىگىن، شەيتاننىڭ يولىغا باشلايدۇ. پۇلۇڭ بولسا دوست بولىدۇ، بولمىسا

تاشلايدۇ . دوست بولغانلارغا ئىشەنمە . قېرى كىشىلەرگە دوست بولغىن ، ياش كىشى دىگەن نادان دوستتۇر . قېرى كىشى كۆپنى كۆرگەندۇر ۋە پايدا ـ زىيانىنى بىلىدۇ . ئۇلار قېرىلىق مېھنىتىدىن ئاخىرەتنى ئويلايدۇ . گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمايدۇ . ئۇلار دۇنيانىڭ غوۋغاسىنى كۆڭلىدىن چىقارغان . ئۇلارغا دوست بولساڭ ۋاپاسى كېلىدۇ . « نادان دوستتىن زېرەك دۇشمەن ئەلا » ، دانا ھەرگىز دۇشمەنلىك قىلماس ، ياش دوستتىن قېرى دۇشمەن يامان . ئى ئوغلۇم ، بۇ نەسىھەتلەرنى زىنھار يادىڭدىن چىقارمىغىن ، ــ دېدى . پادىشاھنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولۇپ ئاخىر ھالى بوشاپ قالدى ، ئوغلىغا يەنە ۋەسىيەت قىلىپ :

ــ ئى ئوغلۇم ، ئورنۇمدا پادىشاھ بولغىن ، ئەگەركى پادىشاھلىقتىن زېرىكسەڭ ، ئۆز ئورنۇڭغا تاغاڭنىڭ ئوغلىنى پادىشاھ قىلغىن ، ــ دەپ جان تەسلىم قىلدى .

شاھزاھ رەئنايى جاھان ئاتىسىنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى بېرىپ بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى . ئەمما شاھزادە تېخى تولۇق ياشتا ئىدى . بىر كۈنى بىر كىشى كىرىپ :

ــ ئى پادىشاھى ئالەم ، مەن سودىگەرچىلىكتە كەلگەنىدىم . ماللىرىم كەلمەي قەرز بولۇپ قالدىم . كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى بارماقچى ئىدىم . قەرزلىرىمنى قەرزدارلارغا كەئبىدىن كېلىپ بېرەي دېسەم ئۇنىمىدى ، ــ دېدى . شاھزادە دەرھال خەزىنىدىن ئېلىپ بەردى . ئاندىن :

ــ كەئبىدىن كەلگەندە ئۆتنىمىسىنى خەزىنىچىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ ، ــ دېدى . شاھزادە كۆڭلىدە : « بۇ ئادەم بىلەن مەككىنى زىيارەت قىلىپ كېلەي ، ھەرەمنى زىيارەت قىلماق ئەلۋەتتە پەرھىزدۇر » دەپ پادىشاھلىقنى ئەمىگە ( تاغىسىنىڭ ئوغلى ) بېرىپ ئۆزى كەئبە يولىغا ماڭىدىغان تەييارلىقنى قىلدى . يول جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىپ ، كەئبە يولىغا كىردى . ئەمىكى :

ــ سىز تېخى كىچىك ، كەئبىنى تاۋاپ قىلماق پەرھىز ئەمەس ، دېسىمۇ شاھزادە ئۇنىمىدى . ئاخىر تاغىسىنىڭ ئوغلى بەش كۈنلۈك يەر-

گىچە ئۇزىتىپ قويدى .

بۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدى ، قارىسا سېپىللىرى ئاسمان پەلەك تۇرىدۇ ، بۇ شەھەرنى « شەھىرى ئاشال » دەپ ئاتايتتى . پادىشاھى كاپىر بۇتپەرەس ئىدى . ئۇل پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئىسمىنى « ئاپتاپى تاج زەر » دەپ ئاتايتتى . شاھزادە بۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەندى . بىر كۈنى ئۇل قىز تاماشا قىلىپ ، « جاھاننەما » غا چىقتى . شاھزادىنىڭ كۆزى بىردىنلا جاھاننەماغا چۈشۈپ كۆردىكى ، بىر ئاي يۈزلۈك ئىمان بۇلاڭچىسى ، جاھان قاراقچىسى خۇددى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن ئاپتاپتەك بىر زىبا مەھبۇب تۇرىدۇ . بۇنى كۆرۈپ شاھزادە بىھوش بولۇپ يىقىلدى ، بىر كەمدە ھوشىغا كېلىپ ئۆيىگە ياندى . شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

كەلدىم ئاشال دىيارىغا بىر پەيكەر كۆردۈم ،
كۆزلىرىدە جان ئالغۇچى دىلبەرنى كۆردۈم .
تاماشا قىلىپ كۆرسەڭ ئانى ئېچىلغان بىر گۈل ،
مىرخ ياكى شەرقتىن چىققان مۇشتەرى كۆردۈم .

دەپ يەنە بىر قارىغانىدى ، ئۇل قىز كىرىپ كەتتى . شاھزادە ۋادەرىغا ، دەپ كۆكسىگە ئۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

ئۇل دىلبىرى جاننى كۆرۈپ ئۆلەي دەپ قالدىم ،
ئۆز جېنىمغا ئۆزۈم گۈلخان ياقاي دەپ قالدىم ؛
بۇ شەرھنى ئېيتاي دېسەم تىلىم بولۇر لال ،
غايىب بولدى يەنە كۆرمەي چالا بوپ قالدىم .

ئاشال ماڭا مۇقەددەستۇر گويا تاۋابگاھ ،

ئەمدى كەتمەي بۇ شەھرىڭدە تۇراي دەپ قالدىم .
زىنهار ئەسلا كەتمىگەيمەن شەھرىم قۇدرۇنغا ،
تاۋاب قىلىپ ئاستانەڭگە يۈرەي دەپ قالدىم .

دەپ زار - زار يىغلاپ ، ئول مەشۇق يەنە بىر چىقارمىكىن دەپ ئۇ يەردە تەلمۈرۈپ ئولتۇردى . ئەمما ئول جاھان ئاپىتى چىقمىدى . ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ساراي يولىغا راۋانە بولدى ،
ئول گۈلئۈزارىم چىقمايدۇ ئەمدى .
تۇردۇم بولۇپ زار كۆرسەم يۈزىنى دەپ ،
جان مېھرىبانىم چىقمايدۇ ئەمدى .

باقمايدۇ ئەمدى جانىجاھانىم ،
ئۆلسەم كويىدا چىقمايدۇ ئەمدى .
بىر يۈزىنى كۆرسەم ئۆلسەم جامالىڭ ،
زارى نىھالىم چىقمايدۇ ئەمدى .

ئىشقىڭدا ۋەيران دىۋانە بولدۇم ،
ئول ماھى يارىم چىقمايدۇ ئەمدى .
رەئنايى بولدى بىزارى جاندىن ،
كىم ئول نىگارىم چىقمايدۇ ئەمدى .

دەپ يۈزمىڭ نالە - زار بىلەن سارايغا كىرگەنىدى . بارچە سودىگەرلەر شاھزادىنىڭ ھالىنى ئاجايىپ پەرىشان كۆردى . ئۇلار ھەر قانچە سۆز سورىسىمۇ جاۋاب بەرمەي :

— ئەمدى مەككىگە بارغىلى يول بولمىدى . سىلەر بېرىڭلار ، مەن بارمايمەن ، — دەپ بىللە كەلگەن نۆكەرلىرىگە رۇخسەت بەردى . ئۇلار

مەككىگە بارماسلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىغانىدى، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، نۆكەرلىرىگە: مېنىڭدىن ئاغامغا سالام دەڭلار، دەرياغا چۈشۈپ غەرق بولدى دەپ قويۇڭلار، دېدى.

شۇنداق قىلىپ نۆكەرلەر قۇدرۇنغا ياندى. كەئبىگە بارىدىغانلار كەئبىگە ماڭدى.

شاھزادە يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

نەزمە

ئى يار تەسەددۇققە يۈزۈڭ كەئبىنى قويدۇم،
ئول كەئبە كەبى يۈزمىڭ مەن تۆھپىنى قويدۇم.
كىرپىك ئوقىدا ئاتساڭ ئەگەر بولسام نىشان مەن،
جاننى تەسەددۇق ئىلەمەن سىنەنى قويدۇم.

رەئنايى ئوشۇل ھەزرەت ۋەسلىڭنى تاپاي دەپ،
ئىشق ئاتىشىدە چىققان ئاتاي دۇرنى قويدۇم.

دەپ يىغلا – يىغلا، كېچە – كۈندۈز ئۇ يەرگە بېرىپ ياتتى. شاھزادىنىڭ نۆكەرلىرى يېنىپ كېلىپ: «شاھزادە دەريادا ئېقىپ كەتتى» دەپ پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمىكى ئۆزىنى بەريان قىلىپ: «ئەمدى ماڭا تەختىنىڭ كېرىكى يوق. ئىنىمنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ كېلىپ، دەپنە قىلىمەن» دەپ ماڭماقچى بولدى. ئەمما ۋەزىرلەر مەنئى قىلىپ ماڭدۇرمىدى.

شاھزادە ئۆزىنىڭ خەۋىرىنى ئۇنداق يەتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىگە كەلسەك، ئەگەر ئاغام ئىشتىسە مېنى ئىزدەپ ئىلىپ كېتىدۇ ۋە يەنە شەھەر خەلقىغە زۇلۇم – سىتەم بولىدۇ، دەپ شۇنداق دەڭلار، دېگەنىدى. شاھزادە كوچا – كوچىلاردا يىغلاپ، ئاپتاپ تاج زەرىنىڭ ئىشقىدا كۆيەر ئىدى. تامام خەلق: «بۇ دىۋانە ئەجەب خۇشرۇي يىگىت ئىكەن. سېپىپ بوپتۇ» دېيىشەتتى. بازارلاردا، تۆت كوچىلارنىڭ چاسىلىرىدا شاھزادە

مەست ـ مۇستەغرەق بولار ئىدى . تۆت كوچىدا ئۇ بېيىت ئوقۇدى :

نەزمە

كۆرۈپمەن ئاپتاپ زەر جامالىن ئاشنا بولدۇم ،
كېلىنىڭ دوستلار جاھاندا يوق ۋاپا ، مەن گەدا بولدۇم .
ئاتام شاھدۇر ئۆزۈم شەيدا قىلىپ تەقدىر سەرگەردان ،
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرۈپ مەن رىزا بولدۇم .

جامالىن كۆرسەم ئەمدى جاننى بەرسەم قويماي تەندە ،
نېچۈنكى ئاتەشى ھىجران بىلە ئەمدى ئادا بولدۇم .
بۇلۇتلار بوغرۇ ئاھىدىن قۇرۇق نىكەنى ئۇرغايمەن ،
ئۆلۈمگە ئارزۇلۇق گويا ئەمدى مەن ئەجدىھا بولدۇم .

بىتىپ ھەمزە ئەيلىمە سەن ھەزلە كالامىڭنى ،
رەئنايى جاھاندۇرمەن جاھاندا يوق دەۋا بولدۇم .

دەپ تۆت كوچىنىڭ تۇۋرۇكىگە تايىنىپ قوپۇپ كەتتى .

پادىشاھ ئوۋغا چىققانىدى ، يېنىپ تۆت كوچىغا كېلىپ كۆردىكى ، قىزنىڭ ئېتى بىلەن بىر شېئىر پۈتۈكلۈك تۇرىدۇ ، پادىشاھ :

— بۇ شېئىرنى كىم يازدى ، — دەپ سورىدى . بارچە نۆكەرلەر شاھزادىنى تىلغا ئالدى . پادىشاھ :

— بۇ دىۋانە ئون ئىككى ياشلاردا بار ئىكەن ، ئەجەب شائىر ئىكەن . ئېلىپ كېلىڭلار ، — دېدى . نۆكەرلەر بېرىپ :

— ئى دىۋانە ، سىزنى پادىشاھ قىچقىرىدۇ ، — دېدى . شاھزادە :

— مېنى پادىشاھ نېمە قىلىدىكەن ؟ — دەپ سورىدى . نۆكەرلەر : « بۇ دىۋانە ئۇنىمايدىكەن ، بىر ھىيلە قىلايلى » دەپ ئويلىدى .

— سىزگە پادىشاھ قىزىنى بېرىدىكەن ، — دېدى . شاھزادە :

— پادىشاھنىڭ قىزىنى نېمە قىلىمەن ، ماڭا ئاپتابى تاجى زەر لازىم ، — دېگەنىدى ، نۆكەرلەر :

— سىز دېگەن مەلىكە پادىشاھنىڭ قىزىدۇر ، — دېدى . ئۇنى ئاڭلاپ شاھزادە نۆكەرلەر بىلەن ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلدى . پادىشاھ :

— باغلاپ ئېلىپ كىرسۇن ، — دەپ بۇيرۇدى . بۇلار شاھزادىنىڭ قول - پۇتىنى باغلاپ ئېلىپ كىردى . پادىشاھ سورىدىكى :

— ئى قەلەندەر ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟

— بىر ۋەيرانىدە ياتقانىدىم ، شۇ يەردىن كەلدىم ، — دېدى شاھزادە . پادىشاھ يەنە سورىدى :

— نېمىشقا كەلدىڭ ؟

— ھېلى ئىككى ئادەمدىن قىزىمنى بېرەي ، دەپ ئەۋەتكەنىكەنسىز ، شۇنىڭغا كەلدىم . يەنە مېنىڭدىن سورامسىز ؟ — پادىشاھ ھەيران قېلىپ :

— مەن سەندىن ئۆتمىگەن ئىشلارنى سورىمىدىم ، — دېدى . شاھزادە :

— مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇنقى ئىشنى بىلمەسمەن ، بېشىمغا كەلگىنىنى بىلىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ سورىدى :

— ئاتاڭ كىمدۇر ؟

— ئاتام تۇپراق ، — دېدى شاھزادە . پادىشاھ :

— ئۇنى مەن بىلىمەن ، ئەمما سېنى تاپقان ئاتاڭنى سوراۋاتىمەن ، — دېدى . شاھزادە ئېيتتى :

— سىز ، مەندىن ئۆتكەننى سورايمەن دېدىڭىز ، مەن ھەم شول جەھەتتىن ئۆتكەندىن جاۋاب بەردىم . — پادىشاھ :

— مېنىڭ قىزىمنى قاچان كۆرگەنىدىڭ ؟ — شاھزادە :

— روھىم ئايىرىدە بولماستىن بۇرۇن كۆرگەنىدىم ، — پادىشاھ :

— سەن مېنىڭ قىزىمنىڭ ئىشقىدا ئەمەس ، باشقا قىزنىڭ ئىشقىدا ئېرۇرسەن ، — شاھزادە سورىدى :

— بۇ شەھەر كىمنىڭدۇر ؟ — پادىشاھ ئېيتتى :

— مېنىڭدۇر .

— ئانداق بولسا سىزنىڭ قىزىڭىزنىڭ ئىشقىدا كۆيىمەن . — دېدى شاھزادە .

— ئەگەر مېنىڭ قىزىمغا ئاشىق بولساڭ ، مېنى بىر تە-
رىپ قىل ، — دېگەندى ، شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بېيىت

ئەي سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ جاھان مۈلكىدىن زىيادىدۇر ،
دۆلىتىڭنىڭ قېشىدا پەلەكمۇ ھەم پىيادىدۇر .
بېشىڭدا زەر تېنىڭدە ئېرۇر ھەللەئى ئېدەن ،
كاپىر ئېرۇرسە ئەقلىڭ ئاندىن زىيادىدۇر .

كىم تەئرىپىڭنىڭ قېشىدا بۇ رەئنايى يوق ئىدى
قوۋۋىتىڭنىڭ ئالدىدا ئۆزگە كىشى مات - مادەدۇر .

شاھزادىنىڭ بارچە سۆزى پادىشاھقا تەسىر قىلدى . ئېيتتىكى :
— ئەمدى قىزىمنى تەرىپ قىلغىن . — شاھزادە :
— قىزىڭنى بىر كۆرسەم ، ئاندىن تەرىپلىسەم ، — دېدى . پادىشاھ :
— ئاۋۋال تەرىپ قىل ، ئاندىن كۆرسىتەي ، — دېدى . شاھزادە
دەرھال بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بېيىت

پادىشاھنىڭ قىزىغا كۆيدۇم دېسەم باۋەر ئەمەس ،
بىر قىزى باردۇر ئۇ شول ئادەم پەرى ئەختەر ئەمەس .
ئول جامالىدىن جاھاننى روشەن ئەيلەپ قىلدى كاج ،
ياكى مەشرىقتىن تۇغۇلغان مېھرى يا خەۋەر ئەمەس .

مەي ئەجەپ قەسرى بەلەند ئۇستىدە كۆردۇمئول پەرى ،
يۈزلىرىدۇر دانە - دانە يا قىزىل ئەھمەر ئەمەس .
نىش ئۇرۇپ ئىككى يانىدا گەنجىنى ساقلار كەبى ،
قورقىتىپ ئىشق ئەھلىنى ئول دەۋزىخى دەۋۋار ئەمەس .

كۆزلىرى ئوتلار ساچىپ رەئنايىنى كەلتۈرگىلى،
رەھىم ئېتەرنى ئىزدىمە ئول رەھمىلىغ دىلدار ئەمەس.

دەپ كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى. ئەمما پادىشاھقا تەسىر قىلىپ كۆڭ-لىدە: «مەن پادىشاھ تۇرسام، شۇنچە ئەمىر - لەشكەر ئارىسىدا بۇ دىۋانە قىزىڭغا كۆيدۇم دەمدۇ» دەپ نومۇس كۇچىدە نۆكەرلەرگە:

— پالانى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاپارغىن، ئوتۇن توشۇتسۇن، مېنىڭ قىزىمغا كۆيگەن كىشىنىڭ جازاسى ئۇشبۇدۇر، — دەپ بۇيرۇدى.

شاھزادە:

— ئى پادىشاھ، مېنى شاد قىلدىڭ، ھەركىشىكىم يارى ئۈچۈن جەبىر زۇلۇم تارتماي ۋەسلىگە يەتكىلى بولماس، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

بېيىت

ماڭا ئول دىلرەبايىمدىن بەسى جەۋرى - جاپا كەلدى،
ئېنىڭ ۋەسلىن كۆرەرمەنكىم ماڭا رەھمى خۇدا كەلدى.
تولاكىم يىغلىما بىچارە ئاشىقسەن ئەگەر بولساڭ،
نېچۈك جەبىر جاپا ئەمدى خۇدايىمدىن قازا كەلدى.

رەئنايى ئۇ شول ۋەسلىغە ئارزۇڭ بارئىدى يەتتىڭ،
ئېرۇر مۇمكىنكى ھەر ئاشىق دېگەي ئەمدى بالا كەلدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇم، — دېدى. مىرغەزەپلەر شاھزادىنى غول زەنجىر بىلەن ئول شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. شاھزادە يولدا بارغۇچە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

مۇخەممەس

ئول بار جاپاگەر ماڭا زۇلۇم ئەيلىدى بىسيار،

جىنىمنى ئېلىپ بىر يولى غەمدىن مىنى ئاسرار .
كۆرسىتىپ ماڭا ئالسا ئىدى بىر گۇناھ دىدار ،
خار ئەتكۇچىدۇر رەھمسى يوق دىلبىرى دىلدار .
غەم شامىدا ئاشىق ھەممە دىل ئالغۇسى ئەيىار .

ئۆلتۈرگىلى قەست ئەيلىدى ئەمدى نىلاي ئاھ ،
جاننى ئېلىپ ئىشق ئوتىدا داغلىرى ئول شاھ ،
بىردەم ئەگەر ئەيلىسە بولماس ئىدى يۈز ئاھ ،
كۆڭلۈم مىنىڭ بەك غەمكىندۇر بولغىن سەن ئاگاھ ،
ئىشق ئوتىدا ئۆلۈشكە مەن ھەرقاچان تەييار .

بۇ ئىشق ئوتىغا سىر ھەم ئەيلەپ بولماس ،
بەرباد ئاشال شەھرىگە گەر ئەيلەپ بولماس ،
ئاشىق كىشى بېگانە زەرەر ئەيلەپ بولماس ،
ئول يارغا كۆيمەككە كىلۇر ئەيلەپ بولماس ،
ئول دىلبەر قاش ياسى بىلەن كىرپىك ئوقى تەييار .

جان ئالغۇچى بىر دىلبىرى جانانىنى كۆردۈم ،
جاندۇر شەبھى گۆھەر يەكدانىنى كۆردۈم ،
مەست ئەيلىدى ئول كۆزلىرى مەستانىنى كۆردۈم ،
ئول دىلبىرى جان ۋەھىمدە دىۋانىنى كۆردۈم ،
بەلكى قىلىدۇ بۇ ئاشىق بۇ خارنى كۆردۈم .

دەردىمە مىنىڭ بارچە جاھان ئەھلىگە ئاياندۇر ،
بۇ دەرد ـ غىمىم ئاستىدا ئۆلمەككە گۇماندۇر ،
خۇرشىد سەھرا ئۈزە چىقىپ يۇردى نىشاندۇر ،
يار ۋەسلىگە يەتمەك ئەزەل شۇنداق جاپادۇر ،
بۇ دەرد ـ غىمىم كۆرسە ئالۇر شاھى جاھاندار .

دەپ يىغلاپ ماڭدى . مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆيگىنىنى ئىشىتىپ ، بىر

كۆرسەم دەر ئىدى .

ئەلقىسسە ، شاھزادىنى ئۇل شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلدى . ئۇل ھاكىم شاھزادىنى ئوتتۇن توشۇغىلى قويدى . ئۇنىڭغا :

— پالانى جاڭگالدىن ئاشخانىغا كۈندە بىر قېتىم ئوتتۇن ئېلىپ كېلىسەن ، — دەپ تاپشۇردى . شاھزادىگە نەچچە كۈنلەر مۇشۇنداق ئو-تۇن توشۇتۇپ ، ئاخىر ئۇ جاڭگالنىڭ ئوتۇنى قالمىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاكىم باشقا بىر جاڭگالغا ماڭدۇرغانىدى . شاھزادە چۇش ۋاقتى بىلەن ئەكېلىپ بولدى . بۇنى كۆرۈپ ، كۈندە ئىككى ئەكەل ، دېدى . بۇ دېگەنىمۇ تولۇق بەجا قىلدى . ھاكىم ئۇنى تېخىمۇ يىراق يەرگە بۇيرۇ-دى . شاھزادە كېچىسى ئوت قالىغانىدى . ئۇل جاڭگالغا ئوت كېتىپ ، تامام كۆيۈپ كەتتى . ھاكىم بۇنى ئاڭلاپ يەنە بىر جاڭگالغا بۇيرۇدى . ئۇل جاڭگالدىن ئوتۇن ئالغۇچە ئاپتاپ تاج زەر يادىغا يېتىپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئى يار سېنىڭ جەبىرلىرىڭ جۇپ ، توشۇتتى ،
ھىجراندا ئىدىم ئىتلىرىڭ ھەم پايمە تۇتتى .
ھىجران ئوتىنىڭ ھارارىتى ئۆرتىدى مېنى ،
نىلايكى دىلىم گۇلشەن گۇلزار قۇرۇتتى .

بۇ ئەسكى جاھان كۆڭلۈم ئەغيار بولۇپتۇ ،
مەن ئاشىقى ناز باشلىدىكىم بارچىدىن ئۆتتى ،
ھەيران ساراسىمە بەلكىم باشى ئولدۇر ،
ئۇل يار ۋىسالىن تىلىگەن مەيلىرى يۇتتى .

رەئنايى جاھاندار كۆرۈڭلەر ئېنى ياغىر
بۇ جاڭگالدا ۋەيرانىگە بىر شام يورۇتتى .

ئۇ باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ، زار ـ زار يىغلاپ بىھوش

بولۇپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ تۇرار ئىدى، بىردىنلا قاراقچى پەيدا بولۇپ
شاھزادىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شاھزادە قاقاقلاپ كۈلدى.
قاراقچى ھەيران بولۇپ:

— بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسە نېمە ئۈچۈن كۈلسەن، — دېدى.
شاھزادە:

— مەن ئۆلگىلى بەش يىل بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان كۈندە مىڭ
مەرتەم ئۆلۈپ، مىڭ مەرتەم تىرىلىمەن، — دېدى. قاراقچى:

— سەن نېمە كىشى؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— پادىشاھى ئاشالىنىڭ قۇلى بولىمەن. ئوتۇن توشۇغىلى مېڭىپ
ساڭا ئۇچرىدىم، — دېدى. ئۇنداق بولسا قۇلنى ئۆلتۈرگەن بىكار، دەپ
شاھزادىنى قاراقچى ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ باردى. بىر كۈنى قاراقچى
بىلەن ئوۋغا چىققانىدى، ئېزىقىپ كەتتى. بوران چىقىپ تۇراتتى. سو-
دىگەرلەرگە ئۇچرىدى. بۇ قاراقچى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا پايلىماي
سودىگەرلەرگە نان، سۇغا شاھزادىنى تېگىشتى. ئۇ قاراقچى نان يەپ،
سۇنى ئىچىپ، ئۆز مەنزىلىگە راۋان بولدى. بۇ بېرىپ چوڭلىرىنى باشلاپ
كېلىپ بۇ سودىگەرلەر ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ پۇللىرىنى ئالماقچى ئىدى.
شاھزادە سودىگەر ئەھلىگە:

— مەن قاراقچىلارنىڭ قۇلى ئىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەم
قۇتۇلالماس ئىدىم. ئاخىر سىلەرگە سېتىلدىم. ئەمما بۇ يەردىن ئىلدام
كەتمىسەڭ، قاراقچىلار كېلىپ بىرىڭلارنى تىرىك قويماس، — دېدى.
سودىگەرلەر دېدىكى:

— سەن باياتىن نېمە ئۈچۈن دېمىدىڭ؟ دېگەن بولساڭ ئول
قاراقچىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەر ئىدۇق. سەنمۇ ساق قالماس ئىدىڭ، سەن بۇ
يەرگە كەلمىسەڭ، بىز قاراقچىلارغا ئۇچراشماس ئىدۇق. ئەمدى سېنى
ئۆلتۈرىمىز، — دېدى. شاھزادە:

— مېنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ يەردە تۇرۇپ قاراقچىلاردىن قۇتۇلساڭلار،
ئۆلۈم ھەممە نەرسىدىن ئوبداندۇر، ئاشىق كىشى ئۆلۈمدىن قور-
قامدۇ؟ ئەگەر ئاشىق ئۆلۈمدىن قورقسا، توخۇ دانىدىن

قورقـقانـغـا ئوخشاشـتۇر . ئەگـەر ئۆلـتۈرەر بولـساڭـلار هـەر كـۈنـى مـىـڭ ئـۆلـۈم بـېـشـىـمـدىـدۇر . ئـۆزۈڭـلـەر سـېـتـىـپ ئالـدىڭـلار ، پۇلۇڭـلارغـا هـەم زىيـانـدۇر ، ـــ دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

بىرەھىم قاراقچى مېنى مەرمەرچىگە ساتتى ،
ئول ھەم مېنى ئۆلتۈرگىلى يوق رەھىمگە قاتتى .
يۈز شۈكرى دېدىم بەلكى مۇسۇلمانغا چۈشۈپمەن ،
ئول كاپىرى بىچارە يېتىم كۆڭلىنى قاماتتى .

بىسيار چۈشتى كۆڭلۈم ئاڭا ھەممە ئۆرتەر ،
بۇ ئاتەشتەك يۈزمىڭ بىچارە ئۈزاتتى .
دىلبىرى رەئنا ھەممە دۇنيا ستەمكار ،
ئول قۇدرەت بىلەن بىرنى بىرگە ياراتتى .

رەئنايى جاھاندا ھەممە ھىجرانغا چۈشۈپتۇر ،
ئول بويى مېھنەت مېيىدىن قەترىنى تارتتى .

زار ـ زار يـىغلاپ ، بـىهوش بولۇپ يەنە هوشىغا كەلدى . كارۋانلار شاھزادىـنـىـڭ ھالىنى ئويلىشىپ تۇراتتى ، شول سائەتتە قاراقچىلار پەيدا بولۇپ كارۋان ئەھلىگە كەلدى . شاھزادە ئېيتتى :

ـــ ئى يـارانلار ، ھەمـمـىـڭلار قـولـۇڭلارغـا ئارغـامچا ئېلىڭلار ، بۇ قـاراقـچـىلار كەمەندنى كۆرگەن يەردىن تۇرماي قاچىدۇ ، ـــ دېدى . بىر كۈنى شاھزادە بۇنى قاراقچىلاردىن ئىشتكەندى . ئۇلار : « ئەگەر كەمەندە بـولـمـىـغـان بولسا جاھان خەلقىنى بىردەمدە ئالار ئىدۇق ، كەمەندە بىلەن تـۇتـسـا بىر يولى ئۆلتۈرمەي يۈزمىڭ ئازاب قىلىدۇ » دېگەندى . كارۋانلار بىراقلا ھەممىسى ئارغامچا ئالغاندى . بۇنى كۆرۈپ قاراقچىلار : « بۇلارنىڭ ھەمـمـىـسـى كـەمـەنـدازلار ئىكەن ، بۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدىكەن » دەپ ھەمـمىسى يېنىپ كەتتى . ئول كۈنى ئۇ يەردە تۇردى . بىرمۇنچە قاراقچىلار

ئالدىراشلىقتا نەرسە ـ كېرەكلىرىنىمۇ تاشلاپ كېتىپتۇ. كارۋانلار شاد ـ خۇرام يولغا راۋان بولدى. شاھزادىنىڭ ئىشقىي مۇھەببىتى تامام كارۋانلارغا تەسىر قىلىپ، بارچىلىرى خىجىل بولۇپ ئۆزرىلەر ئېيتىپ، كېتىپ بارار ئىدى. شاھزادە ئاپتابى تاج زەرنى ياد قىلىپ خۇن جىگەردىن بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

## مۇخەممەس

تاپمىدىم ئۇشبۇ جاھاندا گۇلئۇزارىم قايدا سەن،
ئىزدىدىم ئەمدى قىلىپ بەرباد ھاياتىم قايدا سەن،
خۇشلۇقۇم خۇشۋاقلىقىم ئارامى جانىم قايداسەن،
ساقلا كۆڭلۈم بۇزمايىن ئارامى جانىم قايداسەن،
بەلكى جان يوقتۇر ساڭا روھى راۋانىم قايداسەن؟

سەنسىزىن ئى مەھۋىشىم بۇ خەستىدە جان قالدىمۇ،
بۇ جاھان سەن يوقلۇقىدىن ھېچبىر ياران قالدىمۇ،
خەستە جان بەردىم ئامانلىق ئۇشبۇ دەۋران قالدىمۇ،
ئۆزگىلەر بولغان بىلەن ئول يارى جانان قالدىمۇ،
خۇرشىدۇ خاۋەر كەبى ئى مېنىڭ جاھانىم قايداسەن؟

نەفىس ئىردەركى سېنى قويماس ماڭا بولدى بالا،
ئى كۆزۈم نۇرى ساڭا بولدۇم ئاجايىپ مۇپتىلا،
ئول جامالىڭ قەدرىنى بىلمەس ئىدىم يۈز ماجىرا،
يار ۋىسالىنى كۆرەي دەپ كۇندە دەيمەن مىڭ خۇدا،
يەتكۈزۈر كۆڭلۈم قۇشى ئى مېھرىبانىم قايداسەن؟

بۇ كۆڭۈل بولدى ئاجايىپ ھىجرىدىن كىم رەنجى داغ،
رەنجىمە كەلگىل تىبىب ئەمدى ئەجەل مەن ئىنتىزار،
تارتىمەن ئول يارىدىن كۆرمەسلىكىمدىن مەن خۇمار،
ھەركىشى كىم ئۆز سۆزىدە تۇرمىسا نە ئېتىبار،

كەلمىدىڭ ئى ۋەئدە يالغان جاۋىدانىم قايداسەن ؟

كۆرمىسەم سەندەك پەرىۋەش ئاشنا بولماس ئىدىم ،
ھىجر ئارا يۈزمىڭ بالاغە مۇپتىلا بولماس ئىدىم ،
ئۇشبۇ ئىشقىڭ يۇرقتى بىرلە ئادا بولماس ئىدىم ،
نىلەي مەن مۇپتىلا شاھى سەباھ بولماس ئىدىم ،
شاھى چىن ماچىن خۇراسان ئەندجانىم قايداسەن ؟

سەندىن ئۆزگە بۇ جاھان باغدا بىر گۇل قالدىمۇ ؟
كۆزلىرى گۆھەر كەبى يا ساچى سۇنبۇل قالدىمۇ ؟
ئۆرتىمەي ھىجران ئوتى گويا كى بۇلبۇل قالدىمۇ ؟
ئۆلمىگەن ئىشقىڭدا بىرمەن خەستە ئى قۇل قالدىمۇ ؟
مەرھىمى رەھىم ئەتكۈچى ئى گۇلئۇزارىم قايداسەن ؟

بۇ مېنى زار ئەتكۈچى ئول رەھىمسىز دىلدار ئېرۇر ،
ئۇشبۇ تۈرلۈك فەلھىلار قىلغان ماڭا ئول يارىدۇر .
ئول نىگارىم كويىدا يۈرگەن كىشى بىسيارىدۇر ،
كۆزلىرى تەغىر ئىلەكىم يۈزلىرى گۇلزارىدۇر ،
ئۇشبۇ رەئنايى خۇمارى ئى نىگارىم قايداسەن ؟

زار - زار يىغلاپ نەچچە كۈن يۈرۈپ بىر بېلىقچىلار شەھىرىگە يەتتى . نەچچە كۈن ئول شەھەردە تۇردى . بىر سودىگەر ئېيتتى :

— ئى يىگىت ، سىزنى بىزنىڭ قۇلىمىز دېمەك ھەددىمىز ئەمەس . خالىسىڭىز قايان بارسىڭىز بېرىڭ ، — دېدى . شاھزادە :

— ئانداق بولسا مېنى سېتىڭلار .خۇدايىتائالانىڭ قۇللۇقىدىن خالاس بولۇرمەن ، سىزلەرنىڭ قۇلۇڭلاردۇرمەن ، — دېدى . شاھزادىنىڭ سۆزى بىلەن بېلىقچىغا ساتتى . بېلىقچى شاھزادىنى ئاپىرىپ نەچچە كۈن دەريادىن بېلىق ئالغىلى قويدى .

شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

شاھ بەچچە ئىدىم تەقدىر ئىلە قۇللۇققا سېتىلدىم ،
دۇنيا دەۋران ئىشلىرىنى بارچىنى بىلدىم ،
قىلدى مېنى بۇ چەرخ پەلەك ۋالىئە ھەيران ،
بىر نوش قىلاي دەپ مەي مېھنەتكە يېقىلدىم ،
بەرباد يېتەدۇر كۆڭلۈم بىر كۆرمەك ئۈچۈن ئول ،
ھىجران ئوقىدا ئىككى بۆلەك كۆڭلۈمە قىلدىم .
ئىسيان گۇناھ فىسق فىجۇرلەر تولا قىلدىم ،
بۇ فالچىق ئىسيان ئارا مەن ئەمدى قىلدىم .
بىچارە رەئنايى جاھاندا يۈگۈرۈيمەن ،
ۋەسلىڭگە يېتەلمەي تەشنەلەب دۇنغە يىقىلدىم .

زار ـ زار يىغلاپ ، باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ، دەريادىن بېلىق تۇتار ئىدى . بىر كۈنى ، بىر چوڭ لەھەڭ تورغا چۈشتى . شاھزادە بىلەن يەنە ئۈچ كىشىنى سۆرەپ چۈشۈپ كەتتى . ئۈچ كىشى دەريادىن چىقىپ خالاس بولدى . شاھزادە ئېقىپ كەتتى .

ئەلقىسسە ، ئىشىتمەك كېرەككى رەفىقە زاھىدتىن :

ئول دەريانىڭ بويىدا رەفىقە ئاتلىق بىر زاھىد بارئىدى . ئۇنىڭ شۆھرىتى مەشھۇر ئىدى . شاھزادە ئېقىپ كېلىپ زاھىد تەرەت ئېلىپ ئولتۇرغان يەرگە چىقتى . زاھىد شاھزادىنى تۇتۇپ ئېلىپ سۇمەئەگە ئېلىپ كىردى . ئۇنى ئوبدان باقتى . شاھزادىگە خېلى كۈچ ـ قۇۋۋەت كىردى . يەنە بىرنەچچە كۈن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىن كېيىن شاھزادە ماگغۇدەك بولدى . شاھزادە بۇ ۋاقىتتا ئون بەش ياشتا ئىدى . زاھىد شاھزادىنى سۇ ئېلىپ كەلگىلى بۇيرۇدى . نەچچە كۈن مۇشۇنداق سۇ توشۇپ بەردى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى زاھىد شاھزادىدىن :

ــــ سەن نېمە كىشى ؟ ــــ دەپ سورىغانىدى .

— مەن پىقىر كىشى ، — دەپ جاۋاب بەردى . زاھىد :
— قەيەردىن كەلدىڭ ؟ — دېدى . شاھزادە :
— تۇپراقتىن ، — دەپ جاۋاب بەردى . زاھىد :
— قايسى شەھەردىن ؟ — دېگەندى ، شاھزادە :
— ئۆزىڭىز بىلمىسىڭىز مەن نېمە بىلىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . يەنە :
— سىز مېنى سۇدىن چىقتىڭ دېگەندىڭىز . مەن سۇ شەھىرىدىن بولسام كېرەك ، — دېدى . زاھىد بۇنىڭ سۆزلىرىدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ ، باققىنىغا پۇشايمان قىلىپ :
— سەن سۇ خەلقىمۇ ؟ — دېدى . شاھزادە :
— مەن سۇ خەلقى ، سەن شەپەرەگمۇ ؟ — دەپ سورىدى . زاھىد :
— سەن شۇم ئىكەنسەن ، — دېگەندى . شاھزادە :
— سەن شۇم بولمىغان بولساڭ ، خالايىق بۇ تاغ ئارىسىغا قوغلاپ چىقارماس ئىدى ، — دېدى . زاھىد :
— مېنىڭ قېشىمدا تۇرماقچى بولساڭ ناماز ئوقۇغىن ، — دېگەندى . شاھزادە :
— مەن شەيتان ئەمەس ، ئاللاتائالانىڭ نامازغا ئېھتىياجى يوق . شەيتانمۇ ناماز ئوقۇپ پېشانىسى تەگمىگەن يەر قالمىغاندى ، ئاخىر ساڭا ئوخشاش ئەييار ، كىبىرلىك قىلىپ كاپىر بولدى . سېنىڭ مۇنداق كىبىر بىلەن قىلغان تائىتىڭ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر ، سەن شەيتان بولمىساڭ بۇنداق خالايىقتىن قېچىپ تاغلاردا يۈرمەس ئىدىڭ . ناماز ئوقۇيمەن دەپ ئەييارلىق قىلىسەن ، سەنمۇ شەيتانغا ئوخشاش بارمىغان يەر قالماپتۇ ، ئەل ئارىسىدا تۇرالمايسەن ، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

مەنكى ئالىم دەپ ئۆزىنى بەت مەزھەپ مەككار زاھىد ،
تاغ ئارىسىدا يۈرىدۇ دەۋزىخى چايان زاھىد .

ئۇنىڭ دىلى گويا زەھەر يىلانلارغا ئوخشايدۇ ،
ئېغىزنى تەبرىتىپ تۇرار ياكى ئول يىلان زاھىد .

ئۇنىڭكى قۇللۇقى ئەرمىش ئاجايىپكى ئىشلەردۇر ،
كى ئىزدىبان گېلىنى قۇل ئېرۇركى نان زاھىد .
تالاشقان ئىت كەبى سارغىيىپ قۇپارىپتۇر ،
كۆرۈڭ ئۇنىڭ چىرايىنى قەترە يوقتۇرقان زاھىد .

پېقىرلەر ئىشلەگەننى سالغۇسى بىرلە زاھىد ،
دېمەي راۋانە ئوچاققا بولۇپ ئىسسىق قازان زاھىد .
ئۆلۈپتۇ دەپ كىشىنى گەر ئۇنىڭغا خەۋەر بەرسە ،
بېرۇرمۇ ئول كىشىگە يۈز تۈمەنكى جان زاھىد .

خىزىردۇر زاھىرى گويا قىلىقى بەلكى مەلئۇندۇر ،
قىلۇرمەن دەپ بەندىچىلىك دۇئايى يامان زاھىد .
ئېتىنى تولا قىلما رەئنايى جاھاندارى ،
ئۇنىڭ سۆزىدە يوق مەئنا ، گويا ئۇ بىر غازاڭ زاھىد .

دېگەندى ، زاھىد :

— ناماز ئوقۇمىساڭ بىر تەرەپكە كەتكىن ، — دېدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— مەن كەتمەيمەن . سېنى ئاران تاپتىم . سېنى مۇسۇلمان قىلمىغۇچە ھېچ يەرگە بارمايمەن ، — دېدى . زاھىد ئېيتتى :

— ناماز ئوقۇمىغان كىشى كاپىر بولىدۇ ، كاپىر دەپ سېنى ئېيتىدۇ ، — دېدى . شاھزادە :

— ئى زاھىد ، سېنى كاپىر دەيدۇ ، مېنى مەجنۇن دەيدۇ ، كاپىرنىڭ مەنىسى شەيتاندۇر ، شەيتاننىڭ مەنىسى زاھىددۇر ، مەجنۇننىڭ مەنىسى « خۇدانى تاپقان كىشى » دېگەن بولىدۇ ، — دېدى . زاھىد سورىدىكى :

— سەن مېنىڭ بىلەن مۇنداق سۆز تالاشتىڭ، سەن جىنمۇ ؟ ياكى شەيتانمۇ ؟

— راست ئېيتتىڭ، زاھىد دېگەن يالغۇز يۈرىدۇ. جىنمۇ يالغۇز يۈرىدۇ. مەنمۇ سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ جىن ئۇلشىپتۇ، — دېدى شاھزادە.

زاھىد شاھزادىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەدبىرىنى ئىزدەپ:

— مەن ھاسامنى بېرەي، ئۇنى ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتكەيسەن، — دېدى. شاھزادە:

— ھاسا تۇتقىلى مەن پادىچى ئەمەس، — دېدى. زاھىد:

— سەن كېتىدىغان ئىش بولسا دەستارىمنى بېرەي، — دېگەنىدى، شاھزادە:

— مەن شەيتان ئەمەس، بېشىمغا دەستار ياراشمايدۇ، — دېدى. زاھىد:

— كەشمنى بېرەي، — دېدى. شاھزادە:

— مەن بېلىقچى ئەمەس، چورۇق كىيگىلى، ئاشىقلارنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرمەيدۇ، مەن يالاڭ ئاياغ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب ياندۇردى.

— ئانداق بولسا، — دېدى زاھىد، — پەرەنجەمنى بېرەي.

— مەن ئەركىشى، خوتۇنلار لىباسىنى كىيمەيمەن. خوتۇنلار كىيىدۇ، — دېدى شاھزادە. زاھىد ئېيتتى:

— تەرەت ئالىدىغان ئاپتۇۋامنى بېرەيمۇ ؟

— ئۇنداق ئاپتۇۋا مەندە ھەم بار. ھەمىشە سۇ چىقىدۇ، بەلكى سۈيى تۈگىمەيدۇ. ئەگەر ساڭا لازىم بولسا مەن بېرەي.

— ئانداق بولسا سېلىنچام بار، ئۇنى بېرەيمۇ ؟

— ئۇنى بىر يەردە ياتساڭ سېلىپ ياتقىن. مەن شەيتان ئەمەس، جايىنامازنى بويىنۇمدا يۈدۈپ يۈرگىلى، ئاللاتائالا مېنى ئازاد قىلىپتۇ، مەن ئۆزۈمچە ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلامتىم.

مۇشۇنداق سوئال ـ جاۋابلار داۋاملىشىپ، بۇنىڭدىن زاھىد قاتتىق

خاپا بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرەي دېسە مۇسۇلمانچىلىقتا يات، شاھزادىنى ئۆلتۈرەي دېسە ناھەق قان تۆكمەك تېخى يامان. ئاخىر:

— ئى يىگىتىم، ئاتا - ئاناڭنىڭ ھەققىدە بىر تەرەپكە كەتكىن، — دېدى زاھىد. شاھزادە:

— ئاتا - ئانامنىڭ ھەققى ئۇشبۇ ئىدى. ئەلھەمدۇلىللا مۇرادىمغا يەتتىم، ئاتا - ئانام ماڭا ئەگەر زاھىدنى تاپساڭ ئۆلگۈچە جىدەل قىل، دېگەنىدى. ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن كېتەي دېسەم، مېنىڭكى ئۆلىغىم يوق. چارىسىزدۇرمەن، — دېدى. زاھىد:

— بىر ئېشىكىم بار مىنىپ كەتكىن، — دېگەنىدى، شاھزادە:

— ئېشەكىنى مىنسەم مېنى ئېتىۋېتىدۇ ياكى بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ بۇلاپ ئالغان بولساڭ، مېنى بالاغا تىقىدۇ، — دەپ يەنە تاكاللىشىشقا باشلىدى. زاھىد:

— سال باغلاپ بېرەيمۇ، دەريا بىلەن ماڭغىن، — دېدى. شاھزادە:

— دەريادا غەرق بولغان ئادەملەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ، قورسىقىڭ ئاچسا گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ يەپ ئۆگىنىپسەن. مېنى غەرق بولسا گۆشۈمنى يېسەم دەپ شۇنداق دەيسەن، — دېدى. زاھىد ئېيتتى:

— دەرياغا غەرق بولۇپ ئۆلمەپسەن، ئەمدى ئۆلمەيسەن.

— سېنى خاپا قىلىش ئۈچۈن ئۆلمىگەنىدىم، — دېدى شاھزادە. زاھىد:

— بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا يەنە بىر زاھىد بار، شۇنىڭ قېشىغا بارغىن، — دېدى. شاھزادە:

— ئۇ سېنىڭ ئىنىڭدۇر، ئىككىلەن بىر بولۇپ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ — دېدى. زاھىد:

— مېنىڭ بىلەن مۇنچە ئۆچەكىشىپ مەن سېنى نېمە قىلدىم، سەن مېنى تولا خاپا قىلدىڭ، مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىسەن، — دېدى. شاھزادە:

— ئۈچ تۈرلۈك كىشى دائىم خاپا بولىدۇ. بىرى، سۆزىنى تېپىپ ئېيتالمىغان كىشى؛ ئىككىنچى، ئۆزىنى تەرىپ قىلغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ساقال ئوخشاش كاپىر زاھىد، — دېدى. ئىككى تۈرلۈك كىشى دائىم بالانى تاپار. بىرى، بېخىل؛ ئىككىنچىسى، ساقال ئوخشاش يامان سۆزلۈك كىشى. ئۈچ تۈرلۈك كىشى ئۆلۈم تىلەيدۇ، ئۇنىڭ بىرى، قەرزدار، زالىمغا گىرىپتار بولغۇچى؛ ئىككىنچىسى، نامرات كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ساقال ئوخشاش تائەت قىلغۇچى. پاتراق ئۆلۈپ بېھىشكە كىرسەم، دەپ ئۆزىنىڭ ئەمىلىگە تەمەننا قويۇپ بېھىشتىن قۇرۇق قالىدۇ. زاھىد دېدىكى:

— سەن كېلىپ تامام ئەقلىمنى زايە قىلدىڭ.

شاھزادە دېدىكى:

— تۆت تۈرلۈك كىشىنىڭ ئەقلى كالتىدۇر. بىرىنچىسى، ساقال ئوخشاش تەخىرسىزنىڭ؛ ئىككىنچىسى، ئاچچىقى يامان كىشىنىڭ؛ ئۈچىنچىسى، ئەقلىدىن ئازغان كىشىنىڭ؛ تۆتىنچىسى، مەجنۇننىڭ.

زاھىدنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ئاستىغا بېسىپ بوغۇزلىماقچى بولغاندا، شاھزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— قاساپلىقنى ياخشى ئۆگىنىپسەن؛ ئۇستازىڭغا رەھمەت. مېنىڭ قول - پۇتۇمنى باغلىماي ئۆلتۈرەمسەن؟ ئەگەر بىر تامچە قېنىم دەرياغا تامسا دەريا سۇلىرى دولقۇنلىنىپ تاغلار سېنى ھالاك قىلىدۇ. بىر مەسلىھىتىم باركى، گۆشۈمنى پىشۇرماي يېگىن، مېنىڭ گۆشۈم ھىجران ئوتىدا پىشىپ بولغانىدى. لېكىن، مەھبۇبەمنى كۆرەلمەي مەقسىتىمگە يېتەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى. زاھىد پىچاقىنى بالىنىڭ كۆكسىگە قويۇۋىدى، بايىقى بېلىقچى شاھزادىنى ئىستەپ كېلىپ زاھىدنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— ھاي، ھارامزادە زاھىد! — دەپ تووۋلىغانىدى، زاھىد ئارقىسىغا بېقىپ، خەنجەرنى يەرگە تاشلىدى. بېلىقچى سورىدىكى:

— ئى زاھىد، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟ زاھىد خىجىل بولۇپ:

— بۇ شۇمتەك مېنى رەسۋا قىلىپ زېرىكتۈردى . ئاچچىقىمدا ئۆلتۈرەي دەپ تۇرسام سىز يېتىپ كەلدىڭىز . ئەمدى مېنى بۇ شۇمدىن قۇتقۇزۇپ قويۇڭ ، — دەپ ، ۋەقەنى بايان قىلدى . بېلىقچى :

— ئى زاھىد ، ئەگەر ئۆلتۈرگەن بولسىڭىز ، مەنمۇ سىزنى ئۆلتۈرەتتىم . بۇ مېنىڭ قۇلۇمدۇر ، بۇنى ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلالامسىز ؟ سىزنى بۇ كەمگىچە پىر تۇتۇپ ، « ئۇلۇغ كىشى » دەپ بىلەتتۇق ، يالغۇز ئادەم كېلىپ قالسا پۇل ـ مالىرىنى ئالىدىكەنسىز ، — دېدى . زاھىد خىجىل بولۇپ گەپ تاپالماي تۇرۇپ قالدى . ئاندىن بېلىقچى شاھزادىگە بېقىپ :

— ئى ئوغرى ، نەگە بارماقچى ئىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە ئېيتتى :

— مەجمۇئەل بەھرىگە بارار ئىدىم ، بۇ زاھىد پۇتلىشىپ بارغىلى قويمىدى . — بېلىقچى :

— ئۇ يەردە ئاتا ـ ئاناڭ بارمىدى ، سۇدىن چىققاندىن كېيىن سەن مېنىڭ قۇلۇم تۇرۇپ نېمىشقا كەلمىدىڭ ؟ — دېدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

ئاتا ـ ئاتام يوق ، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق كىشىلەر باردۇر ، — دېدى . بېلىقچى سورىدىكى :

— ئۇ يەرگە نېمىشقا بارار ئىدىڭ ؟

— سۇدا ئاقماسلىقنى ئۆگىنىپ كېلەتتىم . ئۇ چاغدا بېلىق ئالماق ئاسان بولۇر ئىدى ، — دېدى شاھزادە . بېلىقچى سورىدى :

— قېچىپ كېلىپسەن ؟ مەن كەلمىسەم زاھىد ئۆلتۈرەر ئىكەن ، ئۇمۇ سېنىڭ جازايىڭ .

— مەن قاچمىدىم ، ئەگەر قاچسام ئادەم يولى بىلەن پاناھ دەشتىگە قاچار ئىدىم . — بېلىقچى دېدىكى :

— ئاتا ـ ئاناڭ قېشىغا بارسام تۇتۇپ كېلۇر ئىدىم . — شاھزادە :

— ئادەم يولى تولا خەتەردۇر ، ئۇ يەردىن ئۆتمەك قىيىندۇر ، — دەپ تۇراتتى ، شول مەھەلدە ئوتتۇن توشۇغىلى قويغان پادىشاھنىڭ كىشىسى چىقىپ كەلدى . شاھزادىنىڭ يوق بولغىنىنى

ھاكىم ئاڭلاپ : « ھەر يەردە بولسا ئىستەپ تېپىپ كېلىڭلار » دېدى. ئىستەپ تاپالماي : « زاھىدقا نەزىر ئېلىپ كېلىپ زاھىدنىڭ دۇئاسىنى ئالساق تېپىلارمىكىن » دەپ كەلگەنىدى. ئۇلار كېلىپ شاھزادىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ : « يىتتۈرگەن كىشىمىزنى تاپتۇق » دېيىشتى. شاھزادىدىن :

— ئى ئوغرى، قايان بارغانىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— شەھىرى ئاشالغا بارۇر ئىدىم، — دېدى شاھزادە. ئۇ يەنە « گەپ سورىسام جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالمىسۇن » دەپ ئويلاپ :

— ئى يىگىت، مەن ئاپتابى تاج زەرنىڭ قۇلىدۇرمەن. سىزنى ئىستەپ كەلگەنىدىم. قايان بارغانىدىڭىز، — دېدى. شاھزادە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. شۇ سائەتتە غەرق بولۇپ ئېقىپ كەلگەن بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ دەريادىن چىقتى. بۇ ئادەم شاھزادىنى كارۋانلارغا ساتقان قاراقچى ئىدى. شاھزادىنى كۆرۈپ : « مەن ئۇنى كارۋانلارغا ساتقانىدىم. ئۇ يەردىن قېچىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن تېپىشىپتۇ، ئەمدى قاچاي » دەپ ئويلاپ قېچىشقا باشلىدى. تۇرغانلار كۆرۈپ : « بۇ گۇمانلىق ئادەم ئىكەن، بىر سىر بولمىسا قاچامدۇ » دەپ، تۇتۇپ كېلىپ قاچقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بۇ ئادەم دېدىكى :

— مېنىڭ ئاتا - ئانام بېلىقچى ئىدى، مېنى قاراقچىلار ئېلىپ قاچقانىدى، — دەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى مەلۇم قىلغانىدى، بېلىقچى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ، خۇدايىم يېڭىۋاشتىن پەرزەنت ئاتا قىلدى، دەپ بىر - بىرى بىلەن تونۇشتى. بۇ قاراقچى ئەسلىدە مەزكۇر بېلىقچىنىڭ ئوغلى ئىدى. بىر كۈنى بېلىق تۇتقىلى چىققان يەردىن قاراقچىلار تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئول بېلىقچى : « قاچان ئوغلۇم تېپىلسا شۇ چاغدا بۇ قۇلنى ئازاد قىلاي » دەپ يۈرگەنىدى. شۇ زامان شاھزادىنى ئازاد قىلدى. بىر كۈنى تامام قاراقچىلار كېمىگە كىرىپ، ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ بېلىقچىنىڭ بالىسى ئېقىپ كەلگەنىدى. بېلىقچى شاھزادە بىلەن ئىستەپ كەلگۈچى ئول ئادەمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ يەتتە كۈنگىچە توختىتىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن بۇلار يولغا چىقىپ يۈرگەنىدى، كارۋانلار ئۇچرىدى. تامام يۈز

بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلغانىدى. كارۋانلار ھەيران قالدى ۋە خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە تەئەججۇپلەر قىلدى. شاھزادە بىلەن ئىستەپ كەلگەن كىشى ئاشال تەرەپكە راۋان بولدى. كارۋانلار شەھىرى قۇدرۇنغا قاراپ كەتتى.

شاھزادىنىڭ ئاغىسى قەيەردىن بىرەر كارۋان كەلسە شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى سورايتتى. بۇ نۆۋەتمۇ كارۋانلاردىن سورىغانىدى، ئۇنداق شەكىلدىكى كىشىنى كۆرمىدۇق، دەپ يېنىپ چىقتى. ئەمما، سودىگەر-نىڭ بىر قۇلى بار ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەتتىكى: «ھېلىقى يىگىت بىلەن بىر كىشى ئۇچرىغانىدى، شۇلارنىڭ بىرسى پادىشاھنىڭ قېرىندىشى بولمىغاي» دەپ ئويلاپ، پادىشاھقا سىلىنىڭ قېرىنداشلىرىنى تونۇيمەن، مەن كۆردۇم، دەپ ئەرز قىلىپ، ئۇلاردىن ئاڭلىغان تامام ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ئاندىن، ئۇلارنى شەھىرى ئاشالغا كەتتى، دەپ مەلۇمات بەردى. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوشىغا كېلىپ: «بۇ سودى-گەرلەرگە بازار بېرىلسۇن، بۇلار ماللىرىنى سېتىپ بولمىغۇچە ئۆزگىلەر دۇكان ئاچمىسۇن» دەپ يارلىق قىلدى. ئول قۇلنى خوجىسىدىن سېتى-ۋېلىپ خەزىنىدار قىلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ يارلىق قىلىپ: «ھەممە لەشكەر تەييار بولسۇن، شەھىرى ئاشالغا ئاتلىنىمەن» دەپ ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن دەسلەپكى بارگاھنى تەۋرىتىپ شەھىرى ئاشالغا راۋان بولدى.

ئەشتىمەك كېرەككى، شاھزادە بۇ كىشى بىلەن بىللە بايىقى ئوتتۇنغا سالغان ھاكىمنىڭ قېشىغا باردى. كۆردىكى، ئالەمنى لەشكەر قاپلاپتۇ.

سۆز ئەشتىمەك كېرەككى، مەغرىب زېمىن دىيارىدا ئۇمۇت زەڭگى دەپ پادىشاھ بار ئىدى. لەشكىرى ھەددى ـ ھېسابتىن تاشقىرى ئىدى. ئول پادىشاھ ئاشال پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ماڭا باج ـ خىراج تۆلىسۇن، ئەگەر ئۇنىمىسا دىيارىنى كاردىن چىقىرىمەن» دېدى. ئەلچى-لەرگە ئاشال پادىشاھى جاۋاب ياندۇردىكى: «مېنىڭ ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ ھېچ ۋاقتىمدا باج بەرگىنى يوق. مەن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن چىق-ماسمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مەغرۇپ پادىشاھى كۆپلىگەن لەشكەر

ئەۋەتتى . ئۇلار كېلىپ بۇ شەھەرنى قورشاپ چۈشكەندى . شەھىرى قۇدرۇن لەشكىرى دەل مۇشۇ لەشكەرنىڭ ئۇستىگە كېلىپ : « ئۇرۇڭلار بۇ كاپىرلارنى » دەپ پەرمان قىلدى . تامام مۇسۇلمانلار گويا ئاسمان يىقىلغاندەك ئۆزلىرىنى كاپىرلارغا ئۇرۇپ ، كاپىرلارنى بىر ـ بىرلەپ يەكسان قىلدى . قالغانلىرى قاچتى . قۇدرۇن لەشكىرى ئول يەرگە بارگاھ چېدىرلىرىنى تىكىپ چۈشتى . شەھەر خەلقى ھەيران قېلىپ : « ئەجەبكى ، بىر بۆلەك لەشكەر كېلىپ ئۇمۇت زەڭگىنىڭ لەشكىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى » دېيىشتى . پادىشاھى قۇدرۇن : « ئەمدى شەھەرنى ئالاي » دەپ تۇرغاندى ، ئىككى كىشى شەھەرنى چۆرۈلۈپ يۈرىدۇ ، دېگەن خەۋەر كەلدى . « ئول كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلىڭلار » دەپ ئۇلارنى ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ بۇلاردىن سۆز سورىغاندى ، بىرسى رەئنايى جاھان ئىكەن . پادىشاھ بىلەن تونۇشۇپ بىھوش بولۇپ يەنە ھوشىغا كېلىپ ھال ـ مۇڭ ئېيتىشتى . بۇلار شۇ يەردىن شەھىرى قۇدۇنغا ياندى . شەھەر خەلقى ھەيران قالدى .

ئۇمۇت زەڭگىگە كەلسەك ، لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنىنى ئىشتىپ يەنە لەشكەر توپلاپ ئۆزى ئاتلىنىپ ، بۇ ھاكىم ئولتۇرغان شەھەرگە كەلدى . ھاكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ :

— مېنىڭ سىز بىلەن توقۇنۇشقا ھەددىم ئەمەس ، بۇ شەھەر شەھىرى ئاشالغا تەئەللۇقتۇر . پادىشاھىمىز شاھى ئاشالدۇر . ئاۋۋال ئۇ يەرنى ئالسىڭىز مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز ، — دېدى . ھاكىم شەھىرى ئاشالنى ئالالماسلىقتا كۆزى يەتتى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە قېرىنداشى بىلەن ( نەۋرە ئاكىسى ) نەچچە كۈن مۇڭداشتى . ئاندىن كېيىن شاھزادە ئاپتابى تاج زەرنىڭ ئىشقىدا كۈندىن ـ كۈنگە ھالى خاراب بولۇپ رەنجى زىيادە بولدى . تېۋىپلەرنى كەلتۈرگەندى . شاھزادە تېۋىپلەرنى كۆرۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

كۆرگىلى رەنجىمنى قەستىڭ كەلمىسۇن ئەخمەق تېبىب ،

ھىجرى يەتكۈزگەي سېنىڭ باشىڭغا يۈز توخماق تىبىب ،
كىم تەمەننا ئەيلەگەن ئەرمەس سەۋرار يۈرگىنىڭ ،
يا توكۇر بولغايسەن ، يانىڭ ئېرۇر ئاقساق تىبىب .

كۆرسە ھەركىمدە سېنى بولسا ئېنىڭدا ئىشقىدىن ،
مۇمكىن ئولماقتۇر ئۇشول ھىجراندا ئايلانماق تىبىب
ئاھ ئۇرۇپ بىرلەھزىدە كۆيدۇرمىگەندىن بىلمىگىل ،
قورقىدۇ رەئنايى دەپ كۆڭلى ئېرۇر يۇمشاق تىبىب .

دېگەندى ، تېۋىپ ھوشىدىن كېتىپ ئېيتتىكى : « بۇ يىگىتتىن ئاغرىقنى سورىماي تۇرۇپ ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتىدۇ ، ھىجران بالاسىغا گىرىپتار بولغانىكەن ، دەپ چىقىپ كەتتى . شاھزادە دەرھال تالاغا چىقىپ ، باياۋان تەرەپكە يۈزلەندى . بۇ كۈنى ھېچكىم تۇيمىدى . ئەتىسى كىشى چىقىرىپ قارىسا يوق ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدى . شاھزادە يىغلاپ تۇرۇپ مەست ـ مۇستەغرەق قۇدرۇن دەرياسىغا چۈشۈپ كەتتى . يۈزمىڭ مۇشەققەت بىلەن ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى دەريادىن قۇتقۇزۇپ ، شەھرى ئاشال تەرىپىگە راۋان بولدى .

ئەلقىسسە ، ئۇمۇت زەڭگى شەھرى ئاشالنى ئالالماي ، جەڭ ـ جېدەل قىلىپ ئاشال شەھرىنى قورشاپ چۈشۈپ ياتتى . ئەمما شاھزادە : « ئاھ ، ئاپتابى تاج زەر » دەپ كېچىسى كۇپار لەشكىرىگە تېگىپ مىڭچە كاپىرنى ئۆلتۈردى . ئاخىر كاپىرلارنى تۇتۇپ باغلاپ ، ئۇمۇت زەڭگىگە ئەۋەتتى . شاھزادە يولدا بارغۇچە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئادەم مۈلكىدىن خەستە جان كەلدىما ،
ۋۇجۇد ئايلىنىپ بۇ جاھان كەلدىما .
يانا تولغىنىپ باغرى قان بۇ غېرىب ،
ئۆلۈپتۇر مېنىڭدەك يامان كەلدىما .

بولۇپ نەپسگە مەدىكار جاھان ،
قاتارى تۇرۇپ ئاشىيان كەلدىما .
نىتەي يىغلىماي ئىشقى ئىسىيان ئارا ،
كىرىپ مەن سەپەر جاۋان كەلدىما .

كېچە يار ئىسىيانىدا رەئنايى كىم ،
بولۇپ كۈز باھارى غازاڭ بولدىما .

ئۇ يىغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى ، پادىشاھ سورىدىكى :

— بۇ نىچۈك ئىشتۇر ؟ — شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى . پادىشاھ سورىدى :

— مېنىڭ لەشكىرىمنى نىمە ئۇچۇن ئۇردۇڭ ۋە ئۆلتۇردۇڭ ؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— مەن ئۆلتۇرمىدىم ، ئۆزۈڭ ئۆلتۇردۇڭ . شەھىرى ئاشالغا نىمە ئۈچۈن لەشكەر تارتتىڭ ؟ ئەگەر لەشكەر ئەكەلمىگەن بولساڭ ئۆلمەس ئىدى ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— ماڭا ئىتائەت قىل ، ياش يىگىت ئىكەنسەن ، بولمىسا بىكار مېيىپ بولۇپ كېتىسەن ، — دېگەنىدى . شاھزادە دېدىكى :

— ئاللاغا ئىتائەت قىلىمەن ، ساڭا ئىتائەت قىلمايمەن .

پادىشاھ ئۇنىڭ جامالىغا ئاشىق بولغانىدى : « ئۇنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ يېنىدا تۇتاي » دەپ ئويلىغانىدى . پادىشاھ :

— مېنى تونۇمسەن ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە :

— تونۇيمەن ، پادىشاھى ئاشالنىڭ ئىشكىدە كۆرگەنىدىم ، سەن ئۇنىڭ قۇلى ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— ئۆزۈڭ كىچىك ، گېپىڭ چوڭ ئىمكەنسەن ، — دېگەنىدى ، شاھزادە :

— راست ئېيتىسەن ، مەن سەندەك ئاپتاپتا قېتىپ قالغانلارنى توقماقتا ئۇرۇپ يۇمشىتىپ قويىدىغان نەرسە ، — دېدى . پادىشاھنىڭ غەزىپى

كېلىپ :

— سەن ياخشى سۆزلۈك ، سىلىق بولساڭ ئوبدان ئەمەسمۇ ؟ — دېدى . شاھزادە :

— ئۈچ تۈرلۈك كىشى ئۆزىدىن ئۆزگىنى ياخشى بىلمەس . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، گاداي بولسا ؛ ئىككىنچىسى ، زالىم كىشى ؛ ئۈچىنچىسى ، ساڭا ئوخشاش كاپىر ، — دېدى . پادىشاھ :

— سېنىڭ ئۆلۈم گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم . ماڭا ئات باققىلى مىراخور بولغىن ، — دېدى . شاھزادە :

— ئات باقماق ھەم ئول كىشىگە ھۈنەردۇر . بىرى ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئات بېقىپ كەلگەن بولسا ؛ يەنە بىرى ، قىمىزخور بولسا ؛ يەنە بىرى ، سەندەك قارنى يامان بولسا . بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئات باقسا بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— سەن مېنى كاپىر دەپ ئۈچ كۆرسەن ، مۇسۇلمان بولسام نې- چۈك بولۇر ؟ — دەپ سورىدى .

— پارچىدىن ياخشىدۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى شاھزادە . پادىشاھ :

— سەن بۇنداق يامان سۆزلىرىڭنى يىغقىن ، — دېدى . شاھزادە :

— مۇنداق ئۈچ خىل كىشىگە ياخشى سۆز يامان ئىشتىلۇر . بۇ- نىڭ بىرىنچىسى ، كاج كىشىگە ؛ ئىككىنچىسى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانغا ؛ ئۈچىنچىسى دوستىغا ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— ئۇنداق بولسا خەزىنىدار قىلسام بولامسەن ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— سېخىي بولىمەن ، — دېدى . پادىشاھ :

— كىشىنىڭ پۇلىدا ساخاۋەت قىلساڭ ئۇنىڭ سورىقى بار ، — دېدى . شاھزادە :

— ھېلى ماڭا خەزىنەمنى ساڭا بېرەي ، دېمىگەنمىدىڭ ؟ — دېدى . پادىشاھ ئېيتتىكى :

— خەزىنىدار قىلغانلىق خەزىنىنى بەرگەنلىك ئەمەس ، —

شاھزادە :

— خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بەرگەنلىك خەزىنىنى ماڭا بەرگەنلىك بولماي نېمە ؟ — دېدى . پادىشاھ دېدى :

— بۇ خەزىنىدىكى پۇل ـ مال ئۆزۈمنىڭدۇر . — شاھزادە :

— ئۇ پۇللارنى قەيەردىن ئالدىڭ ؟ — دېدى . پادىشاھ :

— خەلقتىن ۋە باج ـ خىراجدىن توپلىدىم ، — دېدى . شاھزادە سورىدى :

— ئاتا ـ ئانالىق گادايمىدى ، ئەگەر باي بولساڭ پۇقرانىڭ پۇلىغا كۆز ئاچامتىڭ . — پادىشاھ دېدى :

— بۇ سۆزلەرنى قويغىن ، باشقىسىغا ئۇنىمىساڭ ماڭا ۋەزىر بولغىن ، — دېگەنىدى ، شاھزادە :

— ھەرنېمە قىلساڭ قىل ، ئاۋۋال پۇت ـ قولۇمدىكى زەنجىرنى ئالغىن ، — دېدى . پادىشاھ :

— سەن جېدەلخور كۆرۈنىسەن ، ئاۋۋال ئىتائەت قىل ، ئاندىن بەندتىن بوشىتاي ، — دېدى . شاھزادە :

— ئۈچ تۈرلۈك كىشى دائىم قورقىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ، دۈشمىنى بار بولسا ، يەنە بىرى ، پۇلى كۆپ كىشى ، بۇنداق كىشى تۈگەپ كېتىشتىن قورقىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ساڭا ئوخشاش جېدەلخور كاپىر ، — دېدى . پادىشاھ خاپا بولۇپ ، ئۆلتۈرەي دېسە ئۇنىڭ چىرايلىرىغا ئاشىق ئىدى ، يەنە سەۋرى قىلىپ :

— ئى يىگىت ، بۇنداق پاراكەندە سۆزنى تاشلىغىن ، مېنىڭ دىنىمغا كىرگىن ، ماڭا ئىتائەت قىلساڭ مەن سېنى ۋەزىر قىلاي ، — دېدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— ۋەزىر بولمايمەن ، — دېدى . ئاخىر شاھزادىنى غول ۋە زەنجىردىن چىقىرىپ سەرپاي بېرىپ قېشىدا ساقلىدى . پادىشاھ سورىدى :

— ئاتاڭ كىمدۇر ؟ — شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— كىم پەرۋىش قىلسا ئاتام شۇلدۇر ، — دېدى . پادىشاھ :

— ئاناڭ كىمدۇر ؟ — دېدى .

— كىم مېھرىبان بولسا ئانام شۇلدۇر ، — دېدى شاھزادە . پادىشاھ :

— قايسى شەھەردىن ، — دەپ سورىدى . شاھزادە :

— ئادەم شەھىرىدىن كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ سورىدى :

— قايسى يول بىلەن كەلدىڭ ؟

— ۋۇجۇد يولى بىلەن كەلدىم .

— بۇ شەھەردىن يانساڭ نەگە بارىسەن ؟

— پاناھ يولىغا بارىمەن .

— بۇ كەمگىچە قەيەردە ئىدىڭ ؟

— ۋۇجۇد يولىدا ئىدىم .

— چىرايىڭ نىمە ئۈچۈن سېرىق ؟

— سېنىڭ كاپىرلىق شامىلىڭ تەگدى ، غازاڭلىق مەرتىۋىسىگە يەتتىم .

— كەلمەستىمۇ شۇنداق ئىدىڭمۇ ؟

— بۇ دۇنيايى دۇن ۋە پۇشايمانى بىئۇدۇن شۇنداق قىلدى .

— پاناھ بازىرىدا كىمىڭ بار ؟

— ئاتا - ئانام باردۇر .

— قانچە ياشقا كىردىڭ ؟

— ھېسابلاپ باققىن .

— قاچان تۇغۇلغانىدىڭ ؟

— مەن بىلمەيمەن ، مەن تۇغۇلغاندا سەن بار ئىدىڭ بولغاي .

— مۇنداق كاج سۆزلەپ مېنىڭ بىلەن نىمە ئىشىڭ بار ؟

— ئاشقىنىڭ مەنتىقىسىدۇر .

— نىمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىسەن ؟

— غەم كويىدا سەلئە ئەھمر قىلىمەن .

— مېنى ھەم غەم كويىغا باشلاپ بارامسەن ؟

— خەتەرلىك يولدۇر پايانى يوق. مۇسۇلمان بولساڭ تاغدەك غەملەر ئالدىڭغا كېلۇر.

— قوپقىن، دەريا تەرەپكە بارايلى، قانداق؟

— غەرق بولىمەن.

— قايسىمىزنىڭ دىنى باتىل بولسا شۇ غەرق بولىمىز، راست بولسا سالامەت چىقىمىز، بولامدۇ؟

— ئالەمنىڭ ئىشى تەتۈر ماڭىدۇ، راست يولدا ماڭغان كىشى بالاغا يولۇقىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بىلەن شاھزادە دەرياغا بېرىپ نەچچە كىشىلىرى بىلەن كېمىگە كىرىپ كېتىپ بارغاندى، بىر قارا بوران كېلىپ كېمىلەرنى چەتكە تارتقىلى قويماي، بىر - بىرگە ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. پادىشاھ بىر تاختايدا قالدى. شاھزادە بىر تاختاي ئۈستىدە قالدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق تۈگەپ ئالەم يورۇدى. شاھزادە ئېقىپ بىر بوستانلىققا باردى. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆردىكى، چىمەنلەردە گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. شاھزادە بېرىپ مېۋىلەردىن بىرمۇنچە يەپ، ئاندىن مېڭىپ بىر يەرگە كەلسە، بىر ئايۋان كۆرۈندى. ئۇل ئايۋانغا چىقىپ كۆردىكى، ھېچ كىشى يوق. «بۇ دېۋىلەر سالغان ئىمارەت بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ يەنە بىر يەرگە بارغاندى، بىر تەخت تۇرۇپتۇ، بۇ يەردىمۇ ھېچ كىشى يوق، بىر سائەت تۇرغاندى، تۆت يۈزچە ئاي يۈزلۈك گۈزەل قىزلار كىرىپ كەلدى. شاھزادىنى كۆرۈپ بىر قىز سورىدىكى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ — شاھزادە:

— مەن ھېلىلا كەلدىم. ئاۋۋال ئەھۋال سورا، ئاندىن نېمە قىلساڭ پەرمانبەرداردۇرمەن، — دېدى. قىز كۈلۈپ كېتىپ يۈزىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ:

— سەن مەجنۇندەك تۇرىسەن، مەجنۇنمىسەن؟ — دېدى. شاھزادە:

— راست، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇل قىز تەختىدە ئولتۇرۇپ:

— ئى يىگىت ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە :
— مەجنۇنلۇق قىشىدىن كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . قىز سورىدى :
— نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟
— قىلغان ۋە قىلىدىغان ئىشنى بىلسەم مەجنۇن بولامدىمەن ، — دەپ جاۋاب بىرىپ تۇراتتى ، شول سائەتتە سەككىز نەپەر قىز ساقىي بولۇپ شىشىلەردە شاراب ئېلىپ كەلدى . قىز سورىدىكى :
— شاراب ئىچەمسەن ؟ — شاھزادە :
— ئىچىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . ساقىي قىزلار شاراب تۇتقانىدى ، ئىچمىدى . ئاخىر مەلىكە تۇتقانىدى ، ئىچىپ ، ئاندىن كېيىن ساقىيلار تۇتقانىنى ئىچتى . ئاندىن كېيىن ھەممە شارابلارنى ئىچتى . قىزلار ئېيتتى :
— بۇ يىگىتنىڭ قارنى يامان ئىكەن . شۇنچە ئىچىپمۇ ئۆلمىدى ، — دېگەنىدى ، مەلىكە ئۇلارغا :
— بۇ يىگىتتە بىر سىر باردۇر ، — دېدى . ئاندىن شاھزادىگە :
— ئى يىگىت ، يەنە شاراب ئىچەمسەن ؟ — دېدى . شاھزادە :
— قانچە بولسا ئىچىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى . بۇنى ئېشىتىپ بۇ قىزلار ھەيران قالدى . كۈنمۇ كەچ بولدى . سورۇننى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە ياندى . شاھزادە بولسا شۇ يەردە قېپقالدى . بۇ قىزلار ئىت باش پادىشاھنىڭ قىزلىرى ئىدى . شاھزادىگە ئاشىق بولۇپ تاقەتسىزلىك بىلەن يانغانىدى ، شاھزادە ئۇ يەردىن شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى . خېلى ماڭغاندىن كېيىن شەھەرگە يېتىپ بېرىپ بىر بۇلۇڭدا ياتتى . يېرىم كېچە بولۇپ قالدى . بىر نەچچە ئىت باشلار پەيدا بولۇپ شاھزادىگە يۈگۈردى . شاھزادە ھەرقانداق قىلىپ باقسىمۇ ئۇلار ئۇلىشىپ تالىدى . شاھزادە خاپا بولۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئىت باشلار كېلىپ شەبنەمى ئاشىقنى تالايدۇ ،

كۇندۇز بولغاندا بارچىسى بىشمنى يالايدۇ .
بۇ شەھەرگە كەلمىكىم تەقدىرى ھەقتىن ئېرۇر ،
ھەرلەھزە جاپا قىلىپ يەنە بىشىمنى سىلايدۇ .

ئىتلارماڭا قىلما تولا ھەم ماڭا جەۋرى جاپالار ،
يوقتۇر زىيانىم يۇرتۇڭلارغا كەلگەن گادايدۇر .
تەڭرىم ماڭا رەھمى ئەتسە ھىجران نىمە بولغاي ،
ئىشق ئاتىسى مەندىن ئايرىپ ئۇستىخان قالايدۇ .

ئۇ يۈزمىڭ نالە ـ زار قىلاتتى ، ئەمما ئىتلار ئۇنىمايتتى . تاڭغا يېقىن بولغانىدى ، تامام ئىت باشلار يار تەرەپكە قاچتى . تاڭ ئاتقاندا بىر مۇنچە ئادەملەر پەيدا بولۇپ ، شاھزادىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . ئەمما ، كىچە تالىغان ئىت باشلار شۇبۇ ئادەملەرئىدى . بۇلار كېچىسى ئىتقا ، كۇندۇزى ئادەمگە ئۆزگىرەتتى . بۇ شەھەرگە كەلگەن سودىگەرلەر ھەرگىز كېچىسى تالاغا چىقمايتتى . ئەگەر تالاغا چىقسا ئۆلتۈرەر ئىدى . سودىلىرىنى كۇندۇزىلا قىلالايتتى . بۇ تائىپەلەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئاجايىپ ئاي يۈزلۈك ، زىلۋا قامەت ، خۇش چىراي ئىدى ، كېچىسى ئەرلىرىنى تالاغا چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقاپ ياتار ئىدى . ئەگەر ئەركەكلىرى ئۆيدە بولىدىغان بولسا ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى تالاپ ئۆلتۈرەتتى . ئول كۈنى شاھزادە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىپ : « ئەمدى بۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدىكەن » دەپ ئويلاپ ، شەھەردىن چىقىپ بايىقى مەنزىلگە بېرىپ قونۇپ ، ئەتىسى سال باغلاپ دەرياغا راۋان بولدى . ئەمما ئول پادىشاھى ئىت باشنىڭ قىزى شاھزادە ئۇچۇن يۈزمىڭ ئەپسۇسلار قىلىپ ، « ۋادەرىخ ، ئۆيگە ئېلىپ كەتسەم بولغانىكەن » دەپ نائۇمىد بولۇپ ئۆيىگە ياندى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر يەرگە كېلىپ كۆردىكى ، بىر شەھەر نامايان بولدى . شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر جەزىرە بارئىكەن . ئۇ يەردە مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ . دەرھال سالنى توختىتىپ ئۇ يەرگە باردى . ئۇ يەر ناھايىتى خۇش ھاۋالىق جاي ئىكەن ، مېۋىلەردىن

بىرمۇنچە يەپ ، تاماشا قىلىپ يۈرۈپ مايمۇنلارنىڭ شەھىرىگە يېقىن يېتىپ كەلدى . كۆردىكى ، بىرمۇنچە مايمۇنلار كېلىۋېتىپتۇ . شاھزادە دەرھال دەرەخكە چىقىۋالدى . مايمۇنلار ھەم دەرەخكە چىققىلى تۇردى . شاھزادە ئول كۈنى ئىچكەن مەيدىن مايمۇنلارنىڭ بېشىغا سىيگىلى تۇردى . بۇ مايمۇنلارنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا كىرىپ دەرەخكە چىقالماي مەست بولۇپ قالدى . شاھزادە كۆرۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئىچكەن ھارىقىم مايمۇنلار ئاغزىغا كىرىپ قالدى ،
سۈيدۈك مەيدىن مەست بولۇپ تۇرۇپ قالدى .
ئادەم ئەسكىدىن بولسا جۇدا مايمۇنى بىھەد ،
كىم مەسخىرە تۇتماققا ماڭا ئولىشىپ قالدى .

مەجنۇن ئەسرىم بارچىغە تەسىر قىلىپتۇر ،
كۆرمەك بىلەن مەن خەستىنى ئايلىنا قالدى .
رەئنايى جاھاندار بولۇپسەن تولا كۆردۈك ،
باشلاپكى بۇرۇن بادە مۇھەببەت تەنھا قالدى .

« ئەمدى مەن بۇ يەردە تۇرسام بولماس ، مايمۇنلار مېنى خاپا قىلىدۇ » دەپ دەرەختىن چۈشۈپ بىر تەرەپكە راۋان بولدى . ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ، بىر شەھەر نامايان بولدى . شاھزادە : « ئاللاتائالا رەھمى قىلدى بولغاي ، ئەمدى ئادەم بار شەھەرگە چىقتىم » دەپ شەھەرگە يېقىن بېرىپ كۆردىكى ، مايمۇنلار دەرۋازىدا سەپ - سەپ تۇرۇپتۇ . شاھزادە : « ۋا دەرىخ ، مايمۇنلاردىن قېچىپ ئۆز ئايىغىم بىلەن مايمۇنلار شەھىرىگە كەپتىمەن » دەپ تۇرغانىدى ، مايمۇنلار يۈگۈرۈپ كېلىپ شاھزادىنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى . شاھزادە ھەرقانچە نالە - پىغانلار قىلسىمۇ پەرۋا قىلمىدى . پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆردىكى ، ئوتتۇز ياشلاردا بار خۇش چىراي بىر ئادەم تەختتە ئولتۇرۇپ-

تۇ . شاھزادە سالام قىلدى . پادىشاھ ئىلىك ئېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن گەپ سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ ، ئۆز سەرگۈزەشتىنى بايان قىلدى . ئاندىن پادىشاھ نەچچە كۈن تۈرغۈزۇپ زىياپەتلەر قىلدى . پادىشاھنىڭ چاھار بېغى بارئىدى ، بىر كۈنى شاھزادىنى چاھار بېغىغا ئاپىرىپ زىياپەت قىلىپ بېرىپ ، ئاندىن پادىشاھ ئۆز شەھىرىگە ياندى ، شاھزادە چاھار باغدا قالدى . بۇ باغنى تاماشا قىلىپ يۈرگەندى ، قۇلىقىغا نەغمە ـ غەزەلنىڭ ئاۋازى ئىشىتىلدى . شاھزادە ئۇل تەرەپكە بېرىپ كۆردىكى ، بارگاھلارنى تىكىپتۇ . شاھزادە چىقاي دېگەندى ، مايمۇنلار ماڭدۇرمىدى ، بىردەم تۇرغاندى ، مايمۇنلار يىراقلاپ ماڭدى . شاھزادە ئاستا چىقىپ بارگاھنىڭ ئىشىكىگە بارغاندى ، تەخت ئۈستىدە بىرئاي يۈزلۈك نازىنىن ئولتۇرۇپتۇ . يەنە ئۈچ يۈزچە قىز ئەتراپىدا يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلىشىپتۇ . شاھزادە : « يەنە بىر بالاغا ئۇچرىدىممۇ نېمە » دەپ ئارقىسىغا ياندى . ئۇل قىز مايمۇن پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى . شاھزادىنى كۆرۈپ : « ئۇنى تەكلىپ قىلىڭلار » دەپ بەش نەپەر قىزنى چىقاردى . شاھزادە قورقۇپ قاچتى ، مايمۇنلار توسۇپ قاچقىلى قويمىدى . قىزلار كېلىپ :

— سىزنى مەلىكەم چاقىرىدۇ ، — دېدى . شاھزادە بارغىلى ئۇنىمىدى . قىزلار بېرىپ مەلىكىگە :

— كەلگىلى ئۇنىمىدى ، — دەپ مەلۇم قىلدى . مەلىكە بۇيرۇق قىلىپ :

— تۆت يۇتىدىن تۇتۇپ كېلىڭلار ، — دېدى . قىزلارنىڭ كۈچى يەتمەي مايمۇنلار تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى . مەلىكە سورىدى :

— ئى يىگىت ، نېمە ئۈچۈن قاچىسىز ؟ — شاھزادە :

— قوغلىغاندا قاچقۇلۇق ، — دېدى . مەلىكە :

— مەن سىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدۇم ، — دېدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— مەن ھەم ئاشىقتۇرمەن ، — دېدى . مەلىكە سورىدى :

— مېنى كۆرمەي قانداق ئاشىق بولدۇڭ ؟ — شاھزادە :

— ھالىڭىزنى مايمۇنلاردىن ئىشىتىپ ئاشىق بولغانىدىم . مېنىڭ

ھەم مەشۇغۇم بارئىدى ، ـــ دېدى . مەلىكە :

ـــ مەندىن چىرايلىقمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

ـــ ئۇنداق بولمىسا ، ئېيتىنى ئىشتىمەك بىلەنلا ئاشىق بولماس ئىدىم . ئەمما سىزنى كۆرۈپمۇ ئاشىق بولمىدىم ، ـــ دېدى . مەلىكە غەزەپلىنىپ يەنە سەۋرى قىلدى . بەزمىدە نەچچە دورەم شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مەلىكە مەست بولۇپ ، مەستلىكتە تۇرۇپ :

ـــ ئى يىگىت ، مېنىڭدەك رەئنانى كۆرۈپ باققانمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى . شاھزادە :

ـــ كۆرگەن ، ـــ دېدى . مەلىكە سورىدىكى :

ـــ ئول رەئنا قېنى ؟

ـــ مانا مەن ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم رەئنادۇرمەن ، ـــ دېدى شاھزادە . مەلىكە ئېيتتى :

ـــ راست ئېيتتىڭ ، ئى يىگىت ، مېنى ئالغىن .

ـــ ئاتاڭ قانچە پۇلغا ساتىدۇ ، سۆزلەشكىن ، ـــ دېدى شاھزادە . مەلىكە :

ـــ مەن كېنىزەك ئەمەس ، ئاتامنىڭ پۇلغا ھاجىتى يوق ، ـــ دېدى . شاھزادە :

ـــ مېنى ئالغىن دېدىڭىز . شۇڭا سىزنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋېتەي دېگەنىدىم ، ـــ دېدى . مەلىكە :

ـــ سىز تەنە گەپلەرنى تولا قىلىدىكەنسىز . مېنىڭ ئالدىمغا سىزگە ئوخشاش سەككىز يىگىت كەلگەن ، ئەمما مەن قوبۇل قىلمىدىم ، ئەمدى سىز كۆڭلۈمگە ياراپ قالدىڭىز ، ـــ دېدى . شاھزادە دېدى :

ـــ ئۈچ خىل كىشى ئاشىقلىقتا راۋا ئەمەس ، بىرىنچىسى ، ئۆلۈككە ؛ ئىككىنچىسى ، ئۆي تۇتقان كىشىگە ؛ ئۈچىنچىسى ، دۇنياغا كۆڭۈل بەرگەن كىشىگە .

شۇنداق قىلىپ بۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئەيشى بىلەن بولۇپ كەتتى . مەلىكە سورىدىكى :

— سەن نېچۈك كىشىسەن ؟ ئۆزگىلەرگە ھېچ ۋاقىتتا مۇيەسسەر بولماسمەن ، — شاھزادە :
— ئارزۇ قىلغانلار داغدا قالدۇ ، — دېدى . مەلىكە :
— سەن مۇشۇ ئايۋاندا كاۋاپ يەپ ، شاراب ئىچىپ ئولتۇرغىن ، مەن ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەي ، — دېدى . مايمۇنلارغا :
— بۇ يىگىت قېچىپ كەتمىسۇن ، خەۋەردار بولۇڭلار ، — دەپ ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا باردى . شاھزادە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

جان كۆيگۈسىدۇر مەجمۇ جانانغا ئىشەنسەڭ ،
بۇ مەرك ئادەم قىلغۇسىدۇر جانغا ئىشەنسەڭ .
بۇ پانىيدا ھېچ بەھرى تاپالمايكى ئۆلەرسەن ،
ئۇنتۇپ كېچە - كۈندۈزنى تابانغا ئىشەنسەڭ .

ئى ئاشىقى رەسۋايى جاھاندا تولا يۇرمە ،
جان ئۆتكۈسىدۇر زۇلفى پەرىشانغا ئىشەنسەڭ .
مەھۋىشىڭ قېشىڭدا ئېرۇر ئانداغكى ئىشەنمە ،
كۆرسەتمىگەي ئول ھۆسنى پەرۋانغا ئىشەنسەڭ .

كىم ئەيلىمىگىل ئەمدى تولا تەختى ئىمارەت .
كەلگەيكى قازا قابىزولئەرۋاھقا ئىشەنسەڭ .
يالغاننى تولا ئەيلىمىگىل راستقا يۇرگىل ،
كارئەيلىمە ھەم ۋەدىسى يالغانغا ئىشەنسەڭ .

ئى ئاشىق رەئنايى بولارسەن ھەممە يۇرمە ،
قۇشلار كەبى يوق كۆيگۈسى دەرۋانغا ئىشەنسەڭ .

ئۇ گاھى شاراب ئىچەر ئىدى ، گاھى يىغلار ئىدى .
ئەلقىسسە ، مەلىكە ئاتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئى پەدەر ، ياخشى كۇيئوغول مۇيەسسەر بولدى . ئەمدى توي تەييارلىقىنى قىلماق كېرەك ، — دېدى . ئاندىن كېيىن شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدىكى :

— ئى يىگىت ، مۇبارەك بولسۇن ، تاڭلا ئىككىمىزنىڭ تويىمىز بولدۇ . — شاھزادە كۇلۇپ كېتىپ :

— ئى قىز ، بۇنداق پايدىسىز خىيالنى قىلمىغىن ، — دەپ ، ئول كېچىنى ئۆتكۇزدى . ئەتىسى يۇزمىڭ تەنتەنە بىلەن چوڭ توي ئۆتكۇزدى ، يەتتە كېچە - كۇندۇز داۋاملاشتى . شاھزادە ئاپتابى تاج زەردىن بۆلەك كىشىنى ئويلىمايتتى . شاھزادىنىڭ ئىشقي ئوتى شىددەت قىلىپ زورلۇق ئەيلەپ ، تالاغا چىقىپ كەلگەن يولىغا قاراپ راۋان بولدى . تويدا شاھزادىگە قارىسا ھېچ يەردە يوق ، چىقىپ كېتىپتۇ . دەرھال مايمۇنلارنى بۇيرۇپ نەدە بولسا تېپىپ كېلىڭلار ، دەپ ئەۋەتتى . مايمۇنلار بېرىپ بىر سائەتتىلا ئېلىپ كېلىپ مايمۇنلار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى . پادىشاھ سورىدىكى :

— ئى يىگىت ، قەيەرگە بارغانىدىڭىز ؟ — شاھزادە :

— مەھۋىشىم قېشىغا بارماقچى ئىدىم ، — پادىشاھ سورىدى :

— ئول مەھۋەش قايسى شەھەردە ؟ — شاھزادە :

— بىر شەھەردىدۇر ، — پادىشاھ دېدى :

— قىزىمنى بېرەي دېسەممۇ نېمە ئۇچۇن قاچىسىز ؟ — شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— سەت ئىكەن ، — دېدى . پادىشاھ دېدىكى :

— بارچىلار مېنىڭ قىزىمنىڭ پىراقىدا نالە قىلىپ يۇرىدۇ ، بۇ نېمە گەپ ؟ — شاھزادە :

— قىزىڭىز مايمۇنغا ئوخشايدىكەن ، — دېدى . پادىشاھ :

— قىزىمنى ئالسام دەپ سەككىز يىگىت ئالدىغا كەلگەنىدى ، ھېچ قايسىنى ياراتمىدى . ئەمدى قىزىم سىزنى ياراتقانىكەن ، سىز ياراتماي قىزىمنى ئالمىسىڭىز ، ئۇشبۇ دىياردا ئۆلىسىز . جانىنى سالامەت ئېلىپ كېتەلمەيسىز ، — دېگەنىدى ، شاھزادە بۇ بېيتنى ئوقۇدى :

نەزمە

شاھى مايمۇن بىر قىزنى مەن جۇنۇنغا تاگغۇدەك ،
شەھىرىگە كەلمەك بىلەن ئۇشبۇلار ئايلانغۇدەك .
ئېتىبارى بار ئىدى ئول باغدا كۆردۈم قىز يۈزىنى ،
ئەمدى تاگغاچكىم ماڭا كۆڭلۈم قىزىدىن يانغۇدەك .

بىئەدەپسەن شاھلىق قىلساڭ ۋە ئۇ شول مايمۇنلىغا ،
بىر قىزىڭنى ئالمىسا ھېچكىم بىشىڭ ئايلانغۇدەك .
سەن قىزىڭ بەرمەك ، خىيالى پىكرىدە بولسام داۋام ،
ماھ تابانىم ئوتى كۆڭلۈم ئارا پىر تولغۇدەك .

مەھۇىشىڭ رەئنايى سەن ھەرگىز قويۇپ تۇتما يەنە ،
ئاشىق ئەمەستۇر يەنە بىرنى كۆرۈپ ئول تاگغۇدەك .

پادىشاھ ھەيران قېلىپ :

— ئى يىگىت ، مېنىڭ قىزىم سېنى خالايدۇ ، — دېدى . شاھزادە :

— قىزىڭىزنى ئالمايمەن . سىز پادىشاھ بولىدىكەنسىز ، قىزىڭىزنى ھېچ كىشى ئالمايدۇ . بۇ ئاجايىپ ئىشتۇر ، — دېدى . پادىشاھ ناھايىتى غەمكىن بولدى . شاھزادە چاھار باغقا ماڭدى . ئەمما مايمۇنلار شاھزادە نەگە ماڭسا ئەگىشىپ يۈرەتتى . شۇنداق قىلىپ شاھزادە ئۈچ ئايغىچە بۇ يەردە تۇردى . ئاخىر شاھزادىگە ئىشقى ئوتى غالىب كېلىپ ، بىر كۈنى سال باغلاپ دەرياغا كىرىپ راۋان بولدى . مايمۇنلار ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى . شاھزادە دەريا بىلەن كېتىپ بارار ئىدى ، بىردىنلا بىر تال تاختايدا پېشانىلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئاي چىراي يىگىت كەلدى . شاھزادە سالنى سۈرۈپ بېرىپ تاختاينى توختاتتى . يىگىتنى سالغا ئالدى . بىر كەمدە بۇ ئوغۇل ھوشىغا كەلدى . بۇ يىگىت ئەرەنچە يا- سانغان ، شاھزادىنىڭ مەشۇقى ئىدى . ئاپتابى تاج زەر تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەرچە ياسىنىپ دەرياغا كىرگەنىدى ، ئۇ غەرق بولۇپ بىرتال

تاختاينىڭ ئۈستىدە ئېقىپ كەلگەنىدى. شاھزادە سورىدىكى:

— ئى يىگىت، سەن قايسى چىمەننىڭ گۈلى؟ — ئاپتابى تاج زەر جاۋاب بېرىپ:

— مەن بىر سودىگەرنىڭ قىزى بولىمەن. شەھىرى ئاشالغا سودىغا بارماقچى ئىدۇق، كېمە غەرق بولۇپ كېتىپ مەن بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە هايات قاپتىمەن، ياخشى سىز ئۈچرىدىڭىز، — دېدى. شاھزادە:

— مەنمۇ شەھىرى ئاشالغا ماڭغانىدىم. سىزنى ئاتىڭىزغا تاپشۇراي، — دەپ ئىككىسى بىرەر پارىدىن تائام يەپ ماڭدى، ئاندىن ئۆتۈپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن بىر توپ قاراقچىلار پەيدا بولۇپ شاھزادە بىلەن ئاپتابى تاج زەرنى تۇتۇپ ئۆز قولۇقىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

ئەلقىسسە، ئاپتابى تاج زەر دەريادا غەرق بولغاندىن كېيىن پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن ئىستەپ يۈرەتتى. بىردىنلا قاراقچىلارغا ئۈچراپ قالدى. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ بىر پارىسىنى ئۆلتۈردى. يەنە بىر قىسمى شاھزادىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. پادىشاھ قىزىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە يېنىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، رۇمدىن بىرمۇنچە سودىگەرلەر كەلگەنىدى. قاچقان بىر توپ قاراقچىلار ئۈچراپ بىر مۇنچىسىنى ئۆلتۈردى. پۇل - ماللىرىنى ئالدى، بەزىلىرى قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ، بېرىپ رۇم پادىشاھىغا ئەرز قىلدى. رۇم پادىشاھى بىر بۆلەك لەشكەر ئەۋەتتى، قاراقچىلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىسىنى تۇتۇپ پادىشاھ رۇمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھنىڭ شاھزادىگە كۆزى چۈشۈپ:

— ئى ئوغۇل، بۇ يەرگە كەل، — دەپ سورىدى:

— ئى يىگىت، سەن قاراقچىمۇ؟

شاھزادە ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ باشقا قاراقچىلارنى دارغا ئاستۇردى. ئاندىن پادىشاھى رۇم شاھزادىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلاپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. پادىشاھ كۆزىتىپ شاھزادىنىڭ هالىغا نەزەر سالغانىدى، پات پۇرسەتتە ئۇ ئالەمگە

سەپەر قىلىدىكەن . ئاندىن شاھزادە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رۇخسەت تىلەپ شەھىرى ئاشال تەرىپىگە راۋان بولدى . نەچچە كۈن باياۋانلاردا يۈرۈپ ، بۇ يەرگە يەتكەندە تامام دورىلار ئۆزىنىڭ ئىتنى ۋە ئۆزىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىپ : « مەن پالانى كېسەلگە دورا ، مەن پوكونى كېسەلگە دورا بولىمەن » دەپ سۆزلەپ تۇرارئىدى . شاھزادە ئويلاپ تۇرۇپ :

— مەجنۇننىڭ داۋاسى بارمۇ ؟ — دېگەنىدى ، بىر تەرەپتىن ئاۋاز كەلدىكى :

— ئاشىقلىقنىڭ داۋاسىنى ھېچكىم پۈلغا ئالماس ، تېپىلماس ، ئەگەر تېپىلسا ئەغيارى بولماس ، تامام داۋاسى يوق رەنجىگە ئول دورىدور .

شاھزادە ئاشىقنىڭ داۋاسى ئەجەل ئىكەن ، دەپ شەھىرى ئاشالغا راۋان بولدى . نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە يەتتى . كۈن كەچ بولغانىدى . كۆردىكى ، شەھىرى ئاشالنى پادىشاھى ئۇمۇت زەڭگى قورشاپ تۇرۇپمۇ ئالالماي ، ئاخىر شىشەئى نېفىت بىلەن ئالماقچى بولۇپ ، تامام شىشىلەرگە نېفىت تولدۇرۇپ ، ئەتىسى شەھەرنىڭ ئەتراپىغا تاشلاپ ئوت قويۇڭلار ، دەپ تۇرغانىكەن . پادىشاھ ۋە شەھەر خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ ، نالە ـ زار قىلىشىپ يۈرمەكتە ئىكەن . شاھزادە كېلىپ بىر ئاھ ئۇرغانىدى ، ئاغزىدىن توپ ـ توپ ئوتلار چىقىپ شىشىدىكى نېفىتلارغا تۇتىشىپ تامام كاپىرلارنى بارگاھى بىلەن كۆيدۈردى . بۇنىڭدىن شاھزادە ھەم ھەيران قالدى . بۇ ۋەقەلەرنى شەھەر خەلقى كۆرۈپ دارۋازىنى ئېچىپ شاھزادىنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . پادىشاھ كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىپ دەۋازىنى ئېچىپ قويدى . كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى شەھەر خەلقى تالان ـ تاراج قىلدى ، ئۇمۇت زەڭگى بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن قېچىپ ئاران قۇتۇلدى . ئۆلگەنلەرنىڭ سانى يوق ئىدى . پادىشاھ شاھزادىدىن :

— ئى يىگىت ، سىز كىمنىڭ پەرزەنتى ، قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— بۇنىڭدىن ئىلگىرى بايان قىلغانىدىم . قىزىمغا كۆيدۈم

دەمسەن ، دەپ ئۇتۇن تۇشۇتقانىدىڭىز ، ئالتە ئاي ئۇتۇن تۇشۇدۇم ، — دەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بىھوش بولۇپ يەنە ھوشىغا كەلدى . پادىشاھ شاھزادىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز مەجلىس ( توي ) بېرىپ مېھمان قىلدى . ئاندىن شاھزادە پادىشاھنىڭ چاھار بېغىنى تاماشا قىلىپ يۈرگەندى ، قىز ھەم باردى . پادىشاھ توي تەييارلىقىغا كىرىشتى . شاھزادە بىلەن ئاپتابى تاج زەر باغنى تاماشا قىلىپ يۈردى ، شاھزادە قىزغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئەمدى مېنى كۆيدۈرگىلى ئى ماھ كېلىپسەن ،
بۇلبۇلنى كۆرۈپ گۈلغە تەمەننا ئېچىلىپسەن .
ئىشقىڭ مېنى كۆيدۈرگۈچى خاكىستەر ئولۇبمەن ،
ئولالىڭ قەيسەر كەبى تەم نەم كەبى يېنىپسەن .

بىلمەسەمكى ئەمدى ئەجىلىم يەتتىمۇ دەشتتە ،
جانىمغا خەبەر بەرگىلى جاللات كېلىپسەن .
بىلمەسىدە ناتاڭ پىكىر خىيالىڭ نېمە چەكتى ،
زەررىن قىيا كەلكۈنى ئالتۇنغۇ كىيىپسەن .

يا ماھ جامالىڭدا تەجەللى نۇر بارمۇ ،
خېرىدار بولۇپ بەلكىم پەلەككە تاقىشىپسەن .
رەئنايى جاھان ئۆلسەڭ ئەگەر قۇتۇلۇرسەن ،
بەرەھىمىكى مۇنداغكى بوينۇڭدىن ئىلىنىپسەن .

قىز يۈزىڭ تۇرلۇك ناز - خۇلقىلار بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

جان ئۆرتىگىلى مەي جانا نىمە كەلدىڭ ،

ئى يار جاپا كۆرمگىچە ۋەسل تىلەرمۇ .
شاد ئەتكۈچى بۇلبۇل يەنە گۈلزارىم كەلدىك ،
ئاشىق يار ۋەسلىنى كۆرمەي ئۆلەرمۇ .

ئېيتتىكى :

— ئى يىگىت ، ماڭا راست كۆيگەن بولساڭ دىنىمغا كىرگىن ، — دېدى . شاھزادە ئېيتتى :

— سېنىڭ دىنىڭ قايسىدۇر ؟ ئەجەب قاتتىق ئىشقا ئۇندەيسەن .

قىز ئېيتتى :

— بۇتقا باش ئۇرغىن ، — دېدى . شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

كۆيدۈم دېگىنىم بىرلەكى تىغ ئۇرغىلى تۇردى ،
جانىمنى ئېلىپ باش پېتى چالدۇرغىلى تۇردى .
بۇ جەمئىي گۇناھلار ماڭا يۈكلەندىكى نىلاي ،
ئىماننى ئېلىپ دىنغا قايتۇرغىلى تۇردى .

كىم يۈزلىرىدىن شەمئى مانەندە يانادۇر ،
بىردانەنى ئوت ھەم ئارا كۆيدۇرگىلى تۇردى .
بىچارە بولۇپ دەشت بايابانىگە كەزدىم ،
كەلمەك بىلەن قاشاسىدا ئۆلتۈرگىلى تۇردى .

بىچارە رەئنايى نېتەي خەستەئى ھەيران ،
پەش قىستۇرابان دەشت پاناھ يۈرگىلى تۇردى .

قىز ئېيتتىكى :

— ئى يىگىت ، بۇتقا باش ئۇرمىساڭ ، كۆيگىنىڭ ئەسلا مەلۇم ئەمەس .

شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— ئى ئاپتابى تاج زەر ، ئەجەب سۆزلەرنى قىلىسەن ، سېنىڭ

بۇتۇڭغا باش ئۇرغان بىلەن ساڭا نېمە پايدا ؟ مەشۇق پايدا ئىزدى-
مەس ، بەلكى ئاشىقنىڭ ئەقىدىسىنى ئىزدەر ، قانچە
بۇتۇڭ بار ؟ — دېدى . مەلىكە :
—ئۈچ يۈز ئالتۇن ، ئۈچ يۈز كۈمۈش بۇتۇم بار ، — دېدى .
شاھزادە :
— بۇتلىرىڭغا باش ئۇرۇپ بولغۇچە پېشانىلىرىم يېغىر بولغۇدەك .
بەك كۆپ ئىكەن ، باش ئۇرۇپ بولالمايمەن ، — دېدى . مەلىكە :
— بىرسىگە باش ئۇرغىن ، — دېدى . شاھزادە :
— بىرسىگە باش ئۇرسام قالغانلىرى يامانلايدۇ ، — دېدى .
مەلىكە :
— ئۇلارنىڭ جېنى يوق ، يامانلىيالمايدۇ ، — دېدى . شاھزادە :
— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا نېمدەپ باش ئۇرغۇلۇق ، — دېدى . مەلىكە :
— ئاشىقلىقنى زاھىر قىل ، — دېدى . شاھزادە :
— ئىزھار قىلسام كۆيۈپ كېتىسەن ، — دېدى . مەلىكە :
— قانداق ئىزھار قىلىسەن ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە بۇ بې-
يىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

قىستىدى مېنى شۇئان بۇتلارغا باش چالدۇرغىلى ،
ئۆلتۈرۈر ئەمدى نېتەي قىينابىكى گۈلزارىم بۈگۈن ،
كۆيدۈرۈر ئالەم ئەگەر چىقسام بۇ پىنھانلار بىلەن ،
ئالغۇسى جانىمنى مېھرىڭ يارى دىلدارى بۈگۈن .

مەلىكە :
— بۇتقا باش ئۇرماسلىق ئاشىقلىقنىڭ ئىزھارى ئەمەس ، —
دېدى . شاھزادە :
— ئى قىز ، سەن مېنىڭ دىنىمغا كىرگىن ، — دېدى . مەلىكە :
— ئۇنى مەسلىھەتلىشەيلى ، بۇتلارغا باش ئۇرغىن ، ئاندىن كېيىن

ھەرنىمە دېسەڭ شۇنداق بولسۇن، — دېدى. شاھزادە:

— قىزنى بۇتخانىغا باشلىغىن، — دېگەندى، قىز خۇشال بولۇپ ئۈچ يۈز قىز بىلەن بۇتخانىغا باشلاپ ماڭدى. بۇ خەۋەرنى پادىشاھ ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

شاھزادە بۇتخانىغا كىرىپ سالام قىلدى. باشقىلار كۈلۈشتى. شاھزادە قىزغا بېقىپ:

— قايسىغا باش ئۇرىمەن، — دەپ سورىدى. قىز دېدىكى:

— قايسىغا خۇشۇڭ كەلسە شۇنىڭغا باش ئۇرغىن، — شاھزادە:

— ھېچقايسىغا باش ئۇرغۇم يوق، — دېگەندى، قىز دېدىكى:

— سەن ئاشىقلىقتىن لاپ ئۇرىسەن، ئاشىق ئەمەسسەن، — شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— ئاشىقلىق لاپىنى ئۇرماق نادانلىقتۇر، ئى مەلىكە، كۆرگىن، مانا باش ئۇردۇم، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەندى، تامام بۇتلار بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىمنىڭ خاسىيىتىدىن يۈزى تۆۋەن بولۇپ يىقىلدى. شاھزادە دېدىكى:

— ئى قىز، كۆردۈڭمۇ، مەن باش ئۇرۇپ بولغۇچە بۇتلار باش ئۇردى. — مەلىكە:

— ئى يىگىت، سېنىڭ دىنىڭ راست ئىكەن، — دەپ شۇ يەردىلا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تامام شەھەر خەلقى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. مەلىكە سورىدى:

— ئى شاھزادە شائىرمۇسەن؟ — شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— راست، شائىر، — دېدى. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا بىر شېئىر ئېيتقىن، — دېدى. شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

تاج زەر جەننەت سۈپەت دىلبەر ئىكەن،  
زۇلفى ئىككى يانىدا ئەژدەر ئىكەن.

زۇلفىنىڭ ھەرتارى بىر ھەيدەر ئىكەن ،
دىلرەبالار شاھى سەمەندەر ئىكەن .
ئول كۆزى جاننى ئالۇر ئىندەر ئىكەن .

مەلىكە :

ــ مەن ھەم سەندىن ئوبدانراق شېئىر ئېيتالايمەن ، ــ دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

توختاتىپ تۇردى مېنى سالدى كۆڭلىغە تەرپە غەم ،
كۆڭلىمە تولدۇردىڭىز ھىجران كەبى بىسيار ئەلەم ،
قىلمىسا ئۆلگۇم بۇگۇن بىر زەررەئى تەڭرىم كېرەم ،
قويمىسا رەئنايىغە شائىرلىقىدىن بىرقەدەم .

شاھزادە ئېيتتى :

ــ شائىرلىقتا بىھېساب ئىكەنسىز ، ــ مەلىكە سورىدىكى :

ــ ئى يىگىت ، ماڭا راست كۆيدۇڭمۇ ؟ ــ شاھزادە :

ــ كۆيمىسەم سېنىڭ ئىشقىڭدا مۇنچە جاپالار تارتارمىدىم ، ــ ئاندىن قىز :

ــ سورۇن تەييارلانسۇن ، ــ دەپ پەرمان قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بەزمە باشلاندى . ساقىيلار تەنتەنە بىلەن شاراب تۇتۇپ تۇراتتى ، قىزلار چاۋاك چېلىپ تۇرۇشاتتى . شۇنداق قىلىپ چاھار باغ ئىچىدە يەتتە كېچە ـ كۇندۇز مەي ئىچىشتى . ئاندىن شاھزادىگە ئاتا ـ ئانىلىرى ئېسىگە كېلىپ چاھار باغدىن چىقىپ يىگىرمە كۇندە قۇدرۇن دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ مەست ـ مۇستەغرەق ئۆزىنى قۇدرۇن دەرياسىغا تاشلىدى . يۈزمىڭ جاپالار بىلەن ئېقىپ بېرىپ ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى . ئاندىن بىر كېچىدە قۇدرۇن شەھرىگە كىردى . ئوردىنى ياكى ھېچكىمنى بىلمەي كوچىنىڭ بىر يېرىدە ياتاتتى . كېچىسى نەۋرە ئاكىسى چۈش كۆردى .

چۈشىدە كۆردىكى، شاھزادە ئۇنىڭغا: «ئى قېرىنداش، شەھرىڭگە كەلدىم. ھەيران زار بولدۇم» دېگۈدەك. ئەتىسى تاڭ ئاتتى. شاھزادە يۈزمىڭ جاپالار بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بارغاندى. ياساۋۇللار تونۇماي شاھزادىنى كىرگۈزمىدى. ئاندىن شاھزادە ھەيران بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

ئى ئاكا سەن قايداسەن شەھرىڭگە كەلدىم بىلمىدىڭ،
ئىتلىرىڭ توستى مېنى سەن ئىتلىرىڭنى توسمىدىڭ.
بۇ يۈرەك قان بىرلە ئاغىشتە بولۇپتۇر چاكىدۇر،
ئى قېرىنداش بىر يۈزۈڭنى كىم ئېچىپ كۆرسەتمىدىڭ.

خەنجىرىڭنى بەر ماڭا كۆرگىنىكى كۆكسۈمنى ياراي،
قۇل بولۇپ كەتتىم ئۆزۈمچە ئى ئاكا سەن ساتمىدىڭ.
ئۇشبۇ رەئنايى فىراقىڭدا ئۆلەر ھالەتتەدۇر،
مۇڭدىشىپ بىردەم يېتىم كۆڭلىنى بىر شاد ئەتمىدىڭ.

پادىشاھ قۇدرۇنغا جاھاننەمادا ئاڭلىنىپ قېرىنداشلىق ئوتى يالقۇنجاپ، ئۆزى يۈگۈرۈپ چىقىپ كۆردىكى، رەئنايى جاھان ئىكەن. يىغلاپ بىھوش بولۇپ يەنە ھوشىغا كېلىپ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ، ئوردىغا كىردى. بايىقى ئوردىغا كىرگۈزمىگەن ياساۋۇللارغا غەزەپلەنگەنىدى. شاھزادە يول قويمىدى. تامام ئەۋلادلىرى ئۈچ كۈنگىچە نالە ـ زار قىلىشتى. شاھزادە ئۇلارغا:

ــ ئاخىرقى دىدار كۆرۈشۈش مۇشۇ، ئەمدى كېيىنكى كۆرۈشۈشنى ئاخىرەتتە كۆرۈشەرمىز، ــ دەپ خوشلىشىپ، شەھرى ئاشال تەرىپىگە راۋان بولدى. ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى «بارماڭ» دەپ قانچىكى توسۇپ باقسىمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىر بولماي «سىز بىلەن بىللە بارايلى» دېسىمۇ «ماڭا يالغۇزلۇق ياخشى» دەپ ئۇنىماي ماڭدى. ئاغىسى

ئۈزىتىپ قۇدرۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە يىگىرمە كۈن يول يۈرۈپ، ئاچ، ئۇسسۇز، مەست ـ مۇستەغرەق كېتىپ بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

ئادەم مۈلكىدە بىر تۇغقان مېنىڭكى بىر گۈلزارىمسەن،
كۆڭۈللەرنى ئېلىپ ۋەيران قىلغان بىر كىنارىمسەن.
ھەممىگە شادلىقى بەرباد جانىم بەلكى يارىمسەن،
كۆڭۈل تەرپەئى يادىڭ تۇشۇپتۇر يا تۇمارىمسەن.

سېنىڭ شەمئى جامالىڭغا غېرىب ئاشنا بولدۇم،
ئۆلۈم ئەمدى ئەگەر كەلسەڭ بۇ دەردىمگە دەۋا بولدۇم.

ئۇ بايىقى چاھار باغ تەرىپىگە راۋان بولدى. شاھزادە چاھار باغ-دىن چىققاندا، ئىزدەپ تاپالماي قىزلار نالە ـ پىغان بىلەن رەنجىداد بولغانىدى، شاھزادە يەنە چاھار باغ ئىشىكىگە كېلىپ دەردلىك سۆزلەر بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

نەزمە

كەتتىم قېشىڭدىن ئى يارىم كەلدىم،
ئۆزمە ئۈمىدىڭ گۈلزارىم كەلدىم.
دۇنيايى دۇندا يوقتۇر ۋاپالەر،
دۇنيانى تاشلاپ مەن خارى كەلدىم.

رەئنايى بولدۇم مېھنەتكە ياندىش،
ئىچكىل مۇھەببەت بار بادى كەلدىم.
جاننى بېرەي دەپ نىسارى ئەيلەپ،
دۇنيادا قىلماق ھېچ كارى كەلدىم.

بۇ نەزمە مەلىكە ئاپتاپ تاج زەرنىڭ قۇلىقىغا ئىشىتىلدى. ئۇ شادلىق بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

نەزمە

كۆڭلۈم ئېچىلغاي ئى يارىم كەلسەڭ،
غەملەر چېچىلغاي گۈلزارىم كەلسەڭ.
دەرد ـ غەملىرىڭدىن رەنجۇر بولۇپمەن،
گۈلدەك يۈزۈڭدە گۈلنارى كەلسەڭ،

جان تاج زەررىن قىلدىڭكى ئەسىر،
ئۆلتۈرگىلى سەن خۇن خارى كەلسەڭ.

ئۇ يۈزخىل ناز ـ خۇلقى بىلەن شەرقتىن قۇياش چىققاندەك چىقىپ شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شاھزادە ھەم قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بۇلار ھوشىدىن كېتىپ، ھوشىغا كېلىپ، بۇلبۇل گۈلنى تاپقاندەك شاد ـ شادىمان گۈلزارغا كىردى.

ئەلقىسسە، بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پېقىر ـ دەرۋىشلەرگە ئىنئام ـ ئېھسان قىلىپ ياخشىلىقلار كۆرگۈزدى. مەلىكە شاھزادىگە ناز ـ خۇلقلار قىلىپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزمە

كېلىپدۇر سەن ماڭا مېھمان بۇ مەي نۇرى جاھان ئىچكىل،
مېنى سوردۇڭ شارابىمنى بەسى شاھىم فىغان ئىچكىل.
بىزنىڭدەك كۆيمىگەن يوقتۇر جاھاندا بۇ پەلەك بىلگەي،
كېلىپ جەمشىت ۋەيا بەھرام كەبى سۇلتان جاھان ئىچكىل.

مەنكى تاجى زەر بولدۇم جامالىڭ مۇنتەزەر جانا،

ئۇ شول ۋاموق بىلەن پەرھاد ۋەيا قايسى زامان ئىچكىل .

ئاندىن شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

يۈزۈڭنى كۆردۈم مەن جانا ئەگەر بەرسەم بۇ جانىمنى ،
كىشى ئىزدەپ تاپالماستۇر بۇ نامى ـ نىشانىمنى ،
پەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى مېنى دەشتىلەر ئارا ھەيران ،
يۈزۈڭنى كۆرۈبان قىلدىم نىسار ئىككى جاھانىمنى .

جاھانىم دىلبىرى جانىمنى سەندەك كۆرمىدىم دۇنيا ،
ئىشەندىم ئول خۇدايىمغا بېرۇر سۆرى زەبانىمنى ،
نىگار ئۇشبۇ رەئنايى بۇ مەينى بىر ئىچىپ ئۆتسۇن ،
سېنىڭ يولۇڭدا تەرك ئەتتىم جاھاندا خانىمانىمنى .

ئۇ مەينى قولىدىن ئېلىپ سۇمۇردى . تاج زەر يۈز خىل ناز ـ كەرەشمە بىلەن شاھزادە بىلەن بىللە باغنى تاماشا قىلىپ ، گاھىدا نەزمەلەر ئوقۇپ ، گاھىدا شارابلار سۇمۇرەتتى . بۇ يەردە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن قىرىق كۈن شادلىق قىلدى . شاھزادە خۇشاللىق بىلەن بۇ مۇستەهزادنى ئوقۇدى :

مۇستەهزاد

ئى يار يۈزۈڭ كۆردۈم مەن ،
شاد بولۇپمەن ،
يۈز ماڭ جاپالار كۈردۈم ،
شەمشات بولۇپمەن .
سېنىڭ ئىشقىڭ ئەجەبكى
زار قىلىپتۇر ،

پۇرقەت ئوتى ئۆرتەپ مەن
بەرباد بولۇپمەن .
ھەيران سەراسىمەمەن
ۋەيراندۇر كۆڭلۇم ،
باغرىمنى يېقىپ تاغ سېرى
پەرھات بولۇپمەن .
ۋەيرانە ئى ھەيران ئىدىم
ئىشق ئارا كۆڭلۇم ،
كۆردىكى يۈزۈڭ كۆڭلۇمە
بۇنياد بولۇپمەن .
ھەرچەندە جاپالار ماڭا سېلىپ
ئوتى بىرلەن ،
قىلغان ئەمەلىڭ بىرلەكى
ناشات بولۇپمەن .
ئۆلتۈرگىلى تۇردى مېنى
ھىجراندار قىلىپ ،
رەئنايى يۈزۈڭ كۆرگىلى
ئاباد بولۇپمەن .

ئاپتاپى تاج زەر يۈزلىگەن جان كۆيدۈرگۈچى نازلار بىلەن شاھزادىگە قىزغىنلىق قىلار ئىدى .

ئەمدى ھىندىستان پادىشاھى كوتۇر ھىندىدىن سۆز ئىشتمەك كېرەك .

كوتۇر ھىندى كور ھىندىنىڭ ئوغلى ئىدى . ناھايىتى باھادىر ئىدى . ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن تولا شەھەرلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى . ئاشال پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ : « ماڭا ئىنائەت قىلىپ باج ـ خىراجىتىنى گەدىنىگە ئالسۇن ، ئالمىسا دىيارىنى ۋەيران قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن » دېدى .

بۇ سۆزنى ئاشال پادىشاھى ئىشتىپ غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ تۇرۇپ :

— مېنىڭ ئاتا - بوۋام بۇ كەمگىچە ھىندىلارغا ئىتائەت قىلغىنى يوق ، مەن بۇ ئىتلارغا نېمە ئۈچۈن باج - خىراجەت بېرىمەن . ئەگەر جەڭ قىلسا نەيزە ئۇچىدا ئۆلسەم ئۆلىمەن ، ئول كاپىر تۇرسا ، مەن مۇسۇلمان تۇرسام ، ھەرگىز مەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايمەن ، — دەپ ياندۇردى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە چاھار باغدىن مەجنۇنلۇقى تۇتۇپ دەشتمۇ دەشت چۇشۇپ كېتىپ بېرىپ مەغرىب زېمىنى تەرىپىگە يۈز كەلتۈردى ۋە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى :

مۇخەممەس

كۆيدۈم ساڭا ئى پەرۋەردىگارىم ،
ئىشقىڭدا يوقتۇر ئەمدى يانارىم .
ئىككى جاھاندا ھەم پەرۋى بارىم ،
ئەيىن سەھەردە ھەم پىيشۋارىم .
رەھمى ئەيلىگەيسەن قادىر خۇدايىم .

بۇ فىسقى ئىسيان بىسيارى قىلدىم .
پانىي جاھاندا ئىنكارى قىلدىم ،
ئىشقىي ئوتىنى گۈلزارى قىلدىم .
شەيتان لەئىننى ئەغيارى قىلدىم ،
ھەر ئىشقا قىلدىم تەڭرىم گۇۋاھىم .

بۇلدۇم گىرىپتار بۇ بىۋاپا ،
يوقتۇركى تۆھپەم قادىر خۇدا .
رەھمىڭنى كەلتۈرمەن مۇپتىلا ،
قىلغىل تەرەھھۇم ئاجىزى گادايغە .
سەنسەنكى ئاچۇق رازى نىھارىم .

كۆڭلۈمدە ئارتۇق ھەم تەرفە غەمدۇر ،
تاپتىم يولۇڭنى ئاجىز قۇلۇڭدۇر ،
تەڭرىمگە قىلسا زەررە كېرەمدۇر ،
ئالدىدا گويا بىر زەررە نەمدۇر
ھەر چەندە بولسا بىسيار گۇناھىم .

ئەيۇ ئەتكى گۇناھىم قادىر كېلىپسەن ،
ھەر ئىشكى قىلدىم ھازىر كېلىپسەن ،
كىم بىزگە پىنھان زاھىر كېلىپسەن ،
پۇشتى پاناھىم ھەم بىر كېلىپسەن ،
ئەيۇ ئەت گۇناھىم بۇراز ئاھىم .

ئالەمدە سەنسەن بىر يەككە جەپپار ،
قىلغىلكى روشەن كۆڭلۈمنى سەتتار ،
بولدى جانىم ھەم مەندىنكى بىزار ،
مۇنچە گۇناھدىن رەئنا جاھاندار ،
ئەيۇ قىل گۇناھىم ئى گەردى گارىم .

ئۇ يىغلاپ بىرنەچچە كۈن يول ماڭغاندا بىر بوستانلىققا يەتتى . بۇ يەردە ئاجايىپ گۈللەر ئېچىلىپتۇ . كۈيچى بۇلبۇللار ھەر تەرەپتە خۇش ئاۋازدا سايرىغىلى تۇرۇپتۇ . شاھزادە بۇنى كۆرۈپ ئۆتۈپ بىر يەرگە بارغانىدى ، بىر ئادەمخور زەڭگى نامايان بولدى . زەڭگى يېقىن كېلىپ كۆردىكى ، بىر ئادەم ئەسلا ئېھتىيات قىلماستىن كېلىۋېتىپتۇ . زەڭگىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ : « بۇ كۈچلۈك ئادەمدەك قىلىدۇ ، كىرىپ ھەمراھلىرىمنى ئېلىپ چىقاي » دەپ دەرھال قەلئەگە كىردى . شاھزادە مەست ـ مۇستەغرەق ئارقىدىن قەلئەگە كىرىپ ، ئۆگزىگە چىقتى . بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۆتۈرەلمەي يېقىلىپ ، ئىچىدىكى سەككىز زەڭگىنى بېسىپ ئۆلتۈردى . شاھزادە بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ

خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ئېيتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

نەزمە

ئى خۇدايا بارچىنى سەندىن بىلىپ تۇردۇم بۇ دەم ،
شۈكرى ھەم ھەمدۇسانا بىسيارى كەلتۈردۈم بۇدەم .
مەن جاھاندۇرمەن گۇناھكار رەھمى قىلغىل ئى خۇدا ،
بەھرى رەھماندىن ئېلىپ شەيتانغا تىغ سۇردۇم بۇ دەم .

پۇرقىتىڭدە ئى خۇدايا جان دىلىمنى ئۆرتىدىم ،
ئىشقى بازارى ئارا جىسمىمنى كۆيدۇردۇم بۇ دەم .
كۆللى تىغ قاشىڭ ئېرۇر ئۆلتۈرگىلى كىم جىلۋە يەپ ،
يا تىرىكلىكتىن ئۈمىد ئۈزدۈمكى ئۆلتۈردۈم بۇ دەم .

ئۇشبۇ رەئنايى جاھاندا بولمىدى ھېچ كارى گەر ،
ئىچكىلى غەۋۋاس بولۇپ جانىمنى كەلتۈردۈم بۇ دەم .

ئاندىن كېيىن ئۇ ھىندىستان تەرىپىگە يۈردى . دەشت ـ باياۋانلاردىن چىقىپ ئوبدان يەرلەرگە يەتتى . ئابىھاياتتەك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى . خۇدايىتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ كېتىپ بارار ئىدى ، كۆردىكى ، بىرمۇنچە ئادەملەر توپ ـ توپ كەلگىلى تۇردى . شاھزادە :

— بۇمۇ بىر بالا بولمىغىيدى ، — دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى .

شېئىر

كۆردۈمكى جاھان ئۇچرادىم ئەمدى رودۇ پايلار ،
قۇدرەتلىك خۇدايىم يارىتىپتۇ ئۇشبۇ گادايلار .
ئول مەھۋەشىم يار كۆڭلى بەندە ئولۇپتۇر .
يوقتۇر يەنە بىر دىلبەر جاندەك يەنە ئەيلار .

ئايغانى جاھان ئاتى ۋەپاسى ساڭا بولماس ،
بولسۇنكى ئەگەر يۈزمڭۇ ئايۋان ئەسىر ئەيلار .
ئى خوجا زەر بىلە مالىڭغا ئىشەنمە ،
ئۆتتى ئىشىنىپ سەن كەبى بىر نەچچەكى بايلار .

ئى بەندە ئاسى تولاسەن قىلما گۇناھلار ،
رەئنايى قىلىپ بوينۇڭغا شەيتانچە بەزرە ئەيلار .

دەپ يۈرگەنىدى ، بىر توپ رودۇپايلار توپلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ . بۇلارنىڭ قوللىرىدا نەيزە ، پوت ـ قوللىرى ئۈچ غۇلاچتىن كېلەتتى . شاھزادە دەرەخكە چىقىۋالدى . بۇ رودۇپايلار دەرەخنىڭ كۆتىكىگە مەھكەم يۆگىشىۋالدى . شاھزادە ئالتە كۈنگىچە دەرەختىن چۈشەلمەي ، قورسىقى ئېچىپ كەتسە دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى يېدى ، ئاخىر بۇ رودۇپايلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنىمۇ ئېرىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى . شاھزادىگە يېگىلى ھېچ نەرسە قالمىدى . دەرھال شاختىن يەنە بىر دەرەخكە ئۆتتى . بۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

نەزمە

بەدرەك رودۇپايلار بۇ دەرەخنى قورۇتتى ،
ئاچ قالغانىكەن بۇلارمەن ئاشىقنى تۇتتى .
ئاشىقلىقتىن لاپ ئۇرۇپ ئۇشبۇ جاھاندا ،
يېتەلمەي يار ۋەسلىگە بىردىنلا يۇتتى .

مەن ئاشىق ئۆلمەككە رازى بولۇپتۇر ،
رەئنايى جاھاندا بارچىنى تۇتتى .

ئۇ دەرەخنىڭ شېخىدا مەھكەم ئولتۇردى . ھەممە رودۇپايلار ئول دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئولىشىپ قوللىرىدىكى زىخلارنى تەييارلاپ تۇرۇشار ئىدى . شاھزادە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي نەچچە كۈن ئولتۇردى . ئاخىر

شاهزادە تېرىكىپ : « ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم شېھىت بولارمەن » دەپ دەرەختىن چۈشكەندى ، رودۇپايلار ئولىشىپ شاھزادىنى چىرماپ ئالدى . قوللىرىدىكى زىخنى سانجىپ قانلىرىنى شوراپ ئىچكىلى تۇردى . شاھزادىنىڭ بوينىغا نۆۋەت بىلەن مىنىپ يۈرەر ئىدى . شاھزادە تارتقان بۇ جاپالىرىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئاچسا قورساقى بۇ رودۇپايلارغا قېنىم بار ،
ھارسا ئەگەر مىنگىلى بۇ خەستە جېنىم بار .
دۇنيا ئىشى تويغازدى مەن قانداق قىلاي ؟
ئۆلمەكنى تىلەپ قىلغان ئىشىمدىن ھەم ئىشىم بار .

دەپ زار - زار يىغلاپ ماڭار ئىدى . رودۇپايلار كېچىسى ئۇخلىمايتتى ، قورسىقى ئاچسا زىخ سانجىپ ئۇنىڭ قېنىنى شورايتتى . بىر يەرگە بارماقچى بولسا ئېشەك ئېتىپ مىنەر ئىدى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە مەلىكە قېشىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، مەلىكە يۈزمىڭ نالە - پىغانلار بىلەن قالدى . ئاخىر پادىشاھ ئاگلاپ كۆپ غەم قىلدى . شاھزادە ئۈچ ئايدىن كېيىن رودۇپايلاردىن خالاس بولۇپ بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى :

ئىشقىڭدا سېنىڭ بار كاۋاپ جان - جىگىرىمدىن ،
سۇلتانغا مۇھەببەت ئوتى تىغ تەبىرىمدىن .
بۇ ئاھ - پىغانلار بىلەن يانسام ئىدى گويا ،
قىلماڭكى گۇمان بەلكى مېنىڭ چەشمى تەرىمدىن .

بۇ زۇلۇم جاپالار ماڭادۇر ئەيلىدى دەۋران ،
ئۆلمەككە نېتەيكى ئۇشبۇ خەبىرىمدۇر .
ئول دىلبىرى جان زۇلۇم جاپالار ماڭا قىلدى ،
بۇ زۇلۇم جاپا دىلئارا شەھرى شېكەرىمدۇر .

ئۇ شەھىرى ئاشال تەرىپىگە راۋان بولدى، ئۆزىدىن بىخەۋەر ئىككى ئاي يول يۈرۈپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

مۇخەممەس

ھاڭۋاقتىنكى ھەيران بولۇپ شۇك تۇرۇپ قالدى،
ھەيران خىيال ئىچىدە ئاشىق دەشتلەردە قالدى،
غەم قانىتى بۇ كۆڭلۈمدە ھىجرانىغا قالدى،
ئوتلار بۇ رەڭ قومۇشىغا ھەم يېقىپ قالدى،
مەجنۇن بالا دەشتلىرىدە ئېزىقىپ قالدى.

ئى يار لىبىڭ ئابى ۋە كۆڭلۈگە ھەسەلدۇر،
مەجنۇن بىلەن پەرھاد ئەمدى ماڭا مىسالدۇر،
كونا لەڭگەر ماڭا گويا تىبىب بولغاندۇر،
ھىجران غېمىدىن كۆڭلۈم ھەم كېسەل بولغاندۇر،
كۆرگەن تىبىب بۇ دەردىمنى ھەيران بوپ قالدى.

ھىجران ئەلىمى بىلەن مەن جان بېرەدۇرمەن،
كۆرسەم جامالىڭنى كۆڭۈل ئالدۇرادۇرمەن،
ھىجران شامىلى تەگكەندە ئاھ ئۇرادۇرمەن،
بىر جان ئىكەن، مىڭ جان بولسام ھەم تۇيادۇرمەن،
گۇمراھ بولۇپ بەلكى يۈزۈم ھەم قارا قالدى.

ئىككى جاھان مۈلكىدە دىلدار ئەيلە سەنسەن،
گۈلشەن گۈلئارارگىنە گۈلزار مېنى سەنسەن،
جان كىشورىدا بەرگۈچى جان يارىم سەنسەن،
مەھشەر كۈنىدە يار ۋاپادارىم سەنسەن،
ئاجىزلىقتا يارىنىكى كۆڭلۈم تۇتا قالدى.

كۆڭلىنى جاھان سەپەھسىدە خالىي قىلىپ بۇ ،
بۇ ھەيران سەراسىمە ھەممە زار بولۇپ بۇ
دوزاخ ئوتىدەك كۆڭلۇم تارقىلىپ بۇ ،
سەندەككى جاپا كار يەنە دىلدار قىلىپ بۇ ،
دىل ئۆيىنى قىلىپ يۈزىگە بارچە ئوت قالدى .

ھالىمغا يېتىڭلار ماڭا بولساڭلار مۇسۇلمان ،
بۇزالىمۇ ھىجران مېنى كىم ئەيلىدى ۋەيران
جانىمنى ئېلىپ دىل ئۆيى تولدۇردىكى فۇرقان
قىلدىم ھەممىلار ئۇشبۇ جاھاندا ھەيران ،
پەرياد قىلىپ ھىجران ئارا ئولتۇرا قالدى .

ئۇ ئاخىر ئاپتابى تاج زەر ئولتۇرغان باغقا كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

كى سارغىيىپ تۆپەيلىگىدىن خەزان كەلدىم ،
جامالىڭ كۆرگىلى جانا بولۇپمەن خەستە جان كەلدىم ،
خىيالىمنىڭ قەراسىدى تولا كۆنلەر ئۆتۈپ كەتتى ،
بۇ تۆبەمنى ئادا قىلماي ھەممە رەسۋا جاھان كەلدى .

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن كەزدىم جاھان غەمسىز كىشى بارمۇ
ئىكەن يوق رۇم ، ئىراق ، باغدات ، چىن ، مازاندىران كەلدىم ،
بۇ رەئنايى غېمىڭنىڭ ماجىراسىدىن دەۋا تاپالماي
كۆگۈللەر تەنە بىسياردىن بىسيارى قان كەلدىم .

ئاپتابى تاج زەر ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ بىھوش بولدى . شاھزادە ھەم بىھوش بولدى . ئۇلار ھوشلىرىغا كېلىپ چاھار باغقا كىردى . مەلىكە شاھزادىگە زىياپەت بەردى . بۇ خەۋەر

پادىشاھقا يەتتى . پادىشاھ خۇش بولۇپ كېلىپ شاھزادىنى كۆردى . ئاندىن توي تەييارلىقىنى مۇھەييا قىلدى . مەلىكە : « شاھزادە نىكاھ توغ- رۇلۇق سۆز ئاچسا » دەپ ئۈمىد قىلاتتى . شاھزادە ئېغىز ئاچمىدى . مەلىكە سورىدىكى :

— ئى يىگىت ، مېنى ئالامسىز ؟ — شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— ئالىمەن ، — دېدى . مەلىكە يەنە :

— باھاغا نېمىڭىز بار ؟ — دېدى . شاھزادە :

— ھېچ نەرسەم يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەلىكە :

— ھەزلە قىلدىم ، ئاتامنىڭ ھەممە نەرسىسى بار . ئۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭدۇر . ئۇنداق بولسا مەن ئاتام قېشىغا بارىمەن ، — دېگەنىدى ، شاھزادە :

— بىر نەچچە كۈن توختاپ تۇرۇڭ ، مەنمۇ ئاتام قېشىغا بارىمەن ، — دېدى . مەلىكە سورىدىكى :

— ئاتىڭىز قەيەردە ؟ — شاھزادە جاۋاب بېرىپ :

— ئادەم شەھرىدە ، — دېدى . مەلىكە :

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — دېدى . شاھزادە :

— بىلمەيمەن ، — دېدى . مەلىكە :

— مېنى ئالامسىز ، ئاتام توي قىلىدۇ ، — دېدى . شاھزادە :

— بۇ دۇنيادا ئۆي تۇتماق داۋا ئەمەس ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەلىكە سورىدىكى :

— نېمە ئۈچۈن ؟

— سىزنى ئالماي دەيمەن ، — دېدى شاھزادە . مەلىكە نائۈمىد بولۇپ :

— ئۇنداق بولسا ماڭا كۆيمەپسىز ، — دېدى . شاھزادە :

— راست ، — دەپ جاۋاب بەردى . مەلىكە :

— مېنىڭ ئىشقىمدا مۇنچە جاپالار تارتتىڭىز . كۆيمىگەن بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولدىڭىز ؟ — دەپ سوردى . شاھزادە :

— نەقىشنى كۆيمىدىم ، نەققاشقا كۆيدۇم ، — دېدى . مەلىكە :

— ئۇ نېمە دېگەن سۆزدۇر ؟ — دەپ سورىدى . شاھزادە :

— « نەقىش » سەن ، « نەققاش » ئاللاتائالادۇر ، سېنى بۇنداق

گۈزەل قىلغان ئاللاتائالادۇر ، مەن ئاللانىڭ سەنئىتىنى تاماشا قىلدىم. سېنى مۇنداق گۈزەل قىلدى ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر . ساڭا كۆيگۈچە نەققاشقا كۆيسەم ، يەنە ساڭا ئوخشاش نە- قىشلەرنى قىلىپ بەرمەمدۇ ؟ — دېدى . مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ تەپەككۇرلار كەلدى . ئاندىن :

— ئانداق دېگىنىڭ بىلەن مېنى ئاتام ساڭا بەرگىلى توي ئەسۋا- بىنى تەييار قىلدى ، — دېدى . شاھزادە بۇ بېيتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ھەمراز ئۇلالى تاڭلا كۈنى مەن مانا كەتتىم ،
تۇرماي جاھان سەفھىسىدىن كىم يەنە كەتتىم .
بۇ پانىي جاھاننىڭ ۋاپاسى يوق ئىكەندۇق ،
ئىچتىم ئەجەل شەربىتىنى بىر قەتا كەتتىم .

پەرزەنت جاھان ئەھلىگە يوقتۇر بەقاسى ،
تاشلاپ ھەممىنى دۇنيادىن مەن تەنھا كەتتىم .
ئى يار ماڭا چۈشتى پاناھىم بولۇپ ئۆتتۈڭ ،
سەن توي قىلاسەن كۆردۈم پۇشت پائۇرا كەتتىم .

رەئنايى جاھاندا ھەممە بىزار كېلىپ ئەردى ،
كىم قارالامدى بارچىغە ھەيران تۇرا كەتتىم .

دەپ شەھەردىن چىقىپ باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى . مەلىكە بۇ شېئىرنى ئوقۇدى :

نەزمە

كەلگەيسەن يەنە خوبلا سىبان يارىمە كەتسەڭ ،
گۈلدەك ئاچىلىپ بۇلبۇل گۈلزارىمە كەتسەڭ .

جېنىمنى ئېلىپ ئۆرتىدىك ئەمدى نېتەي ئاھ ،
كەلگەيسەن تەلۇر ئەيلەپ ۋە تابا نىمە كەتسەك .

بۇ جان جاھان ئىككى جاھاندا پاناھىم سەن ،
جان ئالغۇچىدەك كەلدىڭمۇ دىلدارىمە كەتسەك .
بۇ تاج زەر ئەمدى ئۆلەر ھالەت كېتىپتۇر ،
كەلگەيسەن يەنە زۇلمەت ھەيۋانىمە كەتسەك .

دەپ تاج زەر چاھار باغدا قالدى .

ئىشتىمەك كېرەك كوتۇر ھىندىدىن :

كوتۇر ھىندىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەريادا غەرق بولۇپ ئۆز شەھىرىگە يېنەلمىدى . كوتۇر ھىندى : « شول پادىشاھ ئۆلتۇرگەن بولغاي » دەپ گۇمان قىلدى ، ناھايىتى كۆپ لەشكەر بىلەن ئۈچ ئاي بولغاندا شەھىرى ئاشالنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى .

شۇنداق قىلىپ ، شاھزادىنىڭ مۇنداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى پادىشاھ ئاڭلاپ :

— ئول يىگىت مېنىڭ قىزىمغا ئەمەس ، بەلكى خۇدايىتائالاغا ئاشىق ئىكەن . ئەقىدە قىلىدىغان ۋاقتىدا شۇنداق كېتەمدىغان ، — دەپ كۆپ ئەپسۇسلاندى . شول سائەتتە « كوتۇر ھىندى ھېسابسىز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى » دەپ خەۋەر بەردى . پادىشاھ بۇيرۇپ سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاپ ، بوش يەرلىرىنى مەھكەم ئەتتى . ئاندىن لەشكەرلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ لەشكەركەشلىك قىلدى . ئانداق جەڭ قىلدىكى ، ئىككى تەرەپتىن لەشكەرلەر تولا ئۆلدى . ئاقىۋەت مۇسۇلمانلار تاقەت قىلالماي ، كېچىسى شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىلارنى بېكىتىپ ، سېپىلگە چىقتى . پادىشاھ ناھايىتى غەمكىن بولدى . مەلىكە قايغۇرۇپ ، ئەمدى شاھزادە كەلسە شەھەرگە كىرەلمەيدىغان بولدى ، دەپ ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ، باش - كۆزلىرىگە ئۇرار ئىدى . دەرۋازا تاقىلىپ ، تامام چېرىكلەر بىلەن شەھەر خەلقى جەڭ تەييارلىقىدا تۇردى . كوتۇر ھىندى لەشكىرى بىلەن شەھەرنى قورشاپ چۈشتى .

ئەلقىسسە ، شاھزادە دەشتلەردە يۈرۈپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى :

مۇخەممەس

ئۆمۈر ئاخىرغا يەتتىكى ئەمدى ئۆلەدۇرمەن ،
نىلەيكى بۇدەم دەشت پاناھىغا بارادۇرمەن .
بۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدىن زەررە ئالادۇرمەن ،
شۇكقار ئىتبان دوزاخ ئوتىغا سالادۇرمەن ،
يۈرەك بولدى ئاتەشگاھ ئەمدى مەن كۆيەدۇرمەن .

بۇ مۈلكى ئادەم يولىدا يۈرگەنلىكى قاتتى ،
كۆڭۈل ئوتى ئىشقى ـ مۇھەببەت لىيىغا پاتتى .
مەست ـ مۇستەغرەق مەجنۇن ئاشىق چۆللەردە ياتتى ،
يار ۋەسلىدە فىغان تارتىپ ئازابلار تارتتى ،
ئەمدى نىتەي سەندىن جاپالار كۆرەدۇرمەن .

كۆڭلۈم بىلەن دۇچار بولۇر كەئبەئى قۇدرۇندۇر ،
ئىشق ئاتىشى شەمشەر بىلەن تىغى نىھاندۇر .
جان ئالغۇچى قىينىغان جاھان شاھى جاھانداردۇر ،
دىدارىكى جان بەردىكى تا ئىككى جاھاندۇر ،
ھەم جان جاھان بولسەكى مەن ئىسيان قىلادۇرمەن .

جانىم ئارا ئوتلار سالادۇر كۆزلىرى دىلبەر ،
يا جانغا ئىرۇر زەھەرئىلە يادۇرئىككى نەشتەر .
كۆرگەن كىشى ئانى ئاپىتى جان نۇر جاھان دەر ،
يا كۆردۈم ئىنى شەكلى ھەيۋەتتە ئەفسۇنگەر ،
رەئنايى كۆرۈپ ئالدىدا جانىم قويادۇرمەن .

شۇ چاغدا ، بىر ئوتۇنچى ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ، شاھزادىنى قىچـقىرىپ ئېيتتىكى :

— ئى يىگىت ، نىمە بىخەۋەر يۇرىسەن ، بۇگۇن كوتۇر ھىندى لەشكىرى بىلەن كېلىپ شەھەرنى قورشاپ چۇشۇپتۇ . ئوتۇن ئېلىپ بار- غانىدىم ، دەرۋازا تاقىلىپ ، مەن بۇ يەرگە كەلدىم . ئوتۇن بىلەن ئېشىكىم شۇ يەردە قالدى . سەن دەرھال قاچقىن ، — دېدى . شاھزادە :

— مەجنۇن ئۆلۈمدىن قورقسا ، قۇيۇن دۆگدىن قورققانغا ئوخشاش بولۇر ، — دەپ شەھەرگە راۋان بولدى . شەھەرگە كەلگەندە كوتۇر ھىن- دىنىڭ لەشكىرىدىن بىرنەچچىسى كېلىپ شاھزادىنى تۇتۇپ كوتۇر ھىندىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى . پادىشاھ سورىدىكى :

— سەن نىمە كىشى ؟ — شاھزادە :

— مەن ئاشال پادىشاھىنىڭ قۇلى ، — دېدى . پادىشاھ : « دەرۋازا ئالدىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈڭلار ، — دەپ يارلىق قىلدى . ئۆزى ھەم بىرگە چىقتى . جاللاتلار شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ ئېلىپ ماڭدى . شاھزادە بارغۇچە بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى :

## مۇستەھزاد

يادىڭدا سېنىڭ جان بېرەرىم شۇكۇر خۇدايىم بىزار بولۇپ ئەردىم ،
مەقسىتىم ئىدى بۇرەڭ شېھىت قىلسا دەرئەردىم ئەفكار بولۇپ ئەردىم .

ئى بار جامالىڭغا مۇشەررەپ بولاشمنى تاپتىم يەنە بۇدەم ،
بۇ غەيرىي سۆزۈمدىن يەنە يوق ئەردىكى كەلدىم خۇشال بولۇپ ئەردىم .

بىر كۆرسەم ئەگەر دەر ئىدىمۇ ، ئالسا جانىمنى مەن رازى بولۇپمەن
كۆرمەككە يۇرۇپ بەلكى جامالىڭنى نىگارىم تەييار بولۇپ ئەردىم .

ھىجران ئوتىدا زار بولۇپ تەلمۇرا قالغان رەئنايى جاھاندار ،
بىجان ئىدى كۆڭلۈم ئارا زۇلفۇڭغا نىگارىم گىرىپتار بولۇپ ئەردىم .

ئاڭغىچە دەرۋازىغا ئېلىپ كەلدى . كوتۇر ھىندى ھەم كەلدى . بىر جاللاتقا :

— چاپىقىن ، — دەپ بۇيرۇدى . ئول نابىكار شاھزادىنى شېھىت قىلدى . تامام سىپىلدىكىلەر ئەفسۇسلار قىلىپ نالە قىلار ئىدى . شاھزادىنىڭ جەسىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

ئەيىۇ ھەنناس ئاگلاگىلار كاپىرلار ئۆلتۈردى مېنى ،
ئول نىگارىم كويىدا بىسيار كۆيدۈردى مېنى .
بۇ جاھاننىڭ لەززىتىدىن ئەمدى كەتتىم بىلمىدىم ،
بۇ ئوسال دۈشمەن كوتۇر باشىمنى كەستۈردى مېنى .

بارساڭ بادىسە باھ شەھرى قۇدرۇن قىلغىل بايان ،
پادىشاھى ھىندى ھەم ئاخىر شېھىت قىلدى مېنى .
ئۇشبۇ رەئنايى ئۆلۈمدىن مەي يۇتۇپ بولدۇم ئامان ،
بۇ جاھان غەددار جانىمغە تىغ بىلەن ئۇردى مېنى .

ئاپتابى تاج زەرنىڭ شاھزادىنىڭ شېھىت بولغىنىدىن خەۋىرى يوق ئىدى . بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

نەزمە

جانىم ئۆرتەندى بۇدەم دىلبىرىجان كەلمىدىڭ ،
قاقشىتىپ جان يوق تېنىمنى گۇلئۇزارىم كەلمىدىڭ .
بىر يۈزۈڭنى كۆرسەمۇ ئۆلسەم دېدىم ئالدىڭدا مەن ،
رەھمى ئېتىپ كۆڭلۈم ئېچىپ رەھمى جانان كەلمىدىڭ .

لەبلىرىڭ گۆھەر ئېرۇر ، يا سۆزلىرىڭ شەكەرمىدۇر ،
جان ـ دىلىمنى كۆيدۈرۈپ كۆلبەمغە مېھمان كەلمىدىڭ .

ئاندىن بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى . ئۇ ئوغلانلىرى بىلەن چىقىپ جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى . ئاندىن كاپىرلار شەھەرگە يۈگۈرۈپ كىرىپ

بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ پادىشاھنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىدىن ئەركەكلىرىنى تامام شېھىت قىلدى. ئاياللىرىنى يېسىر قىلدى. شەھەر خەلقىدىن نەچچە مىڭنى شېھىت قىلىپ، ئول شەھەرگە ھاكىم تەيىنلەپ ئۆز شەھىرىگە ياندى.

ئەلقىسسە، شاھزادىنىڭ ئاغىسىدىن سۆز ئىشىتمەك كېرەك.

شاھزادىنىڭ ئاغىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە رەئنايى جاھان بېشىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇغۇدەك:

نەزمە

قانىم ئالغىل ھىندىلاردىن مېھرىبان جانىم ئاغام،
ھەم قېرىنداش مۇڭدۇشۇمسەن سەنكى جانانىم ئاغام.
ئۆلتۈرۈپ قىلدى شېھىت ئەمدى نېتەي بۇ ھىندىلار،
مېھرىبان بولغىل ماڭا بۇدەمدە يارانىم ئاغام.

كېچىلەردە ئويقۇ يوق بىدارئىدىم شامۇ سەھەر،
ئۆلتۈرۈپ قىلدى شېھىت دەردىمگە دەرمانىم ئاغام،
ئۇشبۇ رەئنايى پېقىر ھالىغا يەتسەڭ نە بولۇر،
قويمىغىل بۇ ھىندىلاردا قەترە قانىمنى ئاغام.

ئۇ بۇنى ئوقۇپ بولۇپ غايىب بولدى.

پادىشاھ قۇدرۇن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئەمىرلىرىگە بۇ ۋەقەنى بايان قىلدى، ئۇلار مەسلىھەت بېرىپ: «ئاۋۋال شەھىرى ئاشالغا بېرىپ تەھقىقلەپ، ئاندىن ھىندىستانغا ئاتلانماق كېرەك» دېدى. پادىشاھ ئەتراپى ئالەمگە نامە چىقىرىپ ئۈچ ئايلىق يەردىن لەشكەر جەم قىلدى. بۇ لەشكەرنىڭ سانىنى خۇدادىن ئۆزگە ئىنسان بىلمەس ئىدى. بۇلار شەھىرى ئاشالغا راۋان بولدى. خېلى مەزگىل يۈرۈپ شەھىرى ئاشالغا كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كوتۇر ھىندى قويغان ھاكىمنى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھ ئاشالنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرىنى پادىشاھ قىلدى. شە-

ھىرى ئاشالدىنمۇ ھەددىدىن تاشقىرى لەشكەر جابدۇپ شاھزادىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلماقلىق ئۈچۈن باش بارگاھنى ھىندىستان تەرىپىگە تەۋرىتىپ، ئىككى ئايدا ھىندىنىڭ شەھىرىگە يېقىن كېلىپ چۈشتى، لەشكەرنىڭ ئايىغى يەتتە كۈندە كېلىپ بولدى. كوتۇر ھىندىمۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئاندىن ئۈچ كۈندىن كېيىن پاراۋانلىق بېرىپ جەڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى تاڭ سەھەر ۋاقتىدا رۇم شاھىغا شاھزادىنىڭ شېھىت بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاڭغىچە: «كوتۇر ھىندى شەھىرى ئاشال پادىشاھنى ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، شاھزادىنى ھەم قوشۇپ شېھىت قىپتۇ. شەھىرى ئاشالنى ئۆزىگە تەئەللۇق قىلىپ ئۆز تەرىپىدىن ھاكىم توختىتىپتۇ. كوتۇر ھىندى ھىندىستانغا كەلگەنىكەن، شەھىرى قۇدرۇندىن شاھزادىنىڭ ئاغىسى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن شەھىرى ئاشالغا كېلىپ كوتۇر ھىندىنىڭ قويغان ھاكىملىرىنى خەلقى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، شاھزادىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ھىندىستانغا كېتىپتۇ» دەپ رۇم پادىشاھىغا خەۋەر يەتتى. رۇم پادىشاھىنىڭ بىر پالۋانى بارئىدى، ئۇنى باش قىلىپ، شاھزادىنىڭ ئاغىسىغا مەدەت بېرىپ شاھزادىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن رۇمدىن ھىندىستانغا قىرىق مىڭ لەشكەر ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھى قۇدرۇن بۇ سانسىز لەشكەر بىلەن ئۆزىنى كوتۇر ھىندى لەشكىرىگە ئۇردىكى، گويا قىيامەت قايىم بولدى. ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈكلەر دۆۋە-دۆۋە بولۇپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئۆلۈكى سايىنىڭ تېشىدەك ياتتى. قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ئول كۈنى كەچ بولۇپ ھەرئىككى تەرەپ ئۆز بارگاھىغا ياندى. بۇ لەشكەرلەر ئىككىنچى كۈنى تۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ناغرا-دۇمباقلىرىنى چېلىپ، ئىككى تەرەپ ئانداق جەڭ قىلدىكى، كوتۇر ھىندىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچ ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىسى قالدى. كەچ بولدى. ئاخىر كوتۇر ھىندى تەرىپىدىن دۇمباق چېلىندى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھلىرىغا كەتتى. بۇ كېچە جاراھەتلەرگە دەۋا قىلماق بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى كوتۇر

ھىندى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ تۇراتتى. بۇ ھالەتتە باياۋان تەرەپتىن قىرىق پىر كالا ئەلەم بىلەن قىرىق مىڭ لەشكەر كېلىپ پادىشاھى قۇدرۇنغا قوشۇلدى. بۇ ئىككى قىسىم لەشكەر ھىندىلارغا ئات سېلىپ ھىندىلارنى دىيارىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھىندىلار تاقەت قىلالماي شەھەرگە كىرىپ قەلئەدارلىققا مەشغۇل بولدى، بۇ لەشكەرلەر شەھەرنى يەتتە قات قورشاپ چۈشتى. ئۈچ ئاي ساقلاپ شەھەرنى ئالالماي، ئاخىر سىپىلنى تېشىپ لەخمە ئويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىپىلگە شوتا قويۇپ چىقىپ شەھەرنى ئالدى. كوتۇر ھىندىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەر خەلقىگە تەلقىن شاھادەت ئېيتقۇزۇپ ئىسلامغا كىرگۈزدى. كوتۇر ھىندىنىڭ ئورنىغا رۇمدىن بارغان ھاكىمنى قويدى. شاھزادىنىڭ ئاغىسى شەھرى قۇدرۇنغا يېنىپ بېرىپ، شاھزادىنىڭ ھەققىدە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ بەردى. قۇرئان تامام قىلدۇرۇپ ۋەخپىلەر قىلدى.

شاھزادە ئاپتابى تاج زەرگە ئون تۆت يېشىدا ئاشىق بولۇپ يىگىرمە تۆت يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاپتابى تاج زەر شاھزادىنىڭ شېھىت بولغىنىنى ئاڭلاپ دەرد سۆزىدىن بىقارار بولۇپ، شول كۈنى شاھزادىگە جېنىنى قۇربان قىلدى.

# قاچقان خوتۇن ھېكايىسى

بىر كەنتتە ناھايىتى تەجرىبىلىك بىر دېھقان بار ئىدى، دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆپ تارتقان، جاھاننىڭ دىشۋارچىلىقىنى ئۆزاتقانىدى.

بۇ دېھقاننىڭ بىر خوتۇنى بولۇپ، يۈزى شەمئى سەبىستان، لېۋى - لەئەل بەدەخشان، تۈرلۈك - تۈرلۈك رەڭلەر ئۇنىڭ جامالىدا پەيدا، روزىگار يەڭلىغ مىڭ خۇلقلار ئۇنىڭدا ئاشكارا ئىدى.

بېيىت

جىسمى جان تەركىبىدىن پۈتكەنىدى،
دەر نەئابۇ گۈلدىن ئانداغ پۈتمىگەي.

دېھقان زىرائەت تېرىشقا كامىل ئىدى، لېكىن ھۈنىرىنى قىلماي پېقىرلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، بىر تال ئۈرۈقنىمۇ تاشلىۋېتەتتى: «ئەگەر بۇ ئۇنسە شۇنىڭ بىلەن بولۇپ ئاللاغا قىلىدىغان سانالىرىمغا تەسىر يېتىدۇ» دەيتتى.

بېيىت

ئەگەر بىلەرگە قىلدىلار خامان نېسىپ،
راستچىلارغا يوقتۇر لېكىن ھامان،
يېدۈرۈپ ھەردەم چىۋىنلارغا شەكەر،
بەردىلەر دائىم مومايغا ئۇستىخان.

بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ:
— قاچانغىچە كىراكەشلەر كوچىسىدا يۈرۈپ ئەزىز ئۆمرۈڭنى

كەمبەغەللىككە سەرپ قىلسەن ؟ ھەرىكەت — بەرىكەت دېمەكتۇر . دېۋا-نىگىمۇ ماڭغانلىقى ئۇچۇن رىزقى ياراتقان . كاسىپلار تەڭرىنىڭ دوستى دەيدۇ ، كەسىپ رىزقىنىڭ سەۋەبىدۇر ، — دېدى .

بېيىت

رىزقىغە كەسىپ گەر سەۋەب بولدى ،
رىزىق بەرگۇچى سەۋەبنىڭ ئىگىسىدۇر .

— سېنىڭ قولۇڭدىن ھەرخىل ھۈنەر كېلىدۇ . بىرەر كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتقىن ، — دېدى . دېھقان ئېيتتى :

— ئى ئەزىزىم ، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست ، ئەمما بۇ كەنتتە ئۇزاق مۇددەت دېھقانچىلىق قىلدىم . بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كىراكەشلىرىم ( مەدىكار ) ئىدى . ھالا مېنىڭ سەرەمجان-لىرىم تۈگىدى . دېھقانچىلىق سايمانلىرىممۇ قالمىدى . ئەمدى كىراكەشلىك قىلماقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر كىراكەشلىك قىلىشتەك ئار - نومۇسنى كۆتۈرەلمەيمەن . ئەگەر كەسىپ قىلماقچى بولساق بۇ دىياردىن باشقا دى-يارغا كەتمىكىمىز لازىم .

— ئايال دېدى :

— بۆلەك بىر دىيارغا بېرىپ ، ئۇ يەردە ئىش تېپىپ بىرەر كەسىپ قىلايلى .

خوتۇنى يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىدى ، يوقسۇزلۇقتىن قېيىنىلىپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا رازى بولدى . بۇلار باغدات تەرەپكە سەپەر قىلدى . بۇلار كۈن بويى يول يۈرۈپ ھېرىپ ، بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئارام ئېلىپ بىردەم سۆزلىشىپ ئولتۇردى . ئېرى دېدىكى :

— ئى خوتۇن ، بىز كىشىنىڭ يۇرتىغا ماڭدۇق ، ئۇ يەردە كىشى بىزنى تونۇمايدۇ ، بىز كىشىنى تونۇمايمىز ، سېنىڭ جامالىڭنى خۇدايتائالا مۇشۇنداق گۈزەل يارىتىپتۇ . ئېھتىمال ئۇ بىز بارىدىغان جاينىڭ كىشىلىرى قۇدرەتلىك ياكى كۈچلۈكرەكتۇر ، سېنى زورلۇق بىلەن بىرى تارتىۋالسا ، ياكى بىرسىگە كۆڭۈل بېرىپ مېنى تاشلىۋەتسەڭ ، ئۇ ۋاقىتتا ھىجران

دەشتىدە قانداق قىلارمەن ؟

ئەلقىسسە، خوتۇن جاۋاب بېرىپ :

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ نېمىلەرنى سۆزلەۋاتىسەن ؟ — دېدى ئۇ ئېرىنى ئىشەندۈرۈپ، — ئەگەر مەندە بۇنداق خىيال بولغان بولسا ئىدى، مۇساپىرلىق مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلمىغان بولار ئىدىم. ۋەتەندىن ئايرىلىش دەردىنى ھەم تارتماس ئىدىم. مەن ئەھدەمنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەندە قىلىغانىدىم. تا قىيامەتكىچە تۇرىمەن. ئەگەر خالىساڭ يەنە قەسەم قىلىپ بېرەيكى، روھىم تۇز كەبى بەدەنلىرىمدە جىلۋىگەردۇر، تەلىم تۇتىسىغا شېكەردەك شۇكۇردىن ئۆزگىنى كەلتۈرمىگەيمەن. تا تىرىكلىك ھىماتىنىڭ سايىسى بېشىمدا بولىدىكەن، كۆڭلۈم قۇشىنى كىشىنىڭ دامىغا چۈشۈرمىگەيمەن.

بۇلار مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەھدىنى تازا قىلىشتى. دېھقان خۇشال بولۇپ، خاتىرىسىنى جەم قىلدى. ئاندىن خوتۇنىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئول شەھەردە بىر پادىشاھزادە بار ئىدى. ئول كۈنى شىكارغا چىققانىدى، لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ كۆزى شول تەرەپكە چۈشۈپ كۆردىكى، ئاجايىپ گۈزەل بىر خوتۇن ئولتۇرۇپتۇ. خوتۇنمۇ قاراپ ئارغىماقتا مىنىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ شاھانە كىيىم كىيگەنىدى. ئۇنىڭ جامالىنى كېچىسى كۆرسە كۈندۈزكى ئاپتاپ خىيال قىلار ئىدى. رۇخسارى گۈلدەك، سۇنبۇلدەك بۇرۇتلىرى قاملاشقان، گويا ھېكمەت نەققاشلىرى ۋە نومۇس پىركارلىرى بىرلە ۋۇجۇدىغا ئەنبەر دائىرە تارتىپتۇ ۋە يا قۇدرەت دېھقانى تەربىيەت بىرلە ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ قىرغىقىدا كۆگۈلنى شادلاندۇرغۇچى مايىسزارلىق بەرپا قىلىپتۇر.

ئاندىن خوتۇن بىر سوغۇق ئاھ ئۇرۇپ ئېيتتى :

— ئى دۆلەتدار، ئۇخلىغان بەختىم ھالىدىن سورامسەن ياكى ئۇيقۇسىز كۆزۈم خەسەسىدىنمۇ ؟ ئېرىم بۇ يەردە ياتىدۇ، كۆڭلۈم مالالدۇر، ھالىمنى كۆردۈڭ، جامالىمنى كۆرۈۋاتىسەنكى، مۇشۇنداق يەردە

قاتتىقلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمەن، ئىرىمدىن لەززەتسىزدۇرمەن.

يىگىت ئېيتتى:

— ئەمدى غەمكىن كۆڭلۈمگە شادلىق، ۋەيران كۆڭلۈمگە ئاۋاتلىق يەتتى. راۋامدۇركى، شۇنداق جامالىڭ بىلەن بىر پەرتۇق ئوغۇلغا خوتۇن بولساڭ، مۇشۇنداق گۈزەل تۇرۇپ كەمبەغەللىك بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتۈپتۇ. ئەمدى مەن سېنى ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ۋىلايەت مەلىكىسى قىلىپ دۆلەت ھەرىمىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرەي.

كەلگىن ئى راھەت جېنىم سەن ۋە مەن،
بولايلى دۆلەت ئۆيىدە يەككە تەن،
نازىنىن جانىڭغا مەن جانىم قاتاي
بەلكى جانىم سېنىڭ ئۈچۈن ساتاي.

ئەلقىسسە، ئول خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشتىپ، كۆيۈسى بىلەن قىلغان ۋەدىنى ئۇنتۇدى. ۋەدىنىڭ رومكىسىنى بىۋاپالىق تېشى بىلەن چاقتى. يىگىت ئىشارەت قىلماق بىلەن ئىرىنىڭ بېشىنى توپىغا قويۇپ، بىرىپلا ئاتىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى ۋە شەرمەندە قولى بىلەن بېلىنى مەھكەم تۇتتى.

بىر كەمدە دېھقان ئويغىنىپ كۆردىكى، بىر ئاتلىق كىشى كۆرۈندى، خوتۇنى ئۇنىڭغا مىنگىشىپتۇ. ۋىسال بىلىكىنى مۇراد بېلىگە ئوراپتۇ.

يارىم ماڭا بىۋاپا بولدى نېتەي،
بىگانە كىشىگە ئاشنا بولدى نېتەي؟

— ئى ۋاپاسىز، ھېلىلا ۋەدە بەرگەنىدىڭ، بىر سائەت ئۆتمەيلا نىمە ئانداق يۈزسىزلىك قىلدىڭ؟ — دېدى. خوتۇن ئېيتتى:

— بىھۇدە خاپا بولۇپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتمىغىن ۋە ئەفسانە كامانىدىن ئەفسۇس ئوقىنى بىكارغا ئاتمىغىن، ئاڭلىمىغانمىدىڭ: «چىرايلىقتا ۋاپا

يوق » دېگەننى ، چىرايلىقتىن ۋاپا ئىستىمەك ، ئۆيىنى شام بىلەن يورۇتقانغا ئوخشاشتۇر . گۈلخان ئوتىدا گۈل ئۇرۇقنى ئۈندۈرمەكنى ئۈمىد قىلىشتۇر .

— ۋەدىنى بۇزۇشتىن قورقمامسەن ؟ قەسەمنى بۇزساڭ جازاسىغا گىرىپتار بولىسەن . بىۋاپالىقتىن شۇملۇق كۆرگەيسەن .

نەزمە

مۇنداق ئىشنى قىلما كىم ،
ئاخىر پۇشايمان بولىسەن .

خوتۇن ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنتمۇ قىلماي ، شاھزادىگە :

— چاققان يۈرگىن ، بۇ چۆلدىن چىقىپ دەرھال مەنزىلگە يەتكەيمىز ، — دېدى . شاھزادە شامالدىن ئىتتىك تېز يۈرگۈچى ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئوقتەك چىقىپ كەتتى .

ئۇل جاڭگالدا ئات ئانداق يۈگۈردىكى ، شۇ زامان دېھقاننىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى ، بۇ بىچارە ھەم ھارغان ـ ئاچقانغا باقماي ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ، يولدا بارغۇچە ئاتنىڭ ئىزىغا قاراپ ماڭدى . « خوتۇنلارنىڭ ۋاپايى ، ۋاپايىغا باقايى يوق ئىكەن ، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ يۇرتۇمدىن ، ئۆيۈمدىن ئايرىلدىم ، ئەمدى كېتەي دېسەم قۇدرىتىم يوق ، كەينىدىن باراي دېسەم قۇۋۋىتىم يوق . ئەمدى قانداق قىلارمەن ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ ئىشىمنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ھالغا چۈشتۈم » دەپ بېشى قاتتى .

ئۇل ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۈچ پەرسەڭ يول يۈرۈپ بىر بۇلاقنىڭ تۈۋىگە باردى ، ئۇ يەرگە يېتىپ : « ئەمدى دەرەخ سايىسىدە بىردەم ئارام ئالايلى » دەپ چۈشۈپ ئىستىراھەت قىلدى . يىگىت بولسا ئۇل دىلرەبانىڭ گۈل رەڭ رۇخسارى ئۈستىدىكى ئىپار زۇلفىنى كۆرۈپ ، ئىشقىۋازلىق خىيالىنى قىلۇر ئىدى . شۇ ئەسنادا خوتۇننىڭ ھاجىتى قىستىدى . شاھزادىدىن ئەيمىنىپ يىراقراق باردى . ئۇ يەردە جاڭگالنىڭ ئىچىدە بىر شىر بار ئىدى . بۇ يايلاقتا ئۇنىڭ قورقۇنچىدىن ھېچ نەرسە

تىنالمايتتى .

ئـول شـــرنـــىڭ كۆزى بۇ يەرگە چۈشتى ـ دە ، خـوتـۇنـنـى كـۆرمـەك هامـان كـېلـــىپ چـاتـقـالـنـىڭ ئارىسىغا ئـېـلـــىپ كىرىپ قـارنىنى ياردى . شـاهـزاده شىرنىڭ ئـاۋازىـــنـى ئىشتىپ ، قاراپ كـۆر- دىـكـى ، دىـــلـــبـــرىـنـى بـــر هـەيـۋەتـلـــىك شـــر تـۇتـۇۋاپـتـۇ . قـورقـۇنـچـتـــن دەرهال ئېتىغا مـــنـــىپ يولغا راۋان بولدى .

بـۇ هالـەتـتە دېهقان يىگىت يىقىلىپ ، قوپۇپ يۈرۈپ ئول بۇلاقنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىپ ئۇلاردىن ئەسەر تاپالماي ھەسرەت چېكىپ :

يار باردى رەنجىگە قىلماي داۋا ،
ۋەدىلەرنىڭ بىرىگە قىلماي ۋاپا .
دەرىخا پىراقىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ،
ۋەھال بولدى ئاشكار يورۇقلۇقى .
تېپىپ ئۇ يۈزىدىن كامرانلىق ،
خەزانغا تاپتى تەبدىل بىشۋالىق .
ئەمدى ئول جىسمى هايات جانىم قېنى
شامى فۇرقەت ئىچىدە تابانىم قېنى ؟

دەپ يـىـغـلاپ نـالـە قـىـلـــىپ كـۆردىـكـى ، خـوتـۇنـىـنـىـڭ ئىزى چـاتـقـالـلـــق تـەرەپـكـە مېڭىپتۇ . دەرهال شـۇ ئـــز بىلەن ماڭغانـ دى ، شـــر ئۆنـىڭ قـورسـىـقـىـنـى يېرىپ يېگىننى يەپ ، يېمىگىنىنى ئـۇ يـەرگـە تـاشلاپـتـۇ . يۈزى ساق قالـغانـدى . ئـۇنـىـڭـغـا قـاراپ خـوتۇنـى ئىـكەنـلـىكىنى تـونۇدى . سـاراسـىـمـە بولۇپ : « بىۋاپالىق شـۇمـلـۇقـى بـۇنـىـڭغا يېتىپتۇ » دەپ ، زامـانـىـنـىـڭ كۆزىگە هـەيـران كۆزى بىلەن بېقىپ يىغلىدى .

بـۇ مـەسـەلـىـنـىـڭ پـايـدىـسـى شۇكى ، ھەركىم ئەقلىنى قـولـ دىـن بـەرسـە ، ئاقىۋەت كۆڭلىنىڭ ئايىغىغا ئىشكەل سالـغان بولغاي ۋە جېـنـىـنـىـڭ بـويـنـىـنـى بالا تاقىقىغا ئالغان بولغاي .

نەزمە

هەر كىمكى قىلدى بىۋاپالىغ ،
ئول بولغۇسىدۇر بىسيار بالايىغ .

# بېخىل بىلەن غۇلام ھېكايىسى

ھېكايىلەردە كەلتۈرۈلۈپتۇلاركى: بەھى بەرمەكى دەپ بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇل ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ ئاتىسىنىڭ ساخاۋەت قىلىپ پۇل خىراجەت قىلغىنىغا تولا ئەپسۇسلار يەيتتى. بىر كۈنى بىر كىشى ئول بېخىلنىڭ غۇلامىنى كۆردىكى، ناھايىتى ئورۇقلۇقتىن كۆلەڭگىدەك بولۇپ قېلىپتۇ. كىيىملىرى ھەم يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ئول كىشى سورىدىكى:

— نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئورۇقلاپ كەتتىڭ؟ — غۇلام ئېيتتى:

— تائام يېمەيمەن، ئەمما يېگىلى تائام ھەم يوق. — ئول كىشى:

— خوجاڭغا پات - پات تائام دېسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى. غۇلام دېدىكى:

— خوجام شۇنداق بېخىلكى: تائامنى ھەرگىز كۈندۈزى يېمەي كېچىسى قاراڭغۇدا يەيدۇ. بىر كۈنى نېمە ئۈچۈن تائام يېمەيسىز، دەپ سورىدىم. خوجام ئېيتتىكى: تائامنى كېچىسى چىراغ ياندۇرماي يېگىنىمنىڭ ئۈچ مەنىسى بار، بىرى، كۈندۈزى يېسەم چىۋىن كېلىپ يەۋالىدۇ؛ يەنە بىرى، كېچىسى تائامنى قاراڭغۇدا يېمەي چىراغ يورۇتسام قولۇمنىڭ سايىسى بىلەن بىر قولۇم ئىككى كۆرۈنۈپ يەنە بىر قولۇمۇ كېلىپ يېگىلى تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن؛ يەنە بىرسى، چىراغنى يورۇتسام قاچان تۈگەپ كېتەركىن دەپ قورقۇپ كېتىدىكەنمەن، دېدى. خوجامنىڭ بېخىللىقى شۇ دەرىجىدىكى، بىر پۇلنى ئاغزىغا چىشلىتىپ بىر پەرسەڭ يەرگىچە قوغلىغا تەپسىمۇ پۇلنى چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ ۋايجان دېمەي ماڭىدۇ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى خوجا كېسەل بولدى، تېۋىپ ئېيتتىكى:

— بۇ كېسەل يەلدىن بولۇپتۇ. ئوسۇرسىڭىز ساقىيىسىز، — دېدى. ئەمما خوجا ھېچقانداق قىلىپ ئوسۇرغىلى ئۇنىمىدى. سەۋەبى:

مۇبادا ئوسۇرسام، قورسقىم بوشاپ، يەنە تائام يېسەم بولىدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى. ئول كىشى غۇلامغا دېدىكى:

— ئۇنداق بولسا ئەسكى چاپاننى كىيگۈچە يېڭىنى تىكىپ كىيسەڭ بولمامدۇ؟ — غۇلام جاۋاب بېرىپ:

— يىڭنە يوق، — دېدى. ئول كىشى:

— خوجاڭدىن بىر يىڭنە سورىساڭ بەرمەمدۇ؟ -- دېدى. غۇلام:

— خوجامنىڭ بېخىللىقى شۇ مەرتىۋىدىكى، ئەگەر جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مىكائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ كەئبىنىڭ يوپۇقنى يا-مىۋالاي دېسە ياكى زىلەيخا ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقىسىنى يىرتىپتۇ. بۇ يوپۇقنى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇپ بىر تال يىڭنە بېرىپ تۇر-غىن، ئۇنى يامىۋالاي دېسە، گەرچە خوجىنىڭ باغداتتىن تارتىپ سەمەرقەنتكىچە يىڭنىسى بولسىمۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ياقىنى ياماپ بولغۇچە يىڭنىنىڭ ئۇچى ئۇپراپ كېتىدۇ، دەيدۇ، — دېدى.

بۇ كىشى غۇلامدىن مۇنداق سۆزلەرنى ئىشىتىپ بېھىساب ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۆيىگە ياندى.

# قازى بىلەن ئوغرى ھېكايىسى

ھېكايىلەردە ئانداق كەلتۈرۈپتۇلاركى، ئۆتكەن زاماندا شاھى جاھاننىڭ بىر ئەيىيارى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتى مۇھەممەد رازى ئىدى. پادىشاھ يارلىق قىلىپ:

— سەن بېرىپ باغدات قازىسىنى زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي، يالىڭاچلاپ ئېلىپ كەلگىن. سەن ئەگەر مۇشۇ ئىشنى قىلساڭ مىڭ دىنار بېرەي، — دېدى. بۇ سۆز تېخى تامام بولمىغانىدى، مۇھەممەد رازى قوپۇپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ مېنىڭ ئىشىمدۇر. چۈنكى، مەن ھەم مۇنەججىم، ھەم سۆزمەن، ھەم ئالىم، ھەم قارىيدۇرمەن. قۇرئان شېئىرىنى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇيالايمەن، — دەپ ھىيلىگەرلىك ئەسۋابلىرىنى بېلىگە باغلاپ، مىسىر قىلىچنى ھمايىل قىلىپ راۋان بولدى. شەھىرى باغداتقا يېقىن باردى، ئۇ يەردە بىر لەڭگەر بار ئىدى. ئۆزىنى ئول لەڭگەردە پىنھان قىلدى، ئۇ يەردە: «قازىنى قانداق قىلىپ تورۇمغا چۈشۈرەرمەن» دەپ پىكىر قىلىپ بىرنەچچە كۈن ياتتى.

ئەلقىسسە، ئول قازى زاھىد ھەم ئىلىملىك ئىدى. ئول قازىنىڭ زامانىدا خەلق خاتىرجەم ئىدى. بىر كېچىسى قازى سارايىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئۆگىدەك باستى ـ دە، كىتابنى يېپىپ ئۇخلاي دەپ تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى» دېگەن ھەدىسىنى كۆرۈپ ئەندىشە قىلىپ: «ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن بۇرادەرلىك قىلمىغايمەن» دەپ، كىتاب ئوقۇماققا مەشغۇل بولدى. كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ: «دوست تۇتارمەن نامازنى بوستاندا ئۆتىگۈچىلەرنى، چۈنكى باغ ـ بوستان بېھىشنىڭ ئالامەتلىرىدۇر» دېگەن ھەدىسى ئېسىگە كەلدى. قازىنىڭ شەھەر تېشىدا بىر بېغى بار ئىدى. «بۇنىڭدەك ياخشى جاي يوق، باغقا بېرىپ بامداتنى شۇ يەردە ئۆتەي، پەيغەمبىرىمنىڭ روھىنى

خۇش قىلاي » دەپ قويۇپ باغقا بارماقچى بولۇپ غۇسۇل تەرەت قىلدى . قازىنىڭ بىر قۇلى بارئىدى ، ئۇنى چاقىرىپ :

— ئى قۇل ، سۈبھىدىن بۇرۇن قويۇپ قېچىرنى ئىگەرلەپ ماڭا خەۋەر قىلغايسەن ، مەن باغقا بارماقچى بولدۇم ، — دېدى . قۇل قازىدىن قورقۇپ ئۇيقۇسى كەلمىدى . شۇنداق يېتىپ ئۇخلاپ قالدى ـ دە ، بىر كەمدە ئويغانسا ، ئايدىڭ چۈشۈپتۇ . تاڭ ئاتقانغا ئوخشايدۇ ، دەپ چاچراپ قوپۇپ قېچىرنى ئېگەرلەپ ، مىڭ تەڭگىلىك تۇۋاقنى بويىنغا سېلىپ قېچىرنى تەييارلاپ قازىنى ئويغاتتى . قازى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت سۈننەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇپ مسۋاكنى سەللىسگە قىستۇرۇپ ، تەسۋىينى قولىغا ئېلىپ ، قېچىرنى مىنىپ دەرۋا- زىدىن چىقتى . بىردەم ماڭغاندى ، تېخى تۇن تاڭ ئېتىشىغا خېلى هايال بار ئىكەن . ئەندىشە قىلىپ : « تېخى كېچە ئىكەن . بۇ يول خەتەرلىكتۇر ، مۇبادا ئوغرى ـ ئەييار ئىزىمغا چۈشكەن بولسا ماڭا ئىزا- كۆلپەت قىلمىسۇن ، ياخشىسى ئۆيگە يېنىپ كېتەي » دېدى . يەنە بىر تۇرۇپ : « ئۆيگە يېنىپ كەتسەم بولماس » دەپ ئويلاپ ، ئاخىر خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ قېچىرنى يورغىلىتىپ ماڭدى . ئازراق يول ماڭغاندىن كېيىن قازى تەگرىنىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ لەڭگەرگە يەتتى . مۇھەممەد رازى بۇ لەڭگەردە يوشۇرۇنۇپ يۇرگەنىدى . قېچىرنىڭ ئاياغ تىۋىشى مۇ- هەممەت رازىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . ئۇ ، دەرھال چاچراپ قوپۇپ بېلىنى مەھكەم باغلاپ لەڭگەرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى . قازى قېچىرىغا مىنىپ شا- مالدەك تېز كېلىۋاتقانىدى ، مۇھەممەت رازى قازىنى كۆردى . خۇداغا شۈكۈر قىلىپ : « نېمە تىلىسەم شۇنى بەردىڭ » دەپ قازىنىڭ يولىنى توسۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن :

— ئەيىۇھەلقازى ! ئورنىڭدا تۇرغىن ! — دېدى . قازى كۆردىكى ، هەيۋەتلىك ، سالاپەتلىك بىر ئادەم بېلىنى مەھكەم باغلاپ يولىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ . قىلىچنى سۇغۇرۇپ قازى تەرەپكە راۋان بولدى . قازى قېچىر- نىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ توختىتىپ ، ئوغرىغا قاراپ :

— ئى ئادەم ، خۇدادىن قورقماي مېنى نېمشقا قىچقىردىڭ ؟ —

دېدى. ئوغرى:

— خۇدادىن قورقمىسام سېنى قىچقىرماس ئىدىم، بېرىپلا قىلىچ سالغان بولار ئىدىم، — دېدى. قازى:

— ئى ئوغرى، ھايا قىلمامسەن؟ مەن مۇسۇلماننىڭ قازىسى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن قاتتىق سۆزلەيسەن؟ — دېدى. ئوغرى ئېيتتىكى:

— ئى قازى، سەن ھەم مېنىڭدىن قورقىن، مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوغرىسى مەن، — دېدى. قازى دېدىكى:

— ئى ئوغرى، مېنى قويۇۋەتكىن، دۇنيانىڭ ئېتىكى كەڭ. يەنە بىراۋنىڭ قېشىغا بارغىن.

— ئى قازى، — دېدى ئوغرى، — مەن ئەيياردۇرمەن. ئاياللىرىمغا لازىمەتلىك تېپىپ بېرەي، دەپ كەلگەنىدىم. ئۆز ئايىغىڭ بىلەن قولۇمغا چۈشتۈڭ، قاچان قويۇپ بەرگۈم كەلسە شۇ چاغدا قويۇپ بېرىمەن. تېخى تۈن ئەمدى يېرىم بولدى. تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار.

— تاڭ يېقىن بولدى، دەپ چىقىپ قاپتىمەن، — دېدى قازى. ئوغرى دېدىكى:

— ئى قازى، مېنىڭچە بۇ قازى ئالىمدۇر، ئىلىم نۇجۇم بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ مېڭىش-تۇرۇش، ئورۇنلىشىشىدىن ھەممىنى بىلىدۇ، دەپ قارايتتىم. نېمە ئۈچۈن تاڭنى خاتا مۆلچەرلىدىڭ؟ ئىلىم نۇجۇمنى بىلمەي تۇرۇپ قانداق قازىلىق قىلىسەن؟ — قازى:

— ئىلىم نۇجۇمنى بىلىپ نېمە قىلاي. ھەركىم ئىلىم نۇجۇمغا ئىمان كەلتۈرسە كاپىر بولىدۇ دەپتۇ، — دېدى. ئوغرى:

— ھەدىستە ئوبدان كەلتۈرگەنىكەن، ئەمما سەن بىخەۋەر ئىش قىلىپ قويۇپسەن. قۇرئاننىڭ ئول ئايىتىگە تانغۇچى ئىكەنسەن.

قازى ئوغرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ:

— ئى ئازادە، دېگەنلىرىڭدىن مۇنەججىملىك چىقىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ تەلىيىمنى بىر كۆرۈپ باققىن. ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ؟ — دېدى.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ئوغرى، — بېشىغا مۇشۇنداق كۈن چۈشكەندە تەلىيىمنى كۆرۈپ باق، ياخشىمۇ-يامانمۇ؟ دېگەننى سەن

نەدە كۆرگەن ؟ — قازى ئېيتتى :

— هازىر سەن قايسى بۇرجىدا ؟ — ئوغرى :

— هازىر مەن ئايغا يېقىن بۇرجىدا ، ئون ئىككىنچى دەرىجە ئالتە دەقىقە ، مىررىخ سائىتىنىڭ بەشىنچى ئۆيىدە . ئۇ پەيت ئوغرى - قاراقچىلارغا پايدىلىق ، ئالىم - پازىللارغا سەپەرگە چىقىش زىيانلىقتۇر . — قازى ئېيتتى :

— سەن كېچىسى ئۇچراپ قالدىڭ ، دىۋىمۇ ؟ — ئوغرى دېدى :

— مەن دىۋە بولسام سەن كاپىرمۇ ؟ دىۋىنى خۇدايىتائالا كاپىرلارغا ئەۋەتتى . قۇرئاندا : « مەن دىۋىلەرنى كاپىرلار ئۈچۈن ئەۋەتتىم » دېيىلگەن . ئەگەر مەن دىۋە بولغان بولسام ، سەن كاپىر ئۈچۈن كەلگەن بولىمەن ، دەرھال قېچىپ چۈشۈپ دەستارىڭنى ماڭا بەرگىن ، تاڭ ئېتىپ قالمىغاي ، — دېدى . قازى دېدى :

— مېنى رەنجىتكىلى نومۇس قىلمامسەن ؟ — ئوغرى :

— قۇرئاندا : « شەرمى هايا رىزقىنى كېمەيتىدۇ » دېگەن . ئەمدى سېنى قويۇپ بەرمەيمەن ، — دېدى . قازى :

— ئى يىگىت ، ئۇنداق بولسا : « ئۆلىمالار پېقىرلارنىڭ هالىنى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغۇچىلاردۇر » دېگەن هەدىسمۇ بار . ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭ بولماسمىدى ، — دېدى . ئوغرى دېدىكى :

— ئەگەر سەن ئەنبىيالارنىڭ ۋارىسى بولساڭ ، مەن خۇدايىتائالانىڭ خاس بەندىلىرىدىندۇرمەن . قۇرئاندا خەۋەر بېرىپ : « قۇرئانخانلار مېنىڭ خاس مۇللىلىرىمدىن » دېگەن . ئى قازى ، مەن قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇيمەن ، — قازى سورىدى :

— ئو يەتتە قىرائەت قايسىدۇر ؟ — ئوغرى جاۋاب بەردى :

— بىرىنچى قىرائەت ئابابەكرى ، ئىككىنچى قىرائەت ئىمام كەسىر ، ئۈچىنچى قىرائەت ئىمام قاسىم ، تۆتىنچى قىرائەت ئىمام نافىد ، بەشىنچى قىرائەت ئىمام هەمزە ، ئالتىنچى قىرائەت ئىمام ئىبنى ئامىر ، يەتتىنچى قىرائەت ئىمام ئاسىم ، — دېدى . قازى هەيران قېلىپ ئېيتتىكى :

— ئى يىگىت، ئالىم ئىكەنسەن، خۇدايىتائالانىڭ كالامىدىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن. قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بېرىپ زالىملارغا لەنەت قىلىپتۇ، — ئوغرى دېدى:

سەن زالىمدۇرسەن، چۈنكى ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ زۇلۇم سېلىپ تۈن يېرىمىدە ئۆيۈڭدىن يالغۇز چىقىپسەن. ساڭا لەنەت قىلىش ئۈچۈن خۇدايىتائالا مېنى ساڭا ئەۋەتىپتۇ. تېز بولغىن، قېچىردىن چۈشۈپ تون – دەستارلىرىڭنى ماڭا بەرگىن، — قازى ئوغرىغا:

— خۇدادىن قورققىن، — دېدى. ئوغرى ئېيتتى:

— خۇدادىن قورقىمەن، ئەمما رەھمىتىدىن نائۇمىد ئەمەسمەن. قۇرئاندا ياد قىلىپتۇر: «گۇناھ قىلىمەن، يەنە گۇناھىمغا تۇۋا قىلىمەن»، ھەدىستە: «ھەركىم گۇناھ قىلسا تۇۋا قىلسا يەنە گۇناھ قىلمىغاندەك بولغاي» دەپتۇ. تېز بولغىن، قېچىر، دەستارىڭنى بەرگىن، — قازى دېدى:

— خۇدادىن قورققىن، خۇدايىتائالا ھەم يول قويغۇچى، ھەم قاتتىق تۇتقۇچىدۇر، — ئوغرى ئېيتتىكى:

— نەچچە يىلدىن خۇدايىتائالا سېنى بۇ بالالاردىن ساقلاپتۇ. ئەمدى بۈگۈن كېچە سېنى ماڭا گىرىپتار قىلىپتۇ. مەن سېنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى. قازى ئېيتتى:

— ئى ئازادە، مېنى قويۇپ بەرگىن، خۇدايىتائالا ساڭا رىزقى يەتكۈزۈر، — ئوغرى:

— ئى قازى، ياخشى دېدىڭ، ئەمدى خۇدايىتائالا ئەۋەتىپتۇ. مېنىڭ قىسمىتىم ئوغرىلىقتىندۇر. قېچىردىن چۈشۈپ دەستارىڭنى بەرگىن. سەندە ھېچ شەرەپ يوق، — دېدى. قازى:

— مەن ئالىمدۇرمەن. ئىلىمنىڭ شەرىپى بار. خۇدايىتائالا بۇيرۇپتۇكى: «دانالار نادانلار بىلەن باراۋەر ئەمەس» — دەپتۇ. — ئوغرى ئېيتتى:

— ھەركىم قۇرئاننى ئۆزى بىلگەنچە تەپسىر قىلسا كاپىر بولۇر، سەن كاپىر بولدۇڭ. دانالىق دەۋاسى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن ئوغرى

تـۇن يېرىمدە يولۇڭغا قاراپ تۇردۇم. سەن ئۇنى بىلمىدىڭ، ئەگەر نادان بـولـمىغان بولساڭ تۇن يېرىمدە ئۆيدىن چىقماس ئىدىڭ. ئۆيدىن چىقمىـساڭ مېـنىڭ قولۇمغىمۇ گىرىپتار بولمايتتىڭ، ــ دېدى. قازى بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھەيران قېلىپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

نەزمە

ئىنساپ قىل قويۇۋەت ئى تەررارى ①،
ئىبلىستىن بەتتەر سەن مەككارى؛
رىزقىڭنى ئىزدىگىن بۆلەك بىر جايدىن،
مەن بىلەن بولمىغاي ئوغرىنىڭ كارى.

ــ ئى قـازى، سـەن ئەگـەر ئالـىم بولساڭ ئىدى، ھەدىسكە ئەمەل قـىلار ئىـدىـڭ. «ئالـىمنىڭ ئۇخلىغىنى ئىبادەت قىلغانىنىڭ ئورنىدىدۇر» دەپـتۇلار، ئۆيـدە ئىـبادەت قىلغىنىڭ ياخشى ئىدى. بوستانغا بېرىپ نامازئۆتـەيـمەن دەپ مېنىڭ قولۇمغا گىرىپتار بولدۇڭ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭـنـىڭ نادانلىقىدىن بولدى. قېچىردىن تېزرەك چۈشكىن. دەستارلىـرىڭنى ماڭا تاپشۇرغىن. ــ قازى ئېيتتى:

ــ قـانداق نىيىتى يامان ئىمىسەن؟ خاپا قىلىۋاتىسەن؟ ــ ئوغرى دېدىكى:

ــ ئەمـدى مـاڭـا قـەرزدار بـولدۇڭ. تېز بول، قېچىردىن چۈشۈپ دەسـتارنى تاپشۇر. چۈنكى، مېنى يامان نىيەت دېدىڭ. نىيىتى ياماندىن، كاپىردىن ياخشىلىق كەلمەس. تېز بول تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ــ قازى:

ــ ھەزرىـتـى ئەمـىرۇل مۆمىنىدىن رىۋايەت قىلىپتۇركى: «ھەركىم بـىـر يـەردە يـامـان ئـىش قـىلسا، ئول كىشىگە خۇدايىتائالا لەنەت قىلۇر» دەپـتۇ. مـەن شـەرت قـىلايـكـى، خـۇدا ھەقـقـى مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن. قـېـچـىـرىمنى ۋە سەرپايىلىرىمنى بېرەي. بۇنداق قىلساڭ بەرىكەت تاپالمايسەن. ــ ئوغرى ئېيتتىكى:

① تەررار ــ ئوغرى.

— ئەلۋەتتە بەرىكەت تاپىمەن ، چۈنكى تون ـ دەستارلىرىڭنى ۋە قىچىر-
لىرىڭنى ساتسام بەرىكەت ھاسىل بولىدۇ . ئالىملارنىڭ ئەڭلى
تەۋرىرۈكتۈر . ئى قازى ، پات بولغىن ، تون ـ دەستار ، قىچىرلىرىڭنى ماڭا
بەرگىن . — قازى ئېيتتى :

— ئى ئەركىن كىشى ، مېنى ئىززەتلىگىن ، مەن مېھمىنىڭدۇرمەن ،
مېھمانىنى ئەزىز كۆرگىن ، دېگەن گەپ بار ، ھەتتا كاپىر بولسىمۇ، —
دېدى .

ئوغرى قازىنى يەنە قىستىدى . قازى : « ئۆيۈمگە بارغىن ، ھەممىنى
بېرەي » دېدى . ئوغرى دېدى :

— ئى قازى ، مەن ساڭا ئوخشاش ئەخمەقلەرنى تولا كۆرگەن .
ئەگەر سارىيىڭغا بارسام ، قۇللىرىڭغا تۇتتۇرۇپ ئۆلتۈرىسەن .

قازى دېدى :

— سەن ئەگەر ئۆيۈمگە بارساڭ زىيايەت بېرىمەنكى ، ھەرگىز ئازار
بەرمەيمەن ، — ئوغرى دېدى :

— ماڭا ئۇنداق كاپالەت لازىم ئەمەس . دەرھال تون ـ
دەستارلىرىڭنى تاپشۇر . بولمىسا شەمشەر بىلەن ئىككى پارە قىلىمەن ، —
دەپ قازىغا شەمشەر دېۋەيلىدى . قازى ئۇن ـ تىن چىقىرالماي قىچىردىن
چۈشتى . تون ـ دەستارلىرىنى سېلىپ بەردى . قازى غەمكىن بولۇپ
كۆڭلەكچان قالدى . ئوغرى :

— ئى قازى ئۆيۈڭدە يەنە كۆڭلىكىڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
قازى :

— بار ، — دەپ جاۋاب بەردى . ئوغرى :

— ئى قازى : « ئىككى كۆڭلىكى بار كىشى ئىمانىنىڭ لەززىتىنى
تاپالماس » دەپتۇ . ئەگەر ئىمان ھالاۋىتىنى تىلىسەڭ كۆڭلەكنى ماڭا
بەرگىن ، — دېدى . قازى كۆڭلەكنى سېلىپ ئوغرىغا بەردى . ئوغرى
ئېيتتى :

— ئىشتاننى ھەم بەرگىن ، — قازى :

— ناماز ۋاقتى يېقىن بولۇپ قالدى . نامازنى يالىڭاچ ئوقۇماق

دۇرۇس ئەمەس ، — دېدى . ئوغرى :

— زۆرۈرىيەت نامىزىنى ئوقۇماق دۇرۇستۇر ، — دېدى . قازى ھەيران بولۇپ ، ئوغرىنىڭ جاۋابىغا بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى :

يۈز جاپانى جانىمە ئى دوز ئەييار ئەيلىدىڭ ،
تونۇ دەستار ئالغىلى مىڭ ھىيلە ئەييار ئەيلىدىڭ .

ئوغرى :

— دەرھال ئىشتاننى سېلىپ ماڭا بەرگىن . بولمىسا بېشىڭغا زەخمە يەيسەن ، — دېدى . قازى دەرھال ئىشتاننى سېلىپ ئوغرىغا بەردى . قازى يالىڭاچ ھالەتتە قالدى . ئوغرى قارىسا ، قازىنىڭ قولىدا بىر ئەڭگۈشتىرى بارئىكەن .

— ئى قازى ، سەن كىمنىڭ مەزھىپىدە ؟ — دەپ سورىدى . قازى :

— مەن شافىئى مەزھىپىدە ، — دېدى . ئوغرى :

— ئىمام شافىئى رەھمەتۇللا مەزھەپلىرىدە ئەڭگۈشتەر سالماق راۋا ئەمەس ، — دېدى ، قازى :

— قايسى دەلىل بىلەن ؟ — دەپ سورىدى . ئوغرى ئېيتتى :

— مەن ئىمام ھەنىپە مەزھىپىدە ، ئەڭگۈشتەرنى سول قولۇمغا سالىمەن . خۇدايىتائالانىڭ كالامىدا « سائىلنى قۇرۇق ياندۇرماڭ » دېگەن ، مەن سەندىن تىلىدىم ، قۇرۇق ياندۇرمىغىن ، — دېدى . قازى ئۈزۈكنى ئوغرىغا بېرىپ ھەيران قېلىپ دېدىكى :

— ئى كىشى ، ھەم مۇنەججىم ، ھەم يامان نىيەت ئىكەنسەن ، ھەم شائىر ، ھەم قانۇنشۇناس ئىكەنسەن ، ھەم ھاپىز كالام ، ھەم مۇھەددىس ئىكەنسەن ، ھەم مۇتەكەللىم ، ھەم ئوغرى ئىكەنسەن ، ساڭا خۇدايىتائالا رەھمەت قىلمىغاي ، — دېدى . ئوغرى قازىنىڭ تونىنى كىيدى . دەستارنى بېشىغا يۆگىدى . قېچىرغا مىندى . ئەڭگۈشتەرنى قولىغا سالدى . ئاندىن قازىغا چىرايلىق نەسىھەت قىلدى .

قازى : « بارىكاللا ، مىننەتدار بولدۇم » دەپ بىر قولىدا ئالدىنى ، بىر قولىدا كەينىنى تۇتۇپ دەرھال يولغا كىردى . ئوغرى ئۇ يەردە قالدى .

قازى بىچارىلىك بىلەن ئۆيگە كەلدى . ئەھلى ئاياللىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ، ھەيران بولۇپ قازىدىن سورىدى . قازى ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بېيىت

ئۇچرىدى كىچە ماڭا يولدا قاراقچى زالىم ،
دوز ، ئەيياردۇر ۋە لېكىن ئۇزىدۇر ئالىم .
باردۇر ئاغزىدا خۇدا سۆز ، قولىدا قىلىچ ،
يولدا مۇنداق بار ئىكەن قالمىدى ئۇ زالىم .

ئۇ ئېگىن ـ ئاياغ كىيىپ ناماز بامداتنى ئادا قىلدى . ئاندىن ئولتۇرار ئىدى ، قازىنىڭ قۇلى كىرىپ خەۋەر قىلىپ : « بىرەيلەن كەپتۇ ، قىچىرىڭىزغا مىنىپ ، تون ـ دەستارىڭىزنى كىيىپتۇ ، قويىنىغا كىتاب سېلىپتۇ ، سىزنى سورايدۇ » دېدى . قازى بىلدىكى شول ئوغرىدۇر . « دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ زىنھار كىرگۈزمەڭلار ، كىچە كىتابىسىز تۇرۇپمۇ ھەممە نېمىلىرىمنى ئالدى ، ئەمدى كىتاب بىلەن كەلگەن بولسا قازىلىقىمنىمۇ ئېلىپ نېمە ئىشلارنى كۆرسىتەر » دەپ قورقۇپ تۇرار ئىدى ، ئوغرى كىرىپ سالام قىلمايلا ، قازىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . قازى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ :

— ئى ئادەم ، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى . ئوغرى :

— كىتاب مۇتالىئە قىلىشايلى ، دەپ كەلدىم ، — دېدى . قازى :

— ئى ئوغرى ، كىچە قىچىرىمنى ۋە سەرپايلىرىمنى ئالدىڭىز ، ئەمدى نېمشقا سالام قىلمايسىز ؟ — دەپ سورىدى . ئوغرى ئېيتتى :

— ئى قازى ، سالام قىلماق ئۈچ ۋەجىدىندۇر . بىرىنچىسى ، ئەدەپتىن ؛ ئىككىنچىسى ، قورقۇنچتىن ؛ ئۈچىنچىسى ، سالام تەمە قىلىشتىن ئىبارەت . مېنىڭ سەندىن ھېچ قورقۇچ ياكى تەمەيىم يوق ، — دېدى . قازى سورىدى :

— ئى ئوغرى، سەن قەيەردىن ؟
— ئىسپىھاندىن، — دېدى ئوغرى جاۋاب بېرىپ. قازى :
— قۇللىرىمنى بۇيرۇپ قوللىرىڭنى كەستۇرۇپ، سازايى قىلسام قانداق قىلىسەن ؟ — دېدى.
— ئى قازى، بەش - ئالتە ئايەت كەلتۇردۇم. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ساراي ۋە باغلىرىڭ مېنىڭ مۈلكۈم، سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىشلەيدىغان قۇلۇم بولىسەن. خوتۇنۇڭ مېنىڭ كېنىزىكىم بولىدۇ. باللىرىڭ مېنىڭ باللىرىمغا ئايلىنىدۇ. سېنىڭ ھېچ نەرسەڭ بولمايدۇ، — دېدى. قازى قورقۇپ بەش يۈز دىنار ئېلىپ چىقىپ ئوغرىنىڭ ئالدىغا قويدى.
— بۇ پۇلنى ئالغىن، ساراي ئاتامدىن قالغانىدى، خوتۇننى كىچىك ئالغانىدىم، — دېدى. ئوغرى كۈلدى. قازى :
— ئى ئوغرى، ئېتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى. ئوغرى :
— مۇھەممەد رازى، — دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئوغرى قازىدىن :
— ئېتىڭ نېمە ؟ — دېدى. قازى :
— ئېتىم لەۋايى قازى، يەنە ئون توققۇز دىنار ئېلىپ چىقاي، يول جابدۇقى قىلارسەن، — دېدى. كۆڭلىدە : « مۇشۇ پۇلنى ئالسا كېتەر » دەپ ئويلىدى، يەنە ئەندىشە قىلدىكى : « بۇ ئوغرى ئەمەس، بەلكى ئوغرى سۈرىتىدە كەلگەن دانىشمەن بولسا كېرەك. مېنى سىناپ باققىلى كەلگەن بولمىغاي » دەپ ئويلاپ، ئوغرىغا :
— بۈگۈن كېچە ماڭا مېھمان بول، — دېدى. ئوغرى :
— ئوبدان، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قونماقچى بولدى. قازى دەرھال بىر توخۇنىڭ كاۋىپىنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويۇپ :
— بۇنى تەقسىم قىلغىن، — دېدى. ئوغرى كۆردىكى، قازى، خوتۇنى، ئىككى ئوغلى، ئىككى قۇلى بار ئىكەن. توخۇنى پارە - پارە قىلىپ بېشىنى قازىغا، ئىككى قانىتىنى ئىككى ئوغلىغا، بوينىنى خوتۇنىغا، ئىككى پۇتىنى ئىككى قۇلىغا ۋە دۈمبىسىنى ئۆزىگە قويدى. قازى ئېيتتى :

— ئى ئازادە، بۇ تەقسىماتتا خىيانەت قىلدىڭ، — ئوغرى ئېيتتى:

— ياخشى تەقسىم قىلدىم. ھەممە ئاقىللارغا يارايدۇ.

— قانداق؟ — دەپ سورىدى قازى. ئوغرى دېدىكى:

— باش ئۇلۇغلارغا مەنسۇپتۇر، سەن بىزنىڭ چوڭىمىز. شۇ ۋەجىدىن باشنى ساڭا قويدۇم. بوينىنى خوتۇنۇڭغا قويدۇم، بۇنىڭ سەۋەبى، خوتۇنلار ئەركىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. ئىككى قانىتىنى ئىككى ئوغلۇڭغا قويدۇم. سەۋەبى ئىككى ئوغلۇڭ ئىككى قانىتىڭدۇر. ئىككى پۇتىنى ئىككى قۇلۇڭغا قويغىنىمنىڭ ۋەجى شۇكى، قۇل ئەزەلدىن خىزمەتكە ماڭىدۇ. تۆشنى خىزمەت قىلغان باقاۋۇللۇقۇمغا ئالدىم. ئۇچىسىنى ھەم ئۆزۈمگە قويغىنىمنىڭ ۋەجى، مېھمانغا ئۇچا تارتىلىدۇ، — دېدى. قازى بۇنىڭغا قايىل بولۇپ:

— بۇ نېمىدېگەن مۇۋاپىق تەقسىماتتۇر، ھەر كىشى ئاقىللار بىلەن ھەمراھ بولسا پەم - ئىدراك زىيادە بولۇر، — دېدى.

ئوغرى ئەتىسى كەتمەكچى بولغانىدى، قازى بۈگۈن يەنە بىر كۈن تۇرۇڭ، — دېدى. ئوغرى: « بولىدۇ » دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. قازى ئىككى قۇلىغا داستىخان كەلتۈرۈپ سالدى. تۆت توخۇ گۆشى ئېلىپ چىقتى.

— بۇنى تەقسىم قىلىڭ، — دېدى. قارىسا قازىنىڭ ئىككى قۇلى يوق. بىر توخۇنى قازى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويدى. بىر توخۇنى ئىككى ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. قالغان ئىككى توخۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى. قازى:

— ئى ئازادە، تەقسىماتتا خىيانەت قىلدىڭ، — دېدى. ئوغرى:

— ئادىل قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. قازى:

— قانداق ئادىل قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئوغرى جاۋاب بېرىپ:

— سىز خوتۇنىڭىز بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ تەن بولىسىز. ئىككى ئوغلىڭىز بىر توخۇ بىلەن ئۈچ تەن بولىدۇ. مەن ئىككى توخۇ بىلەن ئۈچ تەن بولىمەن. ھېسابتا باراۋەر بولدۇق. بۇنىڭدىن ئادىل تەقسىمات نەدە

بار ؟ ــــ دېدى .

قازىنىڭ خوتۇنى دانا مەزلۇم ئىدى ، بىلدىكى قازى ئاجىز كەلدى . قازىغا ئېيتتى :

ــــ بۇ ئوغرىنى بۇگۈن كېچە ھەم توختاتقىن ، ــــ دېدى . ئوغرى قونىماقچى بولدى . قازىنىڭ خوتۇنى كىتابخانىغا كىرىپ : « كەلىلە ـ دەمىنە » نى ئىزدەپ يۇرۇپ بۇ ئوغرىغا بىر ھىيلە تاپاي دەپ كۇن كەچ بولدى . قازىنىڭ خوتۇنى يەتتە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئوغرىنىڭ ئالدىغا قويدى . ئېيتتى :

ــــ ئى ئازادە مەرد ، ئەپۇ قىلغايسىز ، بۇگۇن كېچە بۇنىڭدىن زىيادە نەرسىمىز ئۆيدە يوق ئىكەن . بۇلارنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىڭ ، ــــ دېدى . ئوغرى ھەرقانچە پىكىر قىلدىكى ، بۇ يەتتە تۇخۇمنى تۆت كىشىگە تەقسىم قىلالمىغۇدەك . ئاخىر ئاجىز كەلدى . قازىنىڭ خوتۇنى ئېيتتى :

ــــ نېمە ئۇچۇن تەقسىم قىلمايسىز ؟ يېگىلدىڭىزمۇ ؟ ــــ ئوغرى :

ــــ راست يېگىلدىم ، ــــ دېدى . خوتۇن قوپۇپ تۆت كىشىگە بىردىن تۇخۇم قويدى ، ئۇچ تۇخۇمنى ئۆزى ئالدى . ئوغرى :

ــــ ئى مەزلۇمە ، بۇ قانداق تەقسىمات ؟ تەقسىماتتا خىيانەت قىلىدىڭىز ؟ ــــ دېدى . خوتۇن دېدى :

ــــ ئادىل تەقسىم قىلدىم .

ــــ قانداق ئادىل تەقسىم قىلدىڭىز ، ــــ دەپ سورىدى . قازىنىڭ خوتۇنى جاۋاب بېرىپ :

ــــ سىزلەر ئەركىشى ، ئىككىدىن تۇخۇمۇڭلار بار ، بىر تۇخۇم بىلەن ھەربىرىڭلاردا ئۇچتىن تۇخۇم بولدى . مەندە ھېچ تۇخۇم يوق ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇچ تۇخۇمنى ئۆز ئالدىمدا قويدۇم . ھېسابتا باراۋەر بولدۇق ، مۇنداق ئوبدان تەقسىمات قايدا بار ؟ ــــ دېدى . ئوغرى بۇنى ئىشتىپ تەسلىمات بولدى . قازى ئوغرىغا بېقىپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى .

رۇبائىي

ئىبلىستىن مىڭ ئارتۇق مىسلىسىز دانىق ،

تەڭ كەلمەس جاھاندا ساڭا ھېچبىر زات .
ھەم ئالىم ، ھەم شائىر ، مۇھەددىس ئىدىڭ ،
بىر مەزلۇم ئالدىدا ئەجەب بولدۇڭ مات .

ئاندىن ئوغرى قازىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ مىڭ خىجالەت بىلەن قې-
چىرغا مىنىپ ، ئۆز شەھىرىگە كەتتى .

# خاتىمە

## (كاتىپنىڭ تەرجىمھالى )

كۆتۈر ساقىيا جام مەينى شتاب ،
بولۇپ مەست تەكەللۇم قىلدى بىھىجاب .
قىلىپ پىكرىمەن بۇ جاھان كارىنى ،
خىيال ئەيلىبان چەرخ غەددارىنى .
جاھاندا يوق ئىكەنكى مېھرى ـ ۋاپا ،
ھەم ئول خەلق ئالەمدە يوقتۇر ۋاپا .
بۇ سۆز تەپسىلىنى رەمزە ئەيلەر ئىدىم ،
جاھان ئىچرە ئەئلام قىلۇرئىدىم .
كېلىپ خاتىرىمە ھەممە ئەھلى جاھان ،
چۇ تەرك ئەيلىدىم مەن نە قىلغۇم ئايان .
ۋەلى شەمئى ئەيلاگۇم ھەم كالام ،
قىلىپ مۇختىسەر ھەمچۇ ئول نىكۇ نام .
بارئىدى بۇ شەھەردەكى دانا كىشى ،
قىلۇر ئەردى يامۇل يېرىدە ئىشى .
كى ئىسمىنى نە قىلغۇم بۇ يەردە ئايان ،
ئېرۇر بۇ كىتاب ساھىبىدۇر ئايان .
ئىدى ئول كىشىنىڭ بېتى تەبئىي خۇش ،
ھەمىشە ئىدىم ئول كىشى بىرلە خۇش .
ھەسەد ئەيلىدىلەر بۇ چەرخ پەلەك ،
پەلەك ئىشىنى ئەمدى ئېيتماق كېرەك .
ئاداۋەت سېلىپ بۇ پەلەك گەردىشى ،
پەلەكنىڭ ئىشىغا نەقىلغاي كىشى .

شۇ بۇ تەرزدە مۇددەتى ئىككى يىل ،
غېرىبنىڭ باشىغە نە كەلتۇردى يىل .
قىلىپ مىكىر ھىيلە بىلەن ئول كىشى ،
كى زاھىردە ۋەلى گىز ئىشى .
يېقىر باتىنىن راست ئەيلەپ گۇمان ،
ھەممە مەخپىي سىرىم قىلىپ مەن ئايان .
بىلىپ مەخپىي سىرىمنى ئول ھەممىسنى ،
دىلدا تۇتۇپتۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى ،
چۇ ئاندىن كېيىن دۇشمىنىمنى تېپىپ ،
نەۋالار بېرىپتۇركى زەرلەر ساچىپ .
قىلىپ رەڭ بىرەڭ گۇناھلارنى بۇلار ،
كى زەر زوقىدە ھەممىسنى قىلدىلار .
كى تاقەت تۇتالماي بۇلار دەردىگە ،
سەپەر ئەيلىدىم مەن كۇچار شەھىرىگە .
قىلىپ سەيرىلەر مەن كۇچار تا بۇگۇر ،
كى مۇددەت سەپەر ئەيلىدىم بەرشەھۇر .
تۇتۇپ ھۆكۇم ھەبۇلۋەتەن ئەمرىنى ،
كى ئىجرا قىلىپمەن رەسۇل ئەمرىنى .
رەجۇ ئەيلىدىم ئۆز ۋەتەن شەھىرىگە ،
كى يەئنى ئاقسۇ يېڭى شەھىرىگە .
مەن ئەمدى سۆزۈم ئەيلەيىن ھەم تامام ،
نېچۈككىم سەپەر سۆزى بولدى تامام .
يەنە قىلماي سۆزنى ئەمدى جۇزۇپ ،
نېچۈككىم سۆزۈم قىسقا بولغىنى خوپ .

شەدبىتەۋفىقى خۇدايى لاتىيام ،
ئانى كىتابەت رەۋزە جومئە تامام .
خەت ۋەرەق ئۆزرە پۈتۈدۈم ،

مۇددەتى يۈز يىل قالۇر .
كاتىبى بىچارە ھەيران ،
زارى تۇپراققا بارۇر .
ھەقتائالا قىلدى رەھمەت شۇنچىلىك چىقتى خېتىم ،
ھەركىشى ئىسمىمنى سورىسا ئابدۇراخماندۇر ئېتىم .
تومۇزدا خەت بىتىپ كۆيدى پېشانەم ،
ئۆزۈم ئۆلسەم خېتىم قالسۇن نىشانەم .

ھىجرىيىنىڭ 1338 ـ يىلى

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى : ئازاتگۇل ئاتاۋۇللا
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : رىزۋان تۇردى

# جامئىي ھېكايە

ئاپتورى : ئابدۇراخمان ئاقسۇئى
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى جۇنشىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1— 5,000
ISBN7—228—04259—X/I • 1564
باھاسى : 12.50 يۈەن

责任编辑:巴力江·扎帕尔
责任校对:阿扎提古丽
封面设计:热孜万·吐尔地

维吾尔古代故事精选（维吾尔文）
著者:阿布都热合曼·阿克苏伊
整理者:穆罕默德·吾斯曼

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐军星印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 13.5印张 2插页
1998年8月第1版 1998年8月第1次印刷
印数:1—5,000

---

ISBN7—228—04259—X/I·1564定价:12.50元

ISBN 7-228-04259-X
I·13[illegible]([illegible])定价:12.50元

ISBN 7-228-04259-X
9 787228 042593 >